يالقۇن روزى

# تەكلىماكاندىكى ئالتۇن كولدۇرما

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

تەكلىماكاندىكى ئالتۇن كولدۇرما

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

责任编辑：阿布力米提·伊明
封面设计：努尔买买提·吾买尔



ISBN 7-228-05561-6
C.77 (民文) 定价：18.00元

ISBN 7-228-05561-6



www.uyghurkitap.com



يالقۇن روزى

# تەكلىماكاندىكى ئالتۇن كولدۇرما

(ماقالە - ئوبزورلار)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目（CIP）数据**

塔克拉玛干金色的驼铃：维吾尔文/亚利坤·肉孜著. -
乌鲁木齐：新疆人民出版社，1999. 12
ISBN 7 - 228 - 05561 - 6

Ⅰ. 塔… Ⅱ. 亚… Ⅲ. ①社会科学 文集 维吾尔语（中国少数民族语言）②亚利坤·肉孜 — 文集 - 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. C53

中国版本图书 CIP 数据核字（1999）第 74299 号

# 塔克拉玛干金色的驼铃（维文）

（论文与评论集）

**亚利坤·肉孜** 著

新疆人民出版社出版发行
（乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编 830001）
新疆工人时报印刷厂印刷
850 × 1168 毫米 32 开本　10. 75 印张　3 插员
1999 年 12 月 第 1 版　1999 年 12 月 第 1 次印刷
印数：1 — 3000

ISBN 7 — 288 — 05561 — 6/C . 77
定价：18. 00 元



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# نەشرىياتتىن

ئۆزىنىڭ تەنقىدىي روھقا باي ماقالە ـ ئوبزورلىرى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلغان ياش ئوبزورچى يالقۇن روزى 1966 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئاتۇشنىڭ قەدىمىي سەھرالىرىدىن بىرى بولغان ئاغۇ يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن.

يالقۇن روزى باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى ئاغۇ يېزىسىدىكى مەركىزىي مەكتەپتە ئوقۇغان. 1980 ـ يىلى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1982 ـ يىلى ئۇ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسىي فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. بىر يىلدىن كېيىن، قىزىقىشى بويىچە ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئالماشقان. ئۇنىڭ شائىر قۇربان باراتنىڭ داستانى توغرىسىدا يازغان «ئاق روماللىق پەرىزات، داستانى توغرىسىدا» ناملىق تۇنجى ئەدەبىي ئوبزورى ئالىي مەكتەپنىڭ 4 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدا «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1986 ـ يىل 6 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان. بۇ ئۇنىڭ ئەدەبىي ئوبزور ساھەسىگە قويغان تۇنجى قەدىمى ئىدى.

يالقۇن روزى 1987 ـ يىلى ئالىي مەكتەپ ئوقۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىغا تەقسىم قىلىنىپ، مۇخبىر بولغان. يالقۇن روزى 1991 ـ يىلى 1 ـ ئايدا «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» گە يۆتكىلىپ، مۇھەررىر بولغان. ھازىر مۇشۇ ئورۇندا ئىشلەۋاتىدۇ.

1990 ـ يىللاردىن باشلاپ يالقۇن روزىنىڭ ماقالە ـ ئوبزورلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىنىپ نامى چىقىشقا باشلىغان. 1995 ـ يىلى پروفېسسور ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئى-

مىننىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان «ئۇيغۇرلاردا ئىجادىيەتنىڭ قىممىتى ۋە ئىجادكارنىڭ قىسمىتى» ناملىق ماقالىسى «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن جەمئىيەتتە زىلزىلە پەيدا قىلغان. 1997 ـ يىلى ئۇنىڭ ئۇلۇغ مائارىپچى، تالانتلىق تەشكىلاتچى، ئوت يۈرەك كومپوزىتور ۋە شائىر مەمتىلى ئەپەندى قەتلى قىلىنغانلىقىنىڭ 60 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، مەرھۇم قەلەمكەش مىرئەھمەد سېيىتنىڭ ئەسلىمىسى ئاساسىدا يېزىپ چىققان تارىخىي ئەسىرى «مەمتىلى ئەپەندى» نەشر قىلىنىپ زور ئالقىشقا ئېرىشكەن ھەم جەمئىيەتتە بىر مەھەل ئەۋجىگە چىققان «مەمتىلى ئەپەندى قىزغىنلىقى» نى قوزغىۋەتكەن.

قولىڭىزدىكى بۇ توپلامغا يالقۇن روزىنىڭ ئون نەچچە يىلدىن بۇيان يازغان ماقالە ـ ئوبزورلىرىدىن بىر قىسمى تاللاپ كىرگۈزۈلدى. بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەرنى ئۇ ئۆزى تاللىغان. ئۇ بۇ توپلىمىغا يەنە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتىكى دېموكراتىك ئىستىلنى ۋە ئىلمىي روھنى جارى قىلدۇرۇش مەقسىتىدە ئۆزىنىڭ ماقالە ـ ئوبزورلىرى توغرىلىق يېزىلغان ئەدەبىي تەنقىد ماقالىسىدىن تۆتنى تاللاپ كىرگۈزگەن.

يالقۇن روزى «تەكلىماكاندىكى ئالتۇن كولدۇرما» ناملىق بۇ ماقالە ـ ئوبزورلار توپلىمى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ئاساسەن پوبلىستىك ماقالىلارنى ۋە تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرلەرنى يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

1999 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى



www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


مېنىڭ ئەدەبىي تەنقىد قارىشىم ........................ 1
تەكلىماكاندىكى ئالتۇن كولدۇرما ........................ 9
«ئويغانغان زېمىن» دىن ئويغانغان پىكىرلەر ........................ 17
گۈلئايىم ھەققىدە ئېيتىلغان قوپال ناخشا ........................ 23
سوئىي رېئالىزملىق رومان — «ھايات شۇنداق» قا باھا ........................ 30
تېنەپ يۈرگەن ئاسىي روھ ........................ 42
مۇتلەقلەشتۈرۈش ۋە مۇجمەللەشتۈرۈش ........................ 46
«چۇسا مىجەز تەنقىدچىلىك» توغرىسىدا ........................ 59
ئامېرىكا نېگىرلىرىغا يىلتىزىنى تونۇتقان يازغۇچى ........................ 70
ياشار كامال ۋە «مەمەت ئاۋاق» ........................ 75
كامالتۈرك ۋە ئۇرۇمچى ........................ 80
پۇل تۇزۇتقان خىياللار ........................ 89
چېچەنلەر ۋە چېچەنىيە ۋەقەسى ........................ 100
ئويغىنىۋاتقان ئەجداد روھى ........................ 117
ئۇنتۇلغان ئەڭگۈشتەر — «تەۋپىق روھى» ........................ 127
ئەدەبىياتىمىزدىكى ئازغۇن روھ ........................ 156
ئاخىرەتكە خەت ........................ 176
«بۇرۇت ماجىراسى» نىڭ قىممىتى ........................ 182

ئەدەبىياتىمىز مۇنازىرىگە موھتاج ........ 189

زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت ........ 196

«زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت » كە قوشۇمچە ........ م. ھوشۇر 209

يەنە «زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت» توغرىسىدا ........ 215

قەشقەر ھەققىدىكى يېڭى ئەپسانە ........ 235

تەنقىد ئەخلاقى توغرىسىدا ئىككى ئېغىز سۆز ........ سەبرى 240

«ئاتا» رومانىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈشتىن دوكلات ........ 250

ئەدەبىياتتىكى نورماللىقمۇ ياكى نورمالسىزلىقمۇ ........ كوللېكتىپ 258

زوردۇن سابىرنىڭ سۈپەت قارىشىغا باھا ........ 273

يەنە ئەدەبىي تەنقىد ئىلمىي، ساغلام قانات يايدۇرۇلۇشى لازىم ........ ئا. كەرىم 289

تارىخىي يۇرت ئاغۇ ۋە ئاغۇلۇقلار ........ 302

ئاتلانتا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى توغرىسىدا ........ 322

# مېنىڭ ئەدەبىي تەنقىد قارىشىم

مەن ئۆزۈمنىڭ قىزىقىشىم ۋە خاھىشىم بويىچە، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنى ئەدەبىيات - سەنئەت قەسىرىگە كىرىدىغان يول قىلىپ تاللىۋالدىم. ئەدەبىي تەنقىد ئىلاھى ماڭا بۇ قەسىرگە كىرىدىغان يول خېتىنى بېرىشنى خالامدۇ ياكى خالىمامدۇ، بۇ پۈتۈنلەي مېنىڭ تىرىشچانلىقىمغا باغلىق. كېتىۋاتقىنىم مۈشكۈلات بىلەن تولغان بىر چىغىر يول ئىكەنلىكى ماڭا ئايان. ئۇ ئىرماش - چىرماش چاۋا - چاتقاللار بىلەن تولغان، ئۇ يەنە چوڭقۇر جىلغىلاردىنمۇ ئۆتىدۇ. بۇ يولدا سەپەر قىلغۇچى جاپا - مۇشەققەت چېكىشتىن ۋە تۈرلۈك خېيىم - خەتەرلەردىن خالىي بولالمايدۇ. بۇ، مۇشۇ يولنى تاللىغانلارنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق قىسمەت.

بۈگۈنكى جاھان ئەدەبىياتىدىكى ھەر خىل پەلسەپىۋى قاراشلار، ئېستېتىك تەشەببۇسلار ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئېقىملىرىدىن ھاسىل بولغان رەڭگارەڭ «ئىزىم»لار ئۆزىنىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان رەڭدار جۇلاسى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ روھىي دۇنياسىنى بېزىمەكتە. ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئەڭ ئىچكى چۆللۈكلىرىدە تىمىسقىلاپ يۈرگەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمۇ بۇنىڭدىن ئۆزىگە چۇشلۇق نېسىۋىگە ئىگە بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا نۆۋەتتىكى كۆپ خىل قىممەت يۈزلىنىشى، ھەر خىل ئېستېتىك تەشەببۇسلار، ئوخشاش بولمىغان ئەدەبىي ئېقىملار ئالدىدا ئۆز ئىرادىسى بويىچە ئەركىن تاللاش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى بىر ئومۇمىي يۆنىلىشكە بۇراش بىرەر ئەدەبىي تەنقىدچىنىڭ قولىدىن ھەرگىزمۇ كەلمەيدۇ. ئەمما، مەلۇم بىر خىل قىممەتنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مەلۇم كىشىلەرنى شۇنىڭغا جەلپ قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان

www.uyghurkitap.com

ئىش ئەمەس.

مەن ھەر دائىم ئۆزۈمنىڭ سەنئەت خاھىشىم بويىچە، «ماڭا ئىزىم ئەمەس، ئۆزۈم كېرەك» دەپ تەشەببۇس قىلىشتا چىڭ تۇرىمەن. چۈنكى، ئۆزىگە خاس كەچۈرمىشكە ئىگە بولغان شۇنداقلا ئالاھىدە تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي شارائىتتا تۇرغان ئۇيغۇر خەلقى ئالدى بىلەن ھەقىقىي مەنىدىكى «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» غا موھتاج. ئۇيغۇر خەلقى ئەدەبىياتتا ئۆزىنىڭ پەردازلانمىغان ھەقىقىي قىياپىتىنى كۆرۈشنى، يۈرىكىنىڭ قات - قېتىدىكى شىۋىرلاشلىرىنىڭ قۇدرەتلىك ئەكس ساداسىنى ئاڭلاشنى خالايدۇ. يازغۇچى، شائىرلىرىمىز ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى چاڭقاشلىرىنى ۋە تىتىلداپ تۇرغان يوشۇرۇن تەشنالىقىنى سەگەكلىك بىلەن ھېس قىلىشى كېرەك. «خەلق ئۆزىنى بىلىش مەقسىتىدىلا ئۆزىنىڭ شائىرلىرىنى يارىتىدۇ» (يېۋتۇشېنكو). ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ سەلتەنەتلىك، ئازابلىق ۋە بەختسىز قىسمەتلەر بىلەن تولغان ئۇزاق تارىخىي جەريانىدا مىڭلارچە شائىرنى ياراتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى ياراتقان ئانا خەلقىنىڭ ئارزۇ - ئېتىقاد، ئازاب - ئەندىشىلىرىنى ھېس قىلىپ يەتكەن، ئۇنىڭ ئۆكسۈش تولغان دەۋىتىگە قولاق سالغان ھەم ئۇنى سەنئەتلىك سېھىرلىك تىنىقلىرى بىلەن ئۇلۇغۋار سۈكۈتلىرى ئىچىگە سىڭدۇرۇپ ئىپادىلىگەن شائىرلار ئانچە كۆپ بولمىغان.

بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە ئەدەبىياتىمىزنىڭ غورىگىل ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنى خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تاشنالىقىنى قاندۇرىدىغان ئەلۋەك دەرياغا ئايلاندۇرۇش مەقسىتىدە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنىڭ سان جەھەتتە تارىخىمىزنىڭ ھەر قانداق مەزگىلىدىكىدىن كۆپلۈكى بىزنى ھاياجانلاندۇرسىمۇ، لېكىن ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان ئەسەرلەرنىڭ خېلى كۆپى يەنىلا ئۆزىنىڭ ئېستېتىك سۈپەت ۋە ئىجتىمائىي قىممەت جەھەتتە لاياقەتسىزلىكىنى ئاشكارىلاپ قويماقتا. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن تەشنالىقنى قاندۇرالايدىغىنىنى،

يۇرەككە تېگىدىغىنىنى تېپىش بەكمۇ تەس. بىز مەلۇم يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ تۇرۇپ، بۇگۈنكى دەۋردىكى ئەدەبىياتىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق، كۆز-مىزگە روشەن هالدا چېلىقىپ تۇرغان بىردىنبىر «ئەنئەنە» شالاڭ هاۋاغا ئوخشاش ئەدەبىياتىمىزنىڭ نەپسىنى سىقىپ كەلگەن رېئالىس-تىك روھنىڭ كەملىكى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئەدەبىياتىمىزنى كىرد-زىسقا مۇپتىلا قىلغان روشەن سەۋەبلەرنىڭ بىرى دەل مۇشۇ. بىز بۇ كىرىزىستىن تا هازىرغىچە قۇتۇلۇپ كېتەلمەيۋاتىمىز. مۇئەييەن يېڭىچە ئېستېتىك پرىنسىپلار بىلەن ئۆزىنى بېزىگەن يېڭى شېئىرلار-مۇ ئۆزىنىڭ قانداق داۋراڭ پەيدا قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئەدەبىياتى-مىزنىڭ رېئالىستىك روھ كەم بولۇشتەك خاس ئەنئەنىسىگە كەم - كۈتىسىز ۋارىسلىق قىلدى. بىز يېڭىچە شېئىرلارنىڭ ئەنئەنىۋى شې-ئىرىيەتكە شەكىل جەھەتتە قىلغان كىچىككىنە ئاسىيلىقىنى ئېتىراپ قىلىمىز. بەزى شېئىرلار ئۆزىنىڭ يېڭىلىقى، گۈزەللىكى ۋە ئۆزگى-چە سېھرىي كۈچى بىلەن سان - ساناقسىز كۆڭۈللەرگە كىرىپ كەلدى. لېكىن بىر قىسىم ياش قەلەمكەشلىرىمىز هەر خىل «ئىزىم» لارغا قارىغۇلارچە چوقۇنۇپ، مودىرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ شەكىل، قۇ-رۇلما، تىل، ئۇسلۇب جەھەتتىكى ئەركىنلىكىنى كەلسە - كەلمەس سۈيىئىستېمال قىلىپ، سەنئەت لوگىكىسىغا خىلاپلىق قىلىپ، ئۆز-لىرىنىڭ تەپەككۇرىنىڭ دەلدۇشلىكىدىن، ئىنسانىي قىممەتنى چۈشى-نىشىنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن ۋە تىلىنىڭ كەمتۈكلۈكىدىن بولۇۋاتقان دۇدۇقلاشلىرىنى كۆرەڭلىك بىلەن يېڭىلىق، دەپ بازارغا سالماقتا. مىللىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئاجىز، رېئاللىققا، تۇرمۇشقا چېقىلىش جۈرئىتى يوق، «يىلتىزى» غا ئەسلا قىزىقمايدىغان، ئەمما ئۆزى بىلەن سۆيگىنى ئوتتۇرىسىدىكى هېسسىيات ماجرالىرىنى چىڭقىلىپ تۇرۇپ تەسۋىرلەيدىغان، سەنئەتنىڭ ساپلىقىنى بەكمۇ غايىۋى چۈشىنىپ، هايات رېئاللىقىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان، ئۆز قەلبىنىڭ ئاچقۇچىنى

تاپالماي، «خىيالىي تەجرىبە شىشىلىرىدە پەرىشتىسىمان لىرىك قەھرىمانلارنى يارىتىش» قا ئادەتلىنىپ قالغان، ئازابلىنىش بەختىگە ئەسلا مۇيەسسەر بولالمىغان بۇ بىر قىسىم ياش قەلەمكەشلىرىمىزنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئاسى كېيىن ئازابىدا ئېڭراۋاتقان ئانىسىنىڭ ھالى بىلەن كارى يوق ئاشىنىسى ئۈچۈن ئۇپا ئىزدەپ يۈرگەن تېتىقسىز بايۋەتچىلەرنى ئەسلىتىدۇ. ئۇلار ئۆز خەلقى، مىللىتىنىڭ قەلب جاراھەتلىرىنى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى، روھىي جەھەتتىكى سىقىلىشلىرىنى چۈشەنمەيدۇ. ئوخشاش بولمىغان مۇھىتتا ۋە ئوخشاش بولمىغان تارىخىي شارائىتتا ياشاۋاتقان ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ھېسسىياتى، روھىي تەلەپلىرى بولىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. مىللەتنىڭ ئۆزىگە يۈزلىنەلمەيۋاتقان ئەدەبىياتنى دۇنياغا يۈزلەندۈرىمىز، دەپ قۇرۇق گەپ سېتىپ يۈرگەن قەلەم ئىگىلىرى شۇنى ئۇنتۇماسلىقى كېرەككى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۇيغۇر خەلقى بىلەن تەقدىرداش. بىز ئاۋۋال ھەقىقىي ئىنساندەك ياشاش ئارزۇيىمىزنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپ بولۇپ، ئاندىن ئېستېتىكىلىق داۋراڭلارنى بازارغا سالساقمۇ ئۇلگۈرىمىز.

مېنىڭچە، ئەدەبىياتنىڭ مۇقەددەس بۇرچى خەلققە ياشاشنى ئۆگىتىش، ئەدەبىيات - سەنئەت خەلققە قانداق ياشاۋاتقانلىقىنى ۋە قانداق ياشىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈشى كېرەك. بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، «ياشاش» دېگەن سۆزنىڭ ۋەزنى بەكمۇ ئېغىر. يازغۇچى، شائىرلار خەلققە نەپ بېرەلمەيدىغان قۇرغاق ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشتىن ھەزەر ئەيلىشى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ قايسى مۇددىئانىڭ تۈرتكىسى بىلەن قەلەم تەۋرىتىۋاتقانلىقىنى بىلىشى كېرەك. نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئامېرىكىلىق مەشھۇر يەھۇدىي يازغۇچى سىنگېر: «مەن ھەر بىر ھېكايەمدە مەلۇم نەرسىنى دەۋالماقچى بولىمەن»، «ئامىباب ئەدەبىياتنى ياقلىسام ياقلايمەنكى، ئۇنداق قۇرغاق ئەسەرلەرنى ياقلىمايمەن، قۇرغاق ئەسەرلەرنى ئەسەر

دېسىمۇ بولىدۇ، دېمىسىمۇ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئادرېسى ۋە چوڭقۇر يىلتىزى يوق. ئۇلار كىشىلەرگە زوق بەخش ئېتەلمەيدۇ، ھەقىقىي تەربىيە ۋە ئىلھاممۇ بېرەلمەيدۇ» دېگەن. نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن چىلىلىق شائىر پابلو نېرۇدا: «شائىر ئىلاھ ئەمەس، شۇنداقلا تىرىكچىلىك ۋە ياكى باشقا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەردىن ئارتۇق ياكى سىرلىق قىسمەتكىمۇ ئىگە ئەمەس. ئەڭ ئېسىل شائىر ھەر كۈنى بىزنى بولكا بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدىغان، ئۆزىنى قىلچىمۇ ‹ئىلاھ› سانىمايدىغان بولكا ساتقۇچىلاردۇر»، «ئەگەر مەن ۋەتەننى ئويغىتىش ھەرىكىتىگە قاتنىشىش شەرىپىگە ئىگە بولالمىغان بولسام، شۋېتسىيە ماڭا بەرگەن بۇ شەرەپ ئالدىدا يۈز كېلەلمىگەن بولاتتىم» دەپ جاكارلىغان. دېمەك، ئەدەبىيات مىللىي يىلتىزىدىن ئايرىلالمىغانغا ئوخشاش، ئۆزىنىڭ مىللىي مەسئۇلىيىتىنىمۇ تەرك ئېتەلمەيدۇ. مىللىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى يوق يازغۇچىنى يازغۇچى دېگىلى ھېچ بولمىسا ئەستايىدىل يازغۇچى دېگىلى بولمايدۇ.

بۇ يەردە يەنە شۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەككى، ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي ئۇنۇمىنى مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىش ئەدەبىياتنى چاكىنىلاشتۇرۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. بىز نەچچە ئون يىلدىن بۇيان مۇشۇنداق چاكىنىلاشتۇرۇۋېتىشنىڭ زىيىنىنى كۆپ تارتتۇق، ھازىرغىچە تارتىۋاتىمىز. ئەدەبىيات ھەرگىزمۇ يۈك تۆگىسى ياكى تىللا تۇغىدىغان توخۇ ئەمەس. ئەدەبىيات روھنى تەربىيىلەپ، خاراكتېرنى يېتىلدۈرىدىغان ۋە ھېسسىياتنى تاۋلايدىغان يوشۇرۇن سېھرىي كۈچكە ئىگە سەنئەت. ئەدەبىياتنىڭ بۇنداق بىلىندۈرمەي تەسىر كۆرسىتىش رولى بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىن ئارتۇق ئۇنۇم يارىتىدۇ. ئەنگلىيىلىك مەشھۇر يازغۇچى تۇماس خاردى ئېيتقاندەك: «ئەگەر گالىلېي ئۆزىنىڭ يەر ھەرىكەتلىنىدۇ، دېگەن تەلىماتىنى شېئىرىيەتتە ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، بەلكىم دىنىي سوت ئۇنىڭغا ئارىلاشمىغان بولاتتى.» ئوكتاۋىئو پاز ئېيتقاندەك: «ئەگەر بۇش بىلەن سادام شېئىر ئوقۇغان

بولسا، پارس قولتۇقى ئۇرۇشى يۈز بەرمىگەن بولاتتى.»

مەن ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشتا كىرەكلىك بولىغان مەنىۋى ئېنېرگىيىنى دەل مۇشۇنداق چىنلىقتىن قوبۇل قىلىمەن. مەن ماقالىلىرىم ئارقىلىق كىتابخانلارنىڭ زوقلىنىش ئادىتىنى ھەرىكەتچان پىسخىك قۇرۇلمىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارنى يازغۇچى، شائىرلارغا جانلىق پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈشكە تىرىشىمەن، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردىن ھۇزۇرلىنىش ۋە ياخشى ئەسەرلەرنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىشنى مەقسەت قىلىمەن. ئەلۋەتتە، بۇ جەرياندا ئۆزۈمنىڭ سەنئەت خاھىشىنى بازارغا سېلىشتىن ساقلىنالمايمەن، بۇنىڭدىن ساقلىنىشنىمۇ خالىمايمەن، چۈنكى بۇ جەريان زورلاش، مەجبۇرلاش جەريانى ئەمەس، بەلكى قىزىقتۇرۇپ مايىل قىلىش جەريانى.

مەن كىتابخانلىرىمىزنىڭ قەلبىدە مۇئەييەن ئورنى بار، ئەسەرلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، دەپ قارىلىدىغان بەزى يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىگە چېقىلىشنى بەكرەك ياقتۇرىمەن. چۈنكى، مېنىڭ قارىشىمچە، ئۇلار ئىجادىيەتتە نۇقتىلىق ھالدا ئويلىنىلىدىغان، مۇلاھىزە قىلىنىدىغان، باھا بېرىلىدىغان باسقۇچقا يەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان كىتابخانلار، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۈلگە قىلىدىغان ھەۋەسكارلار خېلىلا كۆپ. شۇ سەۋەبتىن، مەن ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى چامىمنىڭ يېتىشىچە ئوپېراتسىيە قىلىپ، كىتابخانلار ۋە ھەۋەسكارلار بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا يېڭىچە مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى ئىستەيمەن. گېرمانىيىلىك مەشھۇر پەيلاسوپ نىچشى«زىيادىداش ھاشارەتنىڭ ئادەمنى چېقىشى ئۇنىڭ نىيىتىنىڭ يامانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بولىدۇ. تەنقىدچىلەرمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ، ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزغا ئەمەس، قېنىمىزغا موھتاج» دېگەنىدى. نىچشىنىڭ بۇ سۆزنى قانداق مەقسەتتە ئېيتقانلى-

قىدىن قەتئىينەزەر، مېنىڭچە «نىيىتىنىڭ يامانلىقىدىن ئەمەس» دېگەن سۆزى ئادىل ئېيتىلغان. بىزنىڭ يازغۇچى، شائىرلىرىمىز ھەتتا كىتابخانلىرىمىزمۇ مەدھىيە ئىبارىلىرىنى، ئىللىق سۆزلەرنى ئاڭلاشقا خۇشتار ھەم شۇنىڭغا كۆنۈك. تونۇلغان بىرەر يازغۇچىنىڭ بىرەر ئەسىرى ئۈستىدە ئوخشاش بولمىغان قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلسا، ھەممە كىشى ھودۇقۇپ كېتىدۇ، مەتبۇئات ئورۇنلىرى بۇنداق قاراشلارغا ئىنتايىن سالقىن پوزىتسىيە تۇتىدۇ. بۇ يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنىڭ ۋە كىتابخانلىرىمىزنىڭ ساغلام ئەدەبىي تەنقىد ئېڭىنىڭ يېتىلمىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. شۇنىسى ئېنىقكى، تا بۈگۈنگىچە ھېچكىم ھېچقانداق «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى» دە پالانى يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىگە چېقىلىشقا بولىدۇ، پوكۇنى يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىگە چېقىلىشقا بولمايدۇ، دېگەن غەلىتە ئۆلچەمنى ئۇچراتقىنى يوق.

دەرۋەقە، بىزدە بىرەر ئەسەر ئۈستىدە ھەر خىل باھا، بەس - مۇنازىرىلەرنىڭ بولۇشىنى نورمال ۋە زۆرۈر ئەھۋال دەپ قاراش تېخى ئومۇملاشمىغاچقا، ئاپتورلار ۋە كىتابخانلارنىڭ ئەدەبىي تەنقىدكە ئادەتلىنىشىگە مەلۇم مەزگىل كېتىدۇ. لېكىن، ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئۇلارنىڭ ئادەتلىنىشىنى ساقلاپ تۇرالمايدۇ. ئۇ نورمال بەس - مۇنازىرە ئارقىلىق ئۆز يولىنى ئۆزى ئاچىدۇ ھەم شۇنداق قىلىشى زۆرۈر. ئۇنداق بولمايدىكەن، بىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز مەڭگۈ بىر ئىزدا توختاپ قېلىشتىن، بۇرۇقتۇرمىلىقتىن خالىي بولالمايدۇ.

ئەدەبىي تەنقىدچىلىك يازغۇچى، شائىرلارنى تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىشقا رىغبەتلەندۈرۈشى، ئىلھاملاندۇرۇشى كېرەك، دەپ تونۇيدىغان ئەھۋال بىزدە بىر قەدەر ئومۇملاشقان. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ خىل قاراشنى توغرا دەپ تونۇيدۇ. مېنىڭچە ئەسەرلەرگە ئوبيېكتىپ باھا بەرمەي، ئەتەي ماختاپ، ئۇچۇرۇپ ئىلھاملاندۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇنداق قىلىش يازغۇچى ئۈچۈنمۇ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ پايدىسىز. بىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز

www.uyghurkitap.com

چاۋاك چېلىپ ئالقىشلاشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان پاسسىپ ئورۇندا تۇرۇۋەرمىسۇن. ئۇ ئۆزىنىڭ خاس فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرغىنى تۈزۈك. شۇنىسى ئېنىقكى، تەنقىدكە بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى يوق يازغۇچى ئۆز نۆۋىتىدە ماختاشقىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. بۇ يەردە، ئۇلارغا غەرب مۇتەپەككۇرى مۇنتايگىنىڭ مۇنداق بىر جۈملە سۆزىنى تەقدىم قىلىمەن: «ھەقىقىي گۈزەل قەلب كەڭ، ئوچۇق، شۇنداقلا بارلىق نەرسىلەرنى سىغدۇرۇشقا ھازىرلانغان بولۇشى كېرەك».

بىزنىڭ مىللىي مەدەنىيەت پىسخىكىمىزدا كەمتەرلىك قىلىشنى مۇستەقىل قاراشلىرىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئۈستۈن كۆرىدىغان خاھىش ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغانغا ئوخشاش، ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇھىتىمىزدىمۇ سۈنئىي ئىتتىپاقلىقنى ئوخشاش بولمىغان قاراشلار ھەققىدىكى بەس ـ مۇنازىرىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىن ئەۋزەل كۆرىدىغان خاتا تونۇش مەۋجۇت. شۇنى بىلىش كېرەككى، ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا بەس ـ مۇنازىرىدىن، تىركىشىپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. ئەگەر بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە بولغان مۇھەببىتىمىز ساپ بولىدىكەن، بىز ئۇنى سەنئەت قانۇنىيىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىمىز ۋە سەنئەت نۇقتىسىدا تۇرۇپ چۈشىنىمىز. ئەگەر بۇنداق قىلالمىساق، ھودۇققىنىمىزدىن سەنئەتكە سىغمايدىغان ئېتىكىلىق ئاتالغۇلار بىلەن بىر ـ بىرىمىزگە ھەيۋە قىلىپ، ئەخلاقتىن دەرس ئۆتىدىغان پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىمىز. ھەممىمىزگە روشەن بولسۇنكى، سەنئەتكە بولغان ساپ مۇھەببەت ئادەتتىكى ئەخلاق مىزانلىرىدىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدۇ.

(بۇ ماقالە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1993 ـ يىل 13 ـ مارت سانىدا ئېلان قىلىنغان)

# تەكلىماكاندىكى ئالتۇن كولدۇرما

بازار ھەققىدىكى سۈرەن ـ شاۋقۇنلار ھەممە كىشىنى ئۆز قوينىغا سۆرەپ كىردى. بۇ ھال بەزى كىشىلەرنىڭ قېنىنى قاينىتىپ مېڭىسىنى قىزىتىۋەتكەن بولسا، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ كۆزىنى روشەنلەشتۈرۈپ، كاللىسىنى سەگىتتى. بەزىلەرنى بولسا گاڭگىرىتىپ قويدى. مەلۇم نەرسىلەردىن ۋاز كېچىش بىلەن نامەلۇم نەرسىلەرگە ئېرىشىش ئالدىدىكى ئازابلىق تاللاش ھەر بىر كىشىنى تىت ـ تىت قىلماقتا، كىرىزىس تۇيغۇسىنىڭ كۈچىيىپ كېتىشى كىشىلەرنى بىئارام قىلماقتا. كەلگۈسى 21 ـ ئەسىر بىزنى قانداق ئېھتىماللىقلار بىلەن كۈتۈۋالىدۇ؟ كىملەر تارىخ بەتلىرىنى نۇرلاندۇرىدۇ؟ كىملەر خۇنۇكلەشتۈرىدۇ؟ بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىش ھازىر مۇمكىن بولمىسىمۇ، لېكىن «مۇئەييەن ۋەزىيەت ئاستىدا ئەقلىنى يوقاتمىغان ئادەمنىڭ يوقىتىدىغان ھېچ نەرسىسى بولمايدۇ» دېگەن ھەقىقەت تارىخنى پۇشايمان تۇمانلىرى بىلەن خاراكتېرلىنىشتىن ساقلايدۇ.

بىز ھازىر كەلگۈسى تەقدىرىمىز توغرىلىق قاتمۇقات ئەندىشىلىك خىياللار ئىلكىدە تېپىرلاۋاتىمىز. بۇ خىل تېپىرلاش ۋە تىت ـ تىتلىق تەپەككۇرىمىزنىڭ دەلدۈشلىكىدىن بولۇۋاتامدۇ؟ تارىخي تەجرىبىلىرىمىزنىڭ كەملىكىدىن بولۇۋاتامدۇ؟ ئىجتىمائىي قانۇنىيەت ھەققىدىكى تونۇشىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن بولۇۋاتامدۇ؟ ياشاش ئىقتىدارىمىزنىڭ ئاجىزلىقىدىن بولۇۋاتامدۇ ياكى سەزگۈرلۈكىمىزنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن بولۇۋاتامدۇ؟ بۇنى ئېنىق ھېس قىلىش تەس بولۇۋاتىدۇ. بىز ناھايىتى ئېنىق ھېس قىلغان نەرسە رەھىمسىز رېئاللىقنىڭ بىزگە جەڭ ئېلان قىلىۋاتقانلىقى. بۇ ئاتالاپ ئۆتۈپ

كەتكىلى، قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان رېئاللىق! تارىخ بىزگە خېلى بۇرۇنلا «سېرىق تاختاي» چىقىرىپ ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن. ئەپسۇسكى، بىز بۇ خىل ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ چوڭقۇر پەلسەپىۋى مەنىسىنى تەپەككۇر بوشلۇقىمىزغا يولاتماي، ئەندىشىدىن خالىي ھالدا «بىز بەختىيار ئەۋلادمىز» دېگەن ناخشىلارنى دۆڭ توۋلاپ، تارىخ بەتلىرىنى كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان ئەخمىقانە كومېدىيىلەر ۋە ئۇنتۇلغۇسىز تراگېدىيىلەر بىلەن بېزىدۇق. 21 ـ ئەسىر بىزگە «قىزىل تاختاي» چىقىرامدۇ ياكى ئىللىق تەبەسسۇم قىلامدۇ؟ بۇ بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزگە باغلىق.

يازغۇچى تۇرسۇن يۇنۇسنىڭ «تەڭرىتاغ ئېكرانى» گېزىتىنىڭ 1993 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «كىنوچىلىقىمىزنىڭ تەقدىرى نېمە بولماقچى؟» سەرلەۋھىلىك ماقالىسى ئۇيغۇر كىنوچىلىقىنىڭ تەقدىرى ھەققىدىكى بىر ئەندىشىلىك ۋە غەزەپلىك كالتە چۇقان. بۇ چۇقان مەندە مۇئەييەن ئەكس سادا قوزغىدى.

يازغۇچى ماقالىسىنىڭ باش قىسمىدىلا «مۇھەببەت مەستانىلىرى» ناملىق كىنونىڭ ئاپتورى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن مەزكۇر كىنودىكى ئۆزىنىڭ ئېستېتىك غايىسىغا خىلاپ كۆرۈنۈشلەرگە نارازى بولغانلىقىنى تىلغا ئالغان. بۇ مەردانە ھەرىكەت ئۆز نۆۋىتىدە باشباشتاق، مەسئۇلىيەتسىز رېژىسسور بىلەن ھېچ قانداق زۆرۈرىيىتى بولمىغان ئەھۋالدا مەيدىسىگە پاختا تىقىپ، لىپتىك تاقاپ ئايالچە ياسىنىپ «قىزىقچىلىق» قىلىدىغان «ئەۋرىشىم ئەركەك» ئاكتىيورلارنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئازراقمۇ مىللىي غۇرۇر، ئەرلىك غۇرۇر ۋە سەنئەت غۇرۇرىغا ئىگە بولمىغان بۇ ئاكتىيورلار ئېكرانغا چىقىۋېلىش ئۈچۈن ھەر قانداق رەزىل بەدەل تۆلەشكە رازىمىكىنا؟! ئىنسانىي قىممەتنىڭ بارلىق قىممەتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان ئاكتىيور ماھىيەتتە بارلىق كونۇپكىلىرىنى رېژىسسورنىڭ ئىلكىگە تۇتقۇزۇپ قويغان ماشىنا ئادەمدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىزنىڭ

ئاكتىيورلىرىمىز تا بۈگۈنگە قەدەر پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى ۋە ھېسسىياتىنى تېخنىكىلىق ماھارەت ئارقىلىقلا ئىپادىلەشكە تىرىشىپ كەلگەچكە، تاماشىبىنلارنى ئانچە ـ مۇنچە قايىل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن چوڭقۇر ھاياجانغا سالالمىدى، ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرلىنىشلەرگە مۇيەسسەر قىلالمىدى.

«دەرۋەقە، كىنو سەنئىتى رېژىسسور سەنئىتى» دەپ ئاتالسىمۇ، لېكىن رېژىسسورنىڭ ھوقۇقى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان چەكسىز ھوقۇق ئەمەس. چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ھەر قانداق چەكسىز ھوقۇق شەك ـ شۈبھىسىز ھالدا چىرىكلىشىشكە ئېلىپ بارىدۇ. بىز نېمە ئۈچۈن «غەربىي دىياردىكى ئۇسسۇل مەستانىلىرى»، «ئەزىمەتلەر تانىسخانىسىدىكى ئايال چولپان»، «خۇشال زامان»، «مۇھەببەت مەستانىلىرى» ناملىق بىر ـ بىرىدىن لاۋزا كىنولارنى كۆرۈشكە مەجبۇر بولىمىز. بۇ يەردىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەب رېژىسسورنىڭ ھوقۇق مونوپولىيىسىدىن ئىبارەت. ئاپتور ۋە ئاكتىيورلارنىڭ ئازراقمۇ تاللاش ھوقۇقى بولمىغانلىقىدا.

بىزدە نۇرغۇن كىشىلەر «سۆز ئەركىنلىكى» دېگەن ئۇقۇمنىڭ مەزمۇن دائىرىسىنى «سۆزلەش ئەركىنلىكى» دەپلا يۈزە چۈشىنىدۇ. ئەسلى بۇ ئۇقۇم ئۆز ئىچىگە يەنە «سۆزلىمەسلىك ئەركىنلىكى» دېگەن مەزمۇننىمۇ ئالىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ھەر قانداق ئاپتور ۋە ئاكتىيور ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمىگەندە ۋە ئىرادىسىگە خىلاپ بولغاندا ۋاز كېچىش ھوقۇقىنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك.

مەن يازغۇچى تۇرسۇن يۇنۇسنىڭ «گىلەمچى قىز» ناملىق سىنارىيىسىنىمۇ ئوقۇدۇم. بۇ سىنارىيىگە ئاساسەن ئىشلەنگەن «مۇھەببەت مەستانىلىرى» ناملىق كىنونىمۇ كۆردۈم، ھەقىقەتەن پەرق زور. ئاپتورنىڭ سىنارىيىدە ئىپادىلىگەن مۇددىئاسى فىلىمدە گەۋدىلەنمىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە فىلىمدىكى كۆرۈنۈشلەر شۇ قەدەر چاكىنىلاشتۇرۇۋېتىلگەنكى، ئۇستىخىنى يوق غىلجىڭ ئەركەكلەر بىلەن ئۆزىنى

تۇتۇشنى بىلمەيدىغان نايناق قىزلارنىڭ تېتىقسىز مۇناسىۋەتلىرىدىنلا ئىبارەت بولۇپ قالغان. بۇ فىلىم ئۆزىدىن ئاۋۋال ئىشلەنگەن «ئەزىـ مەتلەر تانسخانىسىدىكى ئايال چولپان» ناملىق فىلىمنىڭ ۋارىيانتى، خالاس.

بۇ فىلىملەردىكى پېرسوناژلارنىڭ زەيپانە خاراكتېرى، ئەخمىقانە ھەرىكەتلىرى، تۇتۇرۇقسىز مۇناسىۋەتلىرى، سۇنئىي، ياسالما سۆز-لىرى، ئەرزىمەس ئازابلىرى، تېتىقسىز قىزىقچىلىقلىرى ئالاھىدە ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي شارائىتتا تۇرغان بىر مىللەتنىڭ نازۇك مىل-لىي ھېسسىياتىغا ئازار بېرىپ، ئۇلارنىڭ بۇ كىنولارنى ئىشلىگۈچى-لەرگە بولغان غەزىپىنى قوزغىدى. چۈنكى، بۇ كىنولاردا خەلقىمىز-نىڭ ئېستېتىك تەشنالىقلىرىنى قاندۇرۇپ، خاراكتېرىنى روھلاندۇ-رۇپ، روھىي دۇنياسىنى بېيىتىدىغان ئامىللار يوق بولۇپ، ئەكسىچە تاماشىبىنلارنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرىدىغان كۆرۈنۈشلەر كۆپ ئىدى.

ئەلۋەتتە بىزنىڭ سېنارىيە يازغۇچىلىرىمىزمۇ تېخى تاماشىبىنلار-نىڭ روھىي دۇنياسىنى زىلزىلىگە سالغۇدەك ئەسەرلەرنى يارىتالىغىنى يوق. جىددىي ئىجتىمائىي تېمىلار، كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان ھايات ھادىسىلىرى، مەزمۇنى چوڭقۇر بولغان يۇمۇر، كىشىنى زوقلاندۇرى-دىغان ۋە ھەيران قالدۇرىدىغان مۇرەككەپ ۋەقەلىكلەر تېخى ئۇلارنىڭ قەلىمىگە نېسىپ بولغىنى يوق. لىللا گەپ قىلىدىغان بولساق يازغۇچى تۇرسۇن يۇنۇسنىڭ «گىلەمچى قىز» ناملىق سېنارىيىسىمۇ كىنو قىلىپ ئىشلەشكە ئەرزىمەيدىغان ئاددىي سېنارىيە، چۈنكى، يازغۇچى ناھايىتى ساددا مىللىي ئېپتىخارغا چۆمۈلگەن ھالدا، مىللىتىمىزنىڭ گىلەمچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ يۇكسەكلىكىنى ئىپادىلەشتىن ئىبارەت سەنئەتكە سىغمايدىغان مۇددىئانىڭ تۈرتكىسى بىلەن قولىغا قەلەم ئال-غان. بۇنداق ئىلمان تېمىلارنىڭ ئەھمىيىتى يوق دېيەرلىك.

يازغۇچى تۇرسۇن يۇنۇس يۇقىرىقى ماقالىسىدە، بەزى كىشىلەر-نىڭ «ئىچكىرىنىڭ كىنو تاماشىبىنلىرى دەل مۇشۇنداق كىنولارنى ياقتۇرۇپ، ئەنئەنىۋى مىللىي ئۆرپ - ئادەت كۆز قارىشىغا مەنسۇپ

كىنولارنى كۆنسايىن ياقتۇرمايدىغان ۋە بازاردا ئاقمايدىغان جىددىي ۋەزىيەت شەكىللىنىۋاتسا، بۇنداق ئەھۋال ئىچىدە مىللىي تۇرمۇش تېمىسىدىكى كىنولارنى ئىشلەش ـ ئىشلىمەسلىكنى ئويلىشىش كېرەك» ، «مۇشۇنداق ئىختىلاپ بولۇۋەرسە مىللىي كىنونى قەتئىي ئىشلىمەسلىك كېرەك» ، «قانداق كىنو پۇل تاپسا، شۇنداق كىنو ئىشلەش كېرەك» دېگەندەك ئەخمىقانە سۆزلەرنى ئېيتىپ ئۆتۈپ، «هازىر مەنمۇ مۇشۇ خىل قاراشنى قۇۋۋەتلەپ مىللىي ئېستېتىك قاراشقا يات كىنولارنى ئىشلەپ ئۆزىمىزگە ماس كەلمەيدىغان بازارنى قوغلاشقىچە مىللىي كىنو ئىشلىمىگەن ياخشىراق دېگەن پىكىرگە كەلدىم» دەپ، يامان نىيەتلىك كىشىلەرنى خۇش قىلىدىغان سادىدا قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى ئىپادىلەنگەن كىنولار ھەقىقەتەن قارشى ئېلىنىمامدۇ؟ بازار ئىگىلىكىگە يۈزلىنىش ئۇيغۇر كىنوچىلىقىنىڭ ھالاكىتىدىن دېرەك بېرەمدۇ؟ مېنىڭچە بۇنداق بولۇشى ناتايىن. چۈنكى، ئۇيغۇر كىنوچىلىقىنىڭ ئىستىقبالىنى نۇرلاندۇرىدىغان ئەۋزەللىكلەر بىزدە بار.

1. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى، تۇرمۇشى ۋە تارىخىي سەرگۈزەشتىسى ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە خاسلىققا باي بولۇش بىلەن بىرگە يەنە ناھايىتى مول مەزمۇنغىمۇ ئىگە. ئۇلارنىڭ تارىخىي ۋە رېئال ھايات قىسمەتلىرى ئىچىدە كىشىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدىغان مۇرەككەپ سەرگۈزەشتىلەر تولۇپ يېتىپتۇ. بۇ بىتەلەي قەدىمىي خەلق نېمە كۈنلەرنى كۆرمىگەن؟ قېنى ئۇنىڭ ئېكراندىكى ئىپادىسى؟! ئەجىبا، ئادەتتىكى ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ مۇشەققەتلىك مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسى كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرگەن يەردە، بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرمەسمۇ؟

2. ئۇيغۇرلار جۇڭگودىكى 56 مىللەت ئىچىدە قەددى ـ قامەت گۈزەللىكى جەھەتتە ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان، ئانتروپولوگىيە-

لىك تۇزۇلۇش جەھەتتىن ئېيتقاندا 80 پىرسەنتى ئاق تەنلىك ئىرققا مەنسۇپ مىللەت. دەۋرىمىزدىكى داڭلىق خەنزۇ يازغۇچىسى ۋاڭ مىڭ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلار تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن «قەلبىنۇر» ناملىق كىتابىنىڭ 95 ـ بېتىدە «ئۇنىڭ تەن قۇرۇلۇشى ۋە ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىۋېتىپ ئۆزۈمنىڭ تۇرقى ۋە قىياپىتىمدىن ئۆز ـ ئۆزۈمنى كەمسىتىش تۇيغۇسىغا كېلىپ قالدىم. خەنزۇ مىللىتى ئېلىمىزدىكى ئاساسىي مىللەت، ئۇنىڭ پارلاق مەدەنىيىتى، ئۇزاق تارىخى بار. ئەمما بەدىنىنىڭ ساپاسى ۋە ئوبرازى جەھەتتە ئۇنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە يېتىشەلمەيدىكەن. بۇنىسى ئەپسۇسلىنارلىق ئىشتە!» دەپ يازغان. بىز تېخى بۇ بايلىقىمىزنى ئېكراندا تولۇق گەۋدىلەندۇرۇشكە مۇۋەپپەق بولالمىدۇق.

3. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ خاراكتېر ئۆزگىچىلىكىنى بىز تېخى ئېكرانغا ئېلىپ چىقالمىدۇق. ھە دېسىلا مېھمان دوست، خۇش چاقچاق، ئوچۇق ـ يورۇق، قىزىقچى، ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ئامراق قىلىپلا ياراتتۇق. تېخى مىللىتىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مەدەنىيەت تۇغدۇرىدىغان، ھاياتنى ئۆزگەرتىدىغان يوشۇرۇن ئېنېرگىيە زاپىسىنى يەنى تەۋەككۇلچىلىك، قارامىلىق، ياۋايىلىق قاتارلىق ئۆزگىچە پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ كەلدۇق.

4. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىنى، ئۇزاق مەزگىللىك ئىستېپتىك ھاياتىنى، مۇرەككەپ روھىي كەچۇرمىشلىرىنى، قەلب جاراھەتلىرىنى، ۋۇجۇدىدىكى مەنىۋى مەرەزلەرنى، روھىي زەئىپلىكلىرىنى، جىنسىي ئېڭىنى يۇكسەك ئىستېتىك پەللىگە كۆتۈرۈپ، چوڭقۇر پەلسەپىۋى مەنىگە ئىگە قىلىپ ئىپادىلەشكە ئۇلگۇرەلمىدۇق.

5. ئۇيغۇرلار ماكانلاشقان جۇغراپىيىلىك مۇھىتتىكى تىلسىم تۇسىنى ئالغان ئىپتىدائىي، ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشلەر، سېھىرلىك گۇزەل مەنزىرىلەر بۇ قەدىمكى مىللەتنىڭ چوڭچەككە، رىۋايەتكە، ئەپسانىگە ئوخشاش رەڭدار ئۆتمۈشى بىلەن يۇغۇرۇلغان ھالدا گەۋدىلەندۇرۇپ



www.uyghurkitap.com

ئىپادىلەنگەن بىرەر فىلىم تا ھازىرغىچە بىز بىلەن يۈز كۆرۈشكىنى يوق. ئۆزىنىڭ خاسىيەتلىك ئالتۇن كولدۇرمىسىنى تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى قىرى توغراقنىڭ شىخىغا ئىسىپ قويۇپ ئۇيقۇغا كەتكەن كىرورەن گۈزىلىنىڭ قاباھەتلىك ئۇيقۇسى تېخى تاماملانغىنى يوق. بىز قاچانكىم ئاشۇ نەچچە مىڭ يىللار مابەينىدە قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن ئالتۇن كولدۇرمىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭ تىترەڭگۈ ئۈنى بىلەن بۇ ساھىبجامال ئاننى ئويغاتمىغىچە، ئۇ بىزگە ئۆزىنىڭ نۇرانە جامالىنى كۆرسىتىپ، مېھرىبان تەبەسسۇمىنى تەقدىم ئەتمەيدۇ. ئەجىبا، نىچشې ئېيتقاندەك «يۇلتۇزلار قايتىدىن مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى بولالماسمۇ، گۈللەر قايتىدىن خۇش پۇراق چاچالماسمۇ؟» كۆكتىن چۈشكەن ئىلاھىي زەڭگەر نۇر كۆك بۆرىنىڭ گەۋدىسىنى يورۇتماسمۇ؟ ئۇزاق سۈكۈتكە چۆمگەن ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر قايتىدىن نۇر چاچالماسمۇ؟ قىلىچ ئاسقان شاھزادىلەر بىلەن گۈل تۇتقان ھۆر قىزلار مىڭئۆي غارلىرىدىن ئۇچۇپ چىقماسمۇ؟؟؟

شۇنى سەگەكلىك بىلەن تونۇشىمىز كېرەككى، بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش ئۇيغۇر كىنوچىلىقىنىڭ گۈللىنىشىگە تارىخىي پۇرسەت ئېلىپ كېلىدۇ. ئەرلەرنى ئايالچە ياساپ «سېتىپ» جان باقىدىغان رېژىسسورلار ئەمدى ئۇيغۇر كىنوچىلىقىنىڭ گۈللىنىشىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئاتالمىش ئالىيجاناب پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتمەسلىككە ئامالسىز قالىدۇ. چۈنكى، ئۇيغۇر كىنوچىلىقىنىڭ چىقىش يولى ھەرگىزمۇ ئەرلەرنى ئايالچە ياساپ «سېتىش» تا ئەمەس. دەرۋەقە بازار ئىگىلىكى رەھىمسىزلىك بىلەن سەنئەتنى تاۋارغا ئايلاندۇرۇشنى شەرت قىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا سۇژېتى ئەگرى ـ توقاي، ۋەقەلىكى مۇرەككەپ، مەزمۇنى دەبدەبىلىك، كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرى كۈچلۈك فىلىملەر ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ. سەنئەتكە بولغان تەلىپى تۆۋەن تاماشىبىنلارنى نەزەردە تۇتۇپ ئېيتقاندا ھىندىستان، پاكىستان كىنولىرىنىڭ ئۇسلۇبىدىكى توقۇلمىچانلىقى كۈچلۈك فىلىملەر تازا بازار تاپىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر يازغۇچى، سەنئەتكارلىرىنىڭ ھازىرقى سەنئەت سەۋىيىسى غەرب ئەللىرىنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر، ئىستېتىكىلىقى كۈچلۈك، شېئىرىي پۇراققا، پەلسەپىۋى مەنىگە باي، ئىدىيىسى ئۆتكۈر فىلىملىرىدەك يۇقىرى سەۋىيىلىك فىلىملەرنى ئىشلەشكە يار بەرمىسىمۇ، ئەمما، يۇقىرىقىدەك بازار تاپالايدىغان فىلىملەرنى ئىشلەشنى يېقىن ئارىدا رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشقا قۇربى يېتىدۇ.

نۆۋەتتە بىزنىڭ مىللىي ئەخلاق قارىشىمىز، ئەنئەنىۋى سەنئەت قارىشىمىز، قىممەت قارىشىمىز ۋە دۇنيا قارىشىمىز ناھايىتى كۈچلۈك سىناققا دۇچ كەلدى. بىز ئۆزىمىزنىڭ پۈتكۈل روھىيەت قۇرۇلمىمىزنى يېڭىلىماي، دەۋر تەلىپىگە ئۇيغۇن ھالدا جابدۇنماي تۇرۇپ «بازار»غا چىقالمايمىز. بىز ھازىر قاتتىق چىنىپ قالدۇق. گەرچە بىزنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى زىيالىيلىرىمىز بۇ خىل كىرىزىسنى تېخى تونۇپ يەتمىگەن بولسىمۇ، ئەمما، تونۇپ يەتكەن سەگەك كاللىلارمۇ يوق ئەمەس. بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش بىزنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن، بۇ ھەرگىزمۇ ھالاكەتكە يۈزلىنىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. بەلكى ياشاش ئىقتىدارىمىزنى يېتىلدۈرسەكلا، قابىلىيىتىمىزنى كۈچەيتسەكلا، روھىيەت قۇرۇلمىمىزنى يېڭىلىساقلا گۈللىنەلەيدىغانلىقىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ. چۈنكى، بازار ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي خاراكتېرى ئەركىن رىقابەتلىشىش. بىز پەقەت ئەركىن رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىمىزنى كۈچەيتسەكلا ئۇيغۇر كىنوچىلىقىنىڭ تەقدىرى پارلاق بولىدۇ. بىز دەل شۇ چاغدىلا بۈگۈنكى ۋە تۈنۈگۈنكى كىنوچىلىقىمىزنىڭ خاراكتېرىنى بېكىتەلەيمىز. بىز «يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى، كىچىكلىكتىن زورايدى»، «خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتتى» دېگەن ياغلىما سۆزلەرنىڭ ۋەزنىنى ئېنىق ھېس قىلالايمىز.

(بۇ ماقالە «تەڭرىتاغ ئىكرانى» گېزىتىنىڭ 1993 - يىل ئىيۇلدىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان)

# «ئويغانغان زېمىن» دىن ئويغانغان پىكىرلەر

نەچچە يۈز يىللاپ داۋام قىلغان مەنىۋى گادايلىق توپەيلى، ئۆز تارىخىنى ئۇنتۇش، مىللىي ئېڭىنى يوقىتىشتەك ھالاكەتلىك تەقدىر- دىن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئاران قۇتۇلۇپ قېلىۋاتقان خەلقىمىزنىڭ بەدىئىي زوقىدىن كۆرە «تارىخىي زوقى» بەكرەك ئېچىرقاپ كەتكەچكە، تارىخىي تېمىلارغا بېغىشلانغان ئەسەرلەرنى ئوقۇش قىزغىنلىقى باشقا تېمىلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەرلەرنى ئوقۇش قىزغىنلىقىنى بېسىپ چۈشتى. بۇ خىل روھىي ھالەت تەبىئىي ھالدا، تارىخىي رومانلارنىڭ بازىرىنى چىقاردى. بۇ ئىتتىك بازاردا بىر قەدەر ياخشى يېزىلغان تارىخىي رومانلارلا ئەمەس، ھەتتا بەدىئىي ماھارەت، تارىخىي چىنلىق جەھەتلەردە ناچار چىققان ئەسەرلەرمۇ بېسىلىپ قالمىدى. خەلقىنىڭ تارىخ ھەۋىسىنىڭ كۆچىيىد- شىنى تارىخىي رمانلارنى يېزىشنىڭ ياخشى پۇرستى، دەپ بىلگەن بىر قىسىم «سەزگۈر» يازغۇچىلىرىمىز چوڭ - كىچىك تارىخىي تېمىلار ھەققىدە ئاجايىپ قىزغىنلىق بىلەن قەلەم تەۋرىتىپ، ئالدى- راقسانلىق بىلەن ئېلان قىلدى. تارىخىي-ئېڭى ئاجىز، بەدىئىي دىتى تۆۋەن بۇ بىر قىسىم يازغۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن يېزىپ چىققان بۇ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان چېغىمىزدا «بوپتىلا، يوقتىن ياخ- شى» دەپ ئۆزىمىزنى بەزلىمەسلىككە چارە يوق.

ھازىرغا قەدەر نەشردىن چىققان تارىخىي رومانلار ئىچىدە، تارى- خىي چىنلىق ۋە بەدىئىي ماھارەت جەھەتتە خېلىلا پىشقان ئەسەرلەر بار بولسىمۇ، لېكىن بۇ رومانلارنىڭ بەدىئىي سەۋىيە، تارىخىي چوڭ- قۇرلۇق، ئېستېتىك يۈكسەكلىك جەھەتتىكى پەرقى ئانچە زور ئە-

مەس. بىز ئوقۇۋاتقان بۇ تارىخىي رومانلار ئىچىدە بىرەرسىدىنمۇ يازغۇچىنىڭ خۇرسىنىشلىرى، ھەسرەتلىك نىدالىرى، رېئال دۇنيا ھەققىدىكى ئەندىشىلىرىنى، كەلگۈسى ھەققىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى ھەمدە تارىخ توغرىسىدىكى خىتابلىرىنى ئاڭلىغىلى بولمايدۇ. مىللىتىمىزنىڭ تارىخىي تەقدىرىگە نىسبەتەن، باشقا مىللەتلەرنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىيالايدىغان سېھرى كۈچكە، قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى شۇئۇرلاشلارنى باشقا مىللەتلەر قەلبىگە سىڭدۈرەلەيدىغان بەدىئىي كۈچكە ئىگە تارىخىي ئەسەر تېخى بىزدە يارالغىنى يوق. رېئال ئەھۋالىمىزغا قاراپ، لىللا مەيداندا تۇرۇپ ئېيتىدىغان بولساق، 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تېخى بايراقتىن خالىي. بىز پەخىرلەنگىدەك بىرەر ئۆلگىلىك نادىر ئەسەر ۋۇجۇدقا چىقمىدى. خەنزۇ خەلقى لۇشۈن ئەپەندىنىڭ جەسەت ساندۇقىغا يازغان «مىللەتنىڭ قەلبى» دېگەن شەرەپلىك نامنى بىز تېخى كىمنىڭ قەبرە تېشىغا يېزىشىمىزنى بىلەلمەيمىز. شۇنداقتىمۇ بىز يەنىلا ھەسرەتلىك، ئۇلۇغ ئارمانلار ئىچىدە نەزىرىمىزنى ئەدەبىياتچىلار قوشۇنىمىزنىڭ بىر نەچچە قەدەم ئالدىدا كېتىۋاتقان جاسارەتلىك يازغۇچىلارغا تىكىمىز. ئۇلاردىن سۆيۈنىمىز. بىز سۆيۈنىدىغان يازغۇچىلاردىن بىرى — ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى مەجبۇرىي تېڭىلغان بىھۇدە بەدەللەرنى تۆلەشكە سەرپ قىلىپ، 67 يىلنى قېرىتقان مۆتىۋەر يازغۇچى ئۆتكۈر ئەپەندىدۇر.

بۇ پېشقەدەم يازغۇچى ئۆزىنىڭ قابىل قەلىمى ئارقىلىق يېزىپ چىققان، تارىخىي رومانلىرىمىز ئىچىدە بەدىئىي ۋە تارىخىيلىق جەھەتتىكى ئۇتۇقلىرى بىلەن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان «ئىز» ناملىق رومانى 80 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇر كىتابخانلىرىنى ئۆزىگە ئەڭ كۆپ جەلپ قىلغانىدى. شۇڭا بۇ يازغۇچىنىڭ «ئويغانغان زېمىن» ناملىق تارىخىي رومانى نەشىردىن چىققىچە، كەڭ كىتابخانلارنىڭ تەقەززالىق ئىچىدىكى سادالىرى پەسەيمىدى. مەنمۇ شۇ تەشنا بولغۇچىلارنىڭ

بىرى بولغاچقا، روماننى سۆيۈنۈش ئىچىدە ئوقۇپ چىقتىم. ئوقۇش جەريانىدا، بەزى جايلاردا ھاياجىنىم سۇسلاپ، تەبەسسۇمىم چىرايىمدا قېتىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن، يازغۇچىنىڭ قۇتلۇق قەلىمىنىڭ تېخى يورغىسىدىن قالمىغانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇدۇم. رومانىنىڭ مەندە تەسىر قالدۇرغان يېرى خوجىنىياز ھاجى بىلەن ماجۇڭيىڭ خاراكتې- رىنىڭ تارىخىي ئەينەنلىك ئاساسىدا يارىتىلغانلىقى بولدى.

يازغۇچى بۇلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتا، تارىخىي شەخسلەرگە بولغان كۆز قاراش ۋە باھا جەھەتتە سىياسەتچىلەر، ھەتتا تارىخچىلار بىلەنمۇ ئوخشاش ئۆلچەم قوللانماسلىق پرىنسىپىغا ئەمەل قىلغان. ئۇلارنى خاراكتېر ئۆزگىچىلىكىگە ئىگە بىر پۈتۈن مۇرەككەپ ئادەم دەپ قاراپ، ئۇلارغا ئەدەبىياتچى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلغان. شۇڭا خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوپال، سۇرلۇك، قارام، تەرسا، ساددا، ئاق كۆڭۈل، نادان، مەردانە بولغان خاراكتېر ئالاھىدىلىكى زوقلانغۇچى- لارغا ئىشەنچلىك، چىن تۇيۇلىدۇ. يازغۇچى خوجىنىياز خاراكتېرىنى يارىتىشتا، كىشىلىك خاراكتېرىنىڭ ماھىيىتىنى ئاشكارىلىغۇچى ئەپ- چىل دېتاللاردىن ۋە پسىخىكىلىق تۇسى قويۇق سۆز - جۈملىلەردىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ بۇ قارام دا- ھىيسىغا ھەقىقىي ئىنسانىي تۇس بەخش ئەتكەن. شۇنچە زور قوزغى- لاڭغا تۇتۇش قىلغان تۇرۇقلۇق، قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ ئاخىرقى نىشا- نىنىمۇ ئېنىق بىلمەيدىغان، ھەتتا بايراق لايىھىلەشنى ئويلاپ يېتەلمى- گەن، ئېزىلگەن خەلقنىڭ بېشى تۇرۇقلۇق، دۈشمىنىگە قول بەرگەن بۇ ساددا باشچىنىڭ خاراكتېرى يازغۇچىنىڭ قەلىمى ئاستىدا پەردازلى- نىپ، مەدھىيىلەنگەن بولسىدى، چوقۇم ئۇ جانسىز، ساختا مەبۇدقا ئايلىنىپ قالغان بولاتتى. ئۇ چاغدا چىنلىق ئاساسى بولمىغان بۇ خاراكتېر كىتابخانلارنى تەسىرلەندۈرەلمەيلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىۋېتەتتى. مۇئەييەن تارىخىي ئاڭغا ئىگە، تارىخىي بۇرچ تۇيغۇسى كۈچلۈك بولغان مەسئۇلىيەتچان

يازغۇچى بۇ خىل ئاقىۋەتكە يول قويمىغان. ئەلۋەتتە، ھەقىقەتنى قىزغىن سۆيگەندىلا، ئاندىن ھەقىقەتنىڭ قۇچاقلىشىغا مۇيەسسەر بولغىلى بولىدۇ.

خوجىنىياز ھاجى ياسىن گاچىنىڭ ئاغزىغا ئېرىتىلگەن كۈمۈش پۇلنى قۇيماقچى بولغاندا، بىز بۇ خىل رەھىمسىزلىكتىن جىددىيلەشسەك، قەمەرخان ئايلانى قويۇۋېتىپ، خەلچە خېنىمنى ئالماقچى بولغاندا، ئاۋۋال گاڭگىراپ، كېيىن يۇمۇرلۇق كۈلۈمسىرەيمىز. جىمىسساردا قولغا چۈشۈرگەن قوراللارنى ۋاقتىدا ئالماي، ماجۇڭيىڭنىڭ دامىغا چۈشكەندە، خوجىنىياز ھاجىنىڭ ساددىلىقىغا تېرىكىپ قالىمىز. بىزنى تەسىرلەندۈرۈپ، ئۆزىمىزنى ئۇنتۇلدۇرۇۋاتقان بۇ خىل سېھرىي كۈچ ئەلۋەتتە خوجىنىياز ھاجى خاراكتېرىنىڭ چىنلىقىدىن كەلگەن. بىز بۇ خىل سېھرىي كۈچنىڭ تۈرتكىسى بىلەن خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئەگرى ـ توقاي ھايات يولىنى بويلاپ ئىلگىرىلەپ، دەسلەپكى بىر چەتتە تاماشا قىلغۇچى ئورۇندىن ئاستا ـ ئاستا ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتلار توقۇنۇشىغا كىرىپ قالىمىز.

يازغۇچى سەلبىي كۈچلەر ۋەكىلى بولغان تەلۋە سەركەردە ماجۇڭيىڭنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتىمۇ سىياسەتچىلەرگە خاس بولغان ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشىنىڭ تەسىرىگە يول قويماي، زامانىۋى ئەدەبىياتنىڭ قىممەت يۈزلىنىشىگە ماسلاشقان ھالدا، ئۇنىڭ تەۋەككۈلچى، ھىيلىگەر، باتۇر، ئەمما نامەرد خاراكتېرىنى تارىخىي چىنلىق ئاساسىدا خېلىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان. ماجۇڭيىڭ خوجىنىياز ھاجىغا قارىغاندا بىلىملىك، ھىيلە ـ مىكرى تولا، ھەربىي تاكتىكىغا ماھىر سەركەردە. خوجىنىياز ھاجى بولسا، ئادەتتىكى ئۇرۇش تاكتىكىلىرىنىلا قوللىنالايدىغان، يىراقنى كۆرەلمەيدىغان نادان سەركەردە. روماندا يازغۇچىنىڭ ماجۇڭيىڭ ئوبرازىغا بۇ خىل تۇس بېرىشى، خوجىنىياز ھاجىنىڭ «پالۋان»لىق ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. ئەگەر ماجۇڭيىڭدىن ئىبارەت بۇ تارىخىي شەخسنىڭ خاراكتېر چىنلىقىغا



www.uyghurkitap.com

ئېتىبار بېرىلمەي، ئۇنىڭ قابىلىيەتلىك سەلبىي قەھرىمانلىقى گەۋدىلەندۈرۈلمىگەن بولسا، تەبىئىي ھالدا خوجىنىياز ھاجىنىڭ باتۇر ئوبرازىغا تەسىر يەتكەن بولاتتى. چۈنكى، كۆپ ھاللاردا قەھرىماننىڭ جاسارىتى ۋە پاراسىتى رەقىبىنىڭ كۈچ - قۇدرىتى ۋە ھىيلە - قىلتاقلىرىنى شەرت قىلىدۇ. مۇنداق ئېيتقاندا پالۋاننى يەڭمىگەن ھەقىقىي پالۋان ھېسابلانمايدۇ. خوجىنىياز ھاجىنىڭ ماجۇڭيىڭنىڭ مۇنتىزىم قىسىملىرى بىلەن كۆپ قېتىم تۇتۇشقانلىقى، شېڭ شىسەيدەك قابىلىيەتلىك، قىلتاقچى، ھەربىي مەلۇماتى يۇقىرى، ستالىندەك كۈچلۈك يۆلەنچۈككە ئىگە مۇستەبىتنى نەچچە يىل ھالسىراتقانلىقى، شېڭ شىسەينىڭ خوجىنىياز ھاجىنى جەڭ بىلەن يېڭەلمەي، ئەڭ ئاخىرى «دوستلۇق قوڭغىرىقى» نى جىرىڭلىتىش يولى بىلەن كۆندۈرۈپ، جۇڭگو تارىخىدىكى فېئودال - خان ئەمەلدارلارنىڭ ئۆز رەقىبىنى يوقىتىشتىكى ئەڭ ئۇنۇملۇك ئەنئەنىۋى ئۇسۇلى «ئەمەلگە تەيىنلەش ھىلىسى» بىلەن ئالداپ ئۆلتۈرگەنلىكى سىر ئەمەس.

يازغۇچىنىڭ سىياسىي سېھىرگەر، مەككار تۈلكە ياڭ زېڭشىننىڭ قېرىپ ئالجىغان چاغدىكى خاراكتېر ئالاھىدىلىكى «ھەممىڭلار شىنجاڭلىق، ئەتىلا جەمئىيەتكە چىقىسىلەر، بۇ يەرنىڭ ئىشىنى بۇزۇپ قويماڭلار، شۇنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلاركى، مۇبادا بارغان ئورنىڭلاردا قانداقتۇر ‹ئىنقىلاب - پىنقىلاب› دەيدىغان بىرەر ھەرىكەت بولۇپ قالسا، مېنىڭ قىلىچىم ئالدى بىلەن سىلەرنىڭ بېشىڭلاردا ئوينايدۇ. . . » دېگەن بىر نەچچە ئېغىز سۆزى بىلەن تولۇق ئېچىپ بېرىلگەنلىكى مېنى تېخىمۇ مەھلىيا قىلدى.

يازغۇچى «ئويغانغان زېمىن» رومانىدا، تارىخىي ئەينەنلىك بىلەن بەدىئىي ئىقتىدار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى مۇۋاپىق ھەل قىلىپ، تارىخىي چىنلىق بىلەن بەدىئىي چىنلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى خېلى ئوبدانلا تەڭشىيەلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىجادىيەت جەريانىدا ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى يېزىشقا تازا كۆڭۈل بۆلۈپ، پىسخىك توقۇنۇشلارنى

يېزىشقا ئانچە كۆچ سەرپ قىلمىغانەك ۋە بەدىئىي بوياقنى ئالىراق سۈرتۈپ قويغاندەك ھېس قىلدىم. ئەدەبىي ئەسەرلەردىن زوقلىنىش كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدىكى كۆچلۈك ئىندىۋىدۇئال تۇسكە ئىگە ئېستېتىك پائالىيەت بولغاچقا، بىر ئەسەر ئۈستىدە ھەر كىمنىڭ ئۆزگىچە قاراشقا ئىگە بولۇشى تەبىئىي، ئەلۋەتتە.

«ئويغانغان زېمىن» رومانىغا ماھارەت، بەدىئىيلىك ۋە تارىخىي نۇقتىدىن سىستېمىلىق باھا بېرىشتە، رومانىنىڭ ئاخىرقى قىسىملىرىنىڭ نەشردىن چىقىشىنى كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ. يازغۇچى 80 ـ يىللاردىكى تارىخىي رومانچىلىقىمىز «ئىز» رومانى ئارقىلىق، ئۆزى ياراتقان ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، 90 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇر كىتابخانلىرىنىڭ قەلبىدىكى مۆتىۋەر ئورنىنى ساقلاپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

(بۇ ماقالە «ئىشچىلار ۋاقتى گېزىتى» نىڭ 1990 ـ يىل 15 ـ ئاۋغۇست كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان)

# گۈلئايىم ھەققىدە ئېيتىلغان قوپال ناخشا

چىنلىق پۈرىقى ئاجىز، بەدىئىي جەلپ قىلىش كۈچى تۆۋەن
ئەسەر زوقلانغۇچى پسىخىكىسىدا ئەھمىيەتسىز ئۇنۇم ھاسىل قىلىپ،
تەبىئىي ھالدا تەنقىد ئېقىمىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ. يازغۇچى سەمەت دۇگاي-
لىنىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «گۈلئايىم»
ناملىق رومانى مەندە ئەنە شۇنداق تەنقىدىي تەسىرات پەيدا قىلدى.
مەن ئىلگىرى بۇ يازغۇچىنىڭ «كىچىك لەۋا»، «گۈزەللىك
ئىزدىمە، ئۇ سەندە» ناملىق پوۋېستلىرىنى ئوقۇغان چېغىمدا بۇ ئە-
سەرلەرنىڭ كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان مەلۇم زوقلاندۇرۇش ئامىل-
لىرىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدىم. ئەپسۇسكى «گۈلئايىم»
رومانىنى ئوقۇپ، يازغۇچىنىڭ ئىجتىمائىي چوڭقۇرلۇق، خاراكتېر
يارىتىش، بەدىئىي ئىپادىلەش ۋە تىل ئىشلىتىش جەھەتلەردە تۇنجى
رومانى — «نۇرلۇق قەلبلەر» نىڭ سەۋىيىسىدىن ھالقىپ كېتەلمىگەن-
لىكىنى، رومان ئىجادىيىتىدە ئىزىغا سەكرەشتەك ئىجادىيەت مۇۋەپپە-
قىيەتسىزلىكىنى تەكرارلىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.
بىرىنچى، ئىجتىمائىي چوڭقۇرلۇق جەھەتتە. «گۈلئايىم» روما-
نىدا ئالاھىدە تارىخىي شارائىت ھېسابلانغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلا-
بى» نىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى ئىجتىمائىي ھايات ئارقا كۆرۈنۈش
قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئاشۇ يىللاردىكى تراگېدىيە بىلەن تولغان
تارىخىي رېئاللىقنىڭ ۋە كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ چىنلىق مەنتىقىسىگە
ئۇيغۇن ئەمەس، بەلكى سۇنئىي رەۋىشتە، زورمۇ زور توقۇپ چىقىل-
غان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەجمى زور بۇ روماندا زىددىيەتلەر
باشتىن - ئاخىر تاق لىنىيىدە داۋام قىلدۇرۇلغان، تەپسىلاتلار ئاددىي

ۋە تۈزلا بايان قىلىنغان، روماندىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن ئىبارەت مۇرەككەپ تارىخىي رېئاللىقنىڭ ماھىيىتىنى، ئۇنىڭ خەلققە ۋە جەمئىيەتكە كەلتۈرگەن ۋەيرانچىلىقلىرىنى، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى قانداق نابۇت قىلغانلىقىنى، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى، ئىجتىمائىي ئەخلاقنى ۋە ئىجتىمائىي ئادىللىقنى كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان دەرىجدە قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەنلىكىنى، شەخسكە چو-قۇنۇشتەك فېئوداللىق ئىستىل ۋە سىياسىي تېررورلۇقلارنى كۆرۈۋال-غىلى ۋە تولۇق ھېس قىلغىلى بولمايدۇ. يازغۇچى ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي قالايمىقانچىلىقلارنىڭ ماھىيىتىنى بىر - بىرىگە گىرەلە-شىپ كەتكەن مۇرەككەپ زىددىيەت توقۇنۇشلىرى ئىچىدە ئىپادىلەپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلغان. شۇڭا، ياكى ئەسەر سۈژىتىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى يوق، ياكى ئىپادىلەنگەن مەزمۇنىنىڭ ئەھمىيىتى چوڭ-قۇر ئەمەس.

باش قەھرىمان گۈلئايىمنىڭ بېشىغا كەلگەن دەردلەر، ئۇ يولۇق-قان مەسىلىلەر ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەرمۇ دەۋر چوڭقۇرلۇقىغا دېگەندەك ئىگە ئەمەس. روماندا ئۇنىڭ ئىنگلىز تىلىنى بىلىدىغانلىقى تەكرار تىلغا ئېلىنغان، لېكىن ئۇنىڭ سىياسىي كۆشەندىلىرى ئۇنىڭغا تۆھ-مەت قىلغان چاغلىرىدا بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمايدۇ. تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرىدىغان سىياسىي سۇيىقەستچىلەرنىڭ گۈلئايىمغا زىيانكەشلىك قىلىشتا بۇ مەسىلىدىن پايدىلانماسلىقى، ئۇنىڭغا چەت ئەلگە باغلانغان، جاھانگىرلارنىڭ غالچىسى، كاپىتالىزمنىڭ ئۇرۇقى دېگەندەك بەدنام-لارنى چاپلىماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ يازغۇچىنىڭ مۇرەككەپ دەۋردىكى گىرەلىشىپ كەتكەن ئىجتىمائىي زىددىيەتلەردىن، مۇقەررەرلىككە ئى-گە، ماھىيەتنى يورۇتۇپ بەرگۈچى ۋەقە - ھادىسىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، يانداپ ئۆتۈپ كېتىشى رومانىنى چىنلىق ئاساسىدىن مەھ-رۇم قىلغان. چىنلىققا يۈزلەنمەي تۇرۇپ، دەۋر روھىنى ۋە ئىجتىما-ئىي كەيپىياتنى يارىتىش مۇمكىن ئەمەس، يازغۇچى يۈز بېرىۋاتقان

ۋەقەلەرنىڭ ماھىيىتىنى قازماي، ئەكسىچە ھادىسىلەر قاينىمى ئۈستىـ
ـدە لەيلەپ يۈرگەچكە، رومان ئىجتىمائىي چوڭقۇرلۇق ۋە دەۋر كەڭلىـ
ـكىگە ئىگە بولالمىغان.

ئىككىنچى، خاراكتېر يارىتىش جەھەتتە. ئىنسان خاراكتېرى ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە تۇراقسىز بولۇپ، ئىنسان خاراكتېرىنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش، ئۇنى ئەدەبىياتتا سۇبيېكتىپ چىنلىقتا ئۇيغۇن ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈش يازغۇچىغا قويۇلىدىغان ئەڭ قاتتىق تەلەپ. «گۈلئايىم» رومانىدا ئاپتور بۇ تەلەپتىن خېلىلا يىراقتا قالغان. رومانىدىكى پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى، ئىدىيىسى، ھېسسىياتى شۇ پېرسوناژ پەيدا بولۇش بىلەن تەڭلا كىتابخانغا ئايان بولىدۇ. بۇ رومانىدىكى پېرسوناژلار ئىنتايىن روشەن ھالدا ياخشى ۋە يامانىدىن ئىبارەت ئىككى قۇتۇپقا ئايرىۋېتىلگەن . ئۇلارنىڭ پسىخىك كەچۈر-مىشلىرى، روھىي زىددىيەتلىرى ۋە مەنىۋى ئېلىشىشلىرىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىشتا، ئىنسان تە-بىئىتىدىن ئىبارەت سۇبيېكتىپ چىنلىقتا ۋە رېئالىزملىق ئەدەبىيات-نىڭ خاراكتېر يارىتىش قانۇنىيىتىگە خىلاپ ھالدا ئادەمنى بۇنداق ئاددىي، تۈز ھالدا ئۆلۈك قېلىپ ئىچىدە تەسۋىرلەش ئەدەبىياتنىڭ تەربىيىۋى رولى ۋە ئېستېتىك رولىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، يازغۇچىنىڭ قەلەم تەۋرىتىشتىكى مۇددىئاسى ۋە ئىجتىمائىي غايىسىنىمۇ كۆپۈككە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. گەرچە يازغۇچى رومانىنىڭ خاتىمىسىدە تەكىت-لەپ ئۆتكەندەك باش قەھرىمان گۈلئايىمغا ئوخشاش غايىلىك، ئېتى-قادقا ئىگە بىر ئەۋلاد ياش زىيالىيلارنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى رەزىل رېئاللىقنىڭ قاتمۇ ـ قات زۇلۇمى ئاستىدا ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتىنى قوغداپ، ئادەمگە ئوخشاش ھايات كەچۈرۈش، ئەھمىيەتلىك ياشاش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشنى كۆزلىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئاشۇ مۇرەككەپ ۋە چۈشىنىكسىز ئىجتىمائىي داۋالغۇش ئىچىدە تۇرغان گۈلئايىمنىڭ خاراكتېرىنى يارد-

تىشتا ئۇنىڭ ھايات مۇساپىسى ۋە پائالىيەت دائىرىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مەنىۋى دۇنياسىدىكى مۇرەككەپلىكنى، پەرىشانلىقنى، توقۇنۇشلارنى ئىنچىكە تەسۋىرلەشكە ئازراقمۇ ئەھمىيەت بەرمىگەن. ئىنسان تەبىئىتىگە ئورتاق بولغان، ئەر - خوتۇنلۇق تۇرمۇشتا يۈز بەرمەي قالمايدىغان بەزىبىر روھىي ھادىسىلەرمۇ، نازۇك ھېسسىياتلارمۇ تۇرمۇشقا چىققان گۈلئايىمدەك ئايالنىڭ خاراكتېرىگە يات قىلىپ قويۇلغان. خاراكتېردىكى مۇرەككەپلىكنى ئىنچىكە يازماي تۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇرەككەپلىكنى ئىپادىلەشكە ئۇرۇنۇش بىھۇدە ئاۋارىچىلىق، خالاس.

گۈلئايىمنىڭ پسىخىك كەچۈرمىشلىرى ئىنچىكە تەسۋىرلەنمىگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا پەقەت ئىنقىلابىي سىياسىي ئاڭ، تىرىشىپ ئىشلەيدىغان ئىرادە ۋە غايىۋى ئارزۇلا بار، ئەمما ھېسسىيات يوق. شۇڭا ئۇنىڭ بەختسىز كەچۈرمىشلىرىگە نىسبەتەن كىتابخاندا ئانچە ھېسداشلىق قوزغالمايدۇ. بۇ ئىنتايىن ئېچىنىشلىق يىغلاۋاتقان بىر كىشىنىڭ نېمە ئۈچۈن يىغلاۋاتقانلىقىنى باشقىلار بىلمىسە ھېچقانچە تەسىر قىلمىغاندەكلا بىر ئىش. چۈنكى ھەقىقىي ھېسسىياتلا يۈرەكتىن يۈرەككە يول تاپالايدۇ. رومانىنىڭ بەزى جايلىرىدا يازغۇچى پېرسوناژلارنىڭ پسىخىك كەيپىياتىنى تەسۋىرلەشكە كۆچىگەن بولسىمۇ، ئەمما پېرسوناژلارنىڭ دەل شۇ مىنۇتلاردىكى پسىخىك ھالىتىنى ئىنسان تەبىئىتىگە خاس ھالدا دەل، توغرا ئېچىپ بېرەلمىگەن.

روماندىكى ئىجابىي پېرسوناژلارنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىمۇ بەك ئۈستۈن بولۇپ، ئۇلار ھەمىشە دەۋر يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ پىكىر قىلىشىدۇ، مۇنازىرىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېڭىدا، روھىي ھالىتىدە تېڭىرقاش، گۇمانلىنىش ، ئىككىلىنىش مەۋجۇت ئەمەس. ئۇلار يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش نەزەرى بىلەن قارايدۇ، ئۇلار «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت بۇ قالايمىقانچىلىق بىلەن پاراكەندىچىلىكنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە. ئۇلار ھەتتا

دەۋرنىڭ زور خاتالىقلىرى ۋە يۇرگوزۇلۇۋاتقان سىياسەت ھەققىدە دۇدۇقلىماستىن كەڭ - كۇشادە سۆزلىشىدۇ. ئۆز ئىقىنىغا سۆرەپ كىرمىگەن ئادىمى قالمىغان بالايىئاپەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ سىرتىغا قويۇپ تەسۋىرلەنگەن، كىشىلەر ئويلاشقىمۇ جۇرئەت قىلالمايدىغان گەپ - سۆزلەرنى ئادەم كۆپ سورۇنلاردا بىمالال سۆزلىشىپ يۇرىدىغان دەۋردىن تاشقىرى بۇ ئەجايىپ پېرسوناژلار زوقلانغۇچىلارغا تولىمۇ غەلىتە تۇيۇلىدۇ. چۇنكى زاماننىڭ سىرتىدا تۇرۇپ مۇلاھىزە قىلىدىغان بۇنداق پېرسوناژلار ئەينى يىللاردىكى تارىخىي ئەمەلىيەتكە ۋە كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالىغىمۇ ئۇيغۇن ئەمەس. رومان ئاپتورى ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدىكى كونا ئەندىزە بولغان تىپىك شارائىتتىكى تىپىك پېرسوناژلارنى يارىتىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئەمما تىپىك مۇھىتتىكى تىپىك خاراكتېرنى تەسۋىرلەشكە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن، بىر قاتار سۇنئىي، جانسىز، ھېسسىياتسىز پېرسوناژلار توپىنى قۇراشتۇرۇپ چىققان.

ئۇچىنچى، بەدىئىي ئىپادىلەش ۋە تىل ئىشلىتىش جەھەتتە. روماننىڭ قۇرۇلمىسى دىگەندەك پۇختا ئەمەس، كىپلەڭسىز ھەم چۇۋالچاق. كىشى قەلبىدە لىرىك تۇيغۇ قوزغايدىغان نازۇك تەسۋىرلەرمۇ، دىلنى مەپتۇن قىلىدىغان گۈزەل شېئىرىي تىلمۇ يوق. مەركىزىي ئىدىيىنى كۇچەيتىشكە پايدىلىق، كۇچەپ يېزىشقا تېگىشلىك ئېپىزوت، دېتاللار ئاتلاپ ئۆتۇپ كېتىلىپ ھاجەتسىز، قىسقا يازسا بولىدىغان تەپسىلاتلار زورمۇ زور ئۇزارتىۋېتىلگەن. مەسىلەن، ئىككى ئەترەت دېھقانلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن سۇ تالىشىش ماجراسى يېرىم بەتلا يېزىلغان بولسا، گۈلئايىمنىڭ ئۆيىدىكى ساۋاقداشلار ئولتۇرۇشى نەچچە ئون بەت يېزىلغان. روماننىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى توسما قۇرۇپ سۇ قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاپ، يېزا ئىگىلىكىدىكى سۇ قىسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش. بۇ ئالدىنقى ئېپىزوتنى تەپسىلىي، تەسىرلىك يېزىپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ. روماننىڭ سۇژىتى

ئەگرى - توقاي بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئۇستىگە، ۋەقەلەر ماھىرلىق بىلەن تاللانمىغاچقا ھەم سىياسىي، نەزەرىيىۋى جۈملىلەر ئۈزۈندىن ئۈزۈنغا بېرىلگەچكە، ئوقۇغۇچىنى بەكلا زېرىكتۈرۈپ قويىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە جۈملىلەر، سۆزلەر، دىئالوگلار تازا تاۋلانمىغان، ئەسەر تىلى خېلىلا خام.

گۈلئايىمدىن ئىبارەت «ئەمگەك قەھرىمانى» توغرىسىدا يېزىلغان بۇ رومان مەيلى سۇژىت قۇرۇلمىسى ياكى تىل جەھەتتە بولسۇن، خېلىلا قوپال چىققان. پېرسوناژلار تىلى ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە ئەمەس. ھاكىممۇ، يېزا باشلىقلىرىمۇ، زىيالىيمۇ، دېھقانمۇ، هارۋدكەشمۇ ئوخشاش تەلەپپۇزدا، ئوخشاش سەۋىيىدە سۆزلەيدۇ. ئۇلار كۆز قاراش، پىكىر جەھەتتە بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. بۇ ھال يەرلىك پۇراقىمۇ، مىللىي خۇسۇسىيەتكىمۇ، دەۋر ئالاھىدىلىكىگىمۇ ئىگە بولمىغان بۇ رومانىنىڭ چىنلىق ئاساسىنى تېخىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەن ھەم بەدىئىيلىكىنى بەكلا تۆۋەنلىتىۋەتكەن. بۇ روماندا يەنە لوگىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق خاتالىقلارمۇ ئاز ئەمەس. 15 بابلىق بۇ رومانىنىڭ پەقەت 1 - بابىدىلا مۇنداق جۈملىلەر ئۇچرايدۇ: «گۈلئايىمنى تۇزۇكرەك رەھبەرلىرىمىز يۇرەكلىك ئىشقا سالالمىدى»، «ئۇرۇمچىدىكى چاغلىرىمىزدا بىزمۇ ھەۋەس بىلەن بىر - بىرىمىزگە نازارەت قىلىش، كۆزىتىپ تۇرۇش ھەم سەل - پەل ئىچى قايناش ھېسسىياتى بىلەن ياسىنىپ - تارىناتتۇق»، «ئۇ مېنىڭ دادىل سۆزىمنىمۇ، رەيھاننىسانىڭ ئوت قۇيرۇقلۇقلىرىدىنىمۇ ھېچقانداق تەسىر ئالمىغاندەك كۆرۈنەتتى»، «بىز ياشلار بەزى چاغلاردا بولسا تۇرمۇشنى ئوتتۇراھال كىشىلەر ئۈچۈن ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغان ھېسابلانسىمۇ، بىز ئۈچۈن يېڭىلىق تۇيۇلىدىغان ھېسسىياتلارنى ئورتاقلىشىپ كۈلۈشكەندۇق»... روماندا بۇنداق كېسەل جۈملىلەرنىڭ كۆپلىكى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

رومانىنىڭ يۇقىرىقىدەك بىر قاتار نۇقسانلىرى يازغۇچىنىڭ مەس-

ئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ كۈچلۈك ئەمەسلىكىنى، يېزىقچىلىق ئىستىلىنىڭمۇ تازا ساغلام ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

يازغۇچى سەمەت دۇگايىلىنىڭ خېلى كۆپ ئەدەبىي ئەسەر يازغان تۇرۇقلۇقمۇ هازىرغىچە كىتابخانىلارنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە جەلپ قىلالمايۋاتقانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ دىققەت مەركىزىگە شۇڭغۇپ كىرەلمەيۋاتقانلىقىدىكى سەۋەب، ئىجادىيەتتە نوقۇل سان قوغلىشىپ سۈپەتكە ئېتىبار بەرمەيۋاتقانلىقىدا هەم ئانا خەلقىنىڭ تومۇرىنىڭ سوقۇشىنى تۇيالمايۋاتقانلىقى ۋە قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى پىچىرلاشلىرىنى ئاڭلىيالمايۋاتقانلىقىدا بولسا كېرەك.

(بۇ ماقالە «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1991 ـ يىل 9 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# سۈنئىي رېئالىزملىق رومان — «ھايات شۇنداق» قا باھا

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى نامراتلىق ھالىتىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن تىنىمسىز ئىزدىنىۋاتقان يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرەر پارچە رومانى نەشر قىلىنسا، مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەقدىرىدىن كۆپ ئەندىشە قىلىدىغان، ئەدەبىياتقا ئىخلاسى كۈچلۈك بىزدەك كىتابخانلار ئۈچۈن بۇ ئالاھىدە خۇشاللىق ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ كىتابخانلىق قىممىتىمىزنى نەزەرگە ئېلىپ «سۈپەت تەلىپىمىز» نى ئۇنتۇپ قالمايمىز، ئەلۋەتتە.

يازغۇچى ئەخەت تۇردىنىڭ يېقىندىن نەشر قىلىنغان «ھايات شۇنداق» ناملىق رومانىنى قىزغىن ھالدا، زور ئۈمىد بىلەن قولۇمغا ئېلىپ، ئاپتورنىڭ خاتىرە دەپتىرىدىن ئالغان تۇنجى ئېپىگرافىنى كۆرۈپلا مەيۈسلىنىپ قالدىم. ئاپتور مۇنداق دەپ يازغانىدى: «ھاياتتا ئۆتمۈش بىلەن ھازىر، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق، بايلىق بىلەن گادايلىق، پاكلىق بىلەن چىرىكلىك، سەممىيلىك بىلەن ساختىلىق، مۇھەببەت بىلەن نەپرەت بىر ـ بىرىگە كەسكىن سىلىشتۇرۇلغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ». گەرچە يازغۇچى بۇ قۇرلارنى كۈچلۈك ھاياجان بىلەن دەبدەبىلىك يوسۇندا، ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھايات ھەققىدىكى ئەڭ چوڭقۇر پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلىرىنىڭ يېگانە جەۋھىرى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن ھاياجىنى قۇرۇق، پىكرى چولتا بولۇپ قالغان. ئاپتور سۆز ئويۇنىغا بېرىلىپ كېتىپ، مەزمۇنىنىڭ ماس كېلىش ـ كەلمەسلىكى بىلەن ھېسابلاشماي، ئېسىگە كەلگەن قارىمۇ ـ قارشى مەنىلىك ئۆ-

قۇمىلارنى قاتىرسىغا تىزىپ قويغان. ئەگەر بىز ئاپتورنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى بويىچە ھايات دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ، دەپ تونۇپ، قارىمۇ ـ قارشى مەنىلىك ئۇقۇمىلارنى، شەيئىلەرنى، ھادىسىلەرنى تادان بىلەن نادان، ھورۇن بىلەن ئىشچان، ئامەت بىلەن ئاپەت. . . دەپ تىزىدىغان بولساق تۈگىمەس بىر نەرسە بولىدۇ. بۇنداق قىلىش ھەممىلا ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. شۇڭا ئاپتورنىڭ بۇ «پەلسەپىۋى» پىكرىدە ھېچقانچە تەپەككۇر ئۆزگىچىلىكى ۋە تەپەككۇر چوڭقۇرلۇقى يوق. ئۇ ھايات ھەققىدىكى ئەڭ ئاددىي، ئەڭ چولتا چۈشەنچە بولۇپ، ئۇنى ئەمدىلا ئىجادىي تەپەككۇر مەشقىنى باشلاۋاتقان ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدىنمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئەگەر ھايات راستىنلا مۇشۇنداق «بىر ـ بىرىگە كەسكىن سېلىشتۇرۇلغان ھالدا مەۋجۇت» بولغان بولسا ئىدى، ياشاش بەكمۇ ئاسانغا توختىغان بولاتتى. ئەپسۇسكى، ھايات كۆپ ھاللاردا ئۆزىنىڭ ھادىسە بىلەن ماھىيەت ئوخشاش بولماسلىقتەك مۇرەككەپ، ئارىلاشما ھالىتى بىلەن بىزنى ئاچچىق ساۋاقلارغا، كۈتۈلمىگەن پاجىئەلەرگە، چوڭقۇر ئازابلارغا مۇپتىلا قىلىدۇ. ھاياتتا بىز گۈزەل دېگەن نەرسىلەر رەزىل، چىن دېگەن نەرسىلەر ساختا بولۇپ چىققان ئىشلار ئازمۇ؟

مەن ئاپتورنىڭ بۇ بىر ئابزاس «ھايات پەلسەپىسى» نى ئوقۇپ، كۆڭلۈمدە پۈتۈن ئەسەرگە دىئاگنوز قويۇپ بولدۇم. رايىم قايتقان بولسىمۇ، لېكىن زورىغا ئوقۇش خاھىشىم ئۈستۈن كەلدى. شۇنىڭ بىلەن 1 ـ بەتنى ئاچتىم، تۇنجى قۇردىكى «ئاھ، دوستۇم! » دېگەن سۆز مېنى يەنە بوشاشتۇرۇۋەتتى. بۇ «ھىدايەت بىلەن ئەدھەم ئوقۇش پۈتتۈرگەندە ئايرىلىپ، بەش يىلدىن كېيىن قايتا تېپىشقاندا، ئەدھەمنىڭ ئالتۇنرەڭ كۆز كېچىسى ئۇرۇمچى كوچىلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ھاياجان بىلەن ئېيتقان تۇنجى سۆزى» ئىدى. «ئاھ، ئېھ» قا زورلايدىغان تېخنىكىلىق ئىلھامغا ئىگە شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى بىلەن

بەزى ھېسسىياتچان قىزلارنىڭ سالام خەتلىرىدىلا ئانچە - مۇنچە چىلدىقىپ قالىدىغان بۇ سۆزنىڭ ئىككى يىگىتنىڭ ئۆزئارا سۆھبىتى جەريانىدا ئېغىزدىن چىقىشى ماڭا بەكمۇ سۈنئىي تۇيۇلدى. بۇ سۆز مەندىكى ئاران - ئاران تۇرغان قىزىقىشنى تەلتۆكۈس تەنقىدىي نەزەرگە ئۆزگەرتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن رومانىنى ئوقۇپ تۈگەتتىم. ئوقۇپ بولۇپ مەيلى مەزمۇن، مەيلى قۇرۇلما، مەيلى خاراكتېر يارىتىش، مەيلى تىل گۈزەللىكى جەھەتتە بولسۇن ئازراقمۇ يېڭىچە ئېستېتىك زوق ئالالمىدىم. ئەگەر زوقلاندىم دېيىشكە توغرا كەلسە، مۇشۇنداق قۇرۇق، چۇۋالچاق، جانسىز، سۈنئىي رومانىنى تاقەت قىلىپ ئوقۇپ تۈگەتكەنلىكىمدىن زوقلاندىم. بۇنداق دېيىشىم ئەلۋەتتە ئاساسسىز ئەمەس.

## 1. پېرسوناژلار خاراكتېرى ۋە تەپسىلاتلار تەسۋىرىدىكى سۈنئىيلىك

بۇ رومانىنىڭ مەزمۇنىدا ھېچقانداق يېڭىلىق، ئۇسلۇبىدا ھېچقانداق ئۆزگىچىلىك بولمىغانىنىڭ ئۈستىگە ۋەقەلىكى، تەپسىلاتلار تەسۋىرى، پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلار، دىئالوگ ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرى كىشىگە چىنلىق تۇيغۇسى ئاتا قىلالمايدۇ.

يازغۇچى تۇرمۇشتىكى ئادەملەرنى ئەسلى ھالىتى بويىچە يازماي، ئۇلارنى پەردازلاپ، ياساپ - جابدۇپ ئۆلچەملىك قېلىپلارغا چۈشۈرۈپ، ئىجابىي، سەلبىي دەپ رەتكە تۇرغۇزۇپ، مەلۇم ئىدىيە، مەلۇم قاراشنى ئىپادىلەيدىغان قورال سۈپىتىدە يارىتىپ، پېرسوناژلارنىڭ تىلى ئارقىلىق ۋائىزلىق قىلغان. يازغۇچى ئادەمنى تىخىچە نوقۇل ۋاستە، قورال دەپ تونۇپ، ئۇنىڭ ئىنتائەتچانلىقىنى بىلىپ، مۇستەقىل ئاڭغا، تاللاش خاراكتېرىگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئالمايدىغان «قورال نەزەرىيىسى» ۋە ئىجابىي پېرسوناژلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى كۆركەم، سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى كۆرۈمسىز بولىدۇ، باشلىقلار سېمىز، ئالىملار ئورۇق بولىدۇ، سودىگەرلەر

گەپدان بولىدۇ. . .  دەپ تونۇيدىغان «مودېل قارىشى» دىن ھالقىپ
چىقالمىغاچقا، پېرسوناژلىرىنى مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە ياراتقان ۋە پائا-
لىيەت قىلدۇرغان. شۇڭا روماندىكى پېرسوناژلار كۆڭۈل قويۇپ پە-
لانلانغان ھەم مەلۇم كۆز قاراش، ئىدىيە بويىچە باش قاتۇرۇپ قۇراش-
تۇرۇلۇپ چىققان تەقدىرى بېكىتىكلىك، تونى پىچىقلىق بىچارىلەردىن
بولۇپ قالغان. ئۇلار مۇئەييەن دۇنيا قاراشنىڭ سىمۋوللۇق بەلگىسى،
ئىدىيىنىڭ جانسىز كۆلەڭگىسى، مەقسەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇش ئاسا-
سىدا پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ماشىنا ئادەملەردىن بولۇپ قالغان.
روماندا سەلبىي پېرسوناژ «ئەدھەم ئەقىلگە كەلگەندىن بۇيان، ئۆزد-
دىن باشقا ئادەمگە كۆيۈنۈپ، ياخشىلىق ئويلاپ باققان ئەمەس ئىدى»
دەپ يېزىلغان. بىز بۇنىڭدىن يازغۇچىنىڭ ئادەم ھەققىدىكى چۈشەنچد-
سى، ئەخلاق قارىشى، ئىجادىيەت ئىستىلىنى ئېنىق كۆرۈپ يېتىمىز.
يازغۇچى ئىجادىيەت جەريانىدا ئادەم خاراكتېرىنىڭ ئىككى ياقلىمىلىق-
قا، كۆپ قاتلاملىق قۇرۇلمىغا، زىددىيەتلىك روھى دۇنياغا ئىگە
بولىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئالمىغان. شۇڭا ئىجابىي پېرسوناژلارنى تې-
شىدىن تارتىپ ئىچىگىچە گۈزەل، تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئۆلگىچە ياخ-
شى قىلىپ، سەلبىي پېرسوناژلارنى ئۇنىڭ ئەكسىچە قىلىپ ياراتقان.
ئەجىبا، ئىجابىي پېرسوناژلارنىڭ نۇقسانسىز بولۇشى شەرتمۇ؟ ئۇلار-
نىڭ ئۆزگىچە خاراكتېرگە ئىگە بولۇشى، مۇرەككەپ روھىي توقۇنۇش-
لارنى باشتىن كەچۈرۈشى نورمالسىز ئەھۋالمۇ؟ بىز نېمە ئۈچۈن
رېئالىستىك ئەدەبىياتنىڭ زۆرۈر تەلىپى بولغان خاراكتېرى ۋە كەچ-
مىشى بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدىغان پېرسوناژلارنى يېزىش ئورنىغا
پەقەت ئىجابىي ياكى سەلبىي پېرسوناژلارنىلا يېزىش ئادىتىنى جاھىل-
لىق بىلەن تەكرارلايمىز؟ ! رېئاللىقتا مەۋجۇت بولغان خاراكتېرلارنى
سادىقلىق بىلەن يازساق بولمامدىكەن؟ بارلىق ياخشى ئىشلارنى ئىجا-
بىي پېرسوناژلارغا چاپلاش، بارلىق ئەسكى ئىشلارنى سەلبىي پېرسو-
ناژلارغا تېڭىشتەك قاتمال ئىجادىيەت ئىستىلىنى قاچانغىچە ئەدەبىي

ئىجادىيەت زېمىنىدا ئەرۋاھتەك ئەگىپ يۈرۈيدۇ؟!

بىز تۆۋەندىكى قىياپەت تەسۋىرلىرىنى كۆرۈپ باقايلى: «ئورۇق، مولۇن كۆز، دەلتە چىراي بۇ ئادەم ئەدھەمنىڭ ئىدارىدىكى ئەڭ يېقىن سىردىشى ئابىخان ئىدى»، «ھامۇت كەنجى ئەللىك ياشتىن ھالقىغان بەستلىك، سېمىزلىكتە ئوتتۇراھال، قاشلىرى قاپقارا، كۆزلىرى ياراشقان، كېلىشىملىك ئادەم ئىدى»، «مەھەللىمىزدە ئەزھەر ئىشان ئىسىملىك بىر ئادەم بار ئىدى. يېشى ئاتمىشتىن ھالقىغان، ئۆچكە ساقال، ياغاق يۈز، لەش چىراي. . .»، «مۆمىن قاسىم كەم سۆز، ئۆز ئىشىغا پۇختا، ئېغىر - بېسىق يىگىت ئىدى»، «ھىدايەت ناھايىتى ئېغىر - بېسىق، ئوي - مۇلاھىزىلىك يىگىت ئىدى. سۆزلەرنى تەمكىنلىك بىلەن پىشۇرۇپ سۆزلەيتتى». بۇ خىل قىياپەت تەسۋىرلىرىنىڭ بىر روشەن كەمچىلىكى شۇ يەردىكى، ھەر قانداق پېرسوناژ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەنلا ئۇنىڭ ئىجابىي ياكى سەلبىي پېرسوناژلىقى شۇ ھامان كىتابخانغا ئايان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ زوقلانغۇچىنى تاتىشتۇرغىدەك ھېچقانداق سىرلىق تەرىپى قالمايدۇ. رومانغا «ھايات شۇنداق» دەپ ئىسىم قويغان ئاپتور «ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا» بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئاددىي ھەقىقەتكىمۇ ئەمەل قىلالمىغان. پېرسوناژلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىشكە، ئۇنى قېزىشقا ئازراقمۇ ئۇرۇنۇپ باقمىغان، پېرسوناژلىرىنى خۇددى بالىلارنىڭ قونچاق ئويۇنىدەك «ياخشى»، «يامان» دەپلا ئىككى بۆلەككە ئايرىپ قويغان. پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ يېتىلىش، ئۆزگىرىش، مەنىۋى جەھەتتە ئېلىشىش، يېڭىلاش جەريانىنى مەنتىقىلىق رەۋىشتە تەبىئىي ئىپادىلەپ بېرەلمىگەچكە، زوقلانغۇچىنى تەسىرلەندۇرۇش مەقسىتىگە يېتەلمىگەن. تۇرمۇش ئاساسى، خاراكتېر چىنلىقى يوق بۇ جانسىز پېرسوناژلار شۇڭىمۇ كىتابخانلارنىڭ ئالدىدا تىك تۇرالماي لىغىشىپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇلاردا خاسلىق ناھايىتى كەم. مەسىلەن، روماندىكى سەلبىي پېر-

سونـاژ — ئەزھەر ئىشان، مەرۋپ ئاقساقال، سالمان، جاڭ داتۇ،
ئەدھەم، گۈلجانلارنىڭ ھەممىسىلا خوتۇنپەرەس، پاھىشىۋاز قىلىپ
يارىتىلغان. روماندىكى پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سۆزلىرى-
دە ماقال - تەمسىللەرنى ناھايىتى كۆپ ئىشلىتىدۇ. كىتابىي تىلدا
سۆزلىشىدۇ. تايىنى يوق سان - سىفىرلارنى قۇمدەك ياغدۇرۇۋېتىد-
دۇ. بۇ خىل بىر قېلىپتىن چىققاندەك ئورتاقلىقلار بۇ پېرسوناژلارنى
بىر بىرىنىڭ ۋاريانتىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان. شۇڭا زوقلانغۇچىغا
ئۇلار بىر بىرىنىڭ مودېلىدەك تەسىرات بېرىدۇ. مانا مۇشۇنداق «بەل-
گىلەنگەن قاڭجىن» ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان، خاراكتېرى
ئوخشىشىپ كېتىدىغان پېرسوناژلارنى يارىتىش، «تەكرار ئىشلەپچى-
رىش» خاراكتېرىدىكى قېلىپبازلىق، تەقلىدچىلىق، ئومۇملاشتۇ-
رۇش خاھىشىدىكى ئىجادىيەت بولۇپ، بۇنداق ئىجادىيەت تۆۋى يوق
چېلەككە سۇ قۇيغاندەك بىر خىل ئۈنۈمسىز ئەمگەك. ئۇ زوقلانغۇچى-
لارنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان ھەۋىسىنى قاشاڭلاشتۇرۇش بىلەن بىرگە
ۋاقىت ۋە نەشرىيات ئىسراپچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

روماندىكى كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان يەنە بىر نۇقتا
شۇكى، سەلبىي پېرسوناژ مەرۋپ، ئەدھەم، ھېكمەت سوپىلارنىڭ
ئىجابىي پېرسوناژ ھىدايەت، ۋاسىل ئەپەندىلەرنى «مىللەتلەر ئىتتى-
پاقلىقىغا زىيانكەشلىك قىلغان» دەپ يوقىتىشقا ئۇرۇنۇش ئۇسۇلى
قانچىلىك رەزىل بولغان بولسا، ئىجابىي پېرسوناژ ھىدايەت، مۇخ-
تەر، مۆمىن قاسىم، شۆھرەتلەرنىڭ ئەدھەمنى «بۇرژۇئاچە ئەركىن-
لىشىشنىڭ تەرغىباتچىسى» دەپ باپلاش ئۇسۇلى ئوخشاشلا شۇنچىلىك
ئېپلاس بولغان. روماندا ئاپتور تەرىپىدىن ئىجابىي پېرسوناژلارنىڭ
بۇ خىل «باپلاش ئۇسۇلى» غا ھەققانىي تۈس بېرىلگەن بولۇپ، بۇ بىر
خىل چاكىنا ئىدىيە ۋە چاكىنا ئەخلاق قارىشىنىڭ ئىپادىسى، خالاس.

روماندا يەنە پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگ، سۆھبەتلىرىمۇ بەك ياسال-
ما، سۈنئىي بولۇپ قالغان. مەسىلەن، ئەدھەمنىڭ ئۆيىدە ھىدايەت

بىلەن گۈلجان تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغاندا (ئايرىلغىنىغا يەتتە يىل بولغان ساۋاقداشلار)، ھىدايەت خۇددى گۈلجاننى زىيارەت قىلغىلى كەلگەن مۇخبىردەك «ئەڭ ئالىي غايىڭىز نېمە؟» دەپ توغرىدىن توغرىلا سوئال قويىدۇ. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئەقىلگە سىغدۇرغىلى بولمايدىغان ياسالمىلىقتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ساۋاقداشلارنىڭ قىلىشقان سۆزلىرى بەك دەبدەبىلىك ھەم ئۇزۇن بولۇپ، ماقالە پۇرىقى، ساۋات تۈسى قويۇق. بۇ پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىدە نە خاسلىق، سۆزلىرىدە نە ئىنچىكىلىق يوق، ھەممىسىلا ۋالاقتەككۇر. قىزىق يېرى شۇكى، ئاپتور ھىدايەت بىلەن گۈلجاننى تامامەن قارىمۇ - قارشى مەيدانغا قويۇپ مۇنازىرىلەشتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۇلارنى پىكىر بىرلىكىگە ئىگە قىلىپ قويغان. مەسىلەن، ھىدايەت: «كىمدۇر بىرى ‹ئېتىقاد - يۈرەكتىكى بوستان، كارۋان ئۇنىڭغا ئەبەدىي يېتىپ بارالمايدۇ›، دەپتىكەن. شۇنداق ئۇ پەقەت يۈرەككىلا تەئەللۇق نەرسە» دېسە، گۈلجان قويۇپ: «راستىنى ئېيتقاندا ئېتىقاد دېگەن نەرسە بەزى رومانتىك سىياسەتچىلەرنىڭ كاللىسىدىكى غايىۋى مەنزىل، ئۇ بىر مۇئەللەق دۇنيا! ئۇنىڭغا ھېچكىم چىقالمايدۇ» دەيدۇ. ئاپتورنىڭ قەلىمى ئاستىدا كەسكىن مۇنازىرىلىشىۋاتقان، پۈتۈنلەي قارىمۇ قارشى دۇنيا قاراشقا ئىگە قىلىپ تەسۋىرلەنگەن ئىككى پېرسوناژنىڭ پىكرىدىكى بۇ ئورتاقلىقنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

روماندا يەنە پېرسوناژلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىمۇ بەك سۇنئىي قىلىپ يېزىلغان. مەسىلەن، ئەسەردە ئېرى بار خانقىز بىلەن بالىسى، ئايالى بار ھىدايەت قىزىلتاغقا مۇخبىرلىققا چىقىدۇ (بۇ بىزنىڭ مىللىي ئەخلاق قارىشىمىز بويىچە ئېيتقاندا بىنورمال تۈس ئالغان، خىيانەت خاراكتېرى بار سەيلە ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە). سەيلە جەريانىدا بىر - بىرىگە يوشۇرۇن كۆيۈپ - پىشىپ كەلگەن بۇ ئىككىيلەن بەكمۇ تايىنى يوق، شۇ خىل ھېسسىيات مۇھىتىغا قىلچە ماس كەلمەيدىغان سۆز - ھەرىكەتلەرنى قىلىشىدۇ. قىيادىكى مۇنارنىڭ ئاپىرىدە



www.uyghurkitap.com

بولۇشى ھەققىدىكى ئۆز ۋۇندىن ئۆزۈن رىۋايەتنى سۆزلىشىدۇ. ئاپتور بۇ تەپسىلاتنى يېزىۋاتقان چېغىدا خۇپسىيانە سىردىشىۋاتقان ئەر - ئايال-لار ئوتتۇرىسىدا چوقۇم يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان مۇرەككەپ روھىي كەيپىياتنى يارىتالمىغان. تېخىمۇ قامالاشمىغان يېرى شۇكى، خانقىز ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ھىدايەتكە يۆلەنگىنىچە ئۇيقۇغا كېتىدۇ. ھىدايەت بولسا بۇ ۋاقىتتا، ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەپ چىقىدۇ. خانقىز ئويغانغاندىن كېيىن ئىككىسى تەڭ قايتىپ چۈشىدۇ. بەلكىم بۇ ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھەببەت تەسۋىرلەنگەن ئەڭ سۇنئىي تەپسىلات بولسا كېرەك. قېنى بۇ يەردىكى ھېسسىيات ماجىرالىرى؟ قېنى بۇ يەردىكى نازۇك تەسۋىر؟ قېنى بۇ يەردىكى ھاياجانلىق سۆزلەر، شېرىن دەقىقىلەر، لېرىكىلىق كەيپىيات ۋە شېئىرىي مۇھىت؟! بۇ نېمە دېگەن قاخشال مۇھەببەت - ھە!

ئاپتورنىڭ بۇ ئىككىيلەننىڭ ھېسسىيات مۇناسىۋىتىنى مۇنداق سۇنئىي بىر تەرەپ قىلىشى، بىرىنچىدىن، ئىنسان پسىخىكىسىنى چۈشىنىشىنىڭ كەملىكىدىن؛ ئىككىنچىدىن، رېئاللىقتا، ئادەملەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنىڭ ئۆلۈكلىكىدىن؛ ئۈچىنچىدىن، سەنئەت قارىشىنىڭ كونىلىقىدىن؛ تۆتىنچىدىن، ئەخلاق قارىشىنىڭ بىر تەرەپلىمىلىكلىكىدىن؛ بەشىنچىدىن، يازغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى كىتابخانلارغا چىن نەرسىلەرنى تەقدىم قىلىش ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت مۇقەددەس بۇرچىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىدىن بولغان. يازغۇچى بولغان كىشى ئىجادىيەت جەريانىدا ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا تىرىشىشى، سۇبيېكتىپ قىممىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى، تەپەككۇر كۆزىنى ئىجتىمائىي پسىخىكىنىڭ سېزىۋېلىش تەس بولغان چوڭقۇر قاتلاملىرىغا قارىتىپ، كۆپ قىرلىق، كۆپ تەرەپلىمىلىك، مۇرەككەپ ئىنسان خاراكتېرىنى، ئادەم بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن جەمئىيەت، ئادەم بىلەن ئەخلاق، ئادەم بىلەن تەبىئەت، ئادەم بىلەن تارىخ ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ، مەڭگۈلۈك مۇناسىۋەتنى ئىپادىلە-

شى، ئادەم روھىيىتىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا چۆكمە ھاسىل قىلـ‑
غان، ئېيتىپ بەرگىلى بولمايدىغان ئىدىيىلەرنى سىېزىملاشتۇرۇشى كېرەك. ئەنە شۇ چاغدىلا «ئەدەبىيات = ئىنسانشۇناسلىق» دېگەن فورمۇلاغا ئۇيغۇنلاشقىلى بولىدۇ. خۇددى بىراندىس ئېيتقاندەك «ئەدەبىيات تارىخى چوڭقۇر مەنىدىن ئېيتقاندا بىر خىل پسىخولوگىيە ئىلمى بولۇپ، ئادەمنىڭ روھىنى تەتقىق قىلىدىغان روھنىڭ تارىخىدۇر».

بۇ روماندا سۇنئىيلىك باشتىن ـ ئاخىرىغىچە ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، كىشىنى بەكمۇ زېرىكتۈرىدۇ. مەسىلەن، ئەدھەم بىلەن خانقىزدىن ئىبارەت بىر ئائىلىدە ياشايدىغان ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى دىئالوگ، سۆھبەتلەر تەبىئىي يوسۇندا يۈرگۈزۈلمىگەن. ئۇلار ھە دېسىلا بىر ـ بىرىگە «قارىسام، بۈگۈن شەنبە ئىكەن، ئازراق پاراڭلىشىپ ئولتۇرساق قانداق؟»، «ئەدھەم ئازراق پاراڭلاشساق قانداق؟» دېيىشىپ، بىر ـ بىرىنى سۆھبەتكە تەكلىپ قىلىشىدۇ. كۆندە بىر ئۆيدە تۇرىدىغان ئەر ـ خوتۇنلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇناسىۋەتنى ناچارلىشىپ كەتكەن ئەھۋالدىمۇ ئۇلار سۆھبەتنى بۇنداق سۇنئىي، «يىغىن ئاچامدۇق» دېگەندەك ئۇسۇلدا باشلىمايدۇ.

مەرۇپ ئاقساقالنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىۋاتقان ساھىبخانا ئائىلە زىياپىتىدە تۆۋەندىكىچە قەدەھ سۆزى سۆزلەيدۇ: «بۈگۈن يەنە دۇنيا بويىچە تۇنجى پرولېتارىيات ھاكىمىيىتىنى قۇرغان پارىژ كوممۇنىسى قوزغىلىڭىنىڭمۇ خاتىرە كۈنى. بۇنىڭدىن 116 يىل بۇرۇنقى دەل بۈگۈنكى كۈندە، پارىژ خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، تېيىر بۇرژۇئا ھاكىمىيىتىنى مەغلۇپ قىلغان! شۇڭا بىز بۈگۈن بۇ ئىككى خاسىيەتلىك كۈننى خۇشال ـ خۇراملىق بىلەن خاتىرىلەيلى». ئوبيېكتىپ چىنلىقمۇ، سۇبيېكتىپ چىنلىقمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بۇ خىل سۇنئىي توقۇلما زوقلانغۇچىدا قىلچىمۇ ئېستېتىك تەسىر پەيدا قىلالمايدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردە مۇشۇنداق ساختا ئىنقىلابىي سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ يامراپ كېتىشى تۈپەيلىدىن، رېئال‑

لىقنىڭ ئەسلى قىياپىتى قەستەن ئۆزگەرتىلىپ تەسۋىلەنگەچكە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا نەچچە ئون يىلدىن بۇيان «سوتسىيالىستىك رېئالىزم»لىق ئىجادىيەت خاھىشى ۋۇجۇدقا كېلىپ، زوقلانغۇچىلارنىڭ قانداق پوزىتسىيىدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىنىڭ بىر - بىرىدىن «نادىر ئۈلگىلىرى» بىلەن مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى «بەكمۇ مۇۋاپىق تەڭشەپ» كەلدى.

رومانغا يەنە مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ھەر بەتتە دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدىغان ئەقلىيە سۆزلىرى، گېزىت - ژۇرناللاردىن قىيىشىلىنغان قىزىقارلىق سان - سىفىرلار، ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلار، كالىندارىدىكى بىلىملەر، ئۇزۇندىن - ئۇزۇن ئەھمىيەتسىز ساۋاتلار زورمۇ زور قىستۇرۇلۇپ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئىلمىي ئەسەرلەردە بولۇشقا تېگىشلىك بۇ خۇسۇسىيەت رومانىنىڭ بەدىئىيلىكىنى تېخىمۇ تۆۋەنلىتىۋەتكەن. «ئاھ، دوستۇم»، «يولداش باشلىق»، «يولداش ئەدھەم»، «ئىسمى مۆمىن، فامىلىسى قاسىم»، «ئاسمان خۇداسى»، «كىچىك پارىژ قەھۋەخانىسى»، «تېھران قىزى»، «قارا يىلپىز» دېگەندەك سۆز - ئاتالغۇ، ئىسىم - لەقەملەر رومانىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنىمۇ، يەرلىك خۇسۇسىيىتىنىمۇ، چىنلىق پۇرىقىنىمۇ سۇسلاشتۇرۇۋەتكەن.

**2. ئەمەلىيەتكە، مەنتىقىگە ۋە گىراماتىكىغا ئۇيغۇن بولمىغان تەرەپلەر**

روماندىكى ئەمەلىيەتكە، مەنتىقىگە ۋە گىراماتىكىغا ئۇيغۇن بولمىغان بەزى نۇقسانلار ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەي: پۈتكۈل رومان 530 بەت بولۇپ، مەن سەھىپىنىڭ چەكلىكلىكى سەۋەبىدىن پەقەت 1 - بەتتىن 30 - بەتكىچىلا قانچىلىك سەۋەنلىكلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش بىلەنلا كۇپايە قىلىمەن. «قىزىق، ئۇ قاچانكى ئورۇمچى بىلەن داشۆنى ئويلىسا، ئۇ يەرلەر شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولاتتى.» بۇ جۈملىدىكى «قىزىق» دېگەن سۆزنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق بولۇپ، ئارتۇقچە ئىشلىتىلگەن. چۈنكى نېرۋىسى جايە-

ەم بولسا، ئۆزى بۇرۇن كۆرگەن يەرلەرنى ئويلىسا شۇ ھامان كۆز ئالدىدا گەۋدىلىنىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ھېچكىمدە يوق ئالاھىدە ئىقتىدار ئەمەس ھەم ھېچقانچە قىزىق ئىشمۇ ئەمەس. «ئەنە، ئاۋۇ ئالتۇن سۈيى بىلەن ھەل بەرگەن، قۇببىلىرى كۆككە يەتكەن ھەيۋەتلىك كۆركەم خەلق تىياتىرى ئەمەسمۇ؟!» ئاپتور بۇ يەردە ئەمەلىيەتكە خىلاپ ھالدا، پەقەت بىرلا قۇببىسى بار خەلق تىياتىرىنى «قۇببىلىرى» دەپ كۆپلۈك شەكلىدە ئىپادىلىگەن. ئاپتور يەنە مۇنداق يازىدۇ: «كۈن ئوچۇق، ئەتىگەنكى شەبنەمدىن تويۇنغان ھاۋا ساپ ۋە سالقىن ئىدى». ھەممىگە مەلۇم ھاۋا ھەرگىزمۇ شەبنەمدىن تويۇنمايدۇ، بەلكى ھاۋادىكى نەملىك مىقدارى ئاشقاندىلا شەبنەم پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە باھار پەسلىدە شەبنەم چۈشمەيدۇ. ئاپتور يەنە مۇنداق يازىدۇ: «ئەدھەم چىرايلىق كىيىنىپ ئۆيدىن چىقتى... (ئەتىگەندە)... ئۇ، بۈگۈن ئاخشام ئويلاپ قويغان پىلانى بويىچە، نەشرىياتقا بارماقچى». ئەدھەم ئەتىگەندە ئۆيدىن چىقىۋاتقان تۇرسا، يازغۇچىنىڭ يەنە «بۈگۈن ئاخشام» دېگىنى نېمىسى؟ ئاپتور يەنە مۇنداق يازىدۇ: «بۈگۈن پۈتۈن شەھەر باھار پەيزىگە چۆمگەن، ھەممە نەرسە باھار بىلەن تەڭ گۈللەپ ياشنىغانىدى». بىز كىشىدە قىلچە گۈزەللىك تەسىراتى پەيدا قىلالمايدىغان بۇ نامرات تەسۋىرنىڭ نابابلىقىنى قويۇپ تۇرۇپ، «ھەممە نەرسە» دېگەن ئىككى ئۇقۇمنىڭ مەزمۇن دائىرىسىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەكلا كۇپايە قىلىدۇ. بۇ يەردە بىز ئاپتورغا «ئاپتوموبىل، ستولبا، ئاسفالت يوللارمۇ باھار بىلەن تەڭ گۈللەپ - ياشنامدۇ؟» دەپ سوئال قويساق بولۇۋېرىدۇ. «ئەگەر بۇ قېتىمقى ئۇنۋان باھالاشتا يۇقىرى ئۇنۋانغا ئېرىشەلمىسە زىيالىي دېگەن تاجىنىمۇ كىيەلمەيدۇ...» دەپ يازىدۇ ئاپتور يەنە. ئەجىبا، ئۇنۋان ئالسا زىيالىي بولۇپ، ئۇنۋان ئالالمىسا زىيالىي ھېسابلانمامدىكەن. بۇ قانداق مەنتىقە؟ ئاپتور يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىمۇ سىزگە ئوخشاش چولپان يۇلتۇزلار چىقىشى كې-

رەك! » بۇ سۆزنى ئەدھەمنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئۇ يازغان «بىر پەردە، ئىككى كۆرۈنۈشلۈك بىر ئوپېرا» نىڭ ئىچىدىكى شېئىرلارنى كۆرگەندە ھاياجانلىنىپ ئېيتقان. بۇ جۈملىدە ئاپتور ئوخشىغۇچى شەيئى بىلەن ئوخشالغۇچى شەيئىنى پەرقلىق يوسۇندا توغرا ئىپادىلىمەي، جۈملىنى مۇجمەل تۈزۈپ، نەتىجىدە خاتا ئۇقۇم كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇنىڭ بىلەن ئەدھەمنىڭ ئۆزى «چولپان» بولۇپ قالغان. ئاپتور روماندا يەنە مۇنداق يازىدۇ: «ئۇ شېئىردا. . . نە شېئىرىي پىكىر، نە شېئىرىي ھېسسىيات، نە شېئىرىي مەدەنىيەت دېگەن نەرسىلەر بولسۇن؟ » ئۇيغۇر تىلىدا «شېئىرىي مەدەنىيەت» دېگەن ئاتالغۇ يوق. بەلكى «شېئىر مەدەنىيىتى» دېگەن ئىبارە بار. بىز ئاپتور قوللانغان «شېئىرىي مەدەنىيەت» دېگەن بۇ تەخداش بۆلەكنى كونتېكىستنىڭ ئىچىگە قويۇپ قاراپ باقساقمۇ يەنىلا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

رومانىنىڭ پەقەت 30 ـ بېتىگىچىلا كۆرۈلگەن بۇ خاتالىقلاردىن كىتابخانلار قالغان 500 بەت قىسمىدا يەنە قانچىلىك «كارامەت» لەرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىپ يەتسە كېرەك. «ھايات شۇنداق رومانىنىڭ بىز بىلەن بۇنچىۋالا ناباب ھالەتتە يۈز كۆرۈشىشىدە كىتاب ئاپتورىنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكى بولۇش بىلەن بىرگە يەنە رومانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرىنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكىمۇ بار، ئەلۋەتتە. مېنىڭ بۇ «سۇنئىي رېئالىزم» لىق روماندىن ھېس قىلغانلىرىم ھازىرچە مۇشۇنچىلىك.

(بۇ ماقالە «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» نىڭ 1993 ـ يىل يانۋاردىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان)

www.uyghurkitap.com

# تېنەپ يۇرگەن ئاسىي روھ

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۇپۇق سىزىقىدا مىللىي قاننى ئۆركەشلەتىدىغان زەڭگەر نۇر توچكىلىرى پات - پات، بەزىدە خىرە، بەزىدە روشەن چاقناپ، دوزاخ ئوتىدەك قىپقىزىل رىشاتكىلار بىلەن قورشالغان ۋە كۆڭۈلنى ئايىنىتىدىغان ھاۋا بىلەن قاپلانغان بۇ بوشلۇقتا، ئۇمىد يالقۇنىدا ئۆرتىنىپ، كەينى - كەينىدىن كۈل بولۇپ كېتىۋاتقان بەختسىز، چۈشكۈن ھاياتقا ئاندا - ساندا ئۇمىد ئاتا قىلماقتا. زۇلمەت قوينىدا زەڭگەر نۇر چاقنىتىپ، قاغجىرىغان تىنىقلارغا ھاياتلىق ئۇمىدى بېغىشلايدىغان بۇ مۆجىزىنى پەقەت ئازابلىنىش بەختىگە مۇيەسسەر بولغان ئاسىي قەلب ئىگىلىرىلا يارىتالايدۇ. دەل ئاشۇلار بىز ئۇچراتساقمۇ، لېكىن تونىيالماي قېلىۋاتقان خىزىرلاردۇر.

بىز مەدەنىيەت ئېڭىمىزنىڭ ئاجىزلىقى، پەرق ئېتىش ئىقتىدارىمىزنىڭ خۇنۇكلىكى، ھەق - ناھەق تۇيغۇمىزنىڭ تۇنجۇقۇپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن، يالاق يالاپ سەمرىگەن قىزىل يۈزلۈك، ۋىجدانى پۇچەك، ساختا شۆھرەت تونى ئىچىدە سولىشىپ كەتكەن روھسىز گەۋدىسىنى جىنىنىڭ بارىچە سەلتەنەتلىك كۆرسىتىپ يۈرگەن «ئەۋلىيا ئەزىم» لەرنى پەخرىمىز دەپ بىلىۋاتىمىز، شۇڭلاشقىمۇ مىڭ يىللىق شېئىرىيەت تارىخىغا ئىگە بۇ تۇپراقنىڭ ھۆرلۈك ئەنئەنىسىگە نامراتلىقى ھەم ھاياتىي كۈچى، ئېستېتىك تۇيغۇسى كەمچىل شېئىرلارنىڭ ساماندەك كۆپلۈكى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

تالانتلىق ياش يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر «ئىشچىلار ۋاقتى گېزىتى» نىڭ 1991 - يىل 16 - مارت سانىدا ئېلان قىلغان «شائىر» ناملىق ھېكايىسى ئارقىلىق مىللىي ئاڭ قۇرۇلمىمىزدىكى نازۇك

نىرۋىغا ئۆتكۈر بىر قۇرۇق يىغىنە سانچىغان. بۇ ھېكايىنىڭ مەزمۇنىغا
سىڭگەن پەلسەپىۋىلىك بىلەن تراگېدىيىلىك ھېكايىنىڭ ئۆزىدىن ئې-
شىپ چۈشكەن. ئەختەم ئۆمەرنىڭ بۇ ھېكايىسىدە، چېخوپنىڭ ھېكا-
يىلىرىدەك كۈندىلىك تۇرمۇش پاجىئەسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەمەس،
بەلكى تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە پاجىئە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ھېكايىدە
ئالاھىدە مۇھىتتىكى قارشىلىق روھىغا باي بىر بەختسىز شائىرنىڭ
مەنىۋى ھاياتى ئىپادىلەنگەن. بۇ بەختسىز شائىرنىڭ يۈرىكىگە بىر
خىل قارشىلىقنىڭ يالقۇنى يوشۇرۇنغان بولۇپ، كۈلپەتلىك تەقدىرگە
قارشى چىقىشتەك ئىدىيىۋى كەيپىيات سىڭدۈرۈلگەن. ئەسەردىكى
مەنىۋى مەنزىرە چەكسىز. ئىنسانىي غۇرۇرى دەھشەتلىك خورلۇققا
ۋە چىدىغۇسىز زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان بۇ شائىرنىڭ گۈزەل ئارزۇلا-
رنى پايخان قىلىدىغان بۇ رەزىل ھاياتتىن پۈتۈنلەي ئىخلاسى قايتقان
بولۇپ، ئۇنىڭ قەلبى گويا ئازاب خالتىسى. شائىرنى ئوراپ تۇرغان
ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرى ئاللىبۇرۇن بىزنىڭ
چۈشىنىشىمىزدىن ھالقىپ كەتكەن. بۇنى شائىرنىڭ ئويغاق قەلبى
چۈشىنىپ، كۆرۈپ يەتكەن. چۈنكى ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايلا-
ردىكى زەھەرلىك تەبەسسۇملارنى، قىسماق كۆزلەردىكى شۇملۇقلار-
نى، رەڭدار ۋىۋىسكىلارنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان رەزىل ئويۇنلارنى
ئېنىق كۆرەتتى. ئۇنىڭ ئارزۇ - ئىستىكى ۋە ياشاش ئىرادىسى بىلەن
رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشتۈرۈپ بولمايدىغان توقۇنۇش ئۇنى
ئادەتتىن تاشقىرى ئازابلىغان ۋە يېتىمسىرەتكەن. ئەگەر بىر پەرىشتە
كاتىپ بولۇپ، كېچە - كۈندۈز توختىماي يازغان ھالەتتىمۇ بۇ بەخت-
سىز، ئەمما ۋىجدانلىق شائىرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىكى خورلىنىش،
ئازاب، ئۈمىد، ئىسيان، ۋاز كېچىش ۋە ئەركىنلىك تۈيغۇلىرىنى
يېزىپ بولالىشى ناتايىن. چۈنكى ئۇ شەخسنىڭ ئۇيۇق سىزىقىدىن
ھالقىپ، مىللەتنىڭ ئۇيۇق سىزىقى ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرگەن شائىر
بولۇپ، بىر پۈتۈن خەلقنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنىڭ كىچىكلىتىلگەن

www.uyghurkitap.com

ھالىتى. شۇڭا كەسپدىشى بولغان «ئەۋلىيا ئەزەم» ئاتالغان شائىر ئۇنىڭدىن ئۆلگۈدەك قورقىدۇ ھەم ئۇنى ئۆچ كۆرىدۇ. چۈنكى «ئەۋلىديا ئەزەم» نىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى نامەردلىك بىلەن تولغان بولۇپ، ھاياتى ئۆز ۋىجدانىغا مۇخالىپ يول تۇتۇش بىلەن ئۆتكەن. ئۇنىڭ بىلىش ۋە چۈشىنىش دائىرىسى ماددىي موھتاجلىقتىن ھالقىپ كېتەلمىگەن. ئۇ، خورلۇقنى لەززەت، قارشىلىقنى ئەخمەقلىق، مەنىۋى مۇستەقىللىقنى ئارتۇقچە دەپ بىلىدۇ. شائىر ئابدۇخالىقنىڭ ئىلھامىنى بوغۇپ تۇنجۇقتۇرۇۋاتقان دوزاخ ئوتىدەك قىزىل رىشاتكىلار «ئەۋلىيا ئەزەم» نىڭ كۆزىگە چوكا ئالتۇندەك كۆرۈنىدۇ. ئۇ مەنىۋى جەھەتتە مۇستەقىل ياشاشنىڭ قانچىلىك ھوزۇرلۇق ئىكەنلىكىنى مەڭگۈ ھېس قىلىپ يېتەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئىسمى بار، جىسمى يوق، سايىسى بار، نۇرى يوق، مەنىۋى دۇنياسى پالەچ، جانسىز مەخلۇق. ئۇ پۈتۈن زېھنىنى قەستچىلىك شېئىرىيىتىگە بېغىشلاش ئارقىلىق، تاپان يالاپ، ساختا شەرەپ قۇچۇپ «ئەۋلىيا» بولغان. ماركسنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا ئۇ «شېئىرىي گۈل غۇنچىلىرى بىلەن سۆز - ئىبارىلىرىنىڭ يوشۇرۇشى ئاستىدا خەلقنى ساتقان». كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان يېرى شۇكى، دەل شۇ خەلق ئۆزىنىڭ پەرق تۇيغۇسىنىڭ خۇنۇكلىكى تۈپەيلى، ئۇنىڭ ئەۋلىيالىقىغا ئىشەنگەن. مانا بۇ بارلىق بەختسىزلىكىمىزنىڭ نېگىزى.

ئەختەم ئۆمەرنىڭ «ئەۋلىيا ئەزەم» گە تۇتقان پوزىتسىيىسىگە يوشۇرۇن كىنايە ۋە مەسخىرە سىڭدۈرۈلگەن. يازغۇچى كىشىلەر ھېيىقىدىغان بۇ «ئەۋلىيا ئەزەم» نىڭ سەلتەنەتلىك پۈركەنجىسىنى يىرتىپ تاشلاپ، رەسۋاسىنى چىقارمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى بىچارە ھالىتىنى روشەن كۆرسىتىپ بەرگەن. يازغۇچى «ئەۋلىيا ئەزەم» بىلەن شائىر ئابدۇخالىقنىڭ ئۆتكۈر دىئالوگلىرى ئارقىلىق مەلۇم پەلسەپۋى داۋلىلارنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئابدۇخالىق قارلىق دالىدا تېنەپ يۈرگەن بولۇپ، ئۆزىنىڭ ھاياتىنى پايانسىز

قارلىق دالىغا غەرق قىلىۋېتىشنى ئويلايدۇ. گېزى كەلگەندە ئۆلۈۋېلىش ئاجىزلىق ئەمەس، بەلكى ئۇمۇ بىر خىل قارشىلىق. ھەر كىمنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمايدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھاياتنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن سۆيىدىغان كىشىلەرلا ئۆز غايىسىدىكى ئەركىن ھايات ئىچىدە ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىگەندە ئۆلۈمنى تاللايدۇ. ئۇ چەكسىز نەپرەت ئىچىدە قارلىق دالىغا قېنى بىلەن شېئىر يازىدۇ. بۇنى شائىرنىڭ مەيۈس كۆڭلى ۋە بۇرۇقتۇملۇق ھەقىقىدىكى قايغۇلۇق شىكايىتىنى ئىپادىلەيدىغان يالقۇنلۇق «ئازاب ناخشىسى» دېيىش مۇمكىن. ئازاب — ۋىجدانلىق قەلب ئىگىلىرىلا ئېرىشەلەيدىغان ئالاھىدە بەخت. «ئەۋلىيا ئەزەم» بۇ خىل پەۋقۇلئاددە بەختكە مەڭگۈ ئېرىشەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇ قارلىق دالىدا تېنەپ يۈرگەن شائىرغا «ساڭا يامانلىق قىلغىنىمنى بىلمەيمەن. لېكىن سەن مېنى مەرەزنى كۆرگەندىنمۇ يامان كۆرسەن» دەپ يېلىنىدۇ. ھاياتتىن ئىخلاسى قايتىپ «ئۆلۈم ۋاگونى»غا چىققان شائىر ئۇنىڭغا مەردلىك ناخشىسى بىلەن جاۋاب بېرىدۇ. سىز بۇ ناخشىنى ناپولېئون ۋەتىنىنى بېسىۋالغان يىلى مىللىي نومۇسقا چىدىماي ئۆلۈۋالغان گېرمانىيە شائىرى كلائىستىنىڭ:

ئەنسىرىمەڭلار نامەردلەر،
ئۇستۇڭلاردىن كۈلمەيمەن.
دۇنيا بىلەن خوشلاشتىم،
ئەمدى ھەرگىز كەلمەيمەن.

دېگەن يالقۇنلۇق ناخشىسى بىلەن ئوخشاش ئەمەس دېيەلەمسىز؟! «شائىر» ناملىق بۇ ھېكايە مۇڭ ۋە غەم بىلەن تولغان بولسىمۇ، بىراق مۇڭ ئىچىدە تىرىلىش كۈيلىرى، غەمكىنلىك ئىچىدە ئۈمىد نۇرلىرى چاقناپ تۇرىدۇ.

(بۇ ماقالە «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» نىڭ 1991 - يىل ئاپرېلدىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇتلەقلەشتۈرۈش ۋە مۇجمەللەشتۈرۈش

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ 90 ـ يىللارغا خاس يېڭى سۈپەت قاتلىمىنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى دۇنياۋى ئەدەبىياتنىڭ قىممەت يۈزلىنىشىگە ئىگە قىلىش نەزەرىيىۋى تەپەككۇرغا باي، بەدىئىي سېزىمى ئۆتكۈر، كىرىزىس تۇيغۇسى كۈچلۈك، ئازاب ئېڭى چوڭقۇر، مۇرەسسەسىز روھقا ۋە تەخىرسىز ھېسسىياتقا ئىگە يېپيېڭى بىر ئەدەبىياتچىلار قوشۇنىنىڭ بولۇشىنى جىددىي تەقەززا قىلىدۇ. بىز يېقىنقى بىر قانچە يىللىق ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە كۆرۈلگەن بەزى ئالامەتلەردىن مۇشۇنداق بىر ئەدەبىياتچىلار قوشۇنىنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى سەزدۇق. ساپ سەنئەت قىممىتىگە ئىگە يېڭىچە ئېستېتىك پرىنسىپلار ئاندا ـ ساندا باش كۆتۈرۈپ ئۆزىنىڭ ئۈمىدلىك جىلۋىسىنى نامايان قىلدى. ئەمما، بۇ تېخى ناھايىتى سۇس بىر تەبەسسۇم، خالاس. تېخى نوقۇل قېزىش ۋە ساددا، تېيىز خىياللاردىن تۇغۇلغان، ئۆزىدە خاس قىممەتنى ھازىرلاپ ئۈلگۈرمىگەن خام تۇغۇندىلار ئەھمىيەتتىن مۇئەييەن خالىي مەۋجۇتلۇقى بىلەن مەتبۇئات يۈزىدە يېيىلىپ تۇرماقتا. ئەلۋەتتە، ھەر قانداق قىممەتكە ۋە ئەھمىيەتكە ئىگە نەرسە نىسپىيلىكتىن خالىي بولالمايدۇ. قىممەت قارىشىنىڭ ئۆزگىرىپ، يېڭىلىنىپ تۇرۇشى قانۇنىيەتلىك تەبىئىي جەريان.

سىدىقھاجى روزىنىڭ «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1992 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈندىكى «گۈلشەن» بېتىگە بېسىلغان «كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىيات ئەنئەنىسى» ناملىق مۇلاھىزە ماقالىسى ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيە تەتقىقاتى ساھەسىدىكى ئەنە شۇنداق بىر خام تۇغۇندا. مەن بۇ ماقالىنى ئوقۇپ، مۇئەللىپنىڭ پرىنسىپال ئىلمىي

خاتالىقلارغا يول قويغانلىقىنى، بىر تەرەپلىمە، مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىلگەن ۋە مۇجمەللىشتۈرۈۋېتىلگەن قاراشلارنىڭ خېلىلا نۇرغۇنلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇڭا مەن ئۆزۈم توغرا دەپ ئىشەنگەن بەزى چۈشەنچىلىرىمنى سىدىقھاجى روزىنىڭ قاراشلىرى بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ كۆرۈشنى لايىق تاپتىم. مۇنازىرىدە ئوبيېكتىنى شەرت قىلماي مۇمكىن بولمىغاچقا، مۇلاھىزىنى كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلىش پۇرسىتى بولماي قالدى.

سىدىقھاجى ماقالىسىنى «ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىنلا كلاسسىك ئەدەبىيات بىلەن يۈز كۆرۈشتۇق» دەپ باشلايدۇ. بۇ بىر خاتا چۈشەنچە. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى سەنئەت تۈيغۇسى كۈچلۈك خەلقىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئېستېتىك ھاياتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇنى ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردە ياشاپ ئۆتكەن ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ياراتقان، ھەر بىر بۇغۇن ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن بۇغۇنلارنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرىنى ئوقۇپ، ئۆگىنىپ راۋاجلاندۇرۇپ، ئەنئەنىۋى ئىزچىللىقىنى ساقلاپ، تولۇقلاپ، يېڭىلاپ ماڭغان. ئۇيغۇر مىللىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا بىز بىر ئەۋلاد پەقەت بىرلا ھالقا، خالاس. ئەگەر بىز ئۆزىمىزنىلا مەركەز قىلغان ئاساستا «كلاسسىك ئەدەبىيات بىلەن يۈز كۆرۈشتۇق» دېسەكمۇ يەنىلا خاتا ئېيتقان بولىمىز. بىزنىڭ غەيرىي تەبىئىي ھايات قىسمەتلىرىمىز جەريانىدا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى خېلى بىر زامان كەم دىدار بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما پۈتۈنلەي ناتونۇش نەرسە بولۇپ قالغان ئەمەس. ناۋائى، مەشرەپلەرنىڭ مۇقام ئاھاڭلىرىغا سىڭىنغان مۇڭلۇق غەزەللىرى، تىلەمچى — ھاپىزلارنىڭ ئاغزىدىن قويۇلۇپ تۇرغان ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ ھېكمەتلىرى بىزنىڭ بەدبۇيلەشتۈرۈۋېتىلگەن قاتمال ھايات مۇساپىمىزدە گاھى ئاشكارا، گاھى پىنھان جىلۋە قىلىپ كەلدى. پەقەت ئۇچرىشىش كۆلىمى جەھەتتىلا بۈگۈنكىدەك كەڭ بولۇپ باقمىغانلىقى راست،

شۇڭا بۇ ھەرگىزمۇ تۇنجى ئۇچرىشىش ئەمەس.
سىدىقھاجى يەنە مۇنداق يازىدۇ: «تىل ئۆتكىلىدىن، يېزىق ئۆت-
كىلىدىن ئۆتمەي تۇرۇپ، كلاسسىك ئەدەبىياتتىن زوقلىنىش جەريانى-
غا كىرىش. . . ناھايىتى قىيىن.» كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىن (ئىب-
نىقراقى شېئىرىيەتتىن) زوقلىنىش ھەقىقەتەن تىل - يېزىق ئۆتكى-
لىدىن ئۆتۈشنى شەرت قىلىسىمۇ، لېكىن «ئېستېتىك زوق» ھەققىدى-
كى قاتمال چۈشەنچىلىرىمىزنى چۆرۈپ تاشلاپ، زوقلىنىش ئادىتى-
مىزنى جانلىق ئېستېتىك پسىخىك قۇرۇلمىغا ئايلاندۇرىدىغان بولساق-
لا، كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزنىڭ تىلىدىكى ئاھاڭدارلىقنىڭ، مۇزى-
كىلىق ھېسسىياتنىڭ ئېستېتىك دۇنيايىمىزدا قوزغىغان گۈزەللىك
تۇيغۇسىنى مەلۇم مەنىدە «زوقلىنىش» جەريانىغا كىرگەنلىك، دەپ
ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز. ئاھاڭدارلىقنى شېئىرىيەتنىڭ ئەڭ ئا-
لىي ئېستېتىك پرىنسىپلىرى قاتارىدا ساناپ مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن
كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىز «زوقلىنىش
جەريانىغا» كىرىدىغان «ئىشىك»لەرنى كۆپرەك ئېچىشىمىز كېرەك،
ئەلۋەتتە.
سىدىقھاجى يەنە مۇنداق يازىدۇ: «خەلقىمىز مىلادىيە 1 - ئەسىر-
دىن 10 - ئەسىرگىچە بۇددا دىنىغا، 10 - ئەسىردىن كېيىن ئىسلام
دىنىغا ئېتىقاد قىلدى.» مۇتلەقلەشتۈرۈپ ئېيتىلغان بۇ خاتا چۈشەنچە
تارىخىمىزغا ئائىت ئادەتتىكى ساۋات خاراكتېرلىك پاكىتلارغىمۇ خى-
لاپ. ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا بۇددا دىنى بىلەن ئىسلام دىنى
ھەقىقەتەن ناھايىتى چوڭقۇر ۋە كەڭ ئىز قالدۇرغان. بۇ ئىككى
دىنىنىڭ تەسىرى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا ناھايىتى شۆھرەتلىك ھەم
پارلاق سەھىپىلەرنى ئاچقان. لېكىن بىز مانى، شامان، زەردۇشت
دىنلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنىنى نەزەردىن ساقىت قىل-
ساق توغرا بولمايدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، شىمالىي چۆل-
لۈكتە ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان

ۋاقتى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن 1 ـ 2
ئەسىر ئىلگىرى بولغان. قۇمۇل ـ تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسلام
دىنىغا تولۇق ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان ۋاقتى بولسا بۇنىڭدىن
5 ـ 6 ئەسىر ئىلگىرىكى ئىش. شۇڭا ئاپتورنىڭ ئىككىلا دىنىنى
ئېغىزغا ئېلىپ ئۆتۈشى ۋە يىل دەۋرىنى كېسىپ ئوتتۇرىغا قويۇشى
تارىخىي ئەمەلىيەتكە تازا ئۇيغۇن ئەمەس.

سىدىقهاجى يەنە مۇنداق يازىدۇ: «يېزىقنىڭ ئۆزگىرىشىگە شەرت
هازىرلىغان دىنىي جەھەتتىكى ئۆتۈش دەۋرى چوقۇم مەدەنىيەت جەھەت-
تىكى ئۆتۈش دەۋرىنىمۇ باشتىن كەچۈرىدۇ.» ئاپتورنىڭ بۇ جۈملى-
رىدىن دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى ئۆزگىرىش مۇقەررەر يوسۇندا يېزىق-
نى ئۆزگەرتىشكە ئېلىپ بارىدۇ، دەيدىغان بىر تەرەپلىمە، خاتا نۇقتى-
ئىينەزەرى چىقىپ تۇرىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇ بىر خاتا چۈشەنچە.
ئىسلام دىنى ئۆز تارىخىدا ھەقىقەتەن باشقا مىللەتلەرگە دىنىي ئېتىقاد
بىلەن قوشۇپ ئەرەب يېزىقىنى خېلى كەڭ ئومۇملاشتۇرغان. باشقا
مىللەتلەرمۇ ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۆز يېزىقىنى ئىجاد قىلىپ
ئىسلام دىنىغا بولغان ئېتىقادىنى «مۇستەھكەم» لىگەن. شۈبھىسىز-
كى، ئەرەب يېزىقىنى قوبۇل قىلىشنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىش-
نىڭ بىر تەركىبىي قىسمى دەپ قاراش تونۇش جەھەتتىكى يېتەرسىز-
لىك، قاندىكى چەكلىمىلىك، نامۇۋاپىق پسىخىك خاھىش ئىدى.
چۈنكى، دىنىي ئېتىقاد بىلەن يېزىق ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ماھىيەت-
لىك باغلىنىش يوق. يېزىقنىڭ پەيدا بولۇشىمۇ دىن بىلەن مۇناسىۋەت-
سىز، ئىككىسى ئايرىم ـ ئايرىم كاتېگورىيىگە ئىگە مەدەنىيەت ھادى-
سىسى. سىدىقهاجىنىڭ دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى ئۆزگىرىش مۇقەر-
رەر يوسۇندا يېزىقنى ئۆزگەرتىشكە ئېلىپ بارىدۇ، دەيدىغان نۇقتىئى-
نەزىرىگە تارىخ بەتلىرىدىن مىسال تېپىش مۇمكىن بولسىمۇ، لېكىن
بۇ ناھايىتى ئايرىم ئەھۋال ھەم قىسمەنلىك. ئۇيغۇرلار گەرچە ئىسلام
دىنىنى قوبۇل قىلىپ 2 ـ 3 يۈز يىل جەريانىدا ئىلگىرى قوللىنىپ

كەلگەن يېزىقلىرىدىن تارىخىي يوسۇندا ۋاز كەچكەن ھەم ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىشقا باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن سلاۋيان ۋە لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنى ھېچقانداق ئېتىقاد دىنىي ئۆزگىرىشى ياسىماي تۇرۇپلا قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان. شۇنىڭدەك بۇددا دىنىمۇ خەنزۇلارنىڭ يېزىقىغا ھېچقانداق ئۆزگىرىش ياكى ئىسلاھات ئېلىپ كەلگەن ئەمەس.

سىدىقھاجى روزىنىڭ ماقالىسىدىكى «مەدەنىيەت تارىخىنى ئۈزۈپ قويۇشقا بولمىغاندەك ئەدەبىيات ئەنئەنىسىنىمۇ ئۈزۈپ قويۇشقا بولمايدۇ» دېگەن سۆزىنى ئاپتورنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇسى دەپ چۈشىنىشنى ياكى مەدەنىيەت تارىخى، ئەنئەنە تارىخى ھەققىدە ئۆگەنگەن بىلىملىرى ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويغان ھۆكۈمى دەپ چۈشىنىشنى بىلمەي قالدىم، ئەگەر بۇ ئاپتورنىڭ ھۆكۈمى بولسا بۇ يەنىلا تومتاق ھەم بىر تەرەپلىمە چۈشەنچە ئاساسىدا چىقىرىلغان ھۆكۈمدۇر. چۈنكى مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى ھېچ بولمىغاندا مەلۇم مەزگىل ئۈزۈلۈپ قېلىشى ئوبيېكتىپ پاكىت. ئىندىئان قەبىلىلىرى ياراتقان ئاجايىپ پارلاق مايا مەدەنىيىتى بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىنىڭ ۋەيرانە خارابىسى ئارقىلىق ئەينى ۋاقىتتىكى مىسلىسىز گۈللەنگەن مەدەنىيەت مەنزىرىسىنى سىرلىق رەۋىشتە پىچىرلاشقا مەجبۇر بولماقتا. ئۇنىڭدىن ئىندىئانلارغا ئەستىلىك بولۇپ قالغىنى پەقەت ھەسرەتلىك گۈزەل رىۋايەتلا، خالاس. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپا جەمئىيەتىدە رىم پاپاسىنى مەركەز قىلغان دىنىي جەمئىيەتلەر مەدەنىيەتنى ۋە جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى پۈتۈنلەي مونوپول قىلىۋالغانىدى. 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا پەيدا بولۇشقا باشلىغان ۋە يېڭىدىن گۈللەنگەن بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ ۋەكىللىرى دەسلەپتە قەدىمكى يۇنان، رىم مەدەنىيىتى (كلاسسىك مەدەنىيەت) تىن فېئوداللىق مەدەنىيەتكە قارشى تۇرۇشتا پايدىلىنىدىغان قورالنى — پەلسەپە ۋە تەبىئىي پەننى ھەم ئادەمنى مەركەز قىلغان (ئىلاھنى مەركەز قىلمىغان)

ئەدەبىيات - سەنئەتنى تېپىۋالدى. ئۇلار، بۇ كلاسسىك مەدەنىيەتنى ئۇزاقتىن بېرى دىنىي جەمئىيەتلەر بوغۇپ ۋە بۇرمىلاپ كەلگەندى، ئەمدى بىز «كلاسسىك مەدەنىيەت» بايرىقىنى كۆتۈرىمىز، دەپ جاكارلىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھەرىكەت «ئەدەبىيات - سەنئەتنى قايتا گۈللەندۈرۈش» دەپ ئاتالغاندى. ئۇزۇلۇپ قالغان ئەدەبىيات ئەنئەنىسىنى قايتا ئۇلىغان بۇ دەۋر تارىختا «ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرى» دەپ ئاتالدى. ئۇيغۇرلارمۇ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ھەيكەلتاراشلىق، رەسساملىق مەدەنىيىتىنىڭ مىڭ يىللاردىن بېرى ئۈزۈل - كېسىل ئۇزۇلۇپ قالغانلىقىنى بۈگۈنكى كۈندە ئازابلانغان ھالدا ھېس قىلماقتا. مەلۇمكى، مەدەنىيەت تارىخىنىڭ، ئەنئەنە تارىخىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئارتۇقچە ئىسپاتلاشنى تەلەپ قىلمايدىغا ئاكسىئوما.

ئاپتورنىڭ يۇقىرىقى چولتا ھۆكۈمى يەنە بىر جەھەتتىن ئۆزىنىڭ «ئىسلام دىنى مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ۋە ئۇيغۇر خەلقى مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان كلاسسىك ئەدەبىيات ئەنئەنىسى بۇددىزملىق ئەدەبىيات ئەنئەنىسىدىن ئارىنى ئوچۇق ئايرىغان ۋە ئۇنى تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇئەييەن دەۋرىدە ئاخىرلاشتۇرغان، ئۇنىڭغا ئۆزىدىن ئورۇن بەرمىگەن» دەپ كەسكىن تەلەپپۇزدا ئوتتۇرىغا قويغان مۇلاھىزىسى بىلەن تامامەن زىت ئەمەسمۇ. بىر - بىرىنى ئىنكار قىلىدىغان بۇ تومتاق، خاتا چۈشەنچىلەر كىشىنى ھەيران قالدۇرمامدۇ؟

سىدىقھاجى يەنە مۇنداق يازىدۇ: «بىر خىل مەدەنىيەت دەۋرىدىن ئىككىنچى بىر خىل دىنىي مەدەنىيەت دەۋرىگە ئۆتۈش جەريانى بىر خىل دىنىي مەدەنىيەت دەۋرىدىن ئىككىنچى بىر خىل مەدەنىيەت دەۋرىگە ئۆتۈش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، دېمەك، بۇ ئېتىقادنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.» بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئاپتور دىنىنىڭ مەدەنىيەتكە بولغان تەسىرىنى ۋە رولىنى بەك

مۇبالىغىلەشتۇرۇپ چۈشىنىۋالغان. يېڭى بىر مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ باشلىنىشى ھەمىشە دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى ئۆزگىرىشنى شەرت قىلىۋەرمەيدۇ. مەسىلەن، ياپونلارنىڭ مىلادىيە 7 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئېلىپ بارغان «داخۋا ئىسلاھاتى» ياپونلارنىڭ جۇڭگونىڭ گۈللەنگەن تاڭ مەدەنىيىتىگە بولغان قىزىقىشىنى ئەۋجىگە چىقارغان بولسا، 19 ـ ئەسىردىكى «مېيجى يېڭىلىقى كۆچۈش» ھەرىكىتىدىن كېيىن، ياپونلار جۇڭگونىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىگە چوقۇنۇش ۋە تەقلىد قىلىشتىن يېقىنقى زامان غەرب مەدەنىيىتىگە چوقۇنۇش ۋە تەقلىد قىلىشقا ئۆتكەن. بۇ ئىككى ئىسلاھات ياپونىيە تارىخىدىكى مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىككى قېتىملىق چوڭ ئۆتۈش جەريانى ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ياپونلار دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە ھېچقانداق ئۆزگىرىش ياسىمىغان، بەلكى بۇ ئىككى ئىسلاھات ئۆز نۆۋىتىدە ياپونلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ئىسلاھات ئېلىپ كەلگەن. ھەرگىزمۇ بۇ ئىككى قېتىملىق چوڭ ئىسلاھات دىنىي ئېتىقاد ئۆزگىرىشىنىڭ مەھسۇلى ئەمەس.

ياۋروپا مەدەنىيەت تارىخىغا ۋە دىن تارىخىغا نەزەر سالساقمۇ، بۇ نۇقتىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ياۋروپانى قاپلىغان ئەدەبىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىشى رىم پاپاسىنى مەركەز قىلغان دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ نوپۇزىنى قاتتىق تەۋرىتىپ، خرىستىئان دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىگە زور ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلدى. 16 ـ ئەسىردىكى خرىستىئان دىنىي ئىسلاھاتىنىڭ يول باشچىسى گېرمانىيىلىك مارتىن لۇتېرنىڭ «95 ماددىلىق بايانات»ى كەڭ خرىستىئان مۇخلىسلىرىنى «شەخس ئۆز دىلىدىكى بىر خىل خۇپىيانە بىۋاسىتە تۇيغۇ ئارقىلىق خۇدا بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، شەخس بىلەن خۇدانىڭ ئوتتۇرىسىدا دىنىي جەمئىيەتنىڭ ۋاستىچى بولۇشى ھاجەتسىز» دېيىشكە تونۇشقا كەلتۈردى. شۈبھىسىزكى، گۇمانىزملىق مەدەنىيەتنىڭ تۈرتكىسىدە ئېلىپ بېرىلغان دىنىي جەھەتتىكى بۇ مىسلىسىز ئىسلاھات ئۆز نۆۋىتىدە غەرب كاپىتا-

لىزمىنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى زور گۈللىنىش پۇرستى ئېلىپ
كەلگەن. پۈتكۈل غەرب دۇنياسى مارتىن لۇتېرنىڭ دىنىي ئىسلاھات
تەشەببۇسلىرىنى ھېمايە قىلىدىغان پىروتستانت دىنىنىڭ غەربنىڭ
يېقىنقى زامان ماددىي مەدەنىيىتىگە ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىگە كۆرسەت-
كەن غايەت زور تەسىرىنى بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇڭا بىز
مەدەنىيەتنىڭ دىنغا، دىنىنىڭ مەدەنىيەتكە بولغان ئايلانما تەسىرىنى
ئايرىم - ئايرىم ھالدا نەزەرگە ئېلىشىمىز كېرەك. «مەدەنىيەت پەقەت
دىنىنىڭ تۇغۇندىسى» دەپلا تونۇيدىغان بىر تەرەپلىمە قاراش ئەمەلىيەتكە
ئۇيغۇن ئەمەس.

سىدىقھاجى ئۆز ماقالىسىدا يەنە مۇنداق يازىدۇ: «ئۇيغۇر خەلقى
تارىخىي ئۆتۈش دەۋرىدە ئىسلام دىنىنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىلىرىدىن
بۇددا دىنىنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىلىرىنى ئىلغار دەپ تونۇغاچقا بۇددا
دىنىدىن ئىسلام دىنىغا كىرگەن.» ئاپتور بۇ نۇقتىدا ناھايىتى يۈزە
بىر چۈشەنچىنى ئوتتۇرىغا قويغان. يېڭى بىر دىنىي ئېتىقادنى قوبۇل
قىلىش ناھايىتى مۇرەككەپ بولغان ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەب-
لەرگىمۇ باغلىق بولىدۇ. بۇ يەردە شۇ دىنىنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىلىرى-
نىڭ ئىلغارلىقىنىلا نەزەرگە ئېلىپ، باشقا سەۋەبلەرنى نەزەردىن چەت-
تە قالدۇرۇش، بىر بىمەنىلىك. ئەگەر بىر دىن ئۆز ئىچىگە ئالغان
پەلسەپىۋى ئىدىيىلەرنىڭ ئىلغارلىقى ئارقىلىقلا كىشىلەرنىڭ دىنىي
ئېتىقاد جەھەتتە ئۆزگىرىش ياسىشىغا سەۋەب بولىدىغان بولسا، ئېيسا-
نىڭ گەۋدىسى كرېستقا مىقلىنىپ قان ئىچىگە غەرق بولمىغان بولات-
تى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قىلىچقا تايىنىپ ئەرەب يېرىم ئارىلىدا
سانسىز غازات ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ بارمىغان بولاتتى، خوتەن ئۇيغۇر-
لىرى قاراخانىيلار دەۋرىدە يۇسۇپ قادىرخاننىڭ ئۆزلىرىگە ئېلىپ
بارغان غازاتلىرىغا 40 يىلغا سوزۇلغان دەھشەتلىك قارشىلىق ئۇرۇش-
لىرىنى قىلىپ ئۇيغۇرلار تارىخىدا قانلىق بىر سەھىپىنى قالدۇرمىغان
بولاتتى! شۇڭا يېڭى بىر دىنىنىڭ تارقىلىپ ئومۇملىشىشى نوقۇل ھالدا

ئۇنىڭ ئۆزىدىكى پەلسەپىۋى ئىدىيىلەرنىڭ ئەۋزەللىكىدىن بولغان، دەپ قارىساق، بىر تەرەپلىمىلىككە يول قويغان بولىمىز. ئەگەر بىز تونۇش جەھەتتە ئاپتور بىلەن شەرتلىك يوسۇندا بىر نۇقتىدا تۇرۇپ، بۇددا ئىدىيىلىرىدىن ئىسلام دىنىنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىلىرىنى ئىلغار دەپ تونۇساق، بۈگۈنكى زامان غەرب دۇنياسىدىكى تەسىرى ئەڭ زور پەيلاسوپلارنىڭ بىرى بولغان گېرمانىيىلىك شوپىنخا ئۇئېرنىڭ ئىرادىچىلىك پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن، بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئۇپانشاد» تىكى پەلسەپىۋى ئىدىيىلەرنىڭ قىممىتىنى چۈشەندۈرۈشكە ئامالسىز قالىمىز ھەم بۇددا دىنى ۋە خرىستىئان دىنلىرىنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن بۈگۈنگىچە تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى چۈشەندۈرۈشكىمۇ ئامالسىز قالىمىز.

سىدىقھاجى يەنە مۇنداق يازىدۇ: «دىنىي ئېتىقادنىڭ بىرى يەنە بىرىنى چەكلەپ تۇرغاندا، ئىككى خىل ئەنئەنىنىڭمۇ بىرى يەنە بىرىنى چەكلەپ، توقۇنۇش ئىچىدە تۇرىدۇ. بۇ توقۇنۇش جەريانى بىرى يەنە بىرىنى رەت قىلىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.» بۇ بىر خىل دىنىي ئېتىقاد مۇھىتىدا پەقەت بىرلا مەدەنىيەت ئەنئەنىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دېگەنلىك ئەمەسمۇ؟ بۇنداق بولۇش مۇمكىنمۇ؟ دىن مەدەنىيەتكە نىسبەتەن شۇنچە زور چەكلەش كۈچىگە ئىگىمۇ؟ بۇنىسى ناتايىن. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، بۈگۈنكى غەرب دۇنياسىدىكى خىلمۇ خىل پەلسەپە ئېقىملىرىنى، رەڭگارەڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئېقىملىرىنى ئەقىلگە سىغدۇرغىلى بولمايدۇ. ئەگەر بىز بىر خىل دىنىي ئېتىقاد مۇھىتى ئاستىدا بىرلا خىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دېگەن قاراشنى توغرا دەپ قارايدىغان بولساق، مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىمىزدە بۇرۇلۇش، سەكرەش ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن يېڭى بىر دىنىي ئېتىقادنى قوبۇل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇ بىر بىمەنىلىك، ئەلۋەتتە.

سىدىقھاجى يۈقىرىقى چۈشەنچىسىدە يەنە بىر ئىلمىي خاتالىققا يول قويغان. ئاپتور «دىنىي ئېتىقادنىڭ بىرى يەنە بىرىنى چەكلەپ تۇرغاندا، ئىككى خىل ئەنئەنىنىڭمۇ بىرى بىرىنى چەكلەپ، توقۇنۇش ئىچىدە تۇرىدۇ. بۇ توقۇنۇش جەريانى بىرى يەنە بىرىنى رەت قىلىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.» دەپ تونۇيدۇ. ئەجىبا، ئىككى خىل ئەنئەنە داۋاملىق ھالدا بىرى بىرىنى چەكلەپ توقۇنۇش ئىچىدە تۇرامدۇ؟ بىرى يەنە بىرىنى رەت قىلىش بىلەن ئاخىرلىشامدۇ؟ ئەنئەنە نوقۇل، ساپ ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرامدۇ ياكى ئەنئەنىلەر ئۆزئارا سىڭىشىش، ئۆتۈشۈش، مۇئەييەنلەشتۈرۈش، ئىنكار قىلىشتەك قانۇنىيەتلىك تەبىئىي جەريانغا ئىگە بولامدۇ. بىز بۈددىزم مۇھىتى ئاستىدىكى كۈسەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا مەدەنىيىتى بىلەن ئىسلام دىنى مۇھىتى ئاستىدا راۋاجلانغان ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا مەدەنىيىتىمىز ئوتتۇرىسىدا تارىخىي ئىزچىللىق مەۋجۇت ئەمەس، دەپ ئېيتالامدۇق؟ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەنئەنىۋى باغلىنىشنى ئىنكار قىلىش تارىخىي رېئاللىققا ئۇيغۇن كېلەمدۇ؟ ئەگەر ئاپتور مۇشۇ خىل چۈشەنچىسىنى توغرا دەپ چىڭ تۇرىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئاپتورنىڭ «ئەنئەنە تارىخى ھەرىكەتلەر ئىچىدە چۈشۈپ قالىدۇ، تولۇقلىنىدۇ، ئۆزگىرىدۇ، ئۆزنگە يېڭى مەزمۇنلارنى قوبۇل قىلىدۇ.» دېگەن قاراشلىرىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ بۇ تامامەن بىر بىرىنى ئىنكار قىلىدىغان قاراشلارغۇ؟ ئاپتورنىڭ «بىرى بىرىنى رەت قىلىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ» دېگەن سۆزى يەنە ئۇنىڭ «ھەر قانداق مىللىي مەدەنىيەتنىڭ دىنىي ئەقىدىلەر تۈپەيلىدىن ئۆز خاسلىقىنى تولۇق يوقىتىشى مۇمكىن ئەمەس» دېگەن سۆزلىرى بىلەنمۇ زىت بولۇپ قالغان.

سىدىقھاجى ئۆز ماقالىسىدا يەنە مۇنداق يازىدۇ: «بەزىلەر: يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن شائىر ئابدۇكېرىم خوجىغىچە نۇرغۇن كلاسسىكلار ياشىغان ۋە ئەسەرلەر يېزىلغان، دېيىشىدۇ» ، «يۇقىرى قاتلامغا مەنسۇپ بولغانلىقى، ھېكايە شېئىرلارنى يازغانلىقى ئۈچۈنلا

‹كلاسسىك› دېيىشىمىز كېرەكمۇ؟» ئاپتور بۇ يەردە ھېچكىم مەتبۇئات يۈزىدە ئوتتۇرىغا قويمىغان، ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسى يوق مۇشۇنداق ئەرزىمەس مەسىلىلەرنى ئېلىپ، ئۆزى سوئال قويۇپ، ئۆزى قايناپ تەتقىقات تېمىسىنى پۇچەكلەشتۈرۈپ قويغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە «يۇقىرى قاتلامغا» دېگەن ئىبارىنى تىلغا ئېلىپ تېخىمۇ مۇجمەل تونۇشقا يول قويغان. ئاپتور بۇ ماقالىسىنىڭ تېمىسىنى يۇقىرىقى مەسىلىدىن باشقا يەنە بىر قانچە نۇقتىدىمۇ، پۇچەكلەشتۈرۈپ قويغان. مەسىلەن، ئاپتور «ھازىرقى زامان كىشىلىرىدە ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئەنئەنىنى ئەنئەنە، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئەدەبىياتنى ‹كلاسسىك ئەدەبىيات› دەپ قارايدىغان پسىخىك خاھىش شەكىللەنگەن» دەپ ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. ئاپتورنىڭ نۆۋەتتىكى كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا ئىپادىسى كۆرۈلمىگەن مۇشۇنداق بىر ئەرزىمەس «پسىخىك خاھىش»نى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشى كىشىنى تازا جەلپ قىلالمايدۇ. چۈنكى بىزنىڭ دەرسلىكلىرىمىزدىمۇ، كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ، تارىخچىلىرىمىزنىڭ تەتقىقات ئەمەلىيىتىدىمۇ ھەرگىز ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى كلاسسىك ئەدەبىيات مىراسلىرىمىزنى نەزەردىن ساقىت قىلىدىغان ئەھۋال كۆرۈلۈپ باققىنى يوق.

سىدىقھاجى يەنە مۇنداق يازىدۇ: «يېقىنقى دەۋردە ئەدىبلەر ‹ئىنقىلابىي رېئالىزم› پرىنسىپلىرى بويىچە ئىجاد قىلغان، شۇڭا بۇ ئەدەبلەرگە ‹ئىنقىلابىي رېئالىزم› پرىنسىپلىرى بويىچە مۇئامىلە قىلىشقا بولىدۇ، ئۇلار ‹كلاسسىكلار› قاتارىغا ھەرگىز كىرەلمەيدۇ، دېگۈچىلەرمۇ بار. ئويلىشىمىز كېرەككى، مەنتىقىلىق بىلەن تارىخىيلىق بىر-بىرىگە ئۆزگىرىپ تۇرسىمۇ نوقۇل تارىختا بىرلىشىپ، مەنتىقىلىقنى نەزەردىن ساقىت قىلساق، كلاسسىكلارغا مۇئامىلە قىلىشتا ماركسىزمدىن چەتنەپ كېتىمىز، ماركسىزمدىن چەتنەش نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟» ئاپتور بۇ يەردە مەتبەئە يۈزىدە كۆرۈلمىگەن مەسىلىلەرنى يەنە بىر قېتىم نەقىل كەلتۈرۈش ۋە سىياسىيغا كۆتۈرۈش ئارقىلىق

قۇرۇقتىن قۇرۇق ھەيۋە قىلغان. مۇشۇنداق مەنبەسىز مىساللارنى تىلغا ئېلىپ ئۇنى پرىنسىپقا سېلىپ، ئىلمىي تەتقىقاتقا سىياسىي تۈس بېرىپ باشقىلارنى ھوركۇتۇش توغرا ئىلمىي پوزىتسىيە ئەمەس، شۇنى بىلىش كېرەككى، ماركسىزم ئۆلۈك قېلىپ ئەمەس، ئۇ ھەرىكەتتىكى، راۋاجلىنىۋاتقان بىر نەزەرىيىۋى سىستېما.

سىدىقھاجى يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «‹كلاسسىك› ئەدەبىياتقا بۇ كۆز قاراشلار بويىچە مۇئامىلە قىلساق، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئىنتايىن كۆپ ئىجاد قىلىنغانلىقىنى، لېكىن ئۇنداق مۇھىتتا ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ، ئەدەبىي قاراشلارنىڭ، بولۇپمۇ ئەدەبىي تەنقىدنىڭ تېخى تۆرەلمىگەنلىكىنى بايقايمىز.» ئاپتورنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئەدەبىياتشۇناسلىققا ئائىت ئەسەرلەرنىڭ خېلىلا نۇرغۇنلىقىنى بىلمەيدىغانلىقى ئۇنىڭ بۇ بايانلىرىدىن مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ. ئۆزىگە خاس پەلسەپىۋى سىستېما ياراتقان ئۇيغۇر قارلۇق ئالىمى فارابىنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرى ۋە ئەدەبىيات قاراشلىرى بايان قىلىنغان «شېئىرىيەت قانۇنلىرى ھەققىدىكى رىسالە»، «شېئىرىيەت ئىلمى توغرىسىدا كىتاب»، «شېئىر ۋە قاپىيە توغرىسىدا»، «رىتورىكا توغرىسىدا سەدرە كىتاب» قاتارلىق نادىر ئەسەرلىرى ۋە مويسىپىت شائىر ئەلىشىر ناۋائىينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيالىق 355 نەپەر ئەدىب ۋە ئالىمغا باھا بەرگەن «مەجالىسۇن نەفائىس»، شېئىرىيەت نەزەرىيىسىگە ئائىت ئەسەر «مىزانول ئەۋزەن» (ۋەزىنلەر ئۆلچىمى) ۋە تۈركىي ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىپادىلەش كۈچى پارس تىلىغا سېلىشتۇرۇپ بايان قىلىنغان «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» (ئىككى تىل ھەققىدە مۇھاكىمە) قاتارلىق ئەسەرلىرى ھەم ئۇلۇغ ئالىم، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى شېئىر ۋە شائىرغا ئائىت بايانلىرى كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى ئەدەبىياتشۇناسلىققا ئائىت مەشھۇر ئەسەرلەردۇر. بۇلارنى ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە، ئەدەبىي تەنقىدكە ئائىت ئەسەر دېگىلى بولمامدۇ؟ بىز كۆزىمىزنى

يۇمۇشلىپلا «كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزغا نەزەر سالساق تىپىك ئەدەبىي تەنقىدنىڭ تۆرەلمىگەنلىكىنى بايقايمىز» دەۋەرسەك، پاكىت ئالدىدا مات بولۇپ قالىمىز. مەن ئاپتورنىڭ يۇقىرىقى قارىشىدىن ئۇنىڭ «كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىيات ئەنئەنىسى» دېگەن ماۋزۇلاردا سۆز ئېچىشقا تېخى بالدۇر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

سىدىقھاجى روزى ماقالىسىدا يەنە مۇنداق يازىدۇ: «بەزىلەرنىڭ ‹ئەدەبىيات غەيرىي ئەقلىيلىك› دېگەن قاراشلىرىنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ. ئەدەبىيات ئەنئەنىسىنىڭ ھەرىكىتىدىن قارىغاندا ئۇ ھەم ئەقلىي، ھەم ھېسسىيات ھەرىكىتى». ئاپتورنىڭ ئەدەبىيات ھەققىدىكى بۇ مۇتىدىل چۈشەنچىسى ئۇنىڭ «ھېسسىياتنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن ئەقىل ـ ئىدراكنىڭ تەرەققىي قىلماسلىقى ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ قارشىلىق دەل مەدەنىيەت بىلەن مەرىپەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرىقتۇر» دېگەن چۈشەنچىسى بىلەن زىت بولۇپ قالغان. مانا مۇشۇنداق مەنتىقىلىق زىددىيەتلەر، چالا چۈشەنچىلەر، تومتاق قاراشلار، مۇتلەق بايانلار، مۇجمەل ئۇقۇملار سىدىقھاجى روزىنىڭ بۇ ماقالىسىنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكىدۇر.

ئاپتورنىڭ بۇ ماقالىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن مەن مۇئەللىپنىڭ زادى قايسى مەسىلىنى نۇقتىلىق ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقانلىقىنىمۇ ھېچ ئاڭقىرالمىدىم.

ئاپتور ماڭا ھارۋىنى قۇرۇق ھالەتتە تاراقشىتىپ ئېلىپ قېچىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. مەن ئاپتورنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ۋەزنى ئېغىرراق ماقالىلارنى يېزىپ، جىددىي كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە ۋە تەنقىد قىلىشقا ئەرزىيدىغان نازۇكراق مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

(بۇ ماقالە «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» نىڭ 1993 ـ يىل 20 ـ ئۆكتەبىر ساندا ئېلان قىلىنغان)

# «چۈشا مىجەز تەنقىدچىلىك» توغرىسىدا

سەنئەتنىڭ ئۆز ساپلىقىنى ئىزدەش سەپىرى ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىنى ئىزدەش سەپىرىگە ئوخشاشلا مۇشكۈللۈك بىلەن تولغان ئۇلۇغۋار سەپەر. ئۇ ئۆزىنىڭ سەلتەنەتلىك ۋە ئازابلىق مۇساپىسىدە گاھىدا زالىملارنىڭ زۇلمەتلىك «ئالتۇن قەپەز» لىرىگە بەنت قىلىنسا، گاھىدا ئىلاھىيەتنىڭ قارا دارىغا ئېسىلدى. گاھىدا جەڭ ئاتلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق كىشنەشلىرى، نەيزە - قالقانلارنىڭ جاراڭ - جۇرۇڭلىرى ۋە ئاچ - يالىڭاچلارنىڭ مۇڭ - زارى بىلەن تولغان قاباھەتلىك ئاسمان ئاستىدا ئىگە - چاقىسىز تېڭىرقاپ يۈرگەن بولسا، گاھىدا ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ياۋايى كۈچ بىلەن غالجىرانە ئەلپازدا غايىۋى مەنزىللەرگە قاراپ پەرۋاز قىلدى. ئۇنىڭ دەل مۇشۇنداق مىنۇتلاردىكى سېھرىي قۇدرىتى ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ يۈكسەك ئېستېتىك مەنىگە چۆمگەن پارلاق سەھىپىلىرىنى ئاچتى. ئازاب دەشتلىرىدە تېنەپ يۈرگەن ئىنسانىيەت ئەنە شۇ مىنۇتلاردا ياش يۇقى كۆزىدىكى سۇس كۈلۈمسىرەشنى، لەۋلىرىدە يۈگۈرۈپ يۈرگەن مەغرۇر تەبەسسۇمنى ھېس قىلدى. ئىنسان ئۇچۇن تۇتىيا سانالمىش مۇشۇنداق بىباھا دەقىقىلەردە ھەر بىر ۋۇجۇد نۇردەك يەڭگىل ۋە پاك بولغان ئىلاھىي روھ بىلەن ئۇچرىشىپ پارلاش مۇمكىنچىلىكىگە مۇيەسسەر بولىدۇ. ئاھ، ئىنساننى ئۆز - ئۆزىگە تونۇتۇشنىڭ ئۇلۇغۋار ئۇزۇن سەپىرىگە ئاتلانغان مۇقەددەس سەنئەت! ئۇششاق - چۈششەك ئەرزىمەس غايىلەر بىلەن چاكىنا مەقسەت لەشلىرى قانات - قۇيرۇقلىرىڭغا چاپلاشمىسىكەن. . .

سەنئەت بىلەن پاك ھالەتتە مۇناسىۋەت ئورنىتىش بىزنىڭ ۋىجدا-

نى بۇرچىمىز. شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، قەلبىمىزنى سەنئەتكە بولغان ساپ مۇھەببەت چىرمىغان ھالەتتە سادىر قىلغان بەزى خاتالىق ۋە سەۋەنلىكلىرىمىز، شۈبھىسىزكى، گۈزەل خاتالىق ۋە ئوماق سەۋەنلىك ھېسابلىنىدۇ. ئەكسىچە ھالدا ئۆتكۈزگەن خاتالىق ۋە سەۋەنلىكلىرىمىز سەنئەت پەرىسىنىڭ يۈزىگە يۇندا چېچىش ھېسابلىنىدۇ.

ئىنسان قەلبىگە يول ئېچىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى پاتقاقتا پاتۇرۇپ قويۇۋاتقان ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ مەسىلىلەرنىڭ سارالڭ خوتۇننىڭ يىلىلاپ تارغاق كۆرمىگەن چېچىدەك چىگىشلىشىپ كەتكەنلىكى ھەممىگە ئايان. بۇ بىر ئېچىنىشلىق قىسمەت. مىللىي مەدەنىيەت پىسخىكىمىزنى ئۆزۈل - كېسىل يېڭىلىماي تۇرۇپ، بۇ قىسمەتنى ئۆزگەرتىشتىن سۆز ئېچىش بەكمۇ مۇشكۈل. بىزنى تېخىمۇ ئېچىندۇرىدىغان يېرى شۇكى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدا خېلى نامى بار بەزى تەنقىدچىلىرىمىز بۇ قىسمەتتىن زارلانغان، بۇ رېئاللىقنى ئۆزگەرتىشكە نىيەت باغلىغان ھالەتتە ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقاندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئەتۇر ھالدا تېخىمۇ مۇجمەل چىگىشلىكلەرنى پەيدا قىلماقتا. مەن بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن سىدىقھاجى روزىنىڭ ئەدەبىي تەنقىد پائالىيىتىگە نەزىرىمنى بىر ئاغدۇرۇپ باقاي.

يېقىنقى بىر - ئىككى ئاي ئىچىدە سىدىقھاجى روزىنىڭ «ئەدەبىيات قوشۇنى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى بەزى مەسىلىلەر»، «چوقۇنۇش ۋە كۆچۈرۈش»، «‹كۈس - كۈس كۆۋرۈكى› دىكى پاراڭلار»، «بېدىلىكتىكى سېرىق ئوتنىڭ يىلتىزى نەدە؟» ناملىق تۆت پارچە ماقالىسى «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئاسىيا كىندىكى گېزىتى ۋە «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» دە ئېلان قىلىندى. مەن بۇ ماقالىلەرنى ئوقۇپ بەزى جايلىرىنى ياقتۇرغان بولسامۇ، مۇتلەق كۆپ قىسىم جايلىرىنى پەقەتلا ياقتۇرمىدىم. ياقتۇرمىغان جايلار ھەققىدىكى تەسىراتىم تۆۋەندىكىچە:

مېنىڭچە بۇ ماقالىلەردە شەخسىي ئۆچ ـ ئاداۋەت پۇرىقى ناھايىتى
قويۇق. گەرچە سىدىقھاجى روزى ئۆزى «ئەدەبىيات قوشۇنى ۋە ئەدەبىي
تەنقىدچىلىكتىكى بەزى مەسىلىلەر» دېگەن ماقالىسىدا: «ئەدەبىي تەن-
قىد ئەدەبىيات ساھەسىدە نەزەرىيىۋى قورال ئىدى» دېگەن بولسىمۇ،
شۇنداقلا «ئوبزورچى قەلبىنىڭ ھودۇقۇش ئىچىدىكى ئىزھارى» دې-
گەن ماقالىسىدە «فېئودال ئۇرۇقداشلىق، تەلۋە يۇرتۋازلىق، ئەسە-
بىي مەزھەپچىلىك ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا سەلبىي
تەسىر كۆرسەتتى» دەپ ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۆز ئەمەلىيىتىدە
بۇ نۇقتىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىپ كەلدى. ھەممىگە ئايان، سىدىقھا-
جى روزى 5 ـ 6 يىل ئىلگىرى «تارىم» ژۇرنىلىدا «ئۇستىلىق بىلەن
كۆچۈرۈۋېلىشمۇ ياكى تالانتنىڭ مەھسۇلىمۇ؟» دېگەن ماقالىسىنى
ئېلان قىلىپ شائىر ئارسلاننىڭ «يۇلتۇزلار يۇرتى»، «ئاھ، مېنىڭ
خەلقىم» ناملىق داستانلىرىنى باشقىلاردىن ۋە ئۆزى ئۆزىنىڭكىدىن
«ئۇستىلىق بىلەن كۆچۈرۈش» دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇ يىل يەنە
جىياڭ زېمىنىنىڭ مەملىكەتلىك تەشۋىقات، ئىدىيە خىزمىتى يىغىنىدا
سۆزلەنگەن سۆزىنى ۋە بۇنىڭغا ئالاقىدار ماقالىلەرنى ئوقۇغاندىن كې-
يىن قايتا ئىلھاملىنىپ يازغان بىر نەچچە پارچە ماقالىسىدە ئارسلاننى
«ئۆمەر ھەييامنىڭ ئىزىدىن قوغلاپ» كۆچۈرگەن، ئۆزىنىڭ «يۇلتۇز-
لار يۇرتى» داستانىدىن ئۆزى كۆچۈرگەن، دېگەن مەسىلىنى كۆتۈرۈپ
چىقتى. توۋا دېمەي تۇرالمايمەن. ئەگەر مەتبۇئات ئورۇنلىرى «يېشىل
چىراغ» يېقىپ بېرىدىغان بولسا، سىدىقھاجى ئۆز ئۆمرىنى ئارسلاننىڭ
«كۆچۈرمىچىلىكى»نى ئىسپاتلايدىغان ماقالىلەرنى يېزىشقا بېغىشلاي-
دىغان ئوخشايدۇ. كۆچۈرمىچىلىكتىن، تېما تەكرارلىقىدىن زارلى-
نىپ ئوتتۇرىغا چىققان بۇ تەنقىدچىنىڭ بىر نەچچە پارچە ماقالىسىدە
6 ـ 7 يىللاپ تەكرار بىر مەسىلىنى سۆرەپ يۈرۈشى كىشىگە غەلىتە
تۇيۇلىدىكەن ياكى بۇ تەنقىدچىنىڭ «ئارسلانشۇناسلىق» نىڭ باشلامچى-
سى بولۇش غايىسى بارمىكىن؟ «ئارسلاننىڭ ‹يۇلتۇزلار يۇرتى›،

‹ئاھ، مېنىڭ خەلقىم›، ‹زېمىن ئەركىسى› قاتارلىق شېئىر، داستانلىرىنى ۋە مۇنداق كۆچۈرمىكەشلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى تولۇق سېلىشتۇرۇشقا نەدە ۋاقىت» دەپ ئېيتقان بۇ تەنقىدچىنىڭ ئۆز ئەمەلىيىتىگە زىت كېلىدىغان سۆزلىرى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. 6 ـ 7 يىل ۋاقىتنى بىر ئەرزىمەس مەسىلىگە سەرپ قىلىش بۇ تەنقىدچىگە ئازلىق قىلامدىغاندۇ؟ توغرا، ئىجادىيەتتىكى كۆچۈرمىچىلىك، تەكرارلاش ھادىسىلىرى ئەدەبىي تەنقىدنىڭ تەنقىدلەش ئوبيېكتى بولۇشى كېرەك. لېكىن ئەدەبىياتىمىزدىكى تەنقىدلەشكە تېگىشلىك ئىنتايىن مۇھىم مەسىلىلەر تولۇپ ياتقان ئەھۋالدا بىر ئىككى يازغۇچى ـ شائىرغا نەچچە يىللاپ ئېسىلىۋېلىپ «كۆچۈرمىكەش» دەپ ئىسپاتلاپ چىقىشقا ئۇرۇنۇش ئانچە ئەرزىمەيدىغان ئىش. مېنىڭچە ھەقىقىي تەنقىدچى ئېتىقاد ۋە مەسلەك نۇقتىسىدىن قولىغا قەلەم ئېلىشى كېرەك. سىدىقھاجىنىڭ نەچچە يىللاپ تالىشىۋاتقىنى ھەرگىزمۇ ئېتىقاد ۋە مەسلەك مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى چاكىنا ئۆچمەنلىك، شەخسىي ئاداۋەت نۇقتىسىدىن زەربە بېرىش ھەرىكىتى. ئەگەر سىدىقھاجى چوڭقۇر مىللىي ئېتىقاد، ساپ سەنئەت غۇرۇرىغا ئىگە بىر تەنقىدچى بولغاندا ئىدى، ھېچقانچە ئەھمىيىتى يوق ئەرزىمەس مەسىلىلەرنى جاھىللىق بىلەن يېزىپ يۈرمىگەن بولاتتى. سىدىقھاجى زېرىككەن، ئاچچىقلانغان، تەنقىد قىلغان كۆچۈرمىچىلىك بىلەن تېما تەكرارلاش ھادىسىسى باشقىلار بايقىمىغان مەسىلە ئەمەس. بۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بىر ئومۇمىي كېسەل.

بىز ئىمانى پاكىز شائىر تاھىر تالىپنىڭ شېئرىيەت ھاياتىدىكى تاسادىپىي مۇۋەپپەقىيىتى بولغان «چۈنكى مەن ئادەم» دېگەن شېئىرىنىڭ قانچىلىغان شېئىر ھەۋەسكارلىرى ۋە بەزى شائىرلىرىمىزنىڭ ئىجادىيىتىگە يېڭى قان بەرگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشىغا ۋە پىكىر قىلىش كۆچىگە قانچىلىك تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى، بۇ شېئىردىكى ھېسسىيات ۋە پىكىرنىڭ باشقىلارنىڭ قەلىمىدە قانچە

قېتىم تەكرارلانغانلىقىنى، قانداق تەقلىد قىلىنغانلىقىنى بىرەر قۇر ئەسلەپ باقىدىغان بولساقلا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ سۈپىتىگە ۋە شائىرلىرىمىزنىڭ ساپاسىغا ھۆكۈم قىلالايمىز.

بۇ شېئىر 1980 ـ يىللارنىڭ بېشىدا تۇنجى قېتىم «قەشقەر ئەدەبىياتى» دا ئېلان قىلىنغاندا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان شېئىر ھەۋاسكارلىرىدىن مۇتەللىپ مۇھەممەد خۇرسەندى «مەن مىسالى غىلاپسىز خەنجەر» دېگەن شېئىرىنى، ئۆمەر مۇھەممەد ئىمىن «لەپىلدەيدۇ دىلدا غۇرۇر بايرىقىم» دېگەن شېئىرىنى، ئابابەكرى تۇيغۇن «مەن مىسالى بوران بالىسى» دېگەن شېئىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىشقانىدى. ھەۋەسكار شائىرلارغا نىسبەتەن بۇنداق تەقلىد قىلىش نورمال ھادىسە بولسىمۇ، لېكىن، ئاتىقى چىققان شائىرلارغا نىسبەتەن بۇنداق تەقلىدىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش قاملاشمىغان ئىش ھېسابلىنىدۇ. لېكىن خېلى نامى بار شائىرلىرىمىزمۇ بۇنداق تەقلىد قىلىش، باشقىلارنىڭ شېئىرىدىكى پىكىر ۋە ھېسسىياتنى تەكرارلاشتىن خالىي بولالمىدى. مەسىلەن: شائىر ئوسمانجان ساۋۇت تاھىر تالىپنىڭ ئاشۇ بىر پارچە شېئىرىنىڭ تەسىرىدىن ھېلىغىچە قۇتۇلالىغىنى يوق، ئوسمانجان ساۋۇت تاھىر تالىپنىڭ «چۈنكى مەن ئادەم» دېگەن شېئىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئارقا ـ ئارقىدىن «مېنىڭ ياشاش لوگىكام»، «تاشنى تېشەر نەزەر بىلەن ياشايمەن» دېگەندەك تېمىدا بىر تۈركۈم شېئىرلارنى ئېلان قىلدى. ھەتتا 1990 ـ يىللارغا كەلگەندىمۇ يەنە مۇشۇ شېئىرلىرىدىكى پىكىرلىرىنى تەكرارلىدى. مەسىلەن، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1991 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىكى ئەدەبىيات بېتىدە ئېلان قىلىنغان «قۇياشتىكى سادالار» ناملىق شېئىرىدا يۇقىرىقى شېئىرلىرىدىكى قەسەم ۋە ۋەدىلەرنى يەنە تەكرارلىدى. تۆۋەندىكى بۇ بىر كۇپلېتنى كۆرۈپ باقايلى:

ئوتتەك يېنىپ، لاۋۇلداپ، نۇردەك پارلاپ ئۆتىمەن،

www.uyghurkitap.com

يېنىش، پارلاش، لاۋۇلداش ئەسلى مېنىڭ ئەقىدەم.
ھەر ئۆي ئۈچۈن ھەمىشە شېۋە قەدر كۈتمەن،
بۇ نىيەتتىن بەزگەن چاغ — مېنىڭ ئەجەل دەقىقەم.

بىز بەزىلەرنىڭ نەزەرىدە يۇقىرى ئورنى بار شائىر مۇھەممەدجان سادىقنىڭ «چۈنكى مەن ئادەم» دېگەن شېئىرنى ئەينەن كۆچۈرۈۋالغاندەكلا يېزىپ چىققان «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەت گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «ئادەممەن، يۈرىكى بار» دېگەن شېئىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

«ئادەممەن، ھېسسىياتلىق دىل - يۈرىكى بار.»
«ئادەممەن، ھېسسىياتلىق دىل - يۈرىكى بار،
ئار - نومۇس ئىچىدە ئاققان قىزىل قان.
ئېيتقىنا ھايۋاندىن بولامدۇ پەرقىم،
بولمىسا مېنىڭدە غۇرۇر ۋە ئىمان...»
«ئەمەسمەن تاش ياكى ياسالغان ھەيكەل،
ئادەممەن، ۋىجدانلىق دىل - يۈرىكى بار!»

بىز بۇ مىسرالارنى ئوقۇغىنىمىزدا «چۈنكى مەن ئادەم» دېگەن شېئىردىكى مىسرالار بىلەن نەقەدەر ئوخشاشلىقىنى ھېس قىلىمىز. يەنە مىسال كەلتۈرۈۋېرىشنىڭ ھاجىتى قالمىغان بولسا كېرەك.

مەن بۇ يەردە يېڭى چۈشىنىشمەسلىكتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ ئارسلاننىڭ ئىجادىيىتىگە بولغان قارىشىمنى قىستۇرۇپ ئۆتەي، مېنىڭچە ئارسلان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى سەھىپە بەرمەي ئۆتەلمەيدىغان شائىرلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ 1980 - يىللارنىڭ بېشىدىكى بىر قىسىم شېئىر - داستانلىرى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە يېڭى رەڭ بەرگەنىدى. شۇ يىللاردا ئۇنىڭ قەلىمىدە قان ھىدى قويۇق ئىدى. 1980 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئۇنىڭ قەلىمىدىن سىياھ پۇرىقى كېلىدىغان بولۇپ قالدى. بۈگۈنكى كۈندە ئارسلانغا بولغان قىزىقىش كىتابخانلار ئارىسىدا پۈتۈنلەي يوقالدى دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇنىڭ نامىنى پەقەت سىدىقهاجىلا كىتابخانىلارنىڭ ئېسىگە سېلىپ تۇرۇۋاتىدۇ، خالاس.

سىدىقهاجى روزى ئىزچىل ھالدا نامىنى بەزىدە ئاتاپ، بەزىدە ئاتىماي تەنقىدلەپ كېلىۋاتقان قەلەم ئىگىلىرىنىڭ بىرى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەد ئىمىن. مەن سىدىقهاجى روزىنىڭ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەد ئىمىننىڭ «قارلىق تاغ شەجەرىسى» ناملىق داستانىنى تەنقىدلەپ يازغان «تىل ‹بۇزۇلسا بۇزۇلسۇن›، ۋەزىن ‹بۇزۇلمىسۇن›» دېگەن تەنقىدىي ماقالىسىنى نورمال تەنقىد، دەپ قارايمەن، چۈنكى ھەر قانداق ئەدەبىي ئەسەر ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئوبيېكتى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن سىدىقهاجى روزىنىڭ «ئوبزورچى قەلبىنىڭ ھودۇقۇش ئىچى-دىكى ئىزهارى» دېگەن ماقالىسىدە ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەد ئىمىننى «‹مەدەنىيەت› دېگەن ئۇقۇم توغرىسىدا ئەقەللىي ساۋاتقا ئىگە بولماي تۇرۇپ، ‹ئارىلاشما مەدەنىيەت نەزەرىيىسى› نى بازارغا سېلىۋاتىدۇ» دەپ تەنقىدلىشى لىللا بولماي قالغان. سىدىقهاجى روزىنىڭ نەزىرىدە «مەدەنىيەت دېگەن ئەقەللىي ئۇقۇمنى بىلمەيدىغان» بۇ ئادەم مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى باشقىلار ئالدىراپ چىش پاتۇ-رالمايدىغان ئەڭ ئېغىر تېمىلاردا خاس ئەسەرلەرنى يېزىپ بىزگە تەقدىم قىلىۋاتقان ھەقىقىي ئالىم. بىز ئادەمگە مۇئامىلە قىلىشتا سەل ئاقىلانىراق بولايلى. قۇلىقىمىزغا ئەمەس، كۆزىمىزگە ئىشىنەيلى، فارابى ھەققىدە باشقىلارنىڭ ھازىرغىچە تېخى ئالىقانچىلىك ئىلمىي ماقالە يېزىپ چىقالمىغانلىقىغا، ئېستېتىكا ھەققىدە تۈزۈكرەك بىر پارچە ئىلمىي ماقالە يېزىپ چىقالمىغانلىقىغا، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە بىرەر پارچە سىستېمىلىق ئەسەر يېزىپ چىقالمىغانلى-قىغا قاراپ باقايلى. بۇ تېمىلاردا پەقەت ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەد ئىمىن-نىڭلا خاس ئەسەرلىرى بار. قىسقىسى، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەد ئىمىن ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى، ئۇيغۇر ئېستېتىكا تارىخى ۋە ئۇيغۇر مۇقامل-رى تەتقىقاتىدا ياراتقان پەللىنى تېخى ئارىمىزدىن چىقىپ يېڭىلىيال-

غان بىرەر ئالىم يوق. بۇ پەللىنى يەنىلا تېخى ئاشۇ «ساۋاتسىز» ئالىم ئۆزى يېڭىلاپ بېرىۋاتىدۇ ياكى بۇ «ساۋاتسىز» ئالىم باشقىلارنىڭكىنى ئوغرىلاۋاتامدىغاندۇ؟ مەن سىدىقھاجىنىڭ بۇ «گۇمانلىق دېلو»نى ئىنقلاپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بىز بەزى كىشىلەرنىڭ «ئۇيغۇر ئالىم، مۇتەخەسسىسلىرى» دېگەن سۆزلەرنى كۆپ ئىشلەتكىنىگە قاراپ ئالىملىرىمىز كۆپ ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالمايلى. ئەگەر قاتتىقراق تەلەپ بىلەن ئۆلچەيدىغان بولساق ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلىرىمىزنى يىغىپ كەلسە بىر مىنىبۇس توشمايدۇ. زەلىلى: «خالايىقنىڭ كۆزىدە پەردە ـ غەپلەت، نۇر ئايان بولماس!» دەپ ئېيتقاندەك، خامۇشلارچە، ھاماقەتلەرچە ياشاۋەرمەيلى، مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرەيلى. پەرق تۇيغۇسى خۇنۇك مىللەت كۆپ ھاللاردا مەشئەل كۆتۈرگەن ئوغلانلىرىنىڭ بويىنىغا سىرتماق سېلىشتەك خاتالىقنى تولا تەكرارلايدۇ.

بىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىنىدەك نەزەرىيىۋى تەپەككۇرى كۈچلۈك، ئىزدىنىش روھىغا باي، ئىلىم ساھەسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن بىر ئالىمنى «مەدەنىيەت» دېگەن ئۇقۇم توغرىسىدا ساۋادى يوق دەپ تەنقىدلىگەن سىدىقھاجى روزىنىڭ ساۋادىنى بىر تەكشۈرۈپ كۆرەيلى: «تەنقىد ئېڭىمىز تەرەققىي قىلغان بولسا، ‹ئىنجىل قىسسىلىرى› نى تەرجىمە قىلدۇرۇپ ئېلان قىلىپ، دۆلەتنىڭ خىراجىتىنى ۋە ژۇرنالنىڭ ئاق بەتلىرىنى ئىسراپ قىلمىغان بولاتتۇق». مانا بۇ سىدىقھاجىنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولغان «ئىنجىل» غا تۇتقان پوزىتسىيىسى. بىز بۇنىڭدىن بۇ خۇدنى بىلمەيدىغان كالتە پەم، تار نەزەر، يەڭگىلتەك، پەرق ئېتىش ئىقتىدارى تۆۋەن، تەنقىد ئوبيېكتىنى تاللىيالمايدىغان ، قىساسخور ، مەنمەنچى ئوبزورچىنىڭ «مەدەنىيەت» دېگەن ئۇقۇم توغرىسىدىكى ساۋادىنىڭ قانچىلىكلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۆز نۆۋىتىدە شۇنىمۇ ئېيتىپ قويۇش زۆرۈركى، ئىنجادىيەتتە

ئۆزىنىڭ پىكرىنى ئۆزى تەكرارلاشقا بەكمۇ ئۆچ قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىققان بۇ تەنقىدچى ئۆزىمۇ دەل شۇ خاتالىقتىن خالىي بولالمىغان. مەسىلەن، ئۇ «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1992 - يىلى 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىكى «گۈلشەن» بېتىدە ئېلان قىلغان «كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىيات ئەنئەنىسى» ناملىق ماقالىسىدە: «‹كلاسسىك› ئەدەبىياتقا بۇ قاراشلار بويىچە مۇئامىلە قىلساق، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئىنتايىن كۆپ ئىجاد قىلىنغانلىقىنى، لېكىن ئۇنداق مۇھىتتا ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ، ئەدەبىي قاراشلارنىڭ، بولۇپمۇ ئەدەبىي تەنقىدنىڭ تېخى تۆرەلمىگەنلىكىنى بايقايمىز.» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان چۈشەنچىسىنى 1994 - يىلى 2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلغان «ئەدەبىيات قوشۇنى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى بەزى مەسىلىلەر» دېگەن ماقالىسىدە: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئەنئەنىسىدىن ئېيتقاندا پوئېزىيە تەرەققىي قىلغان، نەزەرىيىچىلىك تەرەققىي قىلمىغان» دېگەن جۈملىلەردە يەنە تەكرارلىغان. سىدىقهاجىنىڭ پولاتتەك قاتتىق ئىجادىيەت غۇرۇرى بۇنداق ئۆزىنىڭ گېپىنى ئۆزى تەكرارلايدىغان ھادىسىگە ھەرگىز يول قويمايتتى، بىراق شەيتان ئازدۇرغان بولۇشى مۇمكىن. «پۇل ئۈچۈن بىر - بىرىنى ئالدايدىغان ئىش تۇرمۇشتا ھەر يەردە ئۇچراپ تۇرىدۇ. لېكىن ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ قاپىيىسىنى ئۆزگەرتىپ قايتا ئېلان قىلىپ، پۇل ئۈچۈن مىللەتنىڭ ئېستېتىك تەلىپىنى ئالدايدىغان ئىش ئەدەبىيات تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان» دەپ باشقىلارنىڭ «چاۋىسىنى چىتقا يېيىۋەتكەن» سىدىقهاجى بىر پىكرىنى جۈملە شەكلىنى ئۆزگەرتىپ قايتا ئېلان قىلىشىنىمۇ «چوڭ ئالدامچىلىق» ھېسابلامدىغاندۇ؟ ياكى بۇ تاسادىپىيلىقمىدۇ؟

مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ئەدەبىي تەنقىدچى بولغان كىشى بولۇپمۇ ئۇيغۇرلاردەك بىر پەۋقۇلئاددە قىسمەتكە دۇچار بولغان خەلقنىڭ ئەدەبىياتىنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىسى بولغان كىشى ئىجادىيەتتىكى

ئۇششاق ـ چۈششەك خاتالىقلار ئۈستىدە داۋاملىق ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىپ داۋراڭخولۇق قىلىپ يۈرمەسلىكى كېرەك. مەن بۇ مەسىلىدە سىدىقھاجى روزى ئۆزى «‹كۈس ـ كۈس كۆۋرۈكى› دىكى كەچكى پاراڭلار» دېگەن ماقالىسىدە كۆرسەتكەندەك: «ھەر قانداق كىشىنىڭ خاتالىقى (بۇ جۈملە ئەسلى «ئادەمنىڭ ھەر قانداق بىر خاتالىقى» دەپ ئېلىنغان بولسا توغرا بولاتتى) ئۇنتۇشتىن — كىملىكىنى، نەسلىنى، مەدەنىيىتىنىڭ روھىنى، ئۆزگە قايتىش ۋە ئۆزىنى تونۇشنى ئۇنتۇپ قېلىشتىن يارالغان خاتالىقنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ» دەپ قاراپ، ئىجادىيىتىدە دەل مۇشۇنداق ئېغىر خاتالىق سادىر قىلىۋاتقان يازغۇچى ـ شائىرلارنى نەپرەت بىلەن تەنقىد قىلىشنى تەشەببۇس قىلىمەن. سىدىقھاجىنىڭ ئۆزىنىڭمۇ تەنقىدچىلىك ئەمەلىيىتىدە مۇشۇ نۇقتىغا بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئەمەل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە تەنقىد نەزىرىنى ئەرزىمەيدىغان مەسىلىلەرگە ئاغدۇرۇپ، چوڭ مەسىلىلەرگە سەل قاراشقا بولمايدۇ. بىرەر ئەسەر ئۈستىدە سىستېمىلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزمەي، ئۇنىڭ بىر مىسراسىنى، بۇنىڭ بىر مىسراسىنى تەنقىدلەپ، تەنقىدنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، «چۈسا مىجەز تەنقىدچىلىك» بىلەن شۇغۇللىنىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. بۇنداق قىلىش خاتا ھېسابلانمىسىمۇ، لېكىن ئەھمىيىتى يوق.

گەرچە سىدىقھاجى روزى «‹كۈس ـ كۈس كۆۋرۈكى› دىكى كەچكى پاراڭلار» دېگەن ماقالىسىدە بىز قىممىتى بار دەپ ھېسابلايدىغان بىر تېمىغا كۆڭۈل بۆلگەن بولسىمۇ، لېكىن تەنقىدچىنىڭ پىكىر قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىقىدىن ئەپسۇسلىنىپ قالدىم. سىدىقھاجى روزى «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەدىبلىرى» نى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ رېئال ھاياتىغا، ئۇلارنىڭ ئازابىغا سەل قارىدى، ئۇنى يېزىشتىن باش تارتتى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى يېزىشقا توغرا كەلسە پەردازلاپ، رەڭ بېرىپ يازدى، دەپ خېلى ئاچچىق تەنقىدلىگەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ

«ئەدەبىياتتا دېھقانلارنىڭ ئازابىنى ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك» دېگەن ھاياجانلىق تەشەببۇسى ماڭا بەك ئادەتتىكىچە تۇيۇلدى. مېنىڭچە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ھازىرقى ئەڭ مۇھىم مەسىلە كىمنى يېزىش مەسىلىسى ئەمەس، نېمىنى يېزىش مەسىلىسىدىن ئىبارەت. ئىشچىنىڭ ئازابى، دېھقانىنىڭ ئازابى، سودىگەرنىڭ ئازابى، زىيالىيىنىڭ ئازابى دەيدىغان ئاتالما بىزنى قايمۇقتۇرۇپ قويماسلىقى كېرەك. شۇنى بىلىش كېرەككى، ھەممە ئازابنىڭ يىلتىزى پەقەت بىرلا. مانا بۇ بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ بىردىنبىر ئانا تېمىسى. كىمنى يېزىش يازغۇچىنىڭ ئەركىنلىكى، ئەمما نېمىنى يېزىش ئۇنىڭ ۋىجدانى بۇرچىغا باغلىق ئىش.

(بۇ ماقالە «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» نىڭ 1994 - يىل 23 - ئاپرېل سانىدا ئېلان قىلىنغان)

www.uyghurkitap.com

# ئامېرىكا نېگىرلىرىغا يىلتىزىنى تونۇتقان يازغۇچى

ئامېرىكىلىق مەشھۇر نېگىر يازغۇچى، «يىلتىز» قاتارلىق داڭلىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى ئالېكس خالېي 1992 - يىلى 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى يۈرەك كېسىلى سەۋەبىدىن ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ جاپا - مۇشەققەت، ئىزدىنىش، ئىجادىيەت ۋە شان - شۆھرەت بىلەن خاراكتېرلەنگەن هايات مۇساپىسى ئاخىرلاشتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئامېرىكىدىكى گېزىت - ژۇرناللار بەس - بەستە تەزىيە ماقالىلىرى ئېلان قىلىپ، «يىلتىز» ناملىق رومانى ئارقىلىق كىشىلەرگە كۆڭۈللۈك ۋە ئازابلىق ئەسلىمىلەرنى ئېلىپ كەلگەن، ئامېرىكا نېگىرلىرىغا يىلتىزىنى تونۇتقان بۇ مەشھۇر يازغۇچىنى خاتىرىلەشتى.

ئالېكس خالېينىڭ ئىسمى ئۇنىڭ «يىلتىز» ناملىق ئەسىرى بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، بۇ ئەسەر ئۇنىڭغا دۇنياۋى شۆھرەت ئېلىپ كەلگەن. ئۇ 1976 - يىلى نەشر قىلىنغان بۇ رومانىنى يېزىش ئۈچۈن 12 يىل ئىزدەنگەن، تارىخنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن ئافرىقا، ئەنگلىيە، ئامېرىكا قاتارلىق جايلاردا ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، نۇرغۇن ئارخىپ ۋە ماتېرىيال باشقۇرۇش ئورۇنلىرىغا بېرىپ ماتېرىيال كۆرگەن، ئەنگلىيىنىڭ لوندون شەھىرىدە ئەينى يىللاردىكى نېگىر قۇللارنى يۆتكەپ سېتىشقا ئائىت خاتىرە - ھۆججەتلەرنى تېپىپ ئوقۇغان. «يىلتىز» نەسەبنامە خاراكتېرلىك رومان بولسىمۇ، ئاپتور ئۇنى يېزىشتا نوقۇل تار دائىرە بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان، بەلكى ئىنتايىن كەڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ئاساسىدا بىر نەسەبنىڭ ئۈچ ئەسىرلىك

تارىخىنى، بىر جەمەت كىشىلەرىنىڭ ئافرىقىدىكى ئەركىن تۇرمۇشى، ئامېرىكىدىكى ئېچىنىشلىق قۇللۇق تۇرمۇشى ۋە ئاخىرىدا ئەركىنلىككە ئېرىشىش جەريانىنى ئىنچىكە ھەم بەكمۇ تەسىرلىك تەسۋىرلىگەن. پۇتكۇل ئامېرىكا نېگىرلىرىنىڭ ئۇزاققا سوزۇلغان ئىجتىمائىي بەختسىزلىكلىرى، مىللىي ئىزدىنىشلىرى، خورلۇققا، ھاقارەتكە تولغان ھايۋان كەبى تۇرمۇشى؛ ئىنسانىي ھوقۇقى، تاللاش ئەركىنلىكى بولمىغان ئېچىنىشلىق تەقدىرى؛ قۇللۇقنىڭ قارا زەنجىرىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئىنسانىي ئازادلىققا ئېرىشىش يولىدىكى ئىزدىنىشلىرى مۇجەسسەملەنگەن بۇ تارىخىي رومانىنىڭ ئېلان قىلىنىشى چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ۋە كەڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش بولۇپ قالغان.

ئامېرىكىدىكى ئاخبارات ساھەسى ۋە ئەدەبىي ئوبزور ساھەسىنىڭ «يىلتىز» ناملىق رومانغا بەرگەن باھاسى بىردەك ياخشى بولغاچقا، بىر يىلدىن كېيىن، يەنى 1977 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئامېرىكا دۆلەت كىتاب مۇكاپاتى كومىتېتى ھەممە كىشى كۆزىنى تىكىپ تۇرغان پرېست مۇكاپاتى تارىخ تۈرىنىڭ ئالاھىدە مۇكاپاتىنى «يىلتىز»غا بەرگەنلىكىنى ئېلان قىلغان. بۇنىڭ بىلەن خالېينىڭ ئامېرىكا ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئورنى مۇقىملاشقان.

بۇ رومان نەشر قىلىنىپ بىر يىلدىن كېيىن، ئامېرىكا رادىئو شىركىتى تەرىپىدىن ئەڭ تېز سۈرئەت بىلەن «يىلتىز» دېگەن نامدا تېلېۋىزىيە تىياتىرى قىلىپ ئىشلەنگەن. بۇ تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ قويۇلۇشى ئامېرىكا جەمئىيىتىدە تېخىمۇ كۈچلۈك زىلزىلە پەيدا قىلغان. ئامېرىكا نېگىرلىرى ئارىسىدا ئۆزىنىڭ مىللىي ئەنئەنىسىنى قەدىرلەش ۋە ئۇنىڭدىن ئېپتىخارلىنىش، ئىنسانىي غۇرۇرىنى ھەممىدىن ئۈستۈن كۆرۈش، ئەركىنلىكنىڭ قەدرىگە يېتىش، شىمالىي ئامېرىكىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا قوشقان تارىخىي تۆھپىسىدىن پەخىرلىنىش ھېسسىياتىنى قوزغىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر مەيدان «خالېي قىزغىنلىقى» ۋە «يىلتىزىنى ئىزدەش» قىزغىنلىقى ئەۋجىگە

چىقىپ، ئامېرىكىدىكى نېگىرلار ئارىسىدىلا ئەمەس، ئاق تەنلىكلەر ئارىسىدىمۇ «مەن كىم» تېمىسىدىكى ئىزدىنىش ئومۇملاشقان. كىشى-لەر بەس ـ بەس بىلەن ئارخىپ باشقۇرۇش ئورۇنلىرى ۋە ماتېرىيال ئورۇنلىرىغا بېرىپ ئۆزلىرىنىڭ يىلتىزى ۋە ئەجدادىغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەرنى ئىزدىگەن. ئالېكس خالىي ئاشۇ كۈنلەردە تەكلىپ بىلەن ئامېرىكىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي دېڭىز قىرغىقى بويلىرىغا بېرىپ نۇتۇق سۆزلىگەن. ھەر كۈنى تەخمىنەن 500 دىن ئارتۇق كىشىنىڭ خاتىرىسىگە ئىمزا قويۇپ بەرگەن. ھەر ھەپتىدە تونىنىلاپ خەت تاپشۇ-رۇۋالغان. نۇرغۇن كىتابخانىلار مەخسۇس خالېينىڭ ئەسەرلىرىنى ساتىدىغان پوكەي ئاچقان. تېخىمۇ قىزىقارلىقى شۇكى، «يىلتىز» دا تەسۋىرلەنگەن، نېگىرلارنىڭ توي قىلغان چاغدىكى سۈپۈرگىدىن ئاتلاشتەك ئافرىقىچە قەدىمىي ئادىتى ھازىرقى ئامېرىكا نېگىرلىرى توي قىلغان چاغدا تەقلىد قىلىدىغان ئۇسۇلغا ئايلىنىپ قالغان. ئەۋجىگە چىققان «يىلتىز» نى ئىزدەش قىزغىنلىقى ئالدىدا، خالېي نوپۇزلۇق ئەرباب سۈپىتىدە ھازىرقى زامان ئامېرىكا ياشلىرىنى ئۈچ ئىشنى قىلىشقا دەۋەت قىلغان. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، جەمەتىدىكى يېشى ئەڭ چوڭ ئادەمنى تېپىپ، ئۇلاردىن جەمەتىنىڭ تارىخىنى ئاڭلاش؛ ئىك-كىنچىسى، ئىشكاپ، ساندۇق، بالىخانا، گەمىلەرنى ئاختۇرۇپ سالام خەت ۋە باشقا خاتىرىلەرنى تېپىپ جەمەت تارىخىنى يېزىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنى جەمەتىدىكى ھەر بىر ئادەمگە بىر پارچىدىن سوۋغات قىلىش؛ ئۈچىنچىسى، جەمەتىدىكىلەرنىڭ يىغىلىشىنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇ-رۇش. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «قانداشلىق تۇيغۇسىنىڭ بىر تۈرلۈك سېھرىي كۈچى بار. . . يىغىلىش ئادەمگە جەمەتىنىڭ غەمخورلۇقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئىپتىخارلاندۇرىدۇ» . نەتىجىدە نۇرغۇن ئامېرىكىلىقلار ئۆزلىرىنىڭ جەمەت تارىخىنى يېزىشقا تۇتۇش قىلغان. «يىلتىز» قىزغىنلىقى ئامېرىكا ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ باشقا ساھە-لىرىگىمۇ يۆسۈپ كىرگەن.

يېڭى ئىدىيىۋى ئېقىمغا ئەزەلدىن سەزگۈر بولۇپ كەلگەن ئامېرىكا مائارىپ ساھەسىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا قالمىغان. ستاتىستىكىدىن قارىغاندا پۈتۈن ئامېرىكا بويىچە 270 تىن ئارتۇق ئالىي مەكتەپ «يىلتىز» نى ئالىي مەكتەپ دەرسلىكىگە كىرگۈزگەن، ھەتتا بىر قىسىم ئوتتۇرا مەكتەپلەرمۇ ئوقۇغۇچىلارغا «يىلتىز» دەرسىنى ئورۇنلاشتۇرغان. «يىلتىز» ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىدىكى زاتلارنىڭ ئېغىزدىن چۈشۈرمەيدىغان پارىڭىغا ئايلىنىپ قالغان. «يىلتىز»غا مۇناسىۋەتلىك خەلقئارا ساياھەت ئىشلىرىمۇ جانلىنىپ كەتكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئالېكس خالېينىڭ ئەجدادلىرى ياشىغان كەنت ــ ئافرىقىنىڭ گامبىيىدىكى چەت، قاقاس جۇفۇلى كەنتى بىر مەزگىل ساياھەت رايونىغا ئايلىنىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن «يىلتىز» قىزغىنلىقى تېزلىك بىلەن چەت ئەللەرگە تارالغان. بۇ ئەسەر ئىلگىرى ــ كېيىن بولۇپ 37 خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنغان. تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى كۆرگۈچىلەر بىر نەچچە مىليارد كىشىدىن ئېشىپ كەتكەن. «ۋاشىنگتون پوچتىسى» گېزىتىنىڭ بىر ئوبزورچىسى «يىلتىز» ناملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى ھەققىدە «‹يىلتىز› ئىرقىي مەدەنىيەتنىڭ خەندىكىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، پۈتۈن مەملىكەت تاماشىبىنلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى» دېگەن. «دەۋر ھەپتىلىك ژۇرنىلى» «يىلتىز» نىڭ نەشر قىلىنغانلىقى ۋە قويۇلغانلىقى «ئەدەبىيات، تېلېۋىزىيە ھادىسىسى» ۋە «جەمئىيەتشۇناسلىق ھادىسىسى» دەپ كۆرسەتكەن. مەلۇم بىر ئەدەبىي تەنقىدچى ئالېكس خالېي «ئامېرىكا نېگىرلىرىنىڭ سىمۋولى» بولۇپ قالدى دەپ ئاتىغان. «جەۋھەر» ژۇرنىلى ئالېكس خالېينى ئامېرىكىنىڭ «دۆلەت گۆھىرى» دەپ ئاتاپ، تېخىمۇ يۇقىرى باھا بەرگەن. بۇش زۇڭتۇڭ 1989 ــ يىلى ئۇنىڭغا ئامېرىكا دېڭىز مۇداپىئە قوشۇنى تەتقىقات ئاكادېمىيىسىنىڭ شەرەپ مېدالىنى بەرگەن. چۈنكى ئۇ، 1939 ــ يىلدىن 1959 ــ يىلغىچە 20 يىل ئامېرىكا دېڭىز مۇداپىئە قوشۇنىدا ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىگەن.

ئالېكس خالېي 1921 ـ يىلى تۇغۇلغان. گەرچە ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپ دىپلومى بولىسمۇ، قارا تەنلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەربىي پاراخوتتا ئۇزاق مۇددەت ئاشپەز بولۇپ ئىشلەشكە مەجبۇر بولغان، كېيىن ئۇ جاپالىق مەشىق قىلىش ئارقىلىق ئاخىرى مۇخبىر ۋە يازغۇچى بولۇپ، «بايۋەچچى» ، «تەرمىلەر» ژۇرناللىرىغا ماقالە ئەۋەتىپ تۇرغان. ئۇ بەزىدە نامراتلىشىپ ئۆي ئىجارىسىنى تۆلىيەلمەي قالغاندىمۇ، يەنىلا بوشاشماي يېزىقچىلىقنى داۋاملاشتۇرغان. ئۇ 1965 ـ يىلى «ماركوم ماكXنىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق تۇنجى كىتابىنى نەشر قىلدۇرغان. ئامېرىكا خەلق ھوقۇقى ھەرىكىتىنىڭ داھىيسى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئامېرىكىدىكى جارچىسى ماركوم ماكX بىلەن سۆھبەت ئاساسىدا يېزىلغان بۇ كىتاب 60 ـ يىللاردا ئامېرىكىدىكى ئەڭ بازارلىق كىتاب بولۇپ قالغان. دۇنيادىكى كۆپ خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇ «يىلتىز» دىن كېيىن يەر ئاستى تۆمۈريولىدىن قاچقان نېگىر قۇللارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «يەنە بىر خىل مىلاد بايرىمى» ناملىق رومانىنى نەشر قىلدۇرغان.

ئۇنىڭغا ئەڭ زور دۇنياۋى شۆھرەت ۋە ئامەت ئېلىپ كەلگىنى يەنىلا «يىلتىز» ناملىق رومان بولدى. ئۇ بىر كېچىدىلا مەشھۇر شەخسكە ۋە مىليونېرغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇنى نۇتۇق سۆزلەشكە تەكلىپ قىلغان تېلېگراممىلار ئۈزۈلمىدى. ئۇنىڭ ھەر قېتىملىق نۇتۇق ھەققى ئون نەچچە مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولدى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئەسىرى ئامېرىكا ئەدەبىيات تارىخى قامۇسىغا كىرگۈزۈلدى، «يىلتىز» دۇنيا ئەدەبىيات خەزىنىسىدىكى بىر نۇرلۇق مەرۋايىت بولۇپ قالدى. خۇددى «ۋاشىنگتون پوچتىسى» گېزىتىنىڭ بىر ئوبزورچىسى ئېيتقاندەك: «بەزىلەر تارىخنى كۆچۈرىدۇ. بەزىلەر تارىخنى يارىتىدۇ. ئالېكس خالېي بولسا تارىخنى كۆچۈرگەن ھەم ياراتقان ئادەم».

(بۇ ماقالە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1993 ـ يىل 5 ـ ئىيۇن سانىدا ئېلان قىلىنغان)

# ياشار كامال ۋە «مەمەت ئاۋاق»

ياشار كامال تۈركىيىنىڭ مۇشۇ ئەسىردىكى دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە مەشھۇر يازغۇچىلىرىنىڭ بىرى. ئۇ 1922 ـ يىلى ئادانا ئۆلكىسىنىڭ ئوسمانىيە ناھىيىسى گوكەچلى (مەمىتە) يېزىسىدا نامرات ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. بەش يېشىدا دادىسىدىن يېتىم قالغان. ئوتتۇرا مەكتەپتە پەقەت بىر يىللا ئوقۇپ، تىرىكچىلىك تۈپەيلى ئوقۇشتىن چېكىنگەن. ئۇ جان بېقىش ئۈچۈن زېمىندارلارنىڭ قورۇقلىرىدا يىللىقچى، پۇتۇكچى بولغان ھەم ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچى، غەۋۋاس، مىراپ، موزدۇر بولغان، كۆمۈر گازى شىركىتىدە خىزمەتچى بولۇپ ئىشلىگەن. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 40 خىلدىن ئارتۇق ئۇششاق كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان، كېيىن مۇخبىر بولۇپ يېزىقچىلىق ھاياتىنى باشلىغان.

ئۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا بەكمۇ باي تۇپراقتا ئۆسۈپ چوڭ بولغاچقا، ئەدەبىيات ساھەسىدىكى تۇنجى قەدىمىنى خەلق ئارىسىدىكى، بولۇپمۇ چوقۇر ئۇۋادىكى قوشاقلارنى توپلاپ، رەتلەپ نەشر قىلدۇرۇشتىن باشلىغان. 1942 ـ ۋە 1943 ـ يىلى ئىككى ناخشا ـ قوشاق توپلىمى نەشر قىلدۇرغان. بۇ جەرياندا ئۇ بەزى يازغۇچىلار بىلەن تونۇشقان ۋە ئۇلارنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، كامال سادىق گوكەچلى دېگەن نام بىلەن ئىستانبولدىكى گېزىت ـ ژۇرناللاردا شېئىر، ئەدەبىيات، ھېكايە ئېلان قىلىشقا باشلىغان.

1946 ـ يىلىدىن باشلاپ، ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە رەسمىي كىرىشكەن. ئۇنىڭ ئۆز يۇرتى چوقۇرئۇۋا ۋىلايىتىنىڭ ۋە تۇروس تاغلىق رايونىنىڭ ھەممە ئەھۋالىنى ئىنتايىن پىششىق بىلىدىغانلىقى،

قاراقچىلارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىنى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىقى ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىنلىگەن. ياشار كامال ئۆزىمۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ «يازغۇچى قانچىلىك كۆپ ئىچكى بايلىققا ئىگە بولسا، ئۇنىڭ ئىجادىيىتى شۇنچە-لىك يۇكسىلىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا، مېنىڭ چوقۇرئوۋادا ۋە توروس تاغلىرىدا ياشىغانلىقىمنى تەلىيىم دېسەممۇ بولىدۇ» دېگەن.

ياشار كامال 1951 ـ يىلىدىن 1963 ـ يىلىغىچە تۈركىيىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق گېزىت «جۇمھۇرىيەت گېزىتى» دە مۇخبىرلىق قى-لىپ، نۇرغۇن ماقالىلەرنى يازغان، شۇنداقلا نۇرغۇن رومان ۋە سەھنە ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىپ، تۈركىيە ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئورنىنى مۇقىملاشتۇرغان. 1952 ـ يىلى ئۇنىڭ چوقۇر ئوۋا تۈزلەڭلىكىدىكى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن تۇنجى ھېكايىلەر توپلىمى «پېژ-غىرىم ئىسسىق» نەشر قىلىنغان. 1955 ـ يىلى ئۇنىڭ «دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ قورۇقتا يەتتە كۈن» ناملىق ماقالىسى دۆلەتلىك مۇخبىرلار جەمئىيىتى تارقاتقان ئاخبارات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. شۇ يىلى يەنە ئۇنىڭ «تۇنىكچىلەك» ۋە «مەمەت ئاۋاق» (1 ـ ۋە 2 ـ قىسمى) ناملىق رومانلىرى نەشر قىلىنغان. «مەمەت ئاۋاق» (تۈركچىسى «ئىنجۇ مەمەت») دۇنياغا كېلىپلا ناھايىتى كۈچلۈك زىلزىلە قوزغى-غان. بۇ كىتابنى كىتابخانلار، بولۇپمۇ دېھقانلار بەسلىشىپ ئوقۇش-قان، ھەتتا بىر كىشى ئۈنلۈك ئوقۇپ باشقىلار زەڭ قويۇپ ئاڭلاش-قان، قىزغىن دەتالاش ۋە مۇھاكىمە قىلىشقان. بەزىلەر «مەمەت ئاۋاق بىزنىڭكىگە كەلگەن، بىز ئۇنى كۆرگەن، بىللە تاماق يېگەن» دېيىش-كەن، بەزىلەر ھەتتا «مەن مەمەت ئاۋاقنىڭ نەۋرىسى»، «مەن مەمەت ئاۋاقنىڭ پالانچى تۇغقىنى» دەپ ئاپتورغا خەت يازغان.

بۇ رومانىنىڭ 3 ـ ۋە 4 ـ قىسىملىرى كېيىن نەشر قىلىنغان بولۇپ، ئاپتورنىڭ ئېيتىشىچە، تۆت قىسىملىق بۇ رومان 39 يىلدا پۈتكەن. بۇ روماندا تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەز-

گىللەردىكى يەنى 20 ـ ، 30 ـ يىللاردىكى دېھقانلار بىلەن زېمىندار-
لار ئوتتۇرىسىدىكى ھايات ـ ماماتلىق كۈرەش تەسۋىرلەنگەن. زېمىن-
دارلارنىڭ ياۋۇز، ئاچكۆز، شەپقەتسىز، زالىم خاراكتېرى ۋە ئەنسىز
روھىي دۇنياسى، دېھقانلارنىڭ ساددا، ئۆزگىرىشچان، مېھرىبان مى-
جەز ـ خاراكتېرى، توروس تاغلىرىنىڭ ۋە چوقۇرئوۋا تۈزلەڭلىكى-
نىڭ ئاجايىپ ھەيۋەتلىك، گۈزەل مەنزىرىسى بەكمۇ ئىنچىكە ۋە
جانلىق سۈرەتلەنگەن، دىئالوگلار بەكمۇ ئىخچام، ئوبرازلىق، يۇمۇر-
لۇق ھەم يەرلىك پۇرىقى كۈچلۈك قىلىپ يېزىلغان. ئەسەرنىڭ باش
قەھرىمانى مەمەت ئاۋاقنىڭ ئوبرازى ئىنتايىن گۈزەل ۋە مۇكەممەل
يارىتىلغان بولۇپ، كىشىنى ئۆزىگە بەكمۇ مەھلىيا قىلىدۇ. ئۇنىڭ
بەختسىز ئەمما جەڭگىۋار ھاياتى، ئۆزگىچە مىجەز ـ خاراكتېرى
كىشىدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇرىدۇ.

شۇ سەۋەبتىن «مەمەت ئاۋاق» تۈركىيىدىلا ئەمەس، پۈتۈن دۇن-
يادا قىزغىن قارشى ئېلىندى. ھازىرغىچە بۇ ئەسەر 30 خىلغا يېقىن
تىل ـ يېزىققا تەرجىمە قىلىندى ھەم 100 قېتىمدىن ئارتۇق نەشر
قىلىنىپ دۇنيادىكى بازارلىق كىتاب بولۇپ قالدى. تۈركىيىدىكى
مەشھۇر يازغۇچىلاردىن تەشكىللەنگەن باھالاش، مۇكاپاتلاش ھەيئىتى
بۇ ئەسەرنى «تۈركىيىنىڭ ئەڭ ئېسىل رومانى» دەپ باھالىدى ھەمدە
تۈركىيىدىكى نوپۇزلۇق ژۇرنال «ھاياتلىق» نىڭ رومان مۇكاپاتىنى
بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ ئەسەر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى-
نىڭ مائارىپ ـ پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى تەرىپىدىن «دۇنيادىكى
مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ بىرى» دەپ كۆرسىتىلدى. 1978 ـ يىلى
فرانسىيىنىڭ «ئەڭ ياخشى چەت ئەل ئەسەرلىرى مۇكاپاتى» غا ئېرىش-
تى. 1982 ـ يىلى دۇنيا ئەدەبىيات ساھەسىدىكى مەشھۇر كىشىلەر
فرانسىيىنىڭ پارىژ شەھىرىگە يىغىلىپ، پۈتۈن دۇنياغا «‹مەمەت
ئاۋاق›، 30 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ ئۇلۇغ رومان» دەپ بايانات ئېلان
قىلىشتى ھەمدە ياشار كامالغا دېر دوكا دۇنيا ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى

بەردى. ئۇنىڭ ئىسمى دىر دوكا فوندى جەمئىيىتى بىناسىنىڭ ئالدىدىكى تاش تۈۋرۈككە ئالتۇن ھەل بىلەن يېزىلدى. بۇ رومان يەنە لوندوندا خەلقئارالىق كىتاب ئوقۇش كۇلۇبى تەرىپىدىن «1984 ـ يىلى ياز پەسلىدىكى ئەڭ ئېسىل رومان» دەپ باھالاندى. ئۆز نۆۋىتىدە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مۇشۇنداق بىر دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا تولۇق تەرجىمە قىلىنىپ خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈلگەنلىكى ئالاھىدە قۇتلۇقلاشقا ئەرزىيدىغان چوڭ ئىش.

ياشار كامال مول مەھسۇلاتلىق يازغۇچى. ئۇ «مەمەت ئاۋاق» تىن كېيىن نۇرغۇن ھېكايە، پوۋېست ۋە رومانلارنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىدىن «ئېقىندىكى قورام تاش»، «تۆمۈرچى دۇكىنىدىكى پاجىئەلىك ئەنزە»، «ماتەم»، «يۇسۇپ»، «ئەگەر يىلان ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلسە»، «ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق»، «ئاللانىڭ جەڭچىسى»، «قېرىماس ئوت»، «ئالا كېيىك»، «مىڭ بۇقىلار ئەپسانىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. ئۇنىڭ ئىچىدىكى «ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق»، «قېرىماس ئوت» ناملىق ئىككى رومانى چەت ئەللەردە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. «ئېقىندىكى قورام تاش» بولسا تۈركىيە ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەر تەرىپىدىن «تۈركىيىنىڭ ئەڭ ئېسىل رومانلىرىدىن بىرى» دېگەن شەرەپكە نائىل بولغان.

ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى يېزا تېمىسىدىكى ئەسەرلەر بولغاچقا، «بۈگۈنكى زامان تۈركىيە يېزا تۇرمۇشىنىڭ قامۇسى» دەپ ماختالغان. بۇ ئەسەرلەردە توروس تاغلىق رايونىدىكى ۋە چوقۇرئوۋا ۋىلايىتىدىكى ئادەم ۋە ئىشلار ماتېرىيال قىلىنىپ، تاغ ـ ئورمانلاردىكى قاراقچىلار، زالىم زېمىندارلار، نامرات دېھقانلار ۋە يالالانما ئىشلەمچىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدىغان تۈرلۈك كەچمىشكە ۋە خاراكتېرگە ئىگە ئوبرازلىرى يارىتىلغان. تىرىكچىلىك يولىدا تىرىشىپ ـ تىرمىشىۋاتقان ئاددىي ئادەملەرنىڭ جاپالىق تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن.

ياشار كامال ئەدەبىياتتا ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ۋە كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. كەڭ دالانى ۋە دالادىكى ئەمگەكچى دېھقانلارنى تەسۋىرلىگەندە ئەدەبىيات ناھايىتى نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشىدۇ دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كۈچلۈك رېئالىزملىق روھقا ئىگە.

ئۇ ئىجادىيەتتە خەلق ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن ناخشا ـ قوشاق، ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردىن ئوزۇق ئېلىپ، ئەسەر تىلىنى تاۋلىغان ۋە جانلاندۇرغان، ئەسەرلىرىنى قويۇق رومانتىك پۇراققا ھەم ئەپسانىۋى تۈسكە ئىگە قىلغان. بۇ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى روشەن ئۇسلۇب بولۇپ قالغان. بۇ خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى تۈرك خەلقىلا ئەمەس، دۇنيا خەلقىمۇ قىزغىن قارشى ئالدى. ئەنگلىيە يازغۇچىسى رىنا. جىك «ياشار كامالنىڭ رومانلىرى تولستوينىڭكىدەك كۆلەمگە ۋە دېككىنسنىڭكىدەك قىياپەتكە ئىگە» دەپ ماختىغان بولسا، فرانسىيىلىك مىچىل. دىئون «ياشار كامال بۈگۈنكى تۈركىيە ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ شانلىق نامايەندىسى» دەپ باھا بەرگەن.

(بۇ ماقالە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1993 ـ يىل 22 ـ ماي سانىدا ئېلان قىلىنغان)

www.uyghurkitap.com

# كامالتۇرك ۋە ئۈرۈمچى

بوشلۇق مۇھىتى بىپايان بولغان يېزا ـ سەھرالىرىمىزغا سېلىشتۇرغاندا، ئاسمىنىدىن ئىس ـ تۈتەك كەتمەيدىغان ئۈرۈمچى تولىمۇ قىستا ـ قىستاڭ شەھەر. ھازىرغىچە بولغان ھايات مۇساپەمدە، ماڭا تېخى ئۈرۈمچىدىن چوڭراق بىرەر شەھەرنى كۆرۈش پۇرسىتى نېسىپ بولمىدى. شۇڭا، ئۈرۈمچىنى باشقا خەقلەرنىڭ شەھەرلىرىگە سېلىشتۇرۇپ ئارتۇق ـ كەم يەرلىرى ئۈستىدە سېلىشتۇرما ھاسىلات پەيدا قىلغىدەك ئىمكانىيەتكە ئېرىشەلمىدىم. ئەمما، ھازىرغىچە ئېسىمدىن كەتمەيدىغىنى، مەلۇم بىر رۇسىيىلىك مۇخبىرنىڭ بۇنىڭدىن 3 ـ 4 يىل ئىلگىرى ئۈرۈمچى ھەققىدە يازغان، «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتىگە بېسىلغان زىيارەت خاتىرىسىدىكى بىر ئابزاس تەسۋىرى. بۇ مۇخبىر ئۆز تەسىراتىنى يازغاندا: ئۈرۈمچى ئاسمىنىغا يېتىپ كەلگەندە ئايروپىلان دېرىزىسىدىن بۇ شەھەرگە قارىسام، قاپقارا ئىس ـ تۈتەكلەرگە چۈمكەلگەن بۇ شەھەرنىڭ ئاسمىنى ماڭا خۇددى دوزاخنىڭ دەرۋازىسىدەك تۇيۇلۇپ كەتتى، دېگەن. پراۋوسلاۋىيە دىنىدا دوزاخنىڭ دەرۋازىسى قاپقارا ئىس ـ تۈتەك بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ، دەپ تەسۋىرلىنىدىغان بولغاچقا، بۇ رۇس مۇخبىرنىڭ ئوخشىتىشى ئۆز مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن، ئەلۋەتتە. مەن شۇندىن بۇيان رۇس مۇخبىرنىڭ نەزەرىدىكى بۇ «دوزاخ» ھەققىدە ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. كۆرۈمەسىز ئاسمىنىدا تۈكلىرى ئىسلىشىپ كەتكەن سەرگەردان قۇشقاچلاردىن باشقا ھاياتلىقنى ئۇچرىتىش مۇشكۇل بولغان ئۈرۈمچى مېنى تەگسىز خىياللارغا بەنت قىلاتتى. ئەندىشە ۋە ۋەھىمە بىلەن تولغان خاتىرجەمسىز ئىچكى كەيپىيات ۋۇجۇدۇمنى بارغانسېرى قاتتىق چىرمايتتى.

مەن توپ - توپ قۇشقاچلار پۇرۇلداپ ئۇچۇشۇپ تۇرىدىغان،
ئاسمىنى كەڭ قەدىمىي سەھرادا تۇغۇلغان. يالىڭاچلانغان ئېتىزلىقلار-
دا ۋاللەي ئويناپ، تاغۇ تاشلاردا پادا بېقىپ، چاڭقىسام ئېرىق -
ئۆستەڭلەرگە دۈم يېتىپ غۇرتۇلدىتىپ سۇ ئىچىپ، بېخىل قوشنىلار-
نىڭ بېغىدىن ئالما - ئۆرۈك ۋە ئەترەتنىڭ قوغۇنلۇقىدىن سويما
ئوغۇرلاپ، كۈندۈزلىرى بولسا قاتار ئۇچقان تۇرنىلارنىڭ پەرۋازىغا
زوقلىنىپ قاراپ، كېچىلىرى يېڭىدىن توي قىلغان قىز - يىگىتلەر-
نىڭ ھۇجرىسىنى قىزىقسىنىپ ماراپ، خامان ساقلاپ ياتقاندا، ئۆمۈر
بويى يالاڭ ئاياغ يەر دەسسەپ تاپىنى يېرىلىپ كەتكەن ئۇزۇن ساقال
بوۋايلارنىڭ گۈزەل چۆچەكلىرىنى ئاڭلاپ، قېلىن يەرلىرىگە كەلگەندە
پىخىلداپ كۈلۈپ چوڭ بولغان. ئۇ چاغلاردا ماڭا، يېزىمىزنى ئوراپ
تۇرغان تاغلارنىڭ كەينىدىكى دۇنيا تېپىشماقتەك تۇيۇلاتتى. ئۈرۈمچى
چۈشۈمدىكى شەھەر ئىدى. ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى لاۋۇلداپ چوغ
بولۇپ ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلۈپ يەر - زېمىننى نۇرلاندۇرىدىغان قۇياش،
ماڭا خۇددى ئۇ تاغنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ، بۇ تاغنىڭ ئارقىسىغا
كىرىپ غايىپ بولىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. سىرلىق تەبىئەت باللارغا
خاس ساددا تەسەۋۋۇرلىرىمنىڭ يۇمران قاناتلىرىنى يېشىپ، خىيال
ئېكرانىمنى تۈگىمەس گۈزەل كۆرۈنۈشلەر بىلەن تولدۇراتتى. ياز
كۈنلىرى ئۆگزىدە ئۇخلاش ئەڭ كۆڭۈللۈك ئىشلارنىڭ بىرى ئىدى.
مۇنداق بولغاندا ئەتراپتىن پۈتكۈل تەبىئەتنىڭ تىنىقى ئاڭلىنىپ تۇرات-
تى. ئۈستۈڭدىكى يۇلتۇز بىلەن تولغان قاراڭغۇ ئاسماننىڭ قەرىدە
ئۇ باشتىن بۇ باشقا سوزۇلۇپ ئاقىرىپ تۇرغان سامان يولى باللىق
قەلبىڭدە تىل بىلەن ئىپادىلەپ بولغۇسىز بىر خىل يۈكسەكلىكنى
ئويغىتاتتى. يىراقلاردىن، بالاغەتكە يېتىپ خىيال كىرىپ قالغان
سۆچى يىگىتنىڭ ئىشتىياق بىلەن ئېيتقان لەرزان ناخشىسى ئاڭلىنات-
تى. سەلكىن شامال يۈزۈڭنى سۆيۈپ، ھەممە نەرسىگە سەگەك تۇر-
دىغان چۆچۈرىدەك قۇلاقلىرىڭغا نېمىلەرنىدۇ شىۋىرلاپ ئۆتەتتى. بۇن-

داق چاغدا كىشى ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئۇلۇغ تەبىئەتنىڭ بىر زەررىسى ئىكەنلىكىنى شەك ـ شۈبھىسىز ھالدا چوڭقۇر ھېس قىلماي قالمايدۇ.

مېنىڭ ئەكسىمچە ئوغلۇم كامالتۇرك شاۋقۇن ـ سۈرەنلىك ئۇرۇمچى شەھىرىدە تۇغۇلدى. ئۇنىڭ بالىلىق ھاياتى ھايۋاناتلار باغچىسىدا چوڭ ـ كىچىك قەپەزلەرگە سولىنىپ ياتقان ھەر خىل ھايۋانلارنى كۆرۈش، تېلېۋىزور ئالدىدا سائەتلەپ ئولتۇرۇپ قونچاق فىلىملىرىدىن ھۇزۇرلىنىش، يەسلىدە ياغاچ ئاتقا مىنىپ ئويناش، سۇلياۋ خالتىغا قاچىلانغان كالا سۈتىنى ئىچىش، ئانىسىنىڭ زوكامداپ قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەكلىكى ھەققىدىكى تەكرار ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى ئاڭلاش، ئىستولبىلارغا چاپلانغان ئادەم ئىزدەش ئېلانلىرىنى كۆرۈش بىلەن ئۆتۈۋاتىدۇ. قېلىپلىشىپ، رىتىملىشىپ كەتكەن كۈندىلىك تۇرمۇش، يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزىدىغان تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش ئادىتى، مەكتەپكە يولنىڭ چېتى بىلەن ئۇدۇل بېرىپ، ئۇدۇل قايتىپ كېلىدىغان ئۆزگەرمەس قائىدە، ئوقۇتقۇچىسىنىڭ «گەپ ئاڭلايدىغان ئوبدان بالا» بولۇش ھەققىدىكى پەند ـ نەسىھەتلىرى، بەدىنى قىزىپ قالسا دەرھال دورا يېيىش ئۇنىڭ بالىلىق دۇنياسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى. گەرچە، ئوغلۇم يەتتە ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ تېخىچە قۇياش كۆتۈرۈلگەن پارلاق سەھەرنى كۆرۈپ باققىنى يوق. چۈنكى، بۇ شەھەردە قۇياش چەكسىز ئۇپۇقنىڭ قوينىدىن ئەمەس مەلۇم بىر ئىدارە بىناسىنىڭ ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلىدۇ. شارقىراپ ياغقان يامغۇرنى كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن ھاۋانىڭ گۈلدۈرلىگەن ھەيۋەتلىك ساداسىنى ئاڭلىغىنى، تۈن قوينىنى يېرىپ، يەر ـ زېمىننى زىلزىلىگە سالىدىغان چاقماقنىڭ نۇرىنى ياكى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ھەسەن ـ ھۈسەننى ۋە ياكى يامراپ كەلگەن شىددەتلىك كەلكۈننى كۆرۈپ باققىنى يوق. بۇنداق ۋەھىملىك مەنزىرىلەر تېخى بىرەر قېتىممۇ ئۇنىڭ بالىلىق قەلبىنى زىلزىلىگە سېلىپ باقمىدى. شۈبھىسىزكى، ۋەھىمىدىن يۈكسەك كەيپىيات تۇغۇلاتتى. بۇ خىل

ۋەھىمىدىن تۇغۇلغان يۇكسەك كەيپىيات ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا تەبىئەتنىڭ چەكسىز كۈچ – قۇدرىتىنى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلدۇراتتى. تەبىئەتنىڭ ھەيۋەتلىك ھادىسىلىرى ۋە تاسادىپىي ئۆز گىرىشلىرىنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ كۆرۈش بەختىگە مۇيەسسەر بولالمىغان ئوغلۇم كامالتۇرك ئېنىقكى تەبىئەت ھەققىدە چوڭقۇر ھەم ئۆزگىچە تەسىرات-لارغىمۇ ئىگە ئەمەس. تا بۈگۈنگىچە بىرەر قېتىممۇ يالاڭ ئاياغ ھالدا چىلان تۇپراقنى دەسسەپ باقمىغان، دەريا – ئۆستەڭلەرگە چۆمۈلۈپ باقمىغان ئوغلۇمغا قاراپ ئىچ – ئىچىمدىن پۇچۇلىنىپ كېتىمەن. تەشتەكتىكى گۈللەر بىلەن ئەينەك قاچىدىكى كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرغان رەڭدار بېلىقچانلار ئۇ كۆندە ھەپىلىشىدىغان بىردىنبىر تەبى-ئەت. ئەسلىدە ئوغلۇم تەبىئەتنىڭ قۇچىقىدا ئۆسۈشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى، ھازىر تەبىئەت ئۇنىڭ قۇچىقىغا بەنت بولۇپ قالدى. كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇكى، تەبىئەتنىڭ بۇ تەتۇر قىسمىتى ھامىنى بىر كۈنى ئۆز قىساسىنى ئالماي قويمايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۇرۇمچىنىڭ بۇ ئاتالمىش زامانىۋى مەدەنىيىتى، زامانىۋى تۇرمۇش شەكلى ۋە ھەقىقىي، ساپ تەبىئەتتىن مۇستەسنا بولغان مۇھىتى ئوغلۇمنى يەپ كېتىۋاتىدۇ. چوڭلارمۇ بۇ خىل رېئاللىقتىن خالىي ئەمەس، ئەلۋەت-تە. ئادەمگەرچىلىك كۇنسايىن سۇسلىشىپ، ئىجتىمائىي ئەخلاق بار-غانسېرى چۇشكۇنلىشىپ، ئىنسانلار ئۆز تەبىئىتىدىن ياتلىشىپ كېتى-ۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىت بۇنىڭ دەلىلى.

تەبىئەت — دۇنيادا جەلپ قىلىش كۈچى ئەڭ يۇقىرى بولغان تەربىيىچى. ئۇنىڭ تەربىيىلەش دائىرىسى ئىنتايىن چەكسىز، تەربى-يىلەش مەزمۇنى ئىنتايىن مول، تەربىيىلەش ۋاستىسى ئىنتايىن كۆپ. ئەپسۇسكى، ئۇرۇمچىدە بۇ تەربىيىچىنىڭ ھالى بەك خاراب. ئېنىقكى، مەكتەپلەر ھەر قانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتسىمۇ بۇ تەربىيە-چىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. چۈنكى، مەكتەپلەر ئەزەلدىن بالىلارنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشنى زىيادە قوغلىشىپ، ھېسسىيات (مېھر –

مۇھەببەت) تەربىيىسىگە سەل قارايدۇ.

ئىنسان ئەقىل بىلەن ھېسسىيات جەھەتتە تەڭ تەربىيىلەنمىسە پاجىئەدىن قۇتۇلالمايدۇ. ھەممە جەھەتتە يۈكسەك تەرەققىياتقا ئېرىشكەن ئامېرىكىلىقلار، يۇقىرى تېخنىكا شارائىتىدا چوڭقۇر ھېسسىيات ئاجىزلىشىپ كەتسە ماددىي رېئاللىق بىلەن مەنىۋى رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇپ، ئېرىشكىنى بىلەن يوقاتقىنى تەڭلىشىپ قالىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، «چوڭقۇر ھېسسىيات» تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ بۇ جەھەتتىكى تەربىيىنى مۇھىم كۈن تەرتىپكە كىرگۈزگەن. ئۇلار بۇ جەھەتتە شۇنچىلىك ئىنچىكىلىگەنكى، ھەتتا ھامىلدار ئاياللارنى دوختۇرخانىدا ئەمەس ئائىلىدە بوشاندۇرۇش ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر ھېسسىيات يېتىلدۇرۇشكە پايدىلىق دېگەننى تەشەببۇس قىلىشقان. ئۇلارنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، ھامىلدار ئاياللارنى ئائىلىدە بوشاندۇرغاندا، بارلىق ئائىلە ئەزالىرى يېڭى بىر جاننىڭ يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىشىنىڭ قانچىلىك مۇشكۈل بولىدىغانلىقىنى، ئانا بولغۇچىنىڭ بۇ جەرياندا قانچىلىك ئازاب چېكىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىسا، ھاياتنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىش، ئۆزئارا كۆيۈنۈش، ئانىلارنى ئۇلۇغلاش، ئۇرۇق - تۇغقانلىق مېھرىنى قەدىرلەش جەھەتتە بىر قېتىم چوڭقۇر ھېسسىيات تەربىيىسىگە ئىگە بولىدىكەن. ئەگەر ھامىلدار ئايال دوختۇرخانىدا تۇغدۇرۇلۇپ، ھەپتىدىن كېيىن بالىسىنى يۆگەككە ئوراپ كۆتۈرۈپ بازاردىن كاللەك بەسەي سېتىۋالغان كىشىدەك كۈلۈپ ئۆيىگە قايتىپ كەلسە، ئائىلە ئەزالىرى ھېچقانچە چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولمايدىكەن.

چەت ئەللىكلەرنىڭ سەيلە - ساياھەتكە كۆپ چىقىشىدىكى ئالاھىدە مەقسەتلىرىنىڭ بىرى، دەل تەبىئەت بىلەن كۆپ ئۇچرىشىپ ئۆزگىچە ھەم مول تەسىرلىنىشلەرگە مۇيەسسەر بولۇش ئۈچۈندۇر. ھەقىقەتەنمۇ شەھەر مۇھىتى ئادەمنى ھەممە ئىشتا تەھلىل بىلەن ياشاشقا،

قائىدە ـ تۈزۈملەرگە ئەمەل قىلىپ ئۆتۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ. شەھەر-لىكلەر بىلەن توختاملىشىپ مۇئامىلە قىلمىساڭ، لەۋزىگە ئىشىنىش مۇمكىن ئەمەس. شەھەر كوچىلىرىدا سەھرانىڭ توپىلىق يولىدا ماڭ-غاندەك ئەركىن خىيال سۈرۈپ مېڭىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەمدىلەتىن بىر خىيالغا چۆكۈپ كېتىۋاتساڭ كۆزۈڭگە «يەر ئاستى يولى بىلەن مېڭىڭ» دېگەن خەتلەر چېلىقىدۇ ـ دە، ئۆزۈڭگە كېلىشكە مەجبۇر بولىسەن. شەھەردە قىزىل ـ يېشىل چىراغلار بىلەن ئالا ـ بالداق يول بەلگىلىرىگە ئەمەل قىلىپ مېڭىشنىڭ ئۆزىلا كىشىنى چارچىتىۋېتىدۇ. شاۋقۇن ـ سۈرەننىڭ قۇلاق ـ مېڭەڭنى يېيىشى، كىشىلەرنىڭ سېنى قېقىپ ـ سوقۇپ ئۆتۈشلىرى ۋە تونۇش ـ بىلىش چىرايلارغا راست ـ يالغان تەبەسسۇم قىلىپ مېڭىشلار تېخى بۇنىڭ سىرتىدا. شۇنداق قىلىپ ھېرىپ ـ ئېچىپ ئۆيىڭگە كېلىسەڭ، ياكى بېغى، ياكى ھويلىسى يوق قەپەزدەك تار ئۆيىڭدە پۈت ـ قولۇڭنى سوزۇپ يېتىپ «يۈكسەك ئاپتونومىيە» دىن تولۇق بەھرىمەن بولى-سەن. مانا بۇ دەل بەختسىزلىك ئىچىدىكى بەخت!

تەبىئەت بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرمىغان كىشىنىڭ قەلبى قۇرغاقلى-شىپ كېتىدۇ. شۇڭا جىنايەت ۋە شۇملۇقلار كۆپىنچە شەھەرلەردە يۈز بېرىدۇ. ساختىپەزلىك ۋە كاززاپلىقلارغا شەھەر كوچىلىرىدا كۆپرەك دۇچ كېلىسەن. نامەردلىك ۋە شەپقەتسىزلىكلەرنىڭ شەھەر نوپۇسىغا ئۆتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەيرەتكە تولىسەن...

ئاتا ـ ئانىلىرىمىز 20 ـ 30 يىللاپ «تاغ ـ دەريالارنى بويسۇن-دۇرۇپ، تەبىئەت ئۈستىدىن غالىب كېلىمىز» دېگەندەك ئاتالمىش ئىنقىلابىي ئىرادىنى نامايان قىلىدىغان شوئارلارنى توۋلىغان. بۈگۈن-كى كۈندىكى يېڭى قاراش بولسا، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى تەبىئەتنى بويسۇندۇرغۇچىدىن تەبىئەت بىلەن ھەمكارلاشقۇچىغا ئايلى-نىشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك، دەپ ھېسابلىماقتا. بۇ بىزنىڭ بېشىمىزدىن نۇرغۇن كۈلپەتلەر ئۆتكەندىن كېيىن ئېرىشكەن ئېتىقادى-

مىزدۇر. تەبىئەتنى تالان ـ تاراج قىلىش ۋە ئىقتىسادنىڭ ئايلار ـ
يىللار بويىچە ئۇدا ئېشىشىنى قوغلىشىپ مۇھىتنىڭ بۇلغۇنۇشىغا
پىسەنت قىلماسلىق، ئاخىردا ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇ-
لۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش پۈتكۈل ئىنسانىيەت دۇچ كەلگەن ئېغىر
مەسىلە. بۇ بىر خىل مۇقەررەر ھالاك بولۇش پەلسەپىسىنىڭ دەسلەپ-
كى نەتىجىسى.

گورباچېۋ «ئىسلاھات ۋە يېڭى تەپەككۇر» ناملىق كىتابىدا «بىز
ھەممىمىز يەر شارىدىن ئىبارەت بۇ كېمىدىكى يولۇچىلارمىز. شۇڭا،
بۇ كېمىنى غەرق قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا نۇھ ئەلەي-
ھىسسالام كېمىسىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» دەپ خىتاب قىلغان.
بۇ خىتاب پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ نۆۋەتتىكى يەر شارى مۇھىتىنىڭ
ناچارلىشىشى ھەققىدىكى ئەندىشە ئېڭىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. ئەپسۇس-
كى، تەبىئىي مۇھىتى كونسېرى بەتتەرلىشىپ كېتىۋاتقان ئۈرۈمچىدە
«مەدەنىي ئۈرۈمچىلىكلەردىن بولايلى» دەپ تاملىرىنى شوئار بىلەن
تولدۇرۇۋالىدىغان ئۈرۈمچىلىكلەرنىڭ ئېڭىدا تېخى بۇنداق ئاڭ شە-
كىللەنمەيۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۈگۈنكى دۇنيادا مۇھىت ئېڭىغا ئىگە
بولمىغان ئادەمنى «مەدەنىيەتلىك ئادەم» دېگىلى بولمايدۇ. پەرەز
قىلىش تەس ئەمەسكى، ئىس ـ تۈتەككە تولغان بۇ شەھەر مۆلچەرلى-
گۈسىز كېلەچەككە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. بۇلغانغان تەبىئىي مۇھىت بىز-
نى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە كاردىن چىقارماقتا. كۆپنى كۆرگەن
پېشقەدەملەر: «60 ـ يىللاردىن ئىلگىرى ئۈرۈمچى تولىمۇ گۈزەل
شەھەر ئىدى، بۇلبۇللار چاڭىلداپ سايراپ تۇراتتى، مەھەللە ـ كويلار
ياپيېشىل قارىياغاچلار بىلەن قاپلىنىپ تۇراتتى، كوچىلاردا ئادەملەر
شالاڭ ئىدى. كىشىلەر ئاساسەن دېگۈدەك بىر ـ بىرى بىلەن تونۇشات-
تى» دېيىشىپ ھەسرەت چېكىشمەكتە...

مەن ھەمىشە ئوغلۇم كامالتۈركنىڭ تەقدىرى بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ
رېئاللىقىنى بىرلەشتۈرۈپ خىيالغا پاتىمەن. بىز ئەلۋەتتە رەھىمسىز

تەقدىرنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزغا سىلىۋاتقان تەھدىتىگە ئۆزىمىزنىڭ ئۇ-سۇلى ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇشىمىز كېرەك. نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىدە-نى بىزار قىلىپ كەلگەن مەسىلىلەرنى ھەممىشە ۋاقىتنىڭ ۋە ئالەمنىڭ كەينىدىكى كۈچنىڭ ھەل قىلىشىغا قالدۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ تىپىك ئىنكاسى «غەزەپ بىلەن سۈكۈت قىلىش» تىن ئىبارەت. مېنىڭچە، شەخسىنىڭ ئەندىشىگە ۋە خەۋپكە تولغان مۇھىتنى ئىدارە قىلىشقا چامى يەتمىسىمۇ، لېكىن، ئۆزىنى ئىدارە قىلىشقا ۋە ئۆزىنى يارىتىشقا چامى يېتىدۇ.

ئۇرۇمچىنىڭ بۇلغانغان تەبىئىي مۇھىتى ۋە قاششاق ئىجتىمائىي مۇھىتى ھەر بىر ئادەمنىڭ جىسمانىيىتى ۋە روھىيىتىگە تەھدىت سالماقتا. مەن ئوغلۇم كامالتۇركنىڭ ئىنسانغا خاس ساغلام قەلبكە ئالىيجاناب مەنىۋى دۇنياغا ئىگە بولۇشىنى كۆزلەپ ئۇنىڭغا ئالدى بىلەن تەبىئەتنى تونۇتۇش جەھەتتە نۇرغۇن ئۇرۇنۇشلارنى قىلدىم. ھەتتا، سىم تورغا سولاپ ئۆيۈمدە نەچچە ئاي كىرپە باقتىم. مەن بۇ ئىشلىرىمنى بىھۇدە دەپ قارىمايمەن. چۈنكى باللىق قەلب تەبىئەتتىن تىل بىلەن ئىپادىلەپ بولمايدىغان نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىپ ئۆزىنى بېيىتىدۇ. تاسادىپىي پۇرسەتتە، قويىنىڭ قوزىلىشىغا «تۇغۇت ئانى-سى» بولۇپ قالغان بىر بالا ئۇچۇن ئېيتقاندا مۇنداق مەنزىرە ئۇنىڭ ئېسىدە مەڭگۇ ساقلىنىپ قالىدۇ ھەم ئانا - باللىق مۇھەببەتنىڭ يارقىن سىماسى بولۇپ قەلبىگە ئورناپ كېتىدۇ. مەن مۇشۇنداق ئەھۋالغا بىۋاسىتە ئىشتىراك قىلىپ كۆرگەن بولغاچقا، ئىشەنچ بىلەن شۇنداق ئېيتالايمەن: تەبىئەت — ئىنسانلار ئۆز تەرەققىيات تارىخىدا تۈنجى قېتىم ئوقۇغان، شۇنداقلا مەڭگۇ ئوقۇپ تۈگىتىپ بولالمايدىغان بىباھا قامۇس. شۈبھىسىزكى، ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆزىمۇ ئاشۇ قا-مۇسنىڭ بىر ۋارىقى. شۇڭا، پەيلاسوپلار تەبىئەتنى چۈشەنمىگەن ئادەم ئۆزىنى چۈشەنمەيدۇ، ئۆزىنى چۈشەنمىگەن ئادەم تەبىئەتنى چۈشەنمەي-دۇ، دەپ ئېيتىشىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئۇرۇمچىدەك بىر شەھەردە تەبىئەتنى تونۇش ۋە چۈشىنىش زور چەكلىمىگە ئىگە بولىدۇ. بالىلارغا كۆكتاتچىلاردىن ئالغان سەۋزە ـ چامغۇرنى تونۇتساقمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ كۆكتاتچىنىڭ هارۋىسىغا چىققىچە قانداق «كۈنلەر»نى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشكە ئامالسىز قالىمىز. تېلېۋىزوردا بىرەر هايۋان كۆرۈنۈپ قالغۇدەك بولسا، «ئەنە ئاۋۇ پۈكۈنى هايۋان» دەپ ئالدىراپ ـ سالدىراپ كۆرسىتىپ قويىمىز، ئەمما، ئادەت ـ خۇسۇسىيەتلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بولالمايمىز. قاپاق تېرەكلىك هويلىنى كۆرسىتىشنى بولسا، تۇغقان يوقلاپ يۇرتقا بارغاندا كۆرسىتىمەن، دەپ كۆڭلىمىزگە پۈكۈپ قويۇشقا مەجبۇر بولىمىز. تەبىئەتنىڭ مۆجىزىدەك مەنزىرىلىرىنى ۋە هادىسىلىرىنى كۆرسىتىشكە پۈتۈنلەي ئامالسىز قالىمىز. چۈنكى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى نامراتلىق بىزنى يۇتقانغا قاراپ پۇت سۇنۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. قارىغاندا كامالتۇركنى سەھرانىمۇ چۈشىنىدىغان، شەھەرنىمۇ چۈشىنىدىغان، جەمئىيەتنىمۇ چۈشىنىدىغان، تەبىئەتنىمۇ چۈشىنىدىغان قىلىش هەم يارانقۇچىدىن هېيىقىدىغان ئېتىقادقا ئىگە قىلىش بەكمۇ قىيىن ئوخشايدۇ. شۇنىسى ماڭا ئايانكى، بۇ مەقسەتكە يەتمەي بولمايدۇ. چۈنكى ئەسلەشكە ئەرزىگۇدەك ئۆزگىچىلىكى بولمىغان، بالىلىق مەزگىلگە خاس مەزمۇنى بولمىغان، ساددا قەلبى تەبىئەت بىلەن تويۇنمىغان قاتمال، مەنىسىز بالىلىق هايات ئىنساننى مەڭگۈلۈك هەسرەتكە هامىلدار قىلىدۇ.

هەي، ئۇرۇمچى، هەي، كامالتۇرك!

(بۇ ماقالە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1998 ـ يىل 2 ـ، 3 ـ قوشما سانىدا ئېلان قىلىنغان)

# پۇل توزۇتقان خىياللار

بۈگۈنكى كۈندە، جەمئىيەتنى ھەرىكەتلەندۈرۈۋاتقان ماتور ۋە كىشىلەرنى «ئالغا بېسىش»قا ئىنتىلدۈرۈۋاتقان نىشان پۇلدىن ئىبارەت بولماقتا. «پۇل تاپمىغان ئەخمەق»، «پۇل تاپالمىغان كىشى يارىماس». مانا بۇلار دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ قەلبىدە ئۈزۈل ـ كېسىل مۇقىملىشىپ، ئېتىقاد دەرىجىسىگە يەتكەن شوئارلاردۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا، پۇلغا چوقۇنۇش جەمئىيىتىمىزدىكى ئومۇمىي ئىجتىمائىي پسىخىكىغا ئايلىنىپ قالدى. بۇنىڭدىن ھېچكىم گۇمانلانمايدۇ. پۇلنىڭ غايەت زور سېھرىي كۈچى مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ نەچچە ئون يىللاردىن بېرى مۇقەددەس بىلىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى ئەخلاق قاراشلىرىنى ۋە قىممەت قاراشلىرىنى تىرىپىرەن قىلىپ ئۇلارنىڭ گاڭگىرىغان قەلبىنى ۋەسۋەسىلىك خىياللارغا غەرق قىلىۋەتتى ۋە قىلماقتا.

دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ نەچچە يىللاردىن بۇيان دەبدەبە بىلەن ئۇلۇغلاپ كەلگەن ئەنئەنىۋى ئەخلاق قاراشلىرى بىلەن قىممەت قاراشلىرىنىڭ بازار ئىگىلىكى دولقۇنىنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي گۇمران بولۇشى، ئەمما دەۋرگە ماس كېلىدىغان يېڭىچە ئەخلاق قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنىڭ تېخى شەكىللىنىپ بولالماسلىقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئەخلاق ۋە ئېتىقاد جەھەتتىكى مىسلىسىز كرىزىس تالاي كىشىلەرنى تەمتىرەتمەكتە. ئەخلاق، ئېتىقاد ۋە قىممەت قارىشى جەھەتتىكى بۇ خىل بوشلۇق بەزىلەرنى ئەسەبىيلەرچە كۈلدۈرسە، بەزىلەرنى يۇم ـ يۇم ياش تۆككۈزمەكتە. ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى قانداق ساقلاپ قېلىش ۋە قانداق ياشاش مەسىلىسىدىن ئىبارەت مۇش-

كۆل، ئازابلىق تاللاش كىشىلەرنى ھەر خىل كويلارغا سالماقتا.
ئاغزىدىن ئانا سۈتى پۇراپ تۇرىدىغان نارسىدە قىزلار چۆنتىكى تۇم
قاقباش، قىرى دەللاللارنىڭ قۇچىقىدا باھارىنى يوقاتماقتا. شور پې-
شانە، بىچارە ئاتا - ئانىلار باشقۇرۇشقا ماجالى يەتمەيۋاتقان بەڭباش
بالىلىرىنىڭ غېمىدە ۋايىسماقتا. ئارزۇ - ئارمانلىرى كۆپۈككە ئايلان-
غان، رىئاللىق تۇيغۇسى كەمچىل، ياشاش ئىقتىدارى ئاجىز قاۋۇل
ئەركەكلەر ئىچىملىك ۋە چېكىملىك خۇماريدا لايدەك ئېزىلمەكتە.
كىرىمى ئاز، بالىجانلىق، بەختسىز ئائىلىلەر قارا قازاننى قاينىتىش-
نىڭ ئامالىنى قىلالماي تىپىرلىماقتا. «ئاق خالاتلىق پەرىشتىلەر»
دەپ تەرىپلىنىدىغان دوختۇرلار نائەھلىلىشىپ، خۇدا ئۇرغان كېسەل-
لەرنى تۆپىلەپ قاقتى - سوقتى قىلغاچقا، كىشىلەرنىڭ كۆزىگە «قارا
نىقابلىق قاراقچىلار» دەك كۆرۈنمەكتە. كىشىلەر پارىخور ئەمەلدارلار-
غا ئەمەس، پارا يېمەيدىغان ئەمەلدارلارغا ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن
تىكىلمەكتە؛ بىلىم ئېلىش ئىشلىرىنىڭ ئىستىقبالىغا گۇمان بىلەن
قاراپ، تەڭگە - تىللا كوچىسىدا ۋاستە تاللىماي يۈگرەپ يۈرگەن
كىشىلەرگە ھەۋەس نەزىرى بىلەن باقماقتا. كىشىلەر ئارىسىدىكى
سەمىمىي مېھىر - مۇھەببەت رىشتىسى كۈنسېرى بوشىشىپ، پۇلنى
ئۆلچەم قىلغان مۇناسىۋەت تورى كۈنسېرى مۇستەھكەملەنمەكتە. «تا-
پالىغىنى چار خوراز، تاپالمىغىنى بىر باش پىياز» ئېلىپ كېلىدىغان
توي - مەرىكىلەر بارغانسېرى ئېتىقىسىزلىشىپ، كەلمىگەنلەرنى قات-
تىق «يوقلىما» قىلىپ، كەلگەنلەردىن قوغلاپ يۈرۈپ پۇل يىغىدىغان
چاكىنا، پەس مۇراسىملارغا ئايلىنىپ قالماقتا. روھىي دۇنياسى يې-
مىرىلگەن، قەلبىدە مۇستەھكەم مەنىۋى توساقلىرى يوق كىشىلەر
پۇلنىڭ نوپۇزى ۋە ھەيۋىسى ئالدىدا تۈركۈم - تۈركۈملەپ تىزلاناقتا.
كۈچلۈك ئېتىقاد تۈۋرۈكى ۋە نوپۇزلۇق قىممەت قارىشى مەۋجۇت
بولمىغان بۇ دەۋردە مىليونلىغان كىشىلەر ئۆز ئوربىتىسىدىن ئاجراپ
كەتكەن سەييارىلاردەك بولۇشىغا ياشىماقتا. مەنىۋى جەھەتتىكى

بەخت، شاد ـ خۇراملىق ۋە ئالىي ئىستەكلىرىنى پۈتۈنلەي ماددىي
نەرسىلەرگە تېگىشىپ بولغان، غايە ۋە نىشاندىن خالىي كىشىلەر
چەكسىز خۇشاللىق بىلەن ماددىنىڭ قۇلىغا ئايلانماقتا. خۇددى فرانـ
سىيە مۇتەپەككۇرى رۇسسو: «ئالقاندىكى پۇل ئەركىنلىكنى ساقلاشـ
نىڭ قورالى، لېكىن بىز ئىزدەۋاتقان پۇل بولسا ئۆزىمىزنى قۇلغا
ئايلاندۇرىدىغان قورالدۇر» دەپ ئېيتقاندەك ھالەت شەكىللەنمەكتە.
ئوبيېكتىپ مۇھىت دەۋرىمىز كىشىلىرىنى غۇرۇرىنى ساقلاپ قېلىشقا
چارىسىز قىلىپ قويۇۋاتامدۇ ياكى بىزنىڭ ئەسلىدىنلا ئەقىدە ـ ئېتىـ
قادلىرىمىز پۇچەك، خاسلىق ئېڭىمىز يېتەرسىز، مەنىۋى جاسارىتىـ
مىز تايىنلىقمۇ؟ ! قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر شەرق مۇتەپەككۇـ
رى جۇاڭزى تەرىپىدىن «ئادەمنىڭ مال ـ دۇنيانىڭ قۇلى بولۇشى
قورقۇنچلۇق ئازاب، ھەتتا ھاياتنىڭ ۋەيران بولۇشى» دەپ كۆرسىتىلـ
گەن رېئاللىق كۆز ئالدىمىزدا ئىنكار قىلىپ بولمايدىغان دەرىجىدە
يېيىلىپ تۇرماقتا. بۇ خىل تراگېدىيىلىك ئىجتىمائىي مۇھىت ئوقۇـ
غۇچىلاردىن تارتىپ ئالىملارغىچە، بالا باققۇچىلاردىن تارتىپ دوختۇرـ
لارغىچە، ۋېلسىپىت ساقلىغۇچىلاردىن تارتىپ زاۋۇت باشلىقلىرىغىـ
چە، سۈت ساتقۇچىلاردىن تارتىپ سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەرگىچە،
لەتىپە ئېيتقۇچىلاردىن تارتىپ ئاتاقلىق يازغۇچىلارغىچە. . . ھەممە
ساھە كىشىلىرىنى ئۆز تەسىرى ئاستىغا ئالماقتا. «پۇل ھەممىگە
قادىر ئەمەس» ، «پۇلنى ئادەمنىڭ قىممەت ئۆلچىمى قىلىۋېلىشقا
بولمايدۇ» دېگەن سادالار ئانچە ـ مۇنچە ياڭراپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنى
تىڭشايدىغان قۇلاقلار كۈنسېرى ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ. شۇڭا بەزى كىـ
شىلەر بۈگۈنكى جۇڭگونى ئىقتىسادشۇناسلار، كارخانىچىلار، سودا ـ
سانائەتچىلەر چاۋاك چېلىپ ئەجەب ياخشى بولدى دەيدىغان، پەلسەپىـ
چى، مائارىپچىلار قايغۇرۇپ كۆز يېشى قىلىدىغان دەۋردە تۇرۇۋاتىـ
دۇ، دېيىشمەكتە. ئەلۋەتتە، تارىخ چاقىنى راۋان ئايلاندۇرىدىغان
ئىككى پىشاڭنىڭ بىرى بولغان مەنىۋى مەدەنىيەت ئېتىبارسىز مۇئا۔

مىلىگە ۋە دەپسەندە قىلىنىشقا ئۇچرىغان دەۋرلەردە تارىخ بەتلىرى
تولاراق قان ۋە ياش دېغى بىلەن تولۇپ كېتىدۇ. كىشىلەرنىڭ روھىـ
يەت ئالىمىنى نۇرلاندۇرۇپ تۇرىدىغان كۈچلۈك ئېتىقاد مەشئىلى
خىرەلىشىپ، نوپۇزلۇق ئەخلاق قارىشى ئېتىبارسىز قالغان دەۋرلەردە
كۆپچىلىك ئادەملەر ئاچكۆز، ياۋۇز، رەھىمسىز، شەخسىيەتچى،
مەسئۇلىيەتسىز، پۇرسەتپەرەس، نائىنساپ، ۋىجدانسىز ۋە رەزىل
بولۇپ كېتىدۇ؛ كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر تامامەن غەيرىي نورمال تۈس
ئالىدۇ؛ ساغلام روھ پۇل ھەممىگە قادىر دېيدىغان ئەسەبىيلىكنىڭ
پاتقىقىغا پېتىپ قالىدۇ. پۇلغا چوقۇنىدىغان، پۇلنى ئادەمنىڭ قىمـ
مەت ئۆلچىمى قىلىدىغان بۇنداق مەنىۋى كەيپىيات بارلىق رەزىللىكـ
لەرنى تۇغىدۇ. «ئىنجىل» دا «پۇلغا بولغان مۇھەببەت بارلىق رەزىلـ
لىكلەرنىڭ مەنبەسى» دەپ كۆرسىتىلگەن. شۇنى ئېنىق تونۇشىمىز
كېرەككى، پۇلنى ياشاشتا كەم بولسا بولمايدىغان قورال دەپ تونۇپ،
ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈـ
شى ھەر قانداق بىر دەۋر ئۈچۈن ئېيتقاندا ئىنتايىن زۆرۈر. چۈنكى
ماددىي شارائىتى ياخشىلانغان ئادەمدە روھىي بايلىق ئارزۇسى تەبىئىي
ھالدا تۇغۇلىدۇ. ئەمما، بۇ يەردىكى مۇھىم مەسىلە ماددىي شارائىتنى
ياخشىلاش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئىنسانىي قىممىتىنى بەدەل قىلىۋەتمەسـ
لىك، ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىنى پۇلغا تېگىشىۋەتمەسلىك كېـ
رەك. ئۇنداق ئېغىر بەدەل تۆلەپ بايلىققا ئېرىشكەن كىشى خەزىنىدىـ
كى چار يىلانغا ئوخشاپ قالىدۇ.

جەمئىيـەت مەلۇم مەنـدە مۇشۇ دەۋر كىشىلىرىنـىڭ «ئائىلىـ
سى» . شۇڭا ئۇزلۇكسىز يۈز بېرىۋاتقان ئاچچىق ئىجتىمائىي تراگېدىـ
يىلەر، ھالاكەت خاراكتېرلىك خەۋپ بىلەن تويۇنغان ۋەقە ـ ھادىسىـ
لەرنىڭ ۋىجدانى سەگەك كىشىلەرنى چۆچىتىپ ئويغىتىشى تەبىئىي
ئەھۋال. يۈكسەك ئىنسانىي غۇرۇرغا ۋە ئەقىدە ـ ئېتىقادقا ئىگە،
مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە ئارىلىشىش ئېڭى كۈچلۈك بولغان مەنىۋى

مەدەنىيەت جەڭچىلىرى چامىنىڭ يېتىشىچە چۇقان سېلىپ بىخودلاش-
قان، چۈشكۈنلەشكەن، ئەسەبىيلەشكەن، تېڭىرقىغان زامانداشلىرىنى
ئويغىتىپ، ئىجتىمائىي ئېكولوگىيە سىستېمىسى مىسلىسىز دەرىجىدە
ئاجىزلىشىپ كەتكەن بۇ جەمئىيەتنى ئۆزىنىڭ ئەقلىگە مۇۋاپىق ئىزغا
سېلىشقا ئىنتىلىدۇ.

مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ ۋە ئارىلىشىش ئېڭىنىڭ كەمچىل بو-
لۇشى دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ روھىيىتىدىكى بىر روشەن ئاجىزلىق.
جەمئىيىتىمىزدە تالاي كىشىلەر بەختسىزلىكنىڭ پاتقىقىدا ئىڭراۋاتسا
ياردەم قولىنى سۇنمايدىغان، ھەق بىلەن ناھەق كۆز ئالدىدىلا ئاستىن -
ئۈستىن قىلىنىۋاتسا سۈكۈت قىلىپ تۇرىدىغان، پارىخورلار بىلەن
تەخسىكەشلەرنى بىلىپ تۇرۇپ ئەدىبىنى بەرمەيدىغان، بىر يارامىلىق
زىيالىي ئادەتتىكى بىر كاسسىرغا داۋالىنىش پۇلىنى ئات چوت قىلدۇ-
رالماي يېلىنىۋاتسا ئېچىنمايدىغان، ئوقۇغۇچىلار «ئوقۇغۇچى بولغۇم
يوق پەقەت» دەپ قاقشاۋاتسا، دېھقانلار «دېھقان بولماق تەس» دەپ
زارلاۋاتسا ھېچ ئىش بولمىغاندەك خاتىرجەم يۈرۈۋېرىدىغان، ئەدەبىيات -
سەنئەت تارماقلىرى ھاراق - تاماكا شىركەتلىرىنىڭ دېرىكتورلىرىغا
مىڭ تەزىم قىلىپ ياردەم تەلەپ قىلىۋاتسا غەلىتىلىك ھېس قىلمايدى-
غان، ئەمما توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغلىرىغا كەلمىگەن ياكى
چاقىرمىغان كىشىلەرنى مەڭگۈ كەچۈرمەيدىغان، «مۇلايىم خوتۇن،
ئىسسىق ئۆي، ئوماق بالا» «ئالەم دېگەن شۇ» دەپ قارايدىغان چاكىنا
ئاڭدىن قۇتۇلالماي ئائىلە خاتىرجەملىكىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ،
ئۆزىنى بەختىيار ساناپ ياشاپ كېلىۋاتقان كىشىلەر تولۇپ تۇرغان
مۇھىتتا، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، ئارىلىشىش ئېڭى كۈچلۈك مەنىۋى
مەدەنىيەت جەڭچىلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى كىشىلەرنى چەكسىز
سۆيۈندۈرىدۇ، ئەلۋەتتە.

بىز شۇ نەرسىنى روشەن پەرقلەندۈرۈشىمىز كېرەككى، جەمئى-
يىتىمىزدىكى پۇلغا چوقۇنۇش پسىخىكىسى بازار ئىگىلىكى پەيدا قىل-

غان سەلبىي ئۈنۈم بولسىمۇ، لېكىن بازار ئىگىلىكىنىڭ ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى يۈكسەلدۈرۈشتىكى مىسلىسىز ئىجابىي رولىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ.

پەلسەپۋى نۇقتىدىن ئېيتقاندا، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى بۇ مەسىلىلەرنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانىغا سىڭگەن بولىدۇ. لېكىن، بۇ ھەرگىزمۇ يۈز بېرىۋاتقان تراگېدىيىلىك ھادىسىلەرگە سۈكۈت قىلىپ تۇرۇش كېرەك، دېگەنلىك ئەمەس. بىز بازار ئىگىلىكىنىڭ ئەسەبىي دولقۇنى ئىچىدە ياكى تېخىرقاش تۈيغۇسى ئىچىدە نېمىنى يوقىتىپ، نېمىگە ئېرىشىۋاتقانلىقىمىزنى سەگەكلىك بىلەن بىلىپ تۇرۇشىمىز، غەپلەت ئۇيقۇسى ئىچىدە بىھۇدە بەدەللەرنى تۆلىمەسلىككە تىرىشىشىمىز، مەنىۋى مەدەنىيەتنى ماددىي مەدەنىيەتنىڭ چاڭ - تۇزانلىرى ئىچىگە كۆمۈپ قويۇشقا يول قويماسلىقىمىز، ئۆزىمىزنىڭ ئەقىدە - ئېتىقادلىرىمىزنى پۇلغا تېگىشىۋېتىشتىن ساقلىنىشقا تىرىشىشىمىز لازىم.

شۇنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، جەمئىيەت ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى، كىشىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى جەمئىيەتتە ۋە كىشىلەردە مەدەنىيەتكە بولغان تەلەپنى تۇغدۇرىدۇ. بۇ بىر قانۇنىيەت.

مەدەنىيەت ئىنسانغا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىنسانىي قىممىتىنى ھېس قىلدۇرىدىغان، ئۇنىڭ ئەقلىنى كامالەتكە، روھىنى ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرىدىغان تەڭدىشى يوق ئەڭگۈشتەر. ئۇ ئىنسانىنى ئۆز - ئۆزىگە تونۇتىدۇ ۋە ھەقىقىي مەنىدىكى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرىدۇ. «مىڭ بىر كېچە» ھېكايىلىرىدىكى ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان ئايال شەھرىزادىنىڭ ئۆزىنىڭ پاراستى ۋە بىلىمىگە تايىنىپ زالىم پادىشاھنىڭ قەلبىدە ئىنسانىي مېھىر - مۇھەببەتنى ئويغىتىپ ئاخىرقى ھېساپتا ھاياتىنى ساقلاپ قالغانلىقىمۇ، دەل مەدەنىيەتنىڭ قۇدرىتى جۇملىسىگە كىرىدۇ. بىز «قەبىلە باشلىقىنىڭ غەلىبىسى»، «يىلتىز»ناملىق تېلېۋۇ-

زىيە تىياتىرلىرىنى كۆرگەن ۋاقتىمىزدا، ئۆتمۈشتە ئىندىئانلارنى
قانلىق قىرغىن قىلىپ، قارا تەنلىكلەرنى قۇل قىلغان ياۋۇز ئاق
تەنلىك ئامېرىكىلىقلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئۆزلىرىنىڭ كەچۈرگۈسىز
تارىخىي جىنايەتلىرىنى قىلچە يوشۇرماي ئېپادىلەشكە يول قويغان
مەردانىلىكىنى مەدەنىيەتنىڭ ئۇلارغا ئۆز - ئۆزىنى تونۇتقانلىقىدىن
دەپ چۈشىنىشىمىز كېرەك. ئەگەر ئامېرىكىلىقلار ئىنسانپەرۋەرلىكنى
مەزمۇن قىلغان.مەدەنىيەت مەشئىلىنىڭ دەستىسىنى مۇستەھكەم تۇ-
تۇش بەختىگە مۇيەسسەر بولالمىغان بولسا، چىڭ خاندانلىقىدىن تۆلەم
ئۈچۈن ئالغان يۈز مىليون سەر كۈمۈشنى جۇڭگو ئۈچۈن سەرپ
قىلىپ چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى تەسىس قىلىپ بەرمەستىن، بەلكى ئۆز
دۆلىتىنىڭ خەزىنىسىگە شاراقشىتىپ تۆككەن بولاتتى. شۇڭلاشقا ئىن-
سانىيەت جەمئىيىتىنى تاكامۇللاشتۇرۇۋاتقان، ئىنسان مەنىۋىيىتىنى
مۇكەممەللەشتۈرۈۋاتقان مۆجىزىدار ۋاستە دەل مەدەنىيەت، دەپ كې-
سىپ ئېيتىمىز.

ئەلۋەتتە، ئالىيجاناب ئەخلاقىي روھ ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك مەزمۇ-
نىدىن خالىي بولغان، ئىنسان تەبىئىتىنى چىقىش قىلمىغان ئاتالمىش
مەدەنىيەت ئىنسانىيەتنىڭ بېشىغا بالا بولىدۇ. ئۇ ئىنسانلارنى ياتلاش-
تۇرۇپ، دۇنيانى «نەيزە - قالقانلىرى» زامانىۋى قاراقچىلارنىڭ
بىر - بىرىگە تەھدىت سېلىشىدىغان، كۈچ سىنىشىدىغان، ئاجىز
مىللەتلەرنى بوزەك قىلىپ، تالان - تاراج قىلىشىدىغان «گىلادىياتور-
لار مەيدانى»غا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. دۇنيانى پۇرۇخ ھىدى قاپلاپ،
يادرو تەھدىتى كۈچىيىپ، كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندە قىلىنىپ،
ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بۇزۇلۇپ، يەر ئاستى بايلىقلىرى خانىۋەيران
قىلىنىدۇ. كۆز ئالدىمىزدىكى جاراھەتلىك دۇنيا ئاتالمىش مەدەنىيەت
مىكروبلىرىنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتى سۈپىتىدە بىزگە نامايان بولۇپ
تۇرماقتا. مۇشۇنىڭغا قاراپ يۇنان ئەپسانە - رىۋايەتلىرىدىكى ئەڭ
چوڭ خۇدا زىۋسنىڭ مەدەنىيەتنىڭ ئۇندۇرمىسى ۋە سىمۋولى بولغان

ئۇتنى ئىنسانلارغا ئوغۇرلاپ بەرگەن پىرومېتېىنى كاۋكاز تېغىغا بەنت قىلىپ، بۇركۇتكە چوقۇلۇتۇپ جازالىشىنىڭ سەۋەبى بار ئۇخشايدۇ، دېگەن خىياللارغىمۇ كېلىپ قالىمىز. لېكىن، ئالەمنىڭ دېئالىكتىك تۈزۈلمىسى ئىنسانلارغا يەنىلا ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىكنى، قايغۇ بىلەن خۇشاللىقنى، باتۇرلۇق بىلەن قورقۇنچاقلىقنى مەڭگۈلۈك بەخشەندە قىلىپ «مەھرۇمىيەت تەڭ مۇيەسسەرىيەت، مۇيەسسەرىيەت تەڭ مەھرۇمىيەت» (جالالىدىن رۇمى) بولۇشتەك قانۇنىيەت ئىچىدە تارىخنىڭ كامالەتكە قاراپ ئىلگىرىلەش مەنتىقىسىنى بويلاپ ئالغا بېسىشىنى ۋە ئىزدىنىشىنى دەۋەت قىلىدۇ.

مەدەنىيەتكە ئېرىشمەي تۇرۇپ ئىنساندەك ياشاش مۇمكىن ئەمەس، نادانلىق ھېچكىم راۋا كۆرمەيدىغان ئەڭ ئەشەددىي ئاپەت. نادانلىقتىن ئىبارەت بۇ ئالۋاستىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلالماي، نەچچە ئەسىردىن بېرى تۈز سۆيگە چىلىشىپ ياشاپ كەلگەن خەلقىمىز بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە شۇنداق بىر غەلىتە قىسمەتكە مۇپتىلا بولدىكى، ئويلىسىڭىز ئەجەپلەنمەي تۇرالمايسىز. ھېسسىياتىمىزنى يوشۇرماي ئېيتىدىغان بولساق، بىز ماختىنىپ كېلىۋاتقان «ئۇيغۇرلار مېھماندوست مىللەت»، «ناخشا - ئۇسسۇلغا خۇشتار مىللەت»، «خۇشچاقچاق مىللەت»... دېگەندەك سۆپەتلىرىمىز بىزگە تازا ياراشمايۋاتقاندەك ھېس قىلىمىز. بۇ چىرايلىق سۆپەت سۆزلىرىنى ئىلگىرىكىدەك تولۇق تەلەپپۇز قىلالمايدىغان، بەلكى سەل قورۇنۇش ھېسسىياتى بىلەن ئېغىزغا ئالىدىغان بولۇپ قالدۇق. چۈنكى، «مېھماندوست» دېگەن سۆز تىلغا ئېلىنىش بىلەن تەڭلا خۇددى «ساددا» دېگەن ئۇقۇم «كالۋا» دېگەن سۆزنىڭ سىلىقلىنىپ ئېيتىلغان شەكلى بولغىنىدەك، «مېھماندوست» دېگەن ئىبارىنىڭ «ئەخمەق» دېگەن ئىبارە بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانلىقى ئېسىمىزگە چۈشىدۇ - دە، قەلبىمىزنى سەسكىنىش تۇيغۇسى ئىگىلەيدۇ. ناخشا - ئۇسسۇلنىڭ گېپى چىققىش بىلەن تەڭ كۆز ئالدىمىزغا ئىقتىساد ئىگىلىرى ئۆز ئارا توختام

تۇزۇشۇپ بولۇپ، ھاردۇقىنى چىقىرىدىغان ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ شەرىپىدىگە باي - خوجىلارنىڭ دېدەكلىرىدەك نايناقشىپ ئۇسسۇل ئويناپ بېرىۋاتقان ھالىتىمىز كېلىپ نومۇس تۇيغۇسىغا چۆمىمىز. «خۇشچاقچاق» لىقنىڭ گېپى چىقسا «ئاق ئالۋاستى» غا ۋە ئەيدىزگە ئوخشاش بىر - بىرىدىن قەبىھ ئاپەتلەرنىڭ قۇچىقىدا تۇركۈملەپ كاردىن چىقىۋاتقان قىز - يىگىتلىرىمىزنىڭ ئېچىنىشلىق ھالەتلىرى ئېسىمىزگە كېلىپ، دېمىمىز ئىچىمىزگە چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەجەپ ئىش، بىر مىللەت مەدەنىيەتلىك ھەم تەرەققىي تاپقان بولسا ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىلا ئەمەس، بەلكى كەمچىلىكلىرىمۇ ئۆزىگە يارىشىدىكەن. خۇددى مەشھۇر ئالىم نيوتۇننىڭ چوڭ - كىچىك ئىككى مۈشۈك ئۈچۈن ئىككى تۆشۈك تەشكەنلىكىدىن ئىبارەت ئەخمەقلىقى ئۇنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى ئوبرازىغا يۇمۇرلۇق تۈس بەخش ئەتكىنىگە ھەم بۇ ئەخمەقلىق نيوتۇننىڭ تەڭداشسىز نامى بىلەن قوشۇلۇپ پۈتۈن ئىنسانىيەت بىلىدىغان «مەشھۇر ئەخمەقلىق» بولۇپ قالغىنىغا ئوخشاش. بىزگە ئوخشاش ھەر جەھەتتە باشقىلاردىن كېيىن قالغان بىر مىللەتنىڭ كەمچىلىك - خاتالىقلىرىنىڭ، ئەخمەقلىق - نادانلىقلىرىنىڭ ئۆز ئوبرازىنى تېخىمۇ خۇنۈكلەشتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى تەن ئالماسلىقىمىزغا نېمە ئامال؟! بۇ مىللىتىمىزنىڭ «ئۇيغۇرسىمان قىسمىتى» نىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولسا كېرەك. نەچارە، بىز «سۆيۈملۈك ئەخمەق» بولۇش بەختىگە مۇيەسسەر بولالمىغاندىكىن؟! مۇشۇ مەنىدىن ئېيتىشقا بولىدۇكى، بىزنىڭ مىللىي مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئاجىزلىقلىرىمىز، روھىي جەھەتتىكى زەئىپلىكلىرىمىزدىن غالىب كەلمەي تۇرۇپ «سۆيۈملۈك ئەخمەق» بولۇشقا شەرتىمىز توشمايدىكەن.

بىز سانسىزلىغان يىمىرىلمەس پاكىتلاردىن مەدەنىيەتنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭ رولىغا دەرگۇماندا قارىمايدىغان بولدۇق. ئەلۋەتتە، مەدەنىيەت ھەققىدىكى تونۇش مەسىلىسىنىڭ ھەل بولغانلىقى مەدەنىيەتكە بولغان مۇھەببەتنىڭ ئويغانغانلىقىدىن دېرەك

بېرىدۇ. ئەمدى بىز مەدەنىيەتنىڭ ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشىش يوللى-
رى ئۈستىدە ئىزدىنىشىمىز كېرەك. بىز مەدەنىي دېگەن ئاتالغۇنىڭ
ئۇقۇمىنى ئاددىي چۈشىنىۋالىدىغان بولساق «مەرھەمەت»، «كەچۈ-
رۈڭ»، «ياخشىمۇسىز»، «رەھمەت» دېگەندەك نازاكەتلىك ئىبارى-
لەرنى يادلىۋالغان كىشىلەرنى مەدەنىي ئادەم دەپ قارىۋالىدىغان،
«پايدىلىنىش خەۋىرى» گېزىتى بىلەن «خەلقئارا خەۋەرلەر» پروگ-
راممىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلىۋېلىپ سۆزلەپ يۈرگەن ئادەملەرگە
قاراپ، ئېسىدە تۇتۇۋالغان پارچە - پۇرات بىلىملىرى كۆپ كىشىلەر-
گە قاراپ، زىيالىيلىرىمىزنىڭ كىيىۋالغان شلەپىسى بىلەن چىگىۋال-
غان گالستۇكىغا قاراپ مەدەنىيەت سۈپىتىمىز ئۆسۈۋاتىدۇ، دەپ
چۈشەنسەك، يەنىلا نادانلىق قىلغان بولىمىز. بىر مىللەتكە ياكى بىر
جەمئىيەتكە نىسبەتەن مەدەنىيەتلىك بولۇشنى خۇددى مورگان «قەدىمە-
كى جەمئىيەت» ناملىق كىتابىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك «ئىنسانىيەت
ئالدى بىلەن مەدەنىيەتنىڭ ھەممە ئامىللىرىغا ئېرىشكەندىلا ئاندىن
مەدەنىيەتلىك ھالەتكە يېتەلەيدۇ» دەپ چۈشەنسەك ھەقىقىي مەنىسى
بىلەن چۈشەنگەن بولىمىز. بىر ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئەڭ ئاد-
دىيسى ئارىستوتېل ئېيتقان «تاماق يېيىش ئۈچۈن ياشاۋاتامدۇ ياكى
ياشاش ئۈچۈن تاماق يەۋاتامدۇ؟» دېگەن مەسىلىنى ئۆلچەم قىلىش
كېرەك. ئەلۋەتتە بۇ ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم. ئەمەلىيەتتىمۇ بىز ھاياتى-
مىزنى ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەمدە ئۆتكۈزۈۋاتىمىز. مىسال ئۈچۈن قارايدى-
غان بولساق، ئۇيغۇرلارنىڭ زىيالىيلىرى، ئەمەلدارلىرى، بايلىرى
ئەڭ كۆپ مەركەزلەشكەن ئۈرۈمچىدە كىشىلەر ئادەتتە قىزى بىرەرسى-
نىڭ كەينىدىن ئىچكىرىگە قېچىپ كەتمىگەن بولسا، ئوغلى زەھەرلىك
چېكىملىككە بېرىلىپ كەتمىگەن بولسا «باللىرىمغا خۇدايىم ئىنساپ
بەردى، ئەخلاقلىق، ئوبدان چوڭ بولدى» دېيىشىپ ماختىنىشىدۇ.
باللىرىنىڭ مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارى بارمۇ - يوق؟ غايە -
ئېتىقادى بارمۇ - يوق؟ ئۆز - ئۆزىنى قەدىرلەش تۇيغۇسى كۆچ-

لۇكمۇ ـ يوق؟ مۇئەييەن مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگىمۇ ـ يوق؟ بېتەرلىك كەسپىي قابىلىيەتكە ئىگىمۇ ـ يوق؟ . . . دېگەنلەرنى ئويـ لاشقىمۇ پېتىنالمايدۇ. ئەخلاقلىق قىزنىڭ ئۆلچىمى ئىچكىرى ئۆلكىـ لەرگە قېچىپ كەتمەسلىكمۇ؟ ئوبدان ئوغۇلنىڭ ئۆلچىمى زەھەرلىك چېكىملىككە بېرىلمەسلىكمۇ؟ ! بۇ بالىلىرىمىزغا قويۇلغان نەقەدەر تۆۋەن تەلەپ ـ ھە! مۇشۇنداق تۆۋەن تەلەپ ئىچىدە ئۆسۈپ ـ يېتىلـ گەن ئەۋلادلاردىن مىللەتنىڭ يۈكىنى مۈرىسىگە ئالالايدىغان ئەزىمەتـ لەرنىڭ چىقىشى مۇمكىنمۇ؟ !

شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ئادەملەرنىڭ ئادەتتىكى جانلىقلارغا ئوخشاش «ئۆزىنىلا ئىشلەپچىقىرىدىغان» ، جان بېقىش بىلەنلا قانائەت ھاسىل قىلىدىغان ھالەتتە ياشىشىغا ھەرگىز بولمايدۇ. ئادەملەرنىڭ ھاياتى ھاياتنى تەكرارلايدىغان ئەمەس، ھاياتنى يارىتىدىغان ھايات بولۇشى، ئىزىغا سەكرەيدىغان ئەمەس، يۇقىرىغا ئۆرلەيدىغان ھايات بولۇشى، ھەرگىزمۇ ئوبيېكتىپ بىلەن چەكلىنىپ توختاپ قالىدىغان ھايات بولماسلىقى، قىسقىسى، پەقەت ئۆزىنى قايتا تەكرارلايدىغان، نەسلىنى داۋاملاشتۇرىدىغانلا ھايات بولۇپ قالماسلىقى لازىم. چۈنكى بۇ خىل ئىقتىدار ھايۋانغىمۇ خاس بولۇپ ئىنسانلارمۇ مۇشۇ ئىقتىدارى بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدىغان بولسا، ھايۋانلار بىلەن بىر تۈز سىزىق ئۈستىدە ئەسرارلىشىپ قالامدۇ؟ !

( بۇ ماقالە «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» نىڭ 1995 ـ يىل 14 ـ نويابىر كۈندىكى ساندا ئېلان قىلىنغان)

www.uyghurkitap.com

# چېچىنلەر ۋە چېچىنىيە ۋەقەسى

ئىزاھات: مەن بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان توپلىغان ماتېرىياللىرىم ئاساسىدا «چېچىنلەر ۋە چېچىنىيە ۋەقەسى» دېگەن بۇ ماقالىنى تەييارلىدىم. بۇنىڭدىن مەقسەت ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېقىم مەسىلىسى ھەققىدىكى بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پۈتۈن دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىپ كېلىۋاتقان چېچىنىيە ۋەقەسى ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

* * *

چېچىنلەر تۈركىي خەلقلەرنىڭ بىر شىخى بولۇپ، شىمالىي كاۋكاز رايونىدا ئولتۇراقلاشقان. يۇرتى چېچىنىيە. چېچىنىيە رۇسىيە فېدېراتسىيىسىدىكى 21 جۇمھۇرىيەتنىڭ بىرى. چېچىنلەرنىڭ چېچىنىيىنىڭ ئەتراپىدىكى ئىنگۇش، داغىستان، شىمالىي ئوسسېتىيە، سەل يىراقتىكى ئافغازىيە ۋە ئەزەربەيجان قاتارلىق مۇسۇلمانلار كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدىغان جۇمھۇرىيەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى قويۇق. چېچىنىيىنىڭ يەر كۆلىمى تەخمىنەن 15 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى بىر مىليوندىن ئارتۇق. چېچىنلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. 19 ـ ئەسىردە چارۇسىيە 50 يىلغا سوزۇلغان كاۋكاز ئۇرۇشى ئارقىلىق 1859 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇ يۇگەنسىز مىللەتنى ئەل قىلىپ چېچىنىيىنى ئىمپېرىيە خەرىتىسىگە قوشقان. تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا 1817 — 1864 ـ يىللىرىدىكى كاۋكاز ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، شىمالىي كاۋكازنىڭ كۆپ قىسمى رۇسىيىگە تەۋە بولغان. چېچىنلەر مانا بۇ مەشھۇر كاۋكاز ئۇرۇشىدا ئەتراپىدىكى باشقا مىللەتلەر بىلەن بىرلىشىپ چارۇسىيە ئارمىيىسى-

نىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا باتۇرلۇق بىلەن قارشى تۇرغان، شۇ سەۋەبتىن چار پادىشاھنىڭ بۇ تاغلىق رايوننى ئىشغال قىلىشى يېرىم ئەسىر-دىن كۆپرەك كېچىككەن. كاۋكاز ئۇرۇشىدا چار رۇسىيە كاۋكاز مىللەت-لىرىنى جۇملىدىن چېچىنلەرنى بويسۇندۇرۇشتا كازاك چەۋەندازلىرى-دىن پايدىلانغان. چېچىنلەر چارپادىشاھ ئارمىيىسىگە ناھايىتى كۈچ-لۈك قارشىلىق كۆرسەتكەن. ئۇلارنىڭ بۇ خىل قارشىلىقى 1859 - يىلى ھەربىي كاتتىۋېشى ئىمال شامىل ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىن توختىغان. چېچىنلەر ھازىرمۇ شامىلنى مىللىي قەھرىمان سۈپىتىدە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ ئەسلىشىدۇ. چېچىنلەر قەيسەر، قىزىققان بولۇپ، ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر كېلىدۇ. ياش ۋاقتىدا كاۋكازدا ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىگەن بۈيۈك يازغۇچى لىف. تولستوي چېچىنلەر-نىڭ ھەممىسى ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان ئەزىمەتلەر دەپ تەرىپلىگەنىدى ھەمدە ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا «ھاجى مۇرات» ناملىق رومانىنى يېزىپ چېچىنلەرنىڭ كۈچلۈك غۇرۇرىغا ئىگە مىللىي خاراكتېرىنى مەدھىيىلىگەنىدى.

نوپۇسى پۈتۈن رۇسىيە نوپۇسىنىڭ بىر پىرسەنتىگىمۇ، زېمىنى رۇسىيە زېمىنىنىڭ 0.1 پىرسەنتىگىمۇ يەتمەيدىغان بۇ مىللەت يېقىن-قى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان رۇسىيىگە قارشى مۇستەقىللىق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ پۈتكۈل رۇسىيىگە ئاۋارىچىلىق تېپىپ بەردى ھەم خەلقئارالىق مەسىلە پەيدا قىلدى.

چېچىنلەر قاراچاچ، بۇغداي ئۆڭلۈك كېلىدۇ، كۆپىنچىسى قو-يۇق ساقال قويىدۇ، بوۋايلىرى ئۇزۇن ساقال قويىدۇ. چوڭ قۇيرۇق-لۇق قوي (پارس قويى) نىڭ تېرىسىدىن ئىشلەنگەن تۇماق كىيىدۇ. چېچىنلەر ئائىلىسىگە ۋە دىنىي ئېتىقادىغا ئىنتايىن سادىق بولۇش بىلەن داڭق چىقارغان. بۇ ئۇلارنىڭ كۈچلۈك شەخسىي شان - شۆھ-رەت تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇشىغا سەۋەب بولغان مۇھىم ئامىل.

رۇسلار چېچىنلەرنى غۇرۇرلۇق، ئەركىنلىكنى ياخشى كۆرىدى-

www.uyghurkitap.com

غان، ھۆكۈمەتسىزلىكنى ياقتۇرىدىغان مىللەت دەپ قارايدۇ. ھازىرقى چېچەنلەر نەزىرانلار، ئاۋۇخۇۋلار ۋە ئېچكىرىنلار دەپ ئۈچكە بۆلىنىدۇ. چېچەنلەر دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. كاۋكازدىكى باشقا مىللەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا چېچەنلەر بىلەن ئىنگۇشلارنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى خېلىلا كونا. ئۇلار بۈگۈنكى كۈنگىچە قەبىلە باشلىقى تۈزۈمى ۋە ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنى ساقلاپ كەلمەكتە. ئوخشاش بىر ئۇرۇقتىكىلەر بىر - بىرىنى ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىل دەپ قارايدۇ.

ئۇرۇقداشلىق ئۆرپ - ئادىتىدىكى ئەڭ جاھىل خاھىش — قانداشلار ئۈچۈن قىساس ئېلىش تۈزۈمى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ھېلىھەم كۈچلۈك دەرىجىدە ساقلانماقتا.

چېچەنلەر ئىنتايىن مېھماندوست مىللەت. بۇ ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ بىرى. كەلگەن مېھماننى قەبىلە باشلىقى ئۆزى كۈتۈۋالىدۇ. مېھمان ئۆيگە كىرسىلا ئۇنىڭ دوست ياكى دۈشمەن بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر قەبىلە باشلىقى ئۇنى قوغدايدۇ.

چارپادىشاھ ھۆكۈمىتى كاۋكازنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن چېچەنلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تۈزۈمى ۋە ئۆرپ - ئادىتىگە قارىتا ئاساسىي جەھەتتىن يول قويۇش سىياسىتىنى قوللانغان.

چېچەنلەر «ئۆكتەبىر ئىنقىلابى»دىن كېيىن رۇسىيىنىڭ جەنۇبىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىچكى ئۇرۇشقا قاتناشمىغان بىردىن - بىر مىللەت. بۇ ئۇلارنىڭ مىللىي ئۇيۇشقاقلىق روھىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈكلىكىنىڭ ئىپادىسى. سوۋېت ھاكىمىيىتى 1922 - يىلى 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى چېچەنىيە ئاپتونوم ئوبلاستىنى قۇرۇپ گروزنى (رۇس تىلىدا «رەھىمسىز شەھەر»، «قورقۇنچلۇق شەھەر» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ) شەھىرىنى ئوبلاست مەركىزى قىلغان. 1936 - يىلى 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چېچەن - ئىنگۇش سوۋېت سوتسىيالىستىك ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان. 1944 - يىلى

ستالىن رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى چېچىنلەرنى گېرمانىيە تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن ھەمكالاشتى، دېگەننى باھانە قىلىپ، يۇرت - ماكانىدىن ئايرىپ ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىگە قوغلىۋەتكەن. خىروششېۋ تەختكە چىققاندىن كېيىن ئاساسلىقى 1957 - يىلى زور كۆپ ساندىكى چېچىنلەر يۇرتىغا قايتىپ مىللىي ئاپتونومىيىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن چېچىنلەرنىڭ نۇرغۇن ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىسى ھەل بولغان ئەمەس. ئەكسىچە دېھقانچىلىق ئېتىزلىرى يېتىشمەي قالغان ۋە ئىشسىزلار كۆپەيگەن. مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلى چېچىنلەر رۇسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى باشقا مىللەتلەرگە قارىغاندا تەرەققىيات جەھەتتە ئارقىدا قالغان. شۇڭا چېچىنلەرنىڭ كۆپىنچىسى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى باشقا جۇمھۇرىيەتلەردە پۇل تېپىپ جان بېقىشقا مەجبۇر بولغان.

گورباچېۋ رەھبەرلىكىدە ئىسلاھات يولغا قويۇلغاندىن كېيىن چېچىنلەرمۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مۇسۇلمان مىللەتلەرگە ئوخشاش مىللىي ۋە دىنىي ئەنئەنىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە باشلىغان ھەمدە ئەرەب ۋە مۇسۇلمان دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى شۇنىڭدەك تۈركىيە، ئىئوردانىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بولغان قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىشكە كىرىشكەن. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى يەنە يۇرتىغا قايتقان. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى «دېموكراتىيە ۋە ئاشكارىلاشتۇرۇش» دولقۇنىدا چېچىنلەرنىڭ مىللىي ھېسسىياتى كۈنسېرى كۈچىيىپ، 200 يىلدىن بېرى رۇسلار بىلەن ئادالەتسىزلىككە تولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە قايتا ئويلىنىپ رۇسلار بىلەن ھېسابلىشىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىستونىيىدە تۇرۇشلۇق ھەربىي ئەمەلدار، سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە چېچىنلەردىن چىققان تۇنجى گېنېرال، 12 قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقى ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلانغان يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە شەخس دۇدايېۋ

www.uyghurkitap.com

(تولۇق ئىسمى: جەۋھەر مۇسا تۇردى) نى، 1990 ـ يىلى چېچېنىيە مىللىي قۇرۇلتىيى (كېيىن نامى چېچېن ئومۇمىي خەلق قۇرۇلتىيىغا ئۆزگەرتىلگەن) ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلىغان.

دۇدايېۋ 1944 ـ يىلى چېچېنىيىدە تۇغۇلغان بولۇپ، تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئائىلىسى بىلەن قازاقىستانغا كۆچۈرۈۋېتىلگەن. ئۇ شىمالىي قازاقىستاندا 13 يىل تۇرغان. ئۇنىڭ كەسپى ھەربىي ئۇچقۇچى بولۇپ، سىزران تىك ئۇچار ئايروپىلان مەكتىپى ۋە تانبوۋ يىراق مۇساپىلىق ئاۋىئاتسىيە قىسمى يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئاۋىئاتسىيە مەكتىپى، گاگارىن ھاۋا ئارمىيە ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن. ئۇنىڭ ئارمىيىدە ئەمەلى تېز ئۆسكەن. 36 يېشىدىلا ئاۋىئاتسىيە بىڭتۇەنىنىڭ قوماندانى بولغان.

دۇدايېۋ 1987 ـ يىلى ئېستونىيىنىڭ پايلنو شەھىرىدە تۇرۇشلۇق يىراق مۇساپىلىق بومباردىمانچى ئايروپىلانلار دىۋىزىيىسىنىڭ قوماندانى، قوشۇمچە شۇ جايدا تۇرۇشلۇق قىسمنىڭ قوماندانى بولغان. ئۇ بۇ ۋەزىپىنى ئۆتىگەن ئۈچ يىلدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بۆلۈنۈپ مۇستەقىل بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئېستونىيە مىللەتچىلىرىنىڭ ھەرىكىتىگە قارىتا ناھايىتى كەڭ قورساق بولۇپ، يەرلىك ئاھالىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

1991 ـ يىلى چېچېنىيىدىكى بىر تۈركۈم ئاقساقاللار ۋە كارخانىچىلار سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى تەركىبىدە ئېستونىيىدىن چېكىنگەن دۇدايېۋنى تەكلىپ قىلىپ چېچېنىيىگە قايتۇرۇپ كەلگەن. دۇدايېۋ «سالامەتلىكىم ھەربىي خىزمەت ئۆتەشكە يار بەرمىدى» دەپ شۇ يىلى 4 ـ ئايدا ھەربىيلىكتىن چېكىنگەن ھەم چېچېنىيىگە كېلىپ سىياسىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشقان.

1991 ـ يىلى «19 ـ ئاۋغۇست» ۋەقەسىدىن كېيىن دۇدايېۋ ئەينى ۋاقىتتىكى چېچېن ـ ئىنگۇش جۇمھۇرىيىتىنىڭ زاۋكايېۋ باشچىلىقىدىكى رەھبەرلىرىنى تەختتىن قوغلاپ چۇشۇرۇپ ھوقۇق تارتى-

ۋالغان. شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى چېچېنىيىنىڭ زۇڭتۇڭ-لۇقىغا سايلانغان.

دۇدايېۋ زۇڭتۇڭ بولغاندىن كېيىن زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىگە چې-چېنلەرنىڭ 19 - ئەسىردىكى مىللىي قەھرىمانى شامىلنىڭ ئەمەس، بەلكى 18 - ئەسىردىكى چېچىن خەلقىنىڭ چارۇسىيە مۇستەملىكىچى-لىرىگە قارشى قوزغىلىڭىغا رەھبەرلىك قىلغان مىللىي قەھرىمانى شەيخ مازۇرنىڭ چوڭايتىلغان رەسىمىنى ئاسقان. ئۇنىڭ نەزەرىدە شامىل رۇسلارغا ئەل بولغان مىللىي قەھرىمان ئىدى.

بۇ يىل 51 ياشقا تولغان دۇدايېۋ ئۆزىنى تەقۋادار مۇسۇلمان دەپ ئاتىماقتا. ئۇ ئائىلىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشى. ئۇنىڭ ئايالى رۇس بولۇپ ئىسمى ئالېپتىنىنا. ئۇلارنىڭ بىر نەچچە قىز - ئوغلى بار. دۇدايېۋ ياپونچە جانبازلىقنى پىششىق ئىگىلىگەن، ئۇ يەنە كلاسسىك مۇزىكا ھەۋەسكارى، شۇنداقلا گۈل ئۆستۈرۈشكە ھېرىسمەن. ئەمما ھازىر ئۇ ھەربىي ئىشلارغا ئائىت تېخنىكىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدۇ.

دۇدايېۋ چېچېنىيىنىڭ زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلانغاندىن كېيىن موسكۋا تەرەپ دەرھال چېچېنىيىدىكى زۇڭتۇڭ سايلىمىنى قانۇنسىز دەپ ھېسابلىدى. دۇدايېۋ بولسا ناھايىتى تېزلىك بىلەن چېچېنىيىنىڭ مۇستەقىللىكىنى جاكارلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ فېدېراتسىيە شەرتنامىسىگە ئىمزا قويمىدى، فېدېراتسىيە خام چوتى تاپشۇرمىدى، فېدېراتسىيە سايلىمىغا قاتناشمىدى ھەمدە رۇسىيە ھۆكۈمىتى بىلەن ئىزچىل قارشىلىشىپ كەلدى. ۋەزىيەت كۈندىن - كۈنگە كەسكىن-لەشتى. ئۇنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك سىياسىي پائالىيىتى قانۇنسىز قورال-لىق كۈچ قۇرۇشتىن باشلاندى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى رۇسىيە فېدېرات-سىيىسىنىڭ باشقا رايونلىرىدا ئولتۇراقلاشقان چېچېنلەرنىڭ كۆپلە-گەن ماددىي ياردىمىگە ئېرىشتى.

چېچېنىيە ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە تەسىرى رۇسىيە ھۆكۈ-مىتىنى جىددىيلەشتۈردى. رۇسىيە ھۆكۈمىتى ئاۋۋال چېچېنلەر ئارد-

سىدىكى قەبىلە زىددىيەتلىرىدىن ۋە دۇدايېۋغا قارشى ئۆكتىچى كۈچلەر-
دىن پايدىلىنىپ دۇدايېۋ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرماقچى بولدى. شۇنىڭ
بىلەن رۇسىيە دۆلەت دۇماسىنىڭ باشلىقى بولغان چاغدا زۇڭتۇڭ
يېلتسىن بىلەن قارشىلىشىپ مەغلۇپ بولۇپ قولغا ئېلىنغان، كې-
يىن ئومۇمىي كەچۈرۈمدە تۈرمىدىن چىقىپ ئالىي مەكتەپتە ئىقتىسا-
شۇناسلىق دەرسى بېرىۋاتقان خاسبولاتوۋ چېچىن بولۇش سۈپىتى بىلەن
بۇ سىياسىي پۇرسەتتە رۇسىيە ئۈچۈن خىزمەت كۆرسىتىپ ئۆزىنىڭ
ئىلگىرىكى ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىيىتىدە كېلىشتۈرگۈچى
سالاھىيىتى بىلەن ئانا يۇرتى چېچىنىيىگە باردى. دۇدايېۋ خاسبولاتوۋ-
نىڭ ئەجدادلىرىنىڭ زېمىنىنى سېتىپ چېچىنىيىنى ئۆزىنىڭ موسكۋا-
غا شەرەپ بىلەن قايتىشىدىكى بىر سەكرەش تاختىسى قىلماقچى بولۇ-
ۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئۇنى چېچىنىيىگە يېقىن يولاتمىدى ھەمدە ئادەم-
لىرىدىن 15نى ئېتىپ تاشلىدى. موسكۋا تەرەپ خاسبولاتوۋنىڭ چې-
چىنىيە كرىزىسىنى ھەل قىلىشتا ئوينىماقچى بولغان رولىغا ئانچە
قىزىقمىدى. دۇدايېۋمۇ گېرمانىيە مۇخبىرىنىڭ: «سابىق دۆلەت
مەجلىسىنىڭ رەئىسى خاسبولاتوۋ ھازىر سىز بىلەن قارشىلىشىۋاتە-
دۇ، بۇنىڭدىن ئەجەبلىنەمسىز» دەپ سورىغان سوئالىغا: «قىلچە
ئەجەبلەنمەيمەن. خاسبولاتوۋ ئۆمۈرتقۇسى يوق ئادەم. ھازىر رۇسىيە
بۇ قورقۇنچلۇق غالجىر ئىتقا ئوكۇل ئۇرۇش ئارقىلىق ئۇنى ماڭا
قارشى تۇرۇشقا ئۈندەۋاتىدۇ، ئۇ رۇسىيىنىڭ تىپىك قۇربانى» دەپ
جاۋاب بەردى.

رۇسىيە ھۆكۈمىتى خاسبولاتوۋنى قۇچاقلىمىغان بىلەن چېچىنى-
يىدىكى ئاساسلىق ئۆكتىچى تەشكىلات — «ۋاقىتلىق كومىتېت» نى
خىراجەت ۋە قورال بىلەن تەمىنلەپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ رەھبىرى ئاف-
تورخانوۋنىڭ دۇدايېۋنى ئاغدۇرۇۋېتىشىنى قوللىدى. رۇسىيە زۇڭ-
لىسى چېرنومىلكىن چېچىنىيە جۇمھۇرىيىتى ۋەزىيىتى توغرىسىدا
نۇتۇق سۆزلەپ: «رۇسىيىنىڭ چېچىنىيە جۇمھۇرىيىتى بىلەن بولغان

مۇناسىۋىتى كونكرېت ھەرىكەت قوللىنىش باسقۇچىغا يەتتى» دېدى. دۇدايېۋمۇ چېچېنىيىنىڭ مۇستەقىللىق جاكارلىغانلىقىنىڭ ئۈچ يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن يىغىلىشتا نۇتۇق سۆزلەپ «ئەركىنلىككە ئېرىشەلمىگەن مىللەتنى مىللەت دېگىلى بولمايدۇ. بىز مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئاخىرغىچە كۆرەش قىلىمىز» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن 1994 - يىلى ياز بىلەن كۈزنىڭ ئارىلىقىدا رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن ئۆكتىچى كۈچلەر بىلەن شىددەتلىك جەڭ قىلىپ ئاخىرى ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى ھەم ئۆكتىچى كۈچلەر تەركىبىدىكى رۇسىيە ھەربىيلىرىدىن ئون نەچچە كىشىنى ئەسىرگە ئېلىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن چېچېنىيە كرىزىسى رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بېشىنى تېخىمۇ قاتۇردى. شۇنىڭ بىلەن رۇسىيە ھۆكۈمىتى چېچېنىيىگە ھەربىي مۇداخىلە يۈرگۈزۈشنى قارار قىلدى. بەزىلەر چېچېنىيە ئالىقانچىلىك زېمىن، شۇڭا چېچېنىيىنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا يول قويغان تەقدىردىمۇ ئۇ رۇسىيىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ، دەپ ھېسابلىدى. رۇسىيە ھۆكۈمىتى رۇسىيىدە 32 مىللىي ئاپتونوم رايون بار، بۇ رايونلارنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى رۇسىيە زېمىنىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ، ئەگەر چېچېنلەرنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتى بېسىقتۇرۇلمىسا رۇسىيىدىكى بولۇپمۇ كاۋكاز تاغلىق رايونىدىكى ئون نەچچە ئاز سانلىق مىللەتنىڭ مۇستەقىللىق ئېڭى ئويغىنىپ، بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى شەكىللىنىدۇ، شۇڭا چېچېنىيىنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا يول قويۇلسا كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ، دەپ قارىدى. يەنە بىر تەرەپتىن رۇسىيە ھۆكۈمىتى چېچېن مىللىتىدىن بولغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ رۇسىيىدىكى ئەڭ قەبىھ جىنايى تەشكىلاتلارنى كونترول قىلىۋالغانلىقىنى، ناھايىتى كۈچلۈك «قارا قوللار پارتىيەسى» (مافىيە) بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، بۇ جىنايەتچىلەر گۇرۇھى چېچېنىيە دائىرىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالدى

www.uyghurkitap.com

دەپ ھېسابلىدى.

غەرب تەھلىلچىلىرى بولسا رۇسىيىنىڭ ھەربىي مۇداخىلە يۈرگۈزۈشنى قارار قىلىشىنىڭ سەۋەبىنى تەھلىل قىلىپ: رۇسىيە بۇ تاغلىق كىچىك جۇمھۇرىيەتكە ھەم ئۇنىڭ ئەلپازى يامان مۇستەبىت ھۆكۈمرانىغا نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆيۈپ - پىشىپ تاقابىل تۇردى؟ چېچىنىيە ئىستراتېگىيە جەھەتتە ئۇنچىۋالا مۇھىم ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئىنتايىن نامرات بولۇپ خۇددى، رۇسىيە فېدېراتسىيىسىدىكى «گازا رايونى» غا ئوخشايدۇ. ئەمما رۇسىيە ھۆكۈمىتى دۇدايېۋنىڭ رۇسىيىدىكى باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە، بولۇپمۇ چاتاق كۆپ چىقىدىغان كاۋكاز رايونىدىكى مۇسۇلمان مىللەتلەرگە بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى تارقىتىشىدىن ئەنسىرەيدۇ، ئاخىرقى ھېسابتا رۇسىيىنىڭمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدەك بىر قىسىم «مۇستەقىل» دۆلەتلەرگە پارچىلىنىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىدۇ، دەپ كۆرسىتىشتى.

يەنە بەزى تەھلىلچىلەر: رۇسىيە بىلەن جەنۇبىي كاۋكازدىكى ئۈچ جۇمھۇرىيەت ئارىلىقىدىكى نېفىت ئاققۇزۇش تۇرۇبىسى ۋە تۆمۈريول لىنىيىسى چېچىنىيىدىن ئۆتىدۇ. بۇ رۇسىيىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك رايون، شۇڭا رۇسىيە ھۆكۈمىتى چېچىنىيىگە بولغان كونتروللۇق ھوقۇقىدىن ۋاز كەچمەيدۇ، دەپ كۆرسىتىشتى.

1994 - يىلى 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى رۇسىيە ئارمىيىسى چېچىنىيە زېمىنىغا رەسمىي ھۇجۇم قوزغىدى. ئۇلار بىر قانچە ئون مىڭ ئەسكەر، بىر قانچە يۈز تانكا ۋە بىرونېۋىكنى ئىشقا سېلىپ، ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ چېچىنىيىنىڭ پايتەختى گروزنىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. رۇسىيە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى گراچېۋ ئىككى - ئۈچ سائەت ئىچىدىلا چېچىنىيىنى ئىشغال قىلالايمىز، دەپ ئېيتتى. بەزىلەر 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىكى رۇسىيە ئاساسىي قانۇن بايرىمىدا گروزنى شەھىرىنى ئىشغال قىلىشنى تەسەۋۋۇر قىلدى.

رۇسىيە ئارمىيىسى چېچىنىيە زېمىنىغا قەدەم قويۇش بىلەن تەڭ چېچىنىيە دائىرىلىرى پۈتۈن دۇنياغا «2 ـ قېتىملىق كاۋكاز ئۇرۇشى باشلاندى» دەپ جاكارلىدى. چېچىنلەرنىڭ مۇپتىسى (پەتىۋا بەرگۈچى، دىنىي مەسىلىلەردە قارار چىقارغۇچى) مۇھەممەد ھۇسەيىن ھاجى گروزنى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئارقىلىق پۇقرالارنى مىللەت ئايرىماي، دىنىي ۋە سىياسىي خاھىشىغا قارىماي، يەكدىللىك بىلەن ھەمكارلىشىپ ۋەتەننى قوغداشقا چاقىردى.

رۇسىيە ھۆكۈمىتى چېچىنىيىگە ئەسكەر ئەۋەتكەندىن كېيىن، شىمالىي ئافرىقا دۆلەتلىرىدىكى بەزى ئەسلى دىن تەرىقەتچىلىرى ۋە ئافغانىستاندىكى غازاتچىلار چېچىنىيىگە بېرىپ رۇسىيە ئارمىيىسىگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن پىدائىي قوبۇل قىلدى ھەمدە دەرھال چېچىنىيىگە يېتىپ كەلدى. رۇسىيە ھۆكۈمىتى مەخسۇس يىغىن ئېچىپ ئافغانىستان غازاتچىلىرى، ئەزەربەيجان جەڭگىۋار دۇيىنىڭ ئەزالىرى ۋە ئۇكرائىنادىكى چېكىدىن ئاشقان مىللەتچىلەردىن تەشكىل قىلىنغان ياللانما قوشۇننىڭ ھەرىكىتىنىڭ ئالاھىدە پاجىئە تۇغدۇرۇۋاتقانلىقىنى مۇزاكىرە قىلدى. بولۇپمۇ ئۇلار ئەزەربەيجاندىكى ھەربىي مۇتەخەسسىسلەردىن تەشكىل قىلىنغان 200 گە يېقىن ئادىمى بار «كۆك بۆرە» دېيىلگەن قوشۇننىڭ ھەرىكىتىنىڭ ناھايىتى جانلىنىپ كەتكەنلىكىگە دىققەت قىلدى.

رۇسىيە ئارمىيىسى چېچىنىيىگە ھۇجۇم قوزغىغاندىن كېيىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قانچە جۇمھۇرىيىتى — قازاقىستان، ئۆزبېكىستان ۋە تۈركمەنىستانلارنىڭ ھۆكۈمەتلىرى موسكۋانىڭ كاۋكاز رايونىدىكى بۆلگۈنچى قوراللىق كۈچلەرنى باستۇرۇشىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىر قانچە ئاساسلىق مۇسۇلمان دۆلىتى بولۇپمۇ تۈركىيە ھۆكۈمىتى رۇسىيىنىڭ چېچىنىيىدىكى ھەرىكىتىگە نارازىلىق بىلدۈردى. غەرب ئەللىرى بۇ ۋەقەنى رۇسىيىنىڭ ئىچكى ئىشى، دېگەن بولسىمۇ، لېكىن، بۇ قانلىق

ئۇرۇشقا بارغانسېرى دىققەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى ھەم رۇسىيە ئارمىيىسىنىڭ چېچېنىيە پۇقرالىرىنى ئۆلتۈرۈشتىن ساقلىنىشىنى ئاگاھلاندۇردى. بۇ ۋەقەگە نىسبەتەن ئامېرىكىنىڭ مۇقامى سەل تۆۋەن-رەك بولدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى رۇسىيىدىن ئىبارەت بۇ يادرو چوڭ دۆلەتنىڭ مۇقىم بولۇشى ھەممىدىن مۇھىم، چېچېنىيە مەسىلىسى-نىڭ ئەھمىيىتى ئانچە زور ئەمەس، شۇڭا بىز رۇسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە پەقەت چېچېنىيە مەسىلىسىگىلا يېپىشىۋالماسلىقىمىز كېرەك، دەپ ئېيتتى.

رۇسىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۇ ئۇرۇشقا نىسبەتەن ئىككى خىل كەيپىيات شەكىللەندى. رۇسىيىدە ئېلىپ بېرىلغان جامائەت پىكرىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى 60% تىن كۆپرەك ئاھالىنىڭ چېچېنىيىگە ھۇجۇم قىلماسلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. رۇسىيە ئاخبارات ساھەسىدىكى بىر قىسىم نوپۇزلۇق ئەربابلارمۇ «بۇ ئۆز خەلقىگە قارشى ۋەھشىي ئۇرۇش قوزغاش ھېسابلىنىدۇ» دەپ كۆرسى-تىشتى. رۇسىيە ئارمىيىسى ئىچىدىكى بەزى ھەربىي ئەمەلدارلارمۇ «ئارمىيە ئۇچۇن ئېيتقاندا ئۆز زېمىنىمىزدا تاجاۋۇزچى ۋە ساقچى بولۇش ياخشى ئىش ئەمەس» دەپ قاراشتى. ھۇجۇم باشلانغاندىن كېيىن ئارمىيىدىكى ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر قوماندان لىبېد گېنېرال بۇ قېتىمقى ھەربىي ھەرىكەتنى «ئەخمىقانە ھەرىكەت» دېدى. ئەسكەر-لەرمۇ بۇ قېتىمقى ۋەزىپىگە قارىتا ھېچقانچە قىزىقمىدى، شۇنداقلا ئۇلار «پۇتونلەي قوراللانغان، بىردەك ئىتتىپاقلاشقان خەلقنى قىر-غىن قىلىشنى» خالىمايدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. ئىۋان باباچۇۋ گېنېرال چېچىن ئاياللىرى ۋە بالىلىرىدىن ھاسىل قىلىنغان «ئادەم تېمى»غا دۇچ كەلگەندە سۆزلىگەن ھاياجانلىق سۆزىدە: «رۇسىيە رەھبەرلىرى بىزنى ئەيىبلىسە بولىدۇ، لېكىن بىز ئوق چىقارمايمىز، بىز خەلققە تانكا بىلەن قارشى تۇرمايمىز، ئەمدى داۋاملىق ئىلگىرىلى-مەيمىز» دېدى. ھەربىيلەر ۋە ھەربىي ئەمەلدارلار ئىچىدە ئۇرۇشنى

خالايدىغان ـ خالىمايدىغان ئىككى قۇتۇپ شەكىللەنگىنىگە ئوخشاش، رۇسىيىنىڭ سىياسىي مۇنبىرىدىمۇ ئىككى خىل خاھىشقا ئىگە كىشىلەر پەيدا بولدى. ئەزەلدىن يېلتسىنگە قارشى تۇرۇپ كەلگەن چېكىدىن ئاشقان مىللەتچى ژىرىنوۋىسكىي قاتارلىقلار يېلتسىننىڭ چېچىنىيىگە ھەربىي ھەرىكەت قوللانغانلىقىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. يەنە نۇرغۇن سىياسەتچى بۇ قېتىمقى ھەربىي ھەرىكەتكە قارشى تۇردى. بۇ سىياسەتچىلەرنىڭ كۆز قارشى غەربتە ئىنتايىن ھۆرمەتلەندى. ئەزەلدىن يېلتسىن تەرەپتە تۇرۇپ كەلگەن سابىق زۇڭلى گايدار ۋە ياۋلىنىسكىي قاتارلىقلار ھەربىي ھەرىكەتنى قاتتىق ئەيىبلەپ: قورال ئىشلىتىش مەمۇرىي دائىرىلەرنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىنى ۋە مەغلۇبىيىتىنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ، دېدى. رۇسىيىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر قىسىم كۆزەتكۈچىلەر بىردەك، يېلتسىن زۇڭتۇڭنىڭ قورال كۈچى ئارقىلىق چېچىنىيىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قارارى، ئۇنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن بۇيان ئوينىغان ئەڭ چوڭ قىمىرى. ئەگەر بۇ قېتىمقى ھەربىي ھەرىكەتتىن چاتاق چىقىپ قالسا، ئۇنىڭ سىياسىي ھاياتى جەزمەن ئاياغلىشىدۇ، دېيىشتى.

دۇدايېۋنىڭ قوراللىق قىسىملىرىنىڭ رۇسىيە تەرەپنىڭ مۆلچەرىدىكىدىن كۈچلۈك بولۇشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تۇغما ھەربىينىڭ بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىيى تاكتىكىسىنى ئىشلەتمەستىن قەدىمكى چېچىن تاكتىكىسىنى (بۇ تاكتىكا ھەققىدە دۇدايېۋ رۇسىيە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق دېگەن: بىز دۇشمەننىڭ ئارقا سېپىدىن ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىتىمىز. بۇ، تاغ خەلقىنىڭ نەچچە يۈز يىللىق ئۇرۇش تاكتىكىسى، ئۇرۇشۇپ تۇرۇپ چېكىنىمىز، چېكىنىپ تۇرۇپ ئۇرۇشىمىز، شۇ ئارقىلىق دۇشمەن كۈچىنى خورىتىمىز، نەتىجىدە دۇشمەن ئەسكەرلىرى ئارىسىدا بىر خىل ۋەھە-

مە ۋابادەك تارقىلىپ، قورقۇنچ ئىچىدە ئۆزلۈكىدىن ئۆلۈپ تۈگىشىدۇ.) جانلىق ئىشلەتكەنلىكى؛ رۇسىيە ئارمىيىسىنىڭ ماسلىشىشىنىڭ كۈچلۈك بولماسلىقى، ئىپادىسىنىڭ ياخشى بولماسلىقى، تاغلىق رايوندا ئۇرۇش قىلىش تەجرىبىسىنىڭ كەمچىل بولۇشى؛ تاغ ھاۋاسىنىڭ تۇمانلىق، قارنىڭ قېلىن، كۈندۈزنىڭ قىسقا بولۇشى سەۋەبىدىن ھاۋا ھۇجۇمىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولماسلىقى، پۇقرالارنىڭ قول تۇتۇشۇپ توساق بولۇپ تانكىلارنىڭ ئالدىنى توسۇۋېلىشى قاتارلىق ئامىللار تۈپەيلىدىن رۇسىيىنىڭ چېچىنىيىگە قوللانغان ھەربىي ھەرىكىتى غەلىبىنى تېز قولغا كەلتۈرەلمەيلا قالماستىن، بەلكى قاتمۇ - قات قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىپ يېرىم ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە ئاران گروزنى شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئالالىدى. ئۇرۇشنىڭ ۋاقتى ئۇزۇراپ، ماددىي چىقىم ۋە ئادەم چىقىمى مۆلچەردىكىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى.

رۇسىيە زۇڭتۇڭى يېلتسىن خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ۋە رۇسىيە ئىچىدىكى ئۇرۇشقا قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ بېسىمى تۈپەيلى ھۇجۇمنى مۇددەتلىك توختىتىپ، چېچىنىيە خەلقىگە مۇراجىئەتنامە چىقاردى. ئۇ مۇراجىئەتنامىسىدە مۇنداق دېدى: رۇسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ زۇڭتۇڭى بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن شۇنداق ۋەدە بېرىمەنكى:

— رۇسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا بەلگىلەنگەن بارلىق پۇقرانىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتى ۋە ئەركىنلىكى چېچىنىيە جۇمھۇرىيىتىدە تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ؛

— ھەر قانداق ۋاقىتتا، ھەر قانداق شارائىتتا چېچىنلەرنى قوغلىۋېتىش ئەھۋالى قايتا يۈز بەرمەيدۇ؛

— يۇرت - ماكانىدىن ئايرىلغانلار توسالغۇسىز ھالدا قايتىپ كېلىسە بولىدۇ؛

— چېچىنىيىدىكى يەرلىك ھوقۇقلۇق ئورگانلارنىڭ ئۆز فۇنكسىيىسىنى ئىجرا قىلىشىغا ئامالىنىڭ بارىچە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىلىدۇ؛

— چېچېنىيە جۇمھۇرىيىتى رۇسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ ئىسمى - جىسمىغا لايىق سۇبىيېكتى بولىدۇ؛

— چېچېنىيە جۇمھۇرىيىتىگە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ياردەم ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمى بېرىلىدۇ؛

— چېچېن مىللىتىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشىگە يول قويۇلىدۇ. قانۇنسىز قوراللىق كۈچلەرنىڭ قورالنى تاپشۇرۇشى ئىلگىرىمۇ، ھازىرمۇ چېچېنىيە مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم شەرتى بولغان ھەم بولىدۇ.

يېلتسىن قوشۇمچە قىلىپ يەنە مۇنداق دېدى: ھازىر ھەممە ئىش چېچېنىيىدىكى قولىغا قورال ئېلىپ رۇسىيىنىڭ قانۇنلۇق ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇۋاتقان كىشىلەرگە باغلىق بولۇپ قالدى. مەن ئۇلارنىڭ ياخشى ئىرادە ۋە ساغلام ئىدىيىگە ئىگە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. رۇسىيە مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمىنى ئەمەس. رۇسىيىنىڭ زېمىنىدا ئولتۇراقلاشقان ھەرقانداق مىللەت ئۆز مىللىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ۋە ئەنئەنىسىنى ساقلاشقا ھوقۇقلۇق.

چېچېنىيە زۇڭتۇڭى دۇدايېۋ يېلتسىننىڭ مۇراجىئىتىگە ۋە سۆزىگە پىسەنت قىلمىدى ھەمدە يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن قىلغان سۆزىدە چېچېن خەلقىنىڭ رۇسىيىگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ «مەنىۋى جەھەتتە» غەلىبە قىلغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ يەنە، چېچېن خەلقىگە جاسارەتلىك، سەۋرچان بولۇشنى مۇراجىئەت قىلدى. ئۆزىنىڭ ھەرگىز تېز يۈكمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بۇنىڭ بىلەن رۇسىيە ھۆكۈمىتى چېچېنىيە كرىزىسىنى سىياسىي يول ئارقىلىق ھەل قىلىشقا كۆزى يەتمەي ھەربىي ھەرىكەتنى داۋاملاشتۇرۇشنى قارار قىلدى. نەتىجىدە رۇسىيە ئارمىيىسى چېچېنىيە پايتەختى گروزنىنى شىددەتلىك توپقا تۇتتى ۋە بومباردىمان قىلدى. غەرب ئەللىرى بولۇپمۇ گېرمانىيە رۇسىيىنىڭ بارغانسېرى قوپاللىشىپ كېتىۋاتقان ھەربىي ھەرىكىتىنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ، رۇسى-

www.uyghurkitap.com

يىنى كىشىلىك ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلدى، دەپ ئەيىبلىدى. گېرمانىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى كىنكىل رۇسىيىنىڭ چېچېنىيىدىكى جەڭنى دەرھال ئاياغلاشتۇرۇشنى مۇراجىئەت قىلدى ھەم رۇسىيىنى غەرب ئەمدى رۇسىيىنىڭ مۇستەقىللىق دەۋاسى قىلىۋاتقان چېچېنىيە جۇمھۇرىيىتىدىكى ھەرىكەتلىرىگە سەۋر قىلىپ تۇرالمايدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇردى. فرانسىيىمۇ: بىز بىگۇناھ پۇقرالارنىڭ بومباردىمان قىلىنىۋاتقانلىقىغا بارغانسېرى دىققەت قىلىۋاتىمىز دېدى. ئامېرىكىمۇ مۇقامىنى سەل ئۆرلىتىپ: ئامېرىكا خەلقى ۋە دۆلەت مەجلىسى چېچېنىيىدە قورال ئىشلىتىلگەنلىكىدىن قاتتىق چۆچىدى، دەپ ئېيتتى.

دۇدايېۋ گېرمانىيە مۇخبىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىدە، بىز 300 يىل قارشىلىق كۆرسەتتۇق، خەلقنىڭ ئىرادىسىگە قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ، جۇمھۇرىيىتىمىز خەلقئارادا مۇستەقىل دۆلەت دەپ ئېتىراپ قىلىنغىچە، شۇنداقلا رۇسىيىنىڭ تەھدىتىدىن قۇتۇلغىچە بۇ دۆلەتكە داۋاملىق رەھبەرلىك قىلىمەن، دېدى.

رۇسىيە ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمى كۈنسېرى كۈچىيىپ، پۇقرالارنىڭ ئۆلۈش، يارىلىنىش ئەھۋالى كۆپەيگەنلىكتىن غەرب جەمئىيىتىنىڭ رۇسىيىگە قارشى كۈچلۈك سۆز - ئىبارىلىرى سىياسىي ھەرىكەتكە ئايلاندى. ياۋروپا ئىتتىپاقى رۇسىيە بىلەن ئىلگىرى ئىمزالىغان بىر قاتار كېلىشىملەرنى توڭلىتىپ قويۇشنى تەكلىپ قىلدى. ئىسلام دۆلەتلىرى رۇسىيىنىڭ چېچېنىيىگە قىلغان ھۇجۇمىنىڭ بارغانسېرى چەكتىن ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىغا غەزەپلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن گەپنى كۆپ قىلىپ، ھەرىكەتنى ئاز قىلدى. سەۋەبى ئۇلار ئۆز دۆلەتلىرىدە ئەسلى دىن تەرىقەتچىلىكى يالقۇنىنىڭ ئۇلغىيىپ كېتىشىدىن قورقۇپ چېچېنىيىگە ھەرىكەتتە ئەمەس، ئېغىزدا مەدەت بەردى. ئۆزىنى ئىسلام دۇنياسىنىڭ بايراقدارى ھېسابلايدىغان ئىراننىڭ پوزىتسىيىسى ئىزچىل يۇمشاق بولدى. لىۋىيە ھۆكۈمىتى كونك-

رىيت ھەرىكەت قوللىنىش ھەققىدە ئىسلام ئەللىرى ئىتتىپاقىغا تەك-
لىپ بەرگەن بولسىمۇ، قولاق سالىدىغان ئادەم چىقمىدى.

موسكۋا ۋە سانكىت - پېتربورگدا بىر قانچە مىڭ كىشى چېچىنىد-
يە ئۇرۇشىغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈپ رۇسىيە ئارمىيىسىنىڭ چې-
چىنىيەدىن دەرھال چېكىنىپ چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار
يەنە يېلتسىن زۇڭتۇڭ ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرىنىڭ چېچىنىيەدە يۈز
بەرگەن «تەشكىللىك قانلىق ۋەقە» نىڭ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلى-
شىنى تەلەپ قىلدى.

رۇسىيە ئارمىيىسىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى ئارقىسىدا 1 -
ئاينىڭ 11 - كۈنى دۇدايېۋ ئالدىراش ھالدا مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش
يىغىنى ئۆتكۈزۈپ: بىز ئەلۋەتتە رۇسىيەدەك چوڭ دۆلەتكە تاقابىل
تۇرالمايمىز، شۇڭا ئۇرۇشنى ئاياغلاشتۇرۇپ موسكۋا بىلەن سۆھبەت-
لىشىشنى خالايمەن. ئەمما سۆھبەت باراۋەرلىك ئاساستا ئۆتكۈزۈلۈشى
لازىم. بىز ئاز سانلىق مىللەتلىك ئورنىنى قوبۇل قىلمايمىز. لېكىن
ئىقتىساد، پۇل ۋە خەۋپسىزلىك فېدېراتسىيىسى قۇرۇشقا قوشۇلىمىز
دېدى.

مۇشۇنداق ئەگرى - توقاي جەريان ئىچىدە چېچىنىيە ۋەقەسى
ئۇرۇش پارتلىغىنىغا بىر يىل بولاي دېگەندە دۇدايېۋ قوراللىق كۈچلە-
رىنىڭ مەغلۇپ بولۇپ كاۋكاز تاغلىرى ئىچىگە چېكىنىشى، رۇسىيە
ئارمىيىسىنىڭ چېچىنىيىنى ئاساسىي جەھەتتىن كونترول قىلىشى
نەتىجىسىدە دۇدايېۋ تەرەپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە قوشۇلدى ھەمدە
ئەلىخانوۋ باشچىلىقىدىكى چېچىنىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىنى تەشكىل قى-
لىپ رۇسىيە زۇڭلىسى چېرنومىلكىن بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە
ئەۋەتتى. چېچىنىيە كرىزىسىنى ھەل قىلىشقا تەقەززا بولۇپ تۇرغان،
ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈنسېرى كۆپىيىۋاتقان تېرورلۇق ھەرىكەتلىرىگە تاقا-
بىل تۇرالمايۋاتقان رۇسىيە ھۆكۈمىتى سۆھبەتكە جىددىي مۇئامىلە
قىلدى. ئىككى تەرەپ 1995 - يىلى 7 - ئايدا ھەربىي كېلىشىم

ھاسىل قىلدى. كېلىشىمنىڭ مەزمۇنىدا دۇداييېۋنىڭ قوراللىق كۈچ-لىرىنىڭ قورالسىزلاندۇرۇلىشى ئاساسىي شەرت قىلىپ بېكىتىلدى. نۆۋەتتە بۇ ھەربىي كېلىشىم ئىجرا قىلىنىش باسقۇچىدە كېتىۋاتىدۇ. دۇداييېۋ بولسا يەنىلا ھەر قانداق ۋاقىتتا چېچېنىيىنىڭ رۇسىيىنىڭ خەرىتىسىدە قېلىشىغا قوشۇلمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ تۇرۇۋاتىدۇ.

(بۇ ماقالە «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتىنىڭ 1995 - يىل
28 - سىنتەبىر كۈندىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان)

www.uyghurkitap.com

# ئويغىنىۋاتقان ئەجداد روھى

يازنىڭ يېزى ھېسابلىنىدىغان 7 ـ، 8 ـ ئايلاردا ئۈرۈمچى
ناھايىتى زېرىكىشلىك تۈس ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن تۇغقان يوق-
لاشقا، سەيلە ـ ساياھەتكە، كوماندىروپكىغا، دەم ئېلىشقا، قۇمغا
كۆمۈلۈپ، ئارشاڭغا چۆمۈلۈپ داۋالىنىشقا بارىدىغانلار تۇشمۇ تۇشتىن
ھەر تەرەپكە يول ئېلىشىدۇ.

1996 ـ يىل بۇنداق پۇرسەتلەرنىڭ بىرەرسىمۇ ماڭا نېسىپ
بولمىغان يىل بولدى. شۇنداق قىلىپ، مېنىڭ ئېزىلەڭگۈ ھەم مەند-
سىز بۇ كۈنلەرنى «خىزمەت ئالدىراشمۇ؟» دەپ يالغاندىن سالاملىشى-
دىغان ئۈرۈمچىلىكلەر ئارىسىدا تونۇش چىرايلارغا تەكرار ـ تەكرار
دوقۇرۇپ، تونۇش كوچىلاردا تەكرار ـ تەكرار مېڭىپ، كۈندىن
كۈنگە مەززىسى قالمايۋاتقان خىزمەتلەرنى تەكرار ـ تەكرار ئىشلەپ،
جۇڭگو بويىچە ئەملى ئەڭ تۆۋەن يوقلىمىچى باشلىقىمنىڭ كۈندە تۆت
ۋاق تەرلەپ ـ پۇشۇلداپ قىلىدىغان يوقلىمىسىدىن تەكرار ـ تەكرار
ئۆتۈپ ئۆتكۈزۈشۈمگە توغرا كەلدى. ساپاسى، بەرىكىتى يوق ھاياجاد-
سىز بۇ ھاياتنىڭ تېخىمۇ مەنىسىز بۇ كۈنلىرىدە قولۇمغا قەلەم ئېلىپ
ئازابلىق ئوي ـ پىكىرلىرىمنى يازغىنىمۇ، روھىي تەسەللىگە باي
ئېسىل كىتابلارنى بېرىلىپ ئوقۇغۇممۇ كەلمەيتتى. ئايالىم زەينەپ
بىلەن ئوغلۇم كامالتۈرك تۇغقان يوقلاپ قۇمۇلغا كەتكەن بولغاچقا،
ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مەنىسىزلىكلىرىنى بىردەم بولسىمۇ ئۇنتۇل-
دۇرىدىغان ئائىلە ئىللىقلىقىمۇ يوقىلىپ، مەنىسىزلىك ئۆي ئىچىند-
مۇ قاپلىدى. تەلىيىمگە دەل شۇ كۈنلەردە ئامېرىكىنىڭ ئاتلانتا شەھد-
رىدە 26 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى

ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان بولغاچقا، تۈن كېچىدە سائەت ـ سائەتلەپ تېلېۋىزور ئېكرانىغا تىكىلىپ ئولتۇرۇپ، بۇ دۇنياۋى مۇسابىقىنى تاماشا قىلىپ، باشلىنىش مۇراسىمىدىن تارتىپ ئاخىرلىشىش مۇراسىمىغىچە بولغان 17 كېچىنى تېلېۋىزور ئالدىدا ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۆتكۈزدۈم.

بۇ قېتىمقى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ مۇقەددەس مەشئىلىنى ئامېرىكا نوپۇسىنىڭ 12 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان قارا تەنلىكلەر ئارىسىدىن چىققان، دۇنيا ئېغىر دەرىجىلىكلەر بوكس مۇسابىقىسىنىڭ سابىق چېمپىيونى، «دۇنيا بوكس شاھى» 54 ياشلىق مۇھەممەد ئەلى پاركىنسون كېسىلى تۈپەيلى لاغىلداپ تۇرغان قوللىرى بىلەن تۇتاشتۇرغاندا كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان بۇ مەنزىرىدىن ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتقا چۆمگەنىدىم. كېيىنكى ئاخشاملىرى غەلىبە قىلغان ماھىرلارنىڭ بويىنىغا ئالتۇن مېدال ئېسىلغاندا، ئالتۇن مېدال ئالغان دۆلەتلەرنىڭ بايرىقى مۇزىكا ساداسى ئىچىدە كۆككە كۆتۈرۈلگەندە، يۈز مىڭلىغان تاماشىبىنلار غەلىبە قىلغان ماھىرلارغا ئالقىش سادالىرىنى ياڭرىتىپ، ئەسەبىيلىكتىن خۇدىنى يوقاتقاندا، مەن بولسام تېلېۋىزور ئېكرانى ئالدىدا يامغۇردا قالغان چۈجىدەك شۈمشىيىپ ئولتۇرۇپ، چاناقلىرىمدىن پۇر ـ پۇر ياش قۇيۇلغان ھالدا ھەسرەت ۋە ھەۋەس بىلەن ئۇھ تارتاتتىم. قەلبىمدە بىر ئۇلۇغۋار قىزغىنلىق چۇقان سالاتتى. يۈرىكىمنى ئاتەش كەبى ئارمانلار پۇچۇلايتتى.

مەن باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇيدىغان چاغلىرىمدا تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ مۇھىملىقى تەكىتلىنىدىغان «تەنتەربىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقنىڭ تەن ساغلاملىقىنى ئاشۇرايلى، ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ ۋەتەننى قوغدايلى» دېگەندەك شوئارلارنى كۆپ ئاڭلايتتىم. نېمە ئۈچۈنكىن، بۇنداق يالتىراق شوئارلار مەندە تەنتەربىيە ئىشلىرىغا نىسبەتەن ھېچقانداق قىزىقىش قوزغىيالمايتتى.

چوڭ بولغانچە گېزىت ـ ژۇرناللاردىن تەنھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ تەن ساغلاملىقىغا ئېلىپ كېلىدىغان پايدىسى توغرىسىدىكى

ئاجايىپ تەجرىبە ۋە پاكىتلارنى ئوقۇدۇم. ئۇلاردا كىشىلەرنىڭ چېنىقىش ۋە جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغاندا بەدىنىدىكى ھەر خىل ئەزالارنىڭ ياخشى فىزىئولوگىيىلىك ھالەتتە تۇرىدىغانلىقى، كېسەلگە بولغان قارشىلىق كۈچىنىڭمۇ كۈچلۈك بولىدىغانلىقى، شۇڭا يېتەرلىك ھەرىكەت مىقدارىنى ئورۇنلاشنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلۈكى تەكىتلەنگەن. ھەتتا ئالىملارنىڭ تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق، ياۋا توشقاننىڭ ئۆمرى 15 يىلدىن يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى، ئۆي توشقىنى بولسا 4 ـ 5 يىللا ياشىيالايدىغانلىقىنى، ياۋا پىلنىڭ 200 يىلدىن كۆپرەك ئۆمۈر كۆرىدىغانلىقىنى، ئەمما ھايۋاناتلار باغچىسىدىكى پىلنىڭ 80 يىل ئەتراپىدا ياشىيالايدىغانلىقىنى، ياۋا ئىتنىڭ 27 يىل ياشىيالايدىغانلىقىنى، ئەمما ئۆي ئىتىنىڭ ئادەتتە 13 يىللا ياشىيالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققانلىقىدەك قىزىقارلىق تەجرىبىلەر كۆرسىتىلىپ، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئوزۇق ئىزلەش ۋە دۈشمىنىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن قىلىدىغان ھەرىكىتىنىڭ مىقدارى ئۆيدە بېقىلىدىغان ھايۋانلارنىڭكىدىن زور دەرىجىدە كۆپ بولغاچقا بۇ ھال ئۇلارنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىشقا سەۋەب بولغانلىقى چۈشەندۈرۈلگەن.

تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ئىنسانىنىڭ سالامەتلىكىگە كەلتۈرىدىغان پايدىسى كىشىنى قىل سىغمايدىغان دەرىجىدە قايىل قىلىدۇ. ئەمما، بىز تەنتەربىيىنىڭ بۇنىڭدىنمۇ زور پايدىسىنىڭ بارلىقىنى بارا ـ بارا تونۇپ يەتتۇق. شۇڭا، باشقىلار تېلېۋىزور ئالدىدا مەستانىلىق ۋە زوقلىنىش ھېسسىياتى بىلەن ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى كۆرسە، بىزدەكلەر تامامەن باشقىچە ھېسسىياتتا ئولتۇرۇپ كۆرىمىز.

ئۆزىگە بولغان مىللىي ئىشەنچىسى ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى ئاجايىپ كۈچلۈك گېرمانلار 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە ئەلتۈكۈس گۇمران بولۇپ، ئازاب، مەيۇسلۇك، ئاچارچىلىق، خورلۇق ۋە نامراتلىقنىڭ دەردىنى يەتكىچە تارتىپ،

ئۇمىد ۋە ئىستىقبالدىن ئايرىلغان مەنىسىز تۇرمۇشنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى بىلمەي تۇرغان يىللاردا، كىم ئۇلارنىڭ مىللىي ئىشەنچىسىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشىغا ھەقىقىي يوسۇندا ياردەم قىلغان؟

شۈبھىسىزكى، گېرمانلار بۇ سوئالغا بىردەك: «مىللىي قەھرىمان — فرىتىس ۋولتېر» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

فرىتىس ۋولتېر 1950 ـ يىللاردىكى دۇنياغا مەشھۇر پۇتبول چولپىنى. ئەينى يىللىرى، ئۇ ئۆز كوماندىسىدىكىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىپ ئوينىغان ھەر بىر مەيدان پۇتبول مۇسابىقىسى گېرمانىيىلىكلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى بىردىنبىر كۆڭۈل ئېچىش ئىدى. فرىتىس ۋولتېر ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى يەكشەنبە كۈنىدىكى 90 مىنۇتتا ئوينىغان توپ مىليونلىغان گېرمانىيىلىكلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، كىنوخانا، قەھۋەخانا ۋە مۇزىكا زالىنىڭ ئورنىنى ئالغان.

فرىتىس ۋولتېر 1954 ـ يىلى گېرمانىيە كوماندىسىنى باشلاپ، شۋېتسارىيىنىڭ پايتەختى بېرندا ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا لوڭقىسى مۇسابىقىسىنىڭ چېمپىيونى بولۇپ، گېرمانىيىلىكلەرنىڭ مەغلۇبىيەتلىك ئۇرۇشتىن كېيىن ئۆزگە بولغان مىللىي ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇشقا مۆلچەرلىگۈسىز تۆھپە قوشقان.

بۇ پاكىت بىزگە تەنھەرىكەتنىڭ، بىز تەربىيە ۋە تەشۋىقاتلىرىمىزدا تىلغا ئېلىپ باقمىغان تېخىمۇ قالتىس ئەھمىيىتىنىڭمۇ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەگەر تەنھەرىكەتنىڭ مۇشۇنداق خاسىيەتلىك ئەھمىيىتى بولمىغاندا ئىدى، ئاتوم بومبىسىغا ئىگە بولغاندا ھېچقانداق تەنتەنە قىلمىغان ئامېرىكىلىقلار، 18 ياشلىق مۇھەممەد ئەلى 1960 ـ يىلى رىمدا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ يېنىك دەرىجىلىكلەر بوكس مۇسابىقىسىدا ئالتۇن مېدالغا ئېرىشىپ دۆلىتىگە قايتقاندا، ھۆكۈمەت تەرەپ ئايرودرومغا مەخسۇس ئۇنى كۈتۈۋالغىلى ھۆرمەت قاراۋۇللىرىنى چىقارمىغان، ئېيتىشقا تېگىشلىك ئەمەس ... ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىغا چۆمگەن نەچچە ئون مىڭلىغان قارا تەنلىكلەر بىلەن ئاق

تەنلىكلەر يولىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇرۇپ تەنتەنە قىلىشمىغان بولاتتى.

تەقدىر بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىپ، ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى قوزغايدىغان بۇنداق مىللىي قەھرىمانلارنى ھەممىلا خەلققە نېسىپ قىلىۋەرمەيدىكەن. چۈنكى ئۇنداق مىللىي قەھرىمانلار مىليونلىغان، ھەتتا مىلياردلىغا كىشىلەرگە نىسبەتەن غالىب ھېسابلىنىدىغان بولغاچقا، بىزدەك ساندىمۇ ـ ساپادىمۇ نۇرغۇنىنىڭ كەينىدە قالغان بىر مىللەتنىڭ بۇنداق مىللىي قەھرىمانلاردىن تامايىمىزمۇ يوق ئىدى. پەقەت باشقىلارغا ھەۋەسلىنىپ قاراپلا تۇراتتۇق. چۈنكى «يىپەك يولى» خارابلاشقاندىن بۇيانقى بىر نەچچە ئەسىر مابەينىدىكى تارىخنىڭ تۈگىمەس تاسقاشلىرى، رەھىمسىزلىك بىلەن تەكرار ـ تەكرار ئەخمەق قىلىشلىرى بىزنى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە سۆزلەپ تۈگەتكۈسىز كەچمىشلەرگە مۇپتىلا قىلغانىدى. لېكىن، پاختىنىڭ ئىچىدە چوغ ساقلايدىغان تەقدىر ئىلاھى مىللىي ۋۇجۇدىمىزدىكى نەچچە مىڭ يىللىق ھاياتىي كۈچكە باي ئىرسىي گېنىنىڭ ئۇنداق ئوڭاي يوقالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئەينى چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىپايان كەڭلىكلىرىدە دەۋران سۈرگەن ھون چەۋەندازلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدا ۋايىغا يەتكەن بۇ خىل ئىرسىي گېن بۈگۈنكى كۈندە تەنھەرىكەت مۇنبىرىدە ئۆزىنى ناھايىتى تېزلا نامايان قىلدى. باتۇرلۇقتا، تەۋەككۇلچىلىكتە، رىقابەتچانلىقتا، خىرىسچانلىقتا، ھوشيارلىقتا تويۇنغان، ئەمما تارىخنىڭ چاڭ ـ توزانلىرىدا كۆمۈلۈپ قالغان بۇ مىللىي ئېتىنىك روھ 21 ـ ئەسىرنىڭ ھارپىسىدا يېڭىۋاشتىن ئويغىنىشقا باشلىدى. تالانت ۋە ئىقتىدارنى نامايان قىلىدىغان پۇرسەت تۇغۇلۇۋېدى، مۇشۇ بىر يىل ئىچىدىلا خەلقىمىزنىڭ قەھرىمان ئوغۇللىرى — ئابدۇشۈكۈر بىلەن ئادىل باشلىرىغا «جۇڭگو بوكس شاھى» ۋە «دۇنيا بوشلۇق شاھى» دېگەن تاجنى كىيىشتى.

يوشۇرۇن كۈچكە باي بۇ مىللەتنىڭ پۇرسەت ۋە تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىسىلا، ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلالايدىغانلىقى

يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاندى.

پۇرسەت ۋە تاللاش تالانتنىڭ گۈللىنىشىنى پۇرەكلەندۈرىدىغان مۇھىم شەرت. پۇرسەت ۋە تاللاش ئىمكانىيىتى بولمىغان مۇھىتتا، ئالەمشۇمۇل تالانت ئىگىلىرىمۇ ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئانچە پەرقلەنمىگەن ھالدا ئادەتتىكىچە ياشاپ توپا ئاستىغا كىرىپ كېتىدۇ. نىمە ئۈچۈن نامى تىللاردا داستان قىلىنىدىغان قوماندانلارنىڭ ھەممىسى دۇنيا تارىخىدىكى مۇھىم ئۇرۇشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ؟ جۇگېلياڭ بامبۇكزارلىقتىكى كەپىسىدىن چىقىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن بولسا، تارىختىكى تالاي نامسىز تالانت ئىگىلىرىدەك ئىز - دېرەكسىز كۆمۈلۈپ قالماسمىدى؟ سادىر پالۋان سۇلتان ئەلاخان باشلىغان قوزغىلاڭغا قاتنىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن بولسا، ئادەتتىكى بىر مەھەللىۋى «لۈكچەك پالۋان» بولۇپ قالماسمىدى؟ ئۇ چاغدا ئەۋلادلار ھەرگىزمۇ «ئېلىپبە» نى ئۆگەنگەندىن باشلاپ ئۇنىڭ نامىنى يادلىمىغان بولاتتى.

شۇنىسى ھەممىگە ئايانكى، سادىر پالۋان ھەرگىزمۇ تۇغما مىللىي قەھرىمان ئەمەس، بەلكى كۈچتۈڭگۈرلۈكى بىلەن يۇرت سورايدىغان ئادەتتىكى نوچىلارغا ئوخشاش، نوچىلىقىنى قەيەردە نامايان قىلىشنى، پەم - پاراستىنى قەيەردە جارى قىلدۇرۇشنى بىلمىگەن ئادەتتىكى بىر مەھەللىۋى «لۈكچەك پالۋان» ئىدى. شۇڭا، شائىر موللا بىلال بىن موللا يۈسۈپ ئۆزىنىڭ مەشھۇر داستانى «غازات دەرمۈلكى چىن» دە سادىر پالۋاننى:

بار ئىردى ئوشۇل جەڭدە ئەييار كار،
بەغايەت ھەرىپ، دۈز روزكار.
بىراۋ قالماغان ئېردى قاقشاتماغان،
بىر ئۆي قالماغان مالىنى ئالماغان.
ئۈچ ئوغلى، ئاتاسى ھاراقچى ئېدى،
ھاراقچى ئېدى ھەم قاراقچى ئېدى.



www.uyghurkitap.com

ئوغۇرلۇق قىلىپ كېچىلەر ئۈيماغان،
فەقىرۇ غەنى مالىنى قويماغان.
سىپاھلارغا ھەم زەررە بوي بەرمەگەن،
خاتۇن ئالسا يۇرتىغا توي بەرمەگەن.
بۇ ئەييارنىڭ ئاتى سادىر ئېدى،
يامانلىقتا چۈن رەئىد شاتىر ئېدى.

دەپ تەرىپلىگەن.

لېكىن، سۇلتان ئەلاخان رەھبەرلىكىدە قوزغالغان 1860 ـ يىللاردىكى ئىلى قوزغىلىڭى سادىر پالۋانغا پەم ـ پاراسىتىنى ۋە كۈچ ـ قۇدرىتىنى ھەقىقىي نامايان قىلىدىغان تارىخىي پۇرسەتنى ئاتا قىلىۋېدى، نەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، نەچچە يۈز ئادەم ئۆلۈپمۇ ئالالمىغان باياندا سېپىلى بىلەن كۈرە سېپىلىنى سادىر پالۋان ئۈچ ئوغلى بىلەن بۇزۇپ تاشلاپ، تارىخىمىزدىكى نامى ئۆلمەس مىللىي قەھرىمانغا ئايلانغان.

ئەلۋەتتە، ئۇرۇش بولمىسا، سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭكىدەك ئارغىماق بولسىمۇ سۆرەمگە سالىدىغان، ئوغۇزخاننىڭكىدەك ئۆتكۈر نەيزە بولسىمۇ تونۇرغا كۆسەي قىلىدىغان، چىن تۆمۈر باتۇرنىڭكىدەك مىسران قىلىچ بولسىمۇ چامغۇر ئاقلاشقا ئىشلىتىدىغان گەپ. شۇڭا، پۇرسەت ۋە تاللاشقا ئېرىشىش بەكمۇ مۇھىم.

شۇنداق ئېيتالايمىزكى، ئالتە ئەۋلادىدىن بېرى دارۋازلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئادىلنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىغا سەنئىيا بوغۇزىدىن ئۆتۈش پۇرسىتى نېسىپ بولغان بولسا، بۇ شان ـ شەرەپنى ئادىلنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى بىر ـ ئىككى ئەسىر ئىلگىرىلا قولغا كەلتۈرگەن بولاتتى. تارىخ بۇ پۇرسەتنى ئادىلغا نېسىپ قىلىۋىدى، ئۇ ھەممە كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك سۈرئەتتە سەنئىيا بوغۇزىدىن ئۆتۈپ، دۇنياۋى شەخس بولۇپ قالدى.

ئادىل بىزنىڭ مىللىي قەھرىمانىمىز، ئۇ بىزنىڭ پەخرىمىز، ئۇ

21 ـ ئەسىرنىڭ ھارپىسىدا ئويغىنىۋاتقان، يوشۇرۇن كۈچكە باي مىللىي روھىمىزنىڭ سىمۋولى.

1996 ـ يىلى كۈز ئايلىرىدا تېلېۋىزور كۆرۈۋېتىپ «دۇنيا ۋەزىيىتى» پروگراممىسىدا فىلىپپىن زۇڭتۇڭى رامۇسنىڭ ئوتتۇرا شەرق، جەنۇبىي ئاسىيا قاتارلىق رايونلاردىكى باي دۆلەتلەرگە بېرىپ، ئائىلە خىزمەتچىسى بولۇپ ئىشلەپ پۇل تېپىپ، تۇركۇم ـ تۇركۇم-لەپ دۆلىتىگە قايتىپ كېلىۋاتقان نەچچە يۈز مىڭ فىلىپپىنلىق ئايال-نى فىلىپپىننىڭ تاشقى پېرېۋوت زاپىسىنىڭ كۆپىيىشىگە ھەسسە قوشقانلىقى ئۈچۈن «بۇ ئاياللار بىزنىڭ مىللىي قەھرىمانلىرىمىز» دەپ مەدھىيىلىگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم.

فىلىپپىنلىقلار مەدىكارلىرىنى «مىللىي قەھرىمانلىرىمىز» دەپ پەخىرلەنگەن يەردە، بىز ئادىلدەك ئەزىمەتلىرىمىزدىن قانچىلىك پە-خىرلەنسەك ئەرزىيدۇ. ئادىل باتۇر، تەۋەككۈلچى ۋە مەغرۇر ئەجداد-لىرىمىزنىڭ ۋارىسى. ئۇنىڭ باتۇرلۇقى بىلەن مەغرۇرلۇقى مەندە ئۆزگىچە تەسىرات پەيدا قىلدى.

ھەممىگە مەلۇم، ئادىل سەنشىيا بوغۇزىدىن ئۆتۈشتىن ئىلگىرى تېلېۋىزور ۋە رادىئولاردا قىلچە ئىككىلەنمەستىن، ئامېرىكا تەۋەلىكى-دىكى كانادالىق رەقىبى كوچرەيىنى يېڭىۋېتىدىغانلىقىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا بىلدۈرگەن، ئاتالمىش كەمتەرلىككە ۋە ئېھتىياتچانلىقتا مۇخا-لىپ كېلىدىغان بۇ روھ دەل ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھىدۇر.

بىزنىڭ ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆزگە بولغان ئىشەنچىسى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. مۇناسىپ كېلىدىغان مەغۇرۇرلۇقنى ئۆزىنى چاكىنىلاشتۇرىدىغان ئادەتتىن تاشقىرى كەمتەرلىكتىن ئۈستۈن كۆ-رەتتى. «تۈركىي خەلقلەرنىڭ بىسماركى» دەپ تەرىپلىنىدىغان ئۇلۇغ دانىشمەن ۋەزىرىمىز بىلگە تونيۇقۇق «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»غا: «ھەر قانداق يەردىكى خاقانلىق خەلقلەردە مەندەك ئادەم بولىدىكەن ئۇلاردا نېمە غەم بولسۇن. . . ئىلتەرىس خاقان تىرىشمىغان بولسا،



www.uyghurkitap.com

مەن ئۆزۈم — بىلگە تونيۇقۇق تىرىشمىغان بولسام، قاپاغان خاقان ۋە تۈرك سىر خەلقى تۈپرىقىدا خەلق — ئادەم - ئىنسان بولمىغان بولاتتى» دەپ چەكتۈرگەن. ئۇلۇغ ئالىمىمىز مەھمۇد قەشقەرىمۇ: «مەن شۇ تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، پىكرىنى ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن، ئەڭ زېرەكلىرىدىن، ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىگە مەنسۇپلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن» دەپ ماختانغان. كىتابىنى بولسا: «ئەبەدىي يادىكارلىق ۋە پۈتمەس - تۈگىمەس بىر بايلىق بولۇپ قالسۇن، دەپ ئۇلۇغ تەڭرىگە سېغىنىپ، بۇ كىتابىنى تۈزۈپ چىقتىم» دەپ ئۇلۇغلىغان. ھەرگىزمۇ ساختا كەمتەرلىك بىلەن ياغلىما سۆزلەرنى قىلىپ، ئۆزىنى ۋە ئۆز مېھنىتىنىڭ قىممىتىنى تۆۋەنلەشتۈرمىگەن. ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى سۇسلاشتۇرمىغان. روشەنكى، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى كۈچلۈك ئادەملەر مەغرۇر ۋە روھلۇق كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ غەلىبىسىلا ئەمەس، بەلكى مەغلۇبىيىتىمۇ كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرىدۇ. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز ئاجىزلارنىڭ نىقابىنى تاقاپ يۈرۈشنى راۋا كۆرمىگەن. مەغرۇر ۋە روھلۇق يۈرۈشنى، ئۆزىنى ئىپادىلەپ ياشاشنى ئەلا بىلگەن.

ئادىل سەنشىيا بوغۇزىدىن ئۆتۈشتىن ئىلگىرى مانا شۇنداق ئەجداد روھىنى نامايان قىلدى. بىز شۇنداق ئېيتالايمىزكى، ئەگەر ئادىل سەنشىيا بوغۇزىدىن ئۆتەلمەي قالغان تەقدىردىمۇ بىزگە يەنىلا ئۇنىڭ جەڭ ئېلان قىلىشتىن، خىرس قىلىشتىن، ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان باتۇر روھى مىراس قالغان بولاتتى.

تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇ سەنشىيا بوغۇزىدىن ئۆتتى. ئۆتكەندىمۇ كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان زور غەلىبە بىلەن ئۆتتى. بۇ بىز ئۈچۈن تولىمۇ ئۇلۇغ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش بولدى. چۈنكى بۇ ئارقىلىق ئويغىنىۋاتقان مىللىي روھىمىز ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغىتىشتا تولىمۇ زۆرۈر بولغان مىللىي ئىشەنچكە ئېرىشتى. ئىشەنچىمىز كامىلكى، ئويغىنىۋاتقان مىللىي روھىمىز پات ئارىدا پۇرسەت

ۋە تاللاش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قالمىسىلا، ھەر قايسى تۇر ۋە كەسىپلەر بويىچە سانسىز «ئادىل» لارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ. چۇنكى بىزدەك تارىخي كەچمىشكە ئىگە مىللەت ئۇچۇن ئېيتقاندا، مىللىي ئىشەنچ كېلەچەكتىكى تالاي غەلىبە - مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزنىڭ خېمىرتۇرۇچى.

ئادىل بۇ خېمىرتۇرۇچنىڭ بىر پارچىسىنى بوشلۇقتىن ئېلىپ چۇشتى. بۇنىڭ ئۇچۇن ئادىلغا مىڭلارچە تەشەككۇر.

(بۇ ماقالە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1997 - يىل 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان)

# ئۇنتۇلغان ئەڭگۈشتەر — «تەۋپىق روھى»

## — مەمتىلى ئەپەندى قەتلى قىلىنغانلىقىنىڭ 60 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

تارىخنىڭ ئىستىرېلكىسى 21 - ئەسىرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. شۈبھىسىزكى، 21 - ئەسىردە ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن ئېلىپ بارىدىغان كۈرەشلىرى تېخىمۇ دەھشەتلىك ۋە تېخىمۇ رەھىمسىز بولىدۇ. كۆرگەن - بىلگىنىمىز ئاز بولسىمۇ، ئېنىق ھېس قىلىپ يەتتۇقكى، يەر شارىدىكى تۈرلۈك ئىرقلار، دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەر 21 - ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇپ، كېلەچىكى ئۈستىدە تەخىرسىزلىك بىلەن ئىزدەنمەكتە. بىز بولساق، بۇ كېلىۋاتقان ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىدا تەشۋىشكە چۆمگەن ھالدا تېڭىرقاپ تۇرۇپتىمىز. تەقدىرنىڭ بۇ قىسمىتى بىزگە سىر ئەمەس. ئالىقىنىدا ئەڭگۈشتىرى يوق خەلقنىڭ تارىخنىڭ رەھىمسىزلىك بىلەن شاللىۋېتىشىدىن قۇتۇلالىشى بەسى مۈشكۈل!

نادانلىقنىڭ بىپايان دالاسىدا تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرگەن خەلقلەر ئەڭگۈشتەرگە، زۇلمەت باسقان زاماننىڭ قۇچىقىدا ئېڭىراۋاتقان خەلقلەر مەشئەلگە بەكمۇ موھتاج بولىدۇ. دانكونىڭ قىممىتى شۇڭا بىباھا، ئوت ئوغرىسى پرومېتېينىڭ ئۇلۇغلۇقى شۇڭا تەڭداشسىز! ھەممىگە ئايانكى، پرومېتېي ئوغرىلىغان ئوتنىڭ خاسىيىتى تۈپەيلى، ئىنسانلار مەدەنىيەتلىك ھاياتقا تۇنجى قېتىم ئاياغ باسقان، ئاشۇ بىر تال چوغ بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئۇلۇغلانماقتا. چۈنكى ئاشۇ خاسىيەتلىك چوغ ئارقىلىقلا ئىنسان-

لار تۇنجى قېتىم يېمەكلىكلەرنى پىشۇرۇپ يېيىشنى ئۆگەنگەن. ئاشۇ خاسىيەتلىك چوغنى ئەگۈشتەر بىلىپ، نادانلىق دالاسىدىن مەدەنىيەت سەيناسىغا قاراپ بۇرۇلغان.

ئەپسۇسكى، دانكو ۋە پرومېتى ھەممە خەلقلەرگە ھەممە زاماندىلا نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ. خەلقمۇ دانكو ۋە پرومېتىنىڭ قەدرىگە ھە دېگەندىلا يېتىۋەرمەيدۇ. خەلقلەرنىڭ مىسلىسىز پاجىئەسى دەل مانا مۇشۇندق نادانلىق تۇپرىقىدا ئاپىرىدە بولىدۇ. كۆلپەتلىك تەقدىرى دەل مانا مۇشۇنداق ئەقلى كورلۇقتىن تۇغۇلىدۇ!

ئەجدادلىرىمىز بىزنىڭ ھايات يولىمىزغا تالاي ئەگۈشتەرلەرنى كۆمۈپ قويغان ۋە تالاي مەشئەللەرنى يېقىپ قويغان. لېكىن بىز ئۇلارغا تولىمۇ ئېتىبارسىز مۇئامىلە قىلدۇق.

«مەڭگۈ تاشلار» نېمە مەقسەتتە تىكلەنگەن؟ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نېمە مەقسەتتە يېزىلغان؟ «قۇتادغۇبىلىك» چۇ؟ بىزنى بۇ مىڭ يىللار ئىلگىرىكى ئۇنتۇلغان ئەگۈشتەرلىرىمىز بىلەن كىملەر ئۇچراشتۇردى؟!

تارىخنىڭ بىپايان ئۇپۇقىدا مىڭ يىللاردىن بېرى يۇلتۇزكەبى تىنىمسىز چاراقلاپ كەلگەن شىر يۈرەك ئەزىمەتلىرىمىز بىلەن ئوت يۈرەك مۇتەپەككۇرلىرىمىزنىڭ يالقۇنلۇق ئىستەكلىرىدىن بىز ھېلى-ھەم تولۇق خەۋەردارمۇ - يوق؟!

نادانلىقىمىز تۈپەيلى، تەقدىرىمىز تۈز سۈيىدەك ئاچچىق بولۇپ كېلىۋەردى. ئەگۈشتەرلىرىمىز ئېتىبارسىز قېلىۋەردى. يول بەلگىسى يوق يولدا ئېغىز - بۇرنىمىزنى قان قىلىپ كېتىۋەردۇق. كۆرمىگەن كۈنىمىز، ئىشىتمىگەن تىلىمىز قالمىدى.

تارىختا ئاجايىپ سەلتەنەتلىك خانلىقلارنى قۇرۇپ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ بىپايان باغرىدا ئارغىماقلىرىنىڭ تۇياقلىرىدىن ئوت چاچرىتىپ سەيىيارىلەردەك ئەركىن ۋە بىمالال ياشاپ ئۆتكەن، شۇنداقلا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان مەدەنىيەت مۆجىزىلىرىنى يارىتىپ، تۈركۈم - تۈركۈم مەرىپەت يۇلتۇزلىرىنى چاقنىتىپ مەدەنىيەت

ئاسمىنىنى بېزىگەن بۇ قەدىمىي خەلق «يىپەك يولى» نىڭ چۆلدەرىشى بىلەن تەڭ كۆتۈرۈلگەن ئەسەبىي ئىشانچىلىق، دىنىي خۇراپاتلىق، مۇتەئەسسىپ نادانلىق، دەمكۆتە قۇلچىلىق، تۇگىمەس ھەم ئەرزىمەس تەپرىقىچىلىق، شۇنداقلا زۇلۇم - زالالەت قۇيۇنلىرى ئىچىدە قارا تەقدىرنىڭ قۇچىقىغا يىقىلدى. پۈتكۈل تارىم ۋادىسى زۇلمەت ئىچىگە غەرق بولۇپ كەتتى، تەڭرىتاغ ئانا غەپلەت ئۇيقۇسىغا پاتتى، دولقۇنلۇق ئىلى دەرياسى ئۈن - تىنسىز ئاقىدىغان بولۇپ قالدى. . .

ئىنساننىڭ كۈلپەتلىك تەقدىرى نادانلىقتىن تۇغۇلىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئۇزاققا سوزۇلغان كۈلپەتلىك تەقدىرىمىز پەقەت نادانلىقىمىزدىنلا تۇغۇلدى. بۇنىڭغا ئەلۋەتتە ئالدى بىلەن ئۆزىمىز سەۋەبچى. نادانلىقتىن قۇتۇلماي تۇرۇپ كۈلپەتلىك تەقدىرىمىزنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. 20 - ئەسىرگە قەدەم قويۇش ھارپىسىدا، باشقا ئەللەردە ياڭرىغان مەرىپەت قوڭغۇرىقىنىڭ ساداسىدىنمۇ ياكى ئەتراپىدىكىلەرنىڭ دەھشەتلىك خورەك ئاۋازىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر بەزى ئىمان - ئېتىقادى سەزگۈر كىشىلەر ئويغىنىپ، ئۆز خەلقىنىڭ ھالىغا قاراپ چۆچۈپ كەتتى.

ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ ئاساسچىلىرى ئاكا - ئۇكا ھۈسەنباي بىلەن باھاۋۇدۇنبايلار ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئۇلار تومۇرىدا ئېقىۋاتقان «بۇغرا روھى» ۋە «ياغما روھى» بىلەن كۈلپەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەڭگۈشتىرىنى ئىزدەپ، ئاخىرى يېڭى مەكتەپ مائارىپىنى يولغا قويۇشقا تۇتۇش قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار 1885 - يىلى ئانا يۇرتى ئاتۇش ئېكساقتا تۇنجى بولۇپ يېڭى مەكتەپ مائارىپىنىڭ مەشئىلىنى ياقتى.

مەكتەپ خاسىيەتلىك كولدۇرما. ئۇ ئۆزىنىڭ ياڭراق ئاۋازى بىلەن غەپلەت ئۇيقۇسىغا غەرق بولغانلارنى چۆچۈتۈپ ئويغىتىدۇ.

مەكتەپ نۇرانە مەشئەل. ئۇ زۇلمەت ئىچىدە تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرگەنلەرگە پارلاق مەنزىلنى ئايان قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئاكا ـ ئۇكا ھۈسەنباي بىلەن باھاۋۇدۇنباي ئاتۇش ئىكساقتا ياققان بۇ مەرىپەت مەشئىلى ئۆزىنىڭ نۇرانە شولىسى بىلەن تەڭرىتاغنىڭ زۇلمەت باسقان ئاسمىنىغا يورۇقلۇق سىپپىشكە باشلىدى. گەرچە بۇ مەشئەلنىڭ يورۇقى ئاجىز بولسىمۇ، ئىلھامى كۈچلۈك بولدى. ئاتۇش، كۇچا، تۇرپان ۋە ئىلى ۋادىلىرىدا تاشاخۇنوم، مەخسۇت مۇھىدى، ھامۇت ھاجى... قاتارلىق مىللەتپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر بايلار يېڭى ـ يېڭى مەرىپەت مەشئەللىرىنى ياقتى. شۇنداق قىلىپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ كىرىشى بىلەن مىللەتنىڭ تەقدىرى، ۋەتەننىڭ ئىستىقبالى ئۈستىدە ئىزدىنىشنىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى... نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى جاھالەت تۇتەكلىرى قاپلاپ كەلگەن تارىم ۋادىسىنىڭ ئاسمىنىدا نۇرانە يۇلتۇزلار چاراقلاشقا، تەڭرىتاغ ئانىنىڭ گى-

كۆرسىتىپ، نادانلىقنىڭ قۇچىقىدا ئىڭراۋاتقان مىليونلىغان قېرىنداشلىرىنى ئويغىنىشقا، كۈلپەتلىك تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلىشقا دەۋەت قىلىپ، ئاخىرىدا ئۆز ئېتىقادى ئۈچۈن كۆيۈپ كۈل بولۇپ، ئىلھامبەخش مەنىگە باي «تەۋپىق روھى»نى رويابقا چىقاردى. ئۇنىڭ بۇ روھى:

ئويغان مىللەت، يۇرتۇڭنى سەن قۇتۇلدۇر،
مەكتەپ بىلەن چىراغ ياقىن، نۇر تولدۇر.
بىتسۇن ئەمدى زۇلمەت دەۋرى ئىستىبدات،
شۇم تەقدىرىدىن، قارا كۈندىن بول ئازاد.

دېگەن يالقۇنلۇق مىسرالىرىدا تولۇق نامايان قىلىنىپ، مەڭگۈلۈك سادا بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىدە سەركەردىلىك رول ئويناپ، كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان مۆۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن مەمتىلى ئەپەندى 1901 ـ يىلى قارا خانىلارنىڭ قەدىمي ئاستانىسى ئاتۇشنىڭ بۇيامەت كەنتىدە توختاجى ئىسىملىك تېۋىپ ئائىلىسىدە

تەسىر كۈچ ۋە ئابروي تالىشىپ ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرىدىغان بولغاچقا،
باھاۋۇدۇنباينى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ قولى بىلەن جازالىتىش مەق-
سىتىدە قەشقەر كونا شەھەر ئامبىلى شياۋ جيەنجاڭغا: «ئاتۇش ئېك-
ساقتىكى باھاۋۇدۇنباي ئېكساقتا ئىسيانچى - توپىلاڭچىلارنى تەربىيە-
لەيدىغان جەدىدلىك مەكتىپى ئېچىپ، سىزگە قارشى ھەرىكەت قىلد-
ۇاتىدۇ. بۇنىڭ خەتىرى ناھايىتى چوڭ، بۇنىڭ ئالدىنى ئالمىساق
ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ، ھەتتا ئۇلار تۈركىيىدىن ئادەم ئەكىلىپ
ئىشلىتىۋاتىدۇ»① دېگەن. شۇنىڭ بىلەن شياۋ جيەنجاڭ باھاۋۇدۇنبايغا
ئەھمەد كامالنى كەتكۈزۈۋېتىشنى بۇيرۇغان. دەل شۇ چاغدا ئاتۇش
ئېچەندە مەكتەپ ئاچقان قۇناجىم ئەھمەد كامالنى ئۆزى ئاچقان مەكتەپ-
كە تەكلىپ قىلغان. ئەھمەد كامال ئەپەندى «ئېچەن ئاق مەيدان
مەكتىپى» دە ئىككى - ئۈچ يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. كېيىن ئۆمەر
باي ئەھمەد كامالنىڭ تۈركىيىگە قايتىپ كەتمىگەنلىكىنى ئۇققاندىن
كېيىن دەرھال ياڭ زېڭشىنغا مەلۇم قىلغان. نەتىجىدە ياڭ زېڭشىن
بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، «ئەھمەد كامالنى قەپەزگە سولىتىپ ئۈرۈمچىگە
ياندۇرۇپ كەلگەن»②. بۇ ۋەقە ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى بىر
قېتىملىق چېكىنىشنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالغان. بۇ چاغدا ئاق مەيدان
مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان مەمتىلى ئەپەندى باشلىق ئوقۇغۇچىلار:

ئىستانبۇلدىن كەلدى ئەھمەد،
مەرىپەتچىلەر قىلدى ھۆرمەت.
مىڭ - مىڭ ياشا مەرىپەتچىلەر،
زاۋال تاپسۇن ئۆمەر ھەزىلەك.

دەپ قوشاق توقۇشقان.

---

① ئىبراھىم نىيازنىڭ «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1983 - يىللىق 2 - ، 3 (قوشما) - ساندا ئېلان قىلىنغان «ئېكساق كەنتىدە يېقىنقى زامان يەنىي مائارىپى» دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىندى.
② يازغۇچى، تارىخچى خېۋەر تۆمۈرنىڭ «ئابدۇقادىر داموللام ھەققىدە قىسسە» ناملىق رومانىنىڭ 189 - بېتىگە قاراڭ.

www.uyghurkitap.com

ئەھمەد كامالنىڭ تۈتۈپ كېتىلىشى بىلەن «ئاق مەيدان مەكتىپى» تاقىلىپ قالغان. مەمتىلى ئەپەندىمۇ ئوقۇشسىز قالغان①. مەمتىلى ئەپەندى ئىلاجىسىز دادىسىدىن تېۋىپلىقنى ئۆگىنىشكە باشلىغان.

يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ جەمئىيەتنى چۈشىنىشى چوڭقۇرلاشقان، مەسىلىلەرنى كۆزىتىشى ئۆتكۈرلەشكەن مەمتىلى ئەپەندى ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيىتىنىڭ رەزىل ماھىيىتى ۋە نادانلىقنىڭ ئاقىۋىتىنى تونۇپ يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەھەللىسىدىكى ئوقۇش يېشىغا توشقان بالىلارنى تەشكىللەپ، قوي باقىدىلى چىققان يەرلەردە، ئورمانلىقلاردا، چوڭ دەرەخلەرنىڭ سايىسى ئاستىدا، بەزى كەچلىرى ئۆيىدە ئوقۇتۇشقا باشلىغان. ئۇ ئەھمەد كامالدىن ئۆگەنگەن جەڭگىۋار ناخشىلارنى، يېڭى بىلىملەرنى ئۆگەتكەن، بالىلارنى قىزىقتۇرىدىغان

① ئاتۇش ئېكساق يېڭى مائارىپىنىڭ 100 ۋە 110 يىللىقىغا بېغىشلاپ چىقىرىلغان «مەشئەل» ژۇرنىلىدىكى ۋە «شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى» مەجمۇئەسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرىدىكى ماتېرىياللار ئاساسىدا مەن «مەمتىلى ئەپەندى» ناملىق كىتابىمدا، ئەھمەد كامالنى 1906 - يىلى باھاۋۇدۇنباي تۈركىيەدىن تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن، دەپ يازغانىدىم. ئەپسۇسكى يېقىندا شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى باستۇرغان بىر ئىچكى ماتېرىيالدا «ئەھمەد كامال 1914 - يىلى 3 - ئايدا ساياھەت پاسپورتى بىلەن قەشقەرگە كەلگەن، شۇ يىلى ئۇ 25 ياشتا ئىدى» دەپ يېزىلغانلىقىنى ئوقۇپ قالدىم. ئەھمەد كامالنى باھاۋۇدۇنباينىڭ تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەنلىكى راست. بۇ ھەقتە ياڭ زېڭشىننىڭ «ئىستىغپار ھۇجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار» دېگەن ئەسىرىدىمۇ ھەم بۇرھان شەھىدىنىڭ ئەسلىمىسىدىمۇ ئېنىق يېزىلغان. يۇقىرىقى ئىچكى ماتېرىيالدا يەنە «ياپونىيىلىك ئالىم بىڭتىيەن جېكىمېي ئەھمەد كامالنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا مەكتەپ ئاچقانلىقى توغرىسىدا مۇنداق بايان قىلىدۇ: "1914 - يىلى 4 - ئايدا، ئەھمەد كامال ئاتۇشتا دارىلمۇئەللىمىن (سىفەن) مەكتىپى ئېچىپ، شۇ جايدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن 15 ياشتىن يۇقىرى بالىلاردىن ئۈچ سىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاز ساندا قەشقەرلىك بايلارنىڭ بالىلىرىمۇ بار» دېگەن بايانلار، يەنە «1915 - يىلى، قەشقەر كوناشەھەر ئامبىلى شياۋ جيەنجاڭ تۈركىيىلىك ئەھمەد كامال دېگەن ئادەمنىڭ بىر ئالاھىدە سىنىپ ئېچىپ، ئۇنىڭغا دىنىي مەكتەپلەردە ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەن ئوقۇغۇچىلارنى مەخسۇس قوبۇل قىلىپ» ئاتۇشتا مۇئەللىملىك قىلىۋاتقانلىقىنى ياڭ زېڭشىنغا مەلۇم قىلغان، ياڭ زېڭشىن دەرھال بۇ ئادەمنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرگەن ھەمدە شىمالىي رايون ھۆكۈمىتى خارجىي ئىشلار ۋازارىتىگە مەلۇم قىلىپ، بۇ مەكتەپنى تاقىتىۋەتكەن ۋە مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى تەقىپ قىلغان، ئەھمەد كامالنى ئۈرۈمچىدە ئىككى يىل قاماپ، 1919 - يىلى شائخەي ئارقىلىق تۈركىيىگە قايتۇرۇۋەتكەن» دېگەن بايانلار بار.

مەن يەنە مەلۇم بىر كىتابتىن ئەھمەد كامالنىڭ ئەينى يىللاردىكى شىنجاڭ توغرىسىدا بىر كىتاب يازغانلىقىنى، ئۈرۈمچىدە تۇرغان مەزگىلىدە «يېڭى ھايات» ناملىق ژۇرنالدىن 30 سان بېسىپ تارقاتقانلىقىنى ئوقۇدۇم. بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشلىرىمنى ئايرىم ماقالە قىلىپ يېزىپ، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى بەزى خاتالىقلارنى تۈزەتمەكچىمەن.

تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرىنى تەشكىللىگەن. . .

مەمتىلى ئەپەندى سۆزگە چېۋەر، تەمبۇر چېلىپ ناخشا ئېيتىشقا ماھىر، بالىلارنى تەشكىللەشكە ئۇستا، بىلىدىغانلىرىنى ئېپادىلەش ئىقتىدارى يۇقىرى يىگىت بولغاچقا، مەھەللىسىدىكى بارلىق بالىلارنى رام قىلىۋالغان. ئۇنىڭ سىنىپسىز ئوقۇتۇش شەكلى ئۇنۇملۇك بولغان. كىشىلەر مەمتىلى ئەپەندىنى «بالا ئەپەندى» دەپ تەرىپلەشكەن. لېكىن مۇتەئەسسىپلىك، نادانلىق قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن بەزى كىشىلەر مەمتىلى ئەپەندىنىڭ مەھەللىدىكى بالىلارنى قاتار تىزىلدۇرۇپ، ناخشا ئوقۇتۇپ، مەشكە دەسسىتىپ، توپ تەپتۇرۇپ يۇرگەنلىكىنى كۆرۈپ: «توختاجىنىڭ بالىسى بالىلىرىمىزنى ئىمانسىز شەيتانغا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ» دەپ، ئۆزلىرىنىڭ ۋە تۇغقانلىرىنىڭ بالىلىرىنى مەمتىلى ئەپەندىگە ئەگىشىشتىن توسۇغاندىن سىرت، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ دادىسى توختاجىغا ئوغلىغا نەسىھەت قىلىش ھەققىدە مەسلىھەت بەرگەن. مەمتىلى ئەپەندى ئۇلار بىلەن تىغمۇ تىغ ئېلىشىپ، ئۇلارنى ھەجۋىيلەشتۇرىدىغان قوشاقلارنى توقۇپ، «ئوقۇغۇچىلىرى»غا ئۆگىتىپ ئوقۇتقان.

تاشاخۇنۇمدىن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىشلىرىنى ئاڭلىغان باھاۋۇدۇنباي مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ھەرىكىتى ۋە غەيرىتىدىن سۆيۈنۈپ، ئۇنىڭغا مەدەت بېرىش ئۇچۇن، بىر قېتىم ئاتۇش مەشھەتتىكى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان جامەسىگە جۇمە نامىزى ئوقۇغىلى ماڭغاندا ئاتايىن بۇيامەتكە كېلىپ، مەمتىلى ئەپەندىنى ئېتىغا مىنگەشتۇرۇپ جۇمە نامىزىنى ئوقۇغىلى بىللە بارغان. ئەل ئىچىدە يۇقىرى ئابرۇي - ئىناۋەتكە ئىگە باھاۋۇدۇنبايىنىڭ بۇ ئىشىنى كۆرگەن جاھىل كۇچلەرنىڭ دېمى ئىچىگە چۇشۇپ كەتكەن. مەمتىلى ئەپەندى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ھەرىكىتىنى تېخىمۇ ئەۋج ئالغۇزۇپ، كەچ كۇرس پائالىيىتى تەشكىللىگەن. كۇنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «كەچ كۇرستا ئادەم كۆپەيىپ كېتىدۇ. كەچ كۇرس ھەر كۇنى تۈن يېرىمىغىچە داۋام قىلىپ،

www.uyghurkitap.com

كۆرستكىلەر ناخشا ئوقۇيدۇ، ھېكايە ئاڭلايدۇ، كونسېرت ـ ئويۇنلارنى كۆرىدۇ. ھۆپىگەرلەر يىغىلىپ مەيدان ئاۋاتلىشىپ، ئاجايىپ قاينام ـ تاشقىنلىق بىر ھايات ھاسىل بولۇپ، خەلق خۇشاللىققا چۆمىدۇ. مۇتەئەسسىپ ئۇنسۇرلار توختاجىنىڭ كىچىك ئوغلى مەمتىلىنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىدىن نارازى بولىدۇ. ئۇلار ئىش مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ئۆزلىرىگە ياخشى بولمايدىغانلىقىنى سېزىپ، ئاتۇش بېگىگە، يۇرت چوڭلىرىغا، شاڭيۇلارغا پارە بېرىپ ئەرز قىلىدۇ. مەمتىلىنىڭ ئاتىسىغا ۋە مەمتىلىگە تەھدىت سېلىپ مەمتىلىنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەيدۇ.

مۇتەئەسسىپلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يەتكەن توختاجى ئوغلى مەمتىلىنى بېشىغا كېلىدىغان پېشكەللىكتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن 1920 ـ يىلى يۇرتىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىپ ئىلى، بورتالا ۋە چۆچەككە بېرىپ، شۇ يەرە تىرىكچىلىك قىلىدۇ»①. مەمتىلى ئەپەندى سەپەر جەريانىدا سايرام كۆلىنى كۆرۈپ، مەشھۇر شېئىرى «سايرام كۆلى» نى ئوقۇيدۇ:

سايرام كۆلى ئۈزۈڭ كىچىك، دەردىڭ تولا،
داۋالغۇيسەن ساھىللاردىن تاشالمايسەن.
ئەتراپىڭنى قورشىۋالغاچ ئېگىز تاغلار،
ئۇمتۇلىسەن، داۋانلاردىن ئاشالمايسەن.

مەمتىلى ئەپەندى چۆچەككە بارغاندىن كېيىن ساتراچلىق، دادىسى تېۋىپلىق قىلغان. مەمتىلى ئەپەندى ھەققانىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك، پىكرى ئۆتكۈر، گەپ ـ سۆزى ئورۇنلۇق، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىر، تەمبۇر چېلىشقا ئۇستا بولغاچقا، ئۇزاق ئۆتمەيلا چۆچەك ياشلىرى ئارىسىدا ئابرۇي ـ ئىناۋەت تېپىپ

① ئابدۇكېرەم ماخمۇتوپنىڭ «شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 1993 ـ يىلى 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەر مائارىپچى مەمتىلى ئەپەندى» دېگەن ماقالىسىغا قاراڭ.

كەتكەن. ئۇنىڭ ساتراچلىق دۇكىنى ياشلارنىڭ پىكىرلىشىدىغان، مۇنازىرىلىشىدىغان، يېڭى خەۋەرلەرنى سۆزلىشىدىغان «سالون» ىغا ئايلانغان.

مەمتىلى ئەپەندى چۆچەكتە لېنىن رەھبەرلىكىدىكى بولشېۋىك ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن قازاندىن قېچىپ كەلگەن مەشھۇر تاتار ئالىمى مۇراد ئەپەندى بىلەن ئىنتايىن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان. ئۇ مۇرات ئەپەندى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت جەريانىدا تاتار جەدىتىزمچىلىرىنىڭ ئىدىيىسى بىلەن بىر قەدەر ئەتراپلىق تونۇشقان 1924 ـ يىلى قەشقەردە ئوتتۇرا ئاسىيانى زىلزىلىگە سالغان ئابدۇقادىر داموللامنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى يۈز بەرگەن. بۇ خەۋەر چۆ- چەككە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، غەزەپ ـ نەپرىتى قايناپ ـ تاشقان مەمتىلى ئەپەندى «ئوقۇدى، ئاشتى» دېگەن غەزىلىنى يېزىپ، سات- راچلىق دۇكىنىنىڭ تېمىغا چاپلاپ قويغان، دوست ـ بۇرادەرلىرىگە تارقاتقان، ئاھاڭغا سېلىپ سورۇنلاردا تەمبۇر بىلەن ناخشا قىلىپ ئوقۇغان. . .

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ چۆچەكتىكى پائالىيىتىنىڭ كۈچىيىپ، تە- سىرىنىڭ كېڭىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىغان ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك كۆزىنى تىككەن. ئۇلار مەمتىلى ئەپەندىنى بىرەر باھانە ـ سەۋەب بىلەن قولغا ئېلىشنى پىلانلاۋاتقان چاغدا مەمتىلى ئەپەندى دادىسى توختاجى، ئۇستازى مۇراد ئەپەندىلەر بىلەن مەسلىھەت- لىشىپ، چەت ئەلگە چىقىپ كېتىش نىيىتىگە كەلگەن. مۇراد ئەپەندى مەمتىلى ئەپەندىگە بىر ئات ۋە پۇل ياردەم قىلغان ھەم شەمەي شەھىرى- دىكى دوستلىرىغا خەت يېزىپ بەرگەن. مەمتىلى ئەپەندى تەخمىنەن 1926 ـ يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئاتلىق كېچىلەپ چېگرىدىن ئۆتۈپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن. ئۇ ئايلىنىپ تاشكەنتكە بارغان. تاشكەنتتە ئۇ چاغلاردا شىنجاڭدىن چىققان ئۇيغۇر ئىشلەمچىلەر، سو- دىگەرلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى.

www.uyghurkitap.com

مەمتىلى ئەپەندى تاشكەنتتە دەسلەپ ئاشخانىلاردا ئىشلىگەن.
كېيىن ئاتۇشلۇق خەللاق دېگەن كىشىنىڭ ياردىمى بىلەن ئوقۇش
پۇرسىتىگە ئېرىشكەن (قايسى دەرىجىدىكى مەكتەپتە ئوقۇغانلىقى ئېـ
نىق ئەمەس، ئەمما ئوقۇغانلىقى ئېنىق). ئۇ يېڭىدىن قۇرۇلۇپ
مۇستەھكەملىنىۋاتقان سوۋېت قىزىل ھاكىمىيىتى شارائىتىدىكى تاشـ
كەنتتە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە قاتتىق قىسىلغان. كۆنسېرى كۆـ
چىيىۋاتقان ستالىنىزملىشىشتىن قاتتىق بىزار بولغان. شۇنىڭ بىلەن
ئۇ تەخمىنەن 1929 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا تۈركىيىگە چىقىش مەقسىـ
تىدە ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ، قارا دېڭىز بويىدىكى قىرىم يېرىم
ئارىلىغا يېتىپ كەلگەن. ئۇ بىر مەزگىل قىرىم يېرىم ئارىلىدىكى
سېۋاستوپول پورتىدا بويىنغا تەنزە ئېسىپ تىرىكچىلىك قىلغاچ تۈرـ
كىيىگە چىقىشنىڭ ئامالىنى ئىزدىگەن. مۇشۇ جەرياندا ئۇ تۈركىيەـ
لىك بىر پاراخوت خىزمەتچىسى بىلەن تونۇشۇپ قالغان. مەمتىلى
ئەپەندى ئۇنىڭغا تەمبۇر چېلىپ بېرىپ ئۇنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغان.
ئۇ كىشى مەمتىلى ئەپەندىنى پاراخوتقا سېلىپ، مەخپىي ھالدا ئىستانـ
بۇلغا يەتكۈزۈپ قويغان. مەمتىلى ئەپەندى ئىستانبۇلغا بارغان دەسـ
لەپكى كۈنلەردە جان بېقىش ئۈچۈن بىر تۈرك بېلىقچىغا ياردەملىشىپ
بېلىقچىلىق قىلغان. بارا ـ بارا تونۇش ـ بىلىشلىرى كۆپەيگەن.
يۇرتداشلىرى بىلەن تېپىشقان. شۇنداق قىلىپ، ئۇ باشقىلارنىڭ يارـ
دىمى بىلەن ئىستانبۇلدىكى بىر دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ قارا خىزمەتچىلىـ
كىگە قوبۇل قىلىنغان. ئۇ مەكتەپتە قارا خىزمەت قىلىش بىلەن
بىرگە، داڭلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ لېكسىيىسىنى دېرىزە تۈۋىدە، ئىـ
شىك يېنىدا تۇرۇپ تىڭشىغان. مەمتىلى ئەپەندى مەكتەپتە مۇئەييەن
مۇناسىۋەت ئاساسىنى بەرپا قىلغاندىن كېيىن، مەكتەپ مۇدىرىغا ئۆزىـ
نى ئوقۇغۇچىلىققا قوبۇل قىلىش توغرىسىدا ئىلتىماس سۇنغان.
مەمتىلى ئەپەندىنىڭ روھىدىن تەسىرلەنگەن مەكتەپ مۇدىرى مەمتىلى
ئەپەندىنىڭ ئىلتىماسىغا قوشۇلغان. ئوقۇش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشقان

مەمتىلى ئەپەندى ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا تىرىشىپ ئوقۇپ، ئۇزۇنغا قالمايلا مەكتەپ ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنۈش بىلەن بىرگە، ئۆزىنىڭ مۇزىكا تالانتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاھاڭ ئىجادىيىتىگە كىرىشكەن. بىر قېتىم ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزى ئىجاد قىلغان «بىز ئۇيغۇرنىڭ بالىلىرى» دېگەن ناخشىسىنى تەمبۇر بىلەن ئاجايىپ زور ماھارەتتە ئورۇنداپ بېرىپ، قالتىس ئالقىشقا ئېرىشكەن.

مەمتىلى ئەپەندى ئۈچ يىللىق ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملىغاندىن كېيىن، ئىستانبۇلدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان. ئۇ شۇ كۈنلەردە تۈركىيە گېزىتلىرىدىن، شىنجاڭدىن ھەج سەپىرىگە چىققانلاردىن، سودىگەرلەردىن خوجىنىياز ھاجى شېڭ شىسەي ۋە ماجۇڭيىڭلارغا ئائىت خەۋەرلەرنى كۆرۈپ ۋە ئاڭلاپ، 1933 - يىلى كۈزدە سىياسىي ۋە ھەربىي كۈچلەر جان تىكىپ ئېلىشىۋاتقان قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن. 1934 - يىلى باھاردا قەشقەر ۋەزىيىتى تىنچىغاندىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندى ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەپ، يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى قوزغاشنىڭ تارىخىي پۇرسىتى تۇغۇلغانلىقىنى ھېس قىلغان. چۈنكى شۇ چاغدا شېڭ شىسەي تەرەققىيپەرۋەرلىك نىقابى بىلەن ئۆزىنىڭ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نى بازارغا سېلىۋاتاتتى. خوجىنىياز ھاجى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ئورنىغا ئولتۇرغان، مەھمۇد مۇھىتى (مەھمۇد سىجاڭ) جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى سالاھىيىتى بىلەن قەشقەرگە ئورۇنلاشقانىدى.

ئەتراپلىق پىلان تۈزۈپ، قەتئىي نىيەتكە كەلگەن مەمتىلى ئەپەندى شۇ يىلى يازدا قەشقەردىن ئانا يۇرتى ئاتۇشقا چىقىپ يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىگە تۇتۇش قىلغان.

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بىلىم ئاساسى كۈچلۈك، تەشكىللەش ئىقتىدارى يۇقىرى، نۇتۇق قابىلىيىتى ئۈستۈن، كۆرگەن - بىلگىنى كۆپ بولغاچقا، ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاتۇشتىكى تەرەق-

قىيپەرۋەر بايلارنى، يۇرت چوڭلىرىنى ۋە ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئاستىن ئاتۇشنىڭ 24 كەنتىدە ئالتە ئاي ئىچىدە 24 مەكتەپ ئېچىشقا نىيەت باغلىغان. قولىدا ھېچقانداق ھوقۇقى يوق، يانچۇقىدا پۇلى يوق، يۇرت ئىچىدە نوپۇزى يوق 33 ياشلىق مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بۇنداق زور پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئوقۇغۇچى مەنبەسىگە كاپالەتلىك قىلىش، ئوقۇتقۇچىلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كىشىنى تېخىمۇ ئەندىشىگە سالاتتى. لېكىن مەمتىلى ئەپەندى قەتئىي ئىرادىگە كەلگەن بولۇپ، كۆڭلىدە مۇكەممەل پىلان تۈزۈپ قويغانىدى.

مەمتىلى ئەپەندى ئالدى بىلەن، دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان، مۇئەييەن بىلىم ئاساسىغا ئىگە، ئىلغارلىقتا، يېڭىلىقتا، تەرەققىياتقا تەلپۈنىدىغان ياشلاردىن 60 تىن ئارتۇقنى تىزىملاپ، ئاتۇشنىڭ ئوڭئېرىق كەنتىدە مەرىپەتپەرۋەر سودىگەر تۇردى ھاجىم ئۆز خىراجىتى بىلەن قۇرغان مەكتەپتە ئالتە ئايلىق مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىپ، دەرس ئۆتۈشكە باشلىغان.

مەمتىلى ئەپەندى بۇ ئوقۇغۇچىلار ئوقۇشنى تاماملاپ، بولغۇچە 24 كەنتتە 24 يېڭى مەكتەپ سېلىپ بولۇش ئۈچۈن، توققۇز كىشىدىن تەركىب تاپقان «مەكتەپ باشقۇرۇش ھەيئىتى» تەشكىل قىلغان، ئاندىن ھەر قايسى كەنتلەرنى بىرلىك قىلىپ ئۈچتىن تۆتكىچە كىشىدىن تەركىب تاپقان «ئاتىلار ھەيئىتى» قۇرغان. «مەكتەپ باشقۇرۇش ھەيئىتى» بىلەن ئاتىلار ھەيئەتلىرى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ سەپەرۋەر قىلىشى بىلەن بايلاردىن ئىئانە توپلاپ، مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا ئىش باشلىغان ۋە پۈتۈش ئالدىدا تۇرغان مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا مەمتىلى ئەپەندى بىر تەرەپتىن «مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسى» دىكى ئوقۇغۇچىلارغا كۈنىگە ئالتە سائەتتىن مۇنتىزىم دەرس ئۆتۈش، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش قاتارلىق بىر قاتار ئىشلارنى قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن

هەر كۈنى كەتتىلەرگە ئاتلىق بېرىپ، يېڭى مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىدە كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلغان. يەنە بىر جەھەتتىن شېئىر - مۇزىكا ئىجادىيىتى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ، ئوقۇغۇچىلارغا جەڭگىۋار مەزمۇندىكى ناخشا - مارشلارنى ئۆگەتكەن. . .

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئاستىن ئاتۇشنىڭ 24 كەنتىدە يېڭى مائا- رىپ ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىش پىلانى باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ توسقۇنلۇقىغا ۋە زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان. قىيىنچىلىقتا ئەزەلدىن باش ئەگمەيدىغان مەمتىلى ئەپەندى 1934 - يىلى كۈزدە مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىدىكى 60 نەچچە ئوقۇغۇچىسىنى باشلاپ، رەتلىك تىزىلدۇرۇپ، نەي - بارابانلارنى ياڭرىتىپ، ناخشا - مارشلارنى توۋلاپ ھەيۋەت بىلەن ئۇدۇل مەھمۇد مۇھىدىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش شتابىغا يېتىپ بېرىپ، توس- قۇن كۈچلەر ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، ئۆزلىرىنى قوللاپ قۇۋۋەت- لىشىنى تەلەپ قىلغان.

1910 - يىللىرى تۇرپان ئاستانىدا ئاكىسى مەخسۇت مۇھىدى بىلەن بىرلىشىپ يېڭى مەكتەپ ئاچقان مەھمۇد مۇھىدى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بىر - بىرىدىن چىچەن، تەرتىپ - ئىنتىزاملىق ئوقۇغۇ- چىلىرىغا قاراپ، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئاتۇشنىڭ تۆتلۈك ماتاسىدىن تى- كىلگەن ماشرەڭ مەكتەپ فورمىسىنى كۆرۈپ، جەڭگىۋار ناخشا - مارشلىرىنى ئاڭلاپ، مېڭىش - تۇرۇشلىرىغا، مەشكە دەسسەشلىرىگە قاراپ ئىچ - ئىچىدىن قايىل بولغان. ھاياجانلانغان مەھمۇد مۇھىدى ئاتۇشتىكى يۇرت كاتتىلىرى، ئۆلىمالار ۋە پۇقرالارغا مەمتىلى ئەپەن- دىنىڭ يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى قوللاش توغرىسىدا مەخسۇس بۇي- رۇق چۈشۈرگەن ۋە ئىككى ئەسكىرىنى مەمتىلى ئەپەندىنى دائىم قوغداشقا بەلگىلىگەن، زىيانكەشلىك ۋە توسقۇنلۇق قىلىشقا ئۇرۇنغان- لارنى قولغا ئېلىشقا بۇيرۇغان.

مەھمۇد مۇھىتىنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە مۇيەسسەر بولغان مەمتىلى ئەپەندى قەشقەردىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن، ئاتۇش مەش- ھەتتىكى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان جامەسى ئالدىدىكى چوڭ مەيداندا 10 مىڭ كىشىلىك يىغىن ئېچىپ مەھمۇد مۇھىتىنىڭ بۇيرۇقىنى ئوقۇپ بەرگەن ۋە ئۆزىنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى بايان قىلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىشلىرى ناھايىتى ئوڭۇش- لۇق داۋاملاشقان.① 1934 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىنىڭ ئوقۇشى تاماملانغان، ھەر قايسى كەنتلەردى- كى يېڭى مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشىمۇ ئاخىرلاشقان.

1935 ـ يىلى يانۋاردا مەمتىلى ئەپەندى ئالتە ئايلىق كۇرسنى تاماملىغان 60 نەچچە ئوقۇغۇچىسىنى رەتلىك تىزىلدۇرۇپ، نەي ـ بارابانلارنى چالدۇرۇپ، ئۆزى ئىجاد قىلىپ ئۆگەتكەن «مەرىپەت مارشى» نى ئېيتقۇزۇپ، ئاتۇش كوچىلىرىنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتكەن. مەمتىلى ئەپەندى باشلاپ ماڭغان بۇ يېڭى مۇئەللىملەر:

بىز مۇئەللىم، يۇرتلاردا مەكتەپ ئاچىمىز،
خەلقىمىزگە يوپيورۇق نۇرلار چاچىمىز.

تالاي يىللار زۇلمەتتە تېنەپ خار بولدۇق،
ئىلىم ـ ئېرپان يولىغا شۇنچە زار بولدۇق.
خۇراپاتتا قالدۇرۇپ ئەزدى زالىملار،
كۆزلىرىمىز قارىغۇ، كۆپ ناچار بولدۇق.

بىزنىڭ ماڭغان يولىمىز سائادەت يولى،
بىز ۋەتەنىنىڭ يېڭىدىن ئېچىلغان گۈلى.

---

① سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «ئۆمۈر داستانى» ناملىق كىتابىنىڭ 1 ـ تومىغا قاراڭ.

ئوقۇتىمىز ئەۋلادنى يېڭى پەن بىلەن،
پۇختا بولسۇن مەكتەپنىڭ بېسىلغان ئۇلى.

يورۇق تاڭغا تەلپۈندى ۋىلايىتىمىز،
ئىلىم بىلەن تىكلىنەر ئىناۋىتىمىز.
مەنبە بولدى ئېرپانغا يۇرتىمىز ئاتۇش،
ئېرپان بىلەن ئېچىلغاي سائادىتىمىز.

دېگەن مارشنى ئوقۇپ ماڭغاندا مىڭلىغان كىشىلەر يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇرۇپ ھەيرانلىق ۋە ھەۋەس نەزىرى بىلەن يېپيېڭى قىياپەتتىكى بۇ مۇئەللىملەرگە قاراپ تەنتەنە قىلىشقان.

مەمتىلى ئەپەندى بۇ يېڭى مۇئەللىملەرنى ئاتۇش كوچىلىرىدا ئۈچ - تۆت كۈن ئايلاندۇرغاندىن كېيىن، ھەر قايسى كەنتلەردىكى يېڭىدىن سېلىنغان مەكتەپلەرگە تەقسىم قىلغان. تەقسىم قىلىنغان ئوقۇتقۇچىلار يېڭى پۈتكەن مەكتەپكە بېرىپ سىنىپقا كىرگەندە ئۇلارنى سىنىپتا تولۇپ ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت سالىمى بىلەن قارشى ئالغان. بۇنى كۆرگەن مۇئەللىملەر مەمتىلى ئەپەندىنىڭ قاچانلاردا بۇ ئوقۇغۇچىلارنى مۇشۇ ھالەتكە كەلتۈرۈپ بولغانلىقىغا ھەيران قېلىشقان. ئۇلار بۇ ئۇلۇغ ئۇستازنىڭ نەقەدەر كۆپ جاپا چەككەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشقان. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ يالقۇنلۇق تەلىم - تەربىيىسى بىلەن ۋۇجۇدى چوغقا ئايلانغان بۇ يېڭى ئوقۇتقۇچىلار ھاياجاندىن تىترىگەن قوللىرى بىلەن مۇنبەردە تۇرغان يوقلىمىنى ۋاراقلاپ ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باسقان.

شۇنداق قىلىپ، 1935 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ئاتۇشتا، ئۇيغۇر تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى باشلانغان. 24 كەنتتىكى يېڭىدىن سېلىنغان مەكتەپلەردە 10 مىڭغا يېقىن ئوقۇغۇچى

ئوقۇشقا باشلىغان. مەمتىلى ئەپەندى تۈزگەن ئوقۇتۇش پروگراممىسى ۋە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، شۇنداقلا مەمتىلى ئەپەندى ئىجاد قىلغان مەكتەپ ناخشىلىرى ھەممە مەكتەپلەردە بىردەك ئومۇملاشقان. مەمتىلى ئەپەندى قوزغىغان بۇ يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ داغدۇغىسى پۈتكۈل تارىم ۋادىسىنى لەرزىگە سالغان. ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، كورلار ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلاردا مەمتىلى ئەپەندىنىڭ يېڭى مەكتەپ ئىچىشتىكى چارە - تەدبىرلىرى، ئوقۇتۇش پروگراممىسى، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى ھەل قىلىش، «ئىزچىلار ئەترىتى» تەشكىللەش ئۇسۇللىرى، گىمناستىكا شەكىللىرى ۋە جەڭگىۋار ناخشا - مارشلىرى كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشقان.

مەمتىلى ئەپەندى تۇنجى قەدەمنى مۇۋەپپەقىيەتلىك باسقاندىن كېيىن، تېخىمۇ ئۇلۇغ مەقسەتلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، يەنە بىر قاتار پىلانلارنى ئىجرا قىلىشقا كىرىشكەن. بۇ چاغدا مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئەل ئىچىدىكى ئىززەت - ئابرۇيى بەكمۇ ئۆسۈپ، ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان پىلانلارنى قوللايدىغان، ھىمايە قىلىدىغانلار، ئىقتىسادىي جەھەتتە ياردىمىنى ئايىمايدىغانلار بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە كۆپەيگەن.

مەمتىلى ئەپەندى 15 كۈندە بىر قېتىم ئېچىلىدىغان «توپلاندى» دەپ ئاتىلىدىغان كەسپىي يىغىن ئارقىلىق ئاتۇشتىكى بارلىق مەكتەپلەرگە يېتەكچىلىك قىلغان. مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرى نورمال ئىزغا چۈشكەندىن كېيىن، ھەر قايسى مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان 10 مىڭغا يېقىن ئوقۇغۇچى ئىچىدىن يېشى بىر قەدەر چوڭ، ئوقۇشتا ئەلاچى، ئىقتىدارلىق ئوقۇغۇچىلاردىن 80نى تاللاپ، مەشھەتتە ئىزچىلار سىنىپى تەسىس قىلغان. بۇ ئىزچىلار سىنىپى ئالاھىدە مەقسەت ۋە مۇددىئا ئاساسىدا تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بۇ مەكتەپنى مەمتىلى ئەپەندى ئۆزى بىۋاستە تۇتقان ھەمدە قاتتىق تەلەپ بويىچە ئىنتايىن ئەتراپلىق تەربىيىلىگەن. بۇ ئىزچىلار سىنىپى ھا-

زىرقى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە تەڭ كېلەتتى. بۇ ئوقۇغۇچىلار كىشىلەر تەرىپىدىن «مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىنچىلىرى»① دەپ ئاتالغان. مەمتىلى ئەپەندى سىياسەت، ئانا تىل، ۋەتەن تارىخى، مىللەت تەربىيىسى، ھەربىي مەشىق، ناخشا دەرسلىرىنى ئۆزى ئۈستىگە ئېلىپ ئۆتكەن. بۇ ئىنچىلار بەكمۇ قاتتىق تەلەپ بىلەن تەربىيىلەنگەن.

مەمتىلى ئەپەندى يەنە مەشھەت، تىجەن كەنتلىرىدە «چوكانلار سىنىپى» تەسىس قىلىپ، ھەر قايسى مەكتەپلەر ئۈچۈن ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرگەن. كىشىلەر ئەر ئوقۇتقۇچىلارنى «ئەپەندىم»، ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى «خانىم» دەپ ئاتاشقان.

مەمتىلى ئەپەندى يەنە ھەر قايسى كەنتلەردىكى مەكتەپلەردە ئۈچتىن بەشكىچە كەچ كۇرس سىنىپلىرىنى ئېچىپ، ساۋات چىقىرىشقا تېگىشلىك ئەر ـ ئاياللارنى تەشكىللەپ ساۋاتىنى چىقارغان. نەتىجىدە 1935 ـ يىلىدىن 1937 ـ يىلىغىچە بولغان ئۈچ يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئاستىن ئاتۇشتىكى ساۋات چىقىرىشقا تېگىشلىك ئاھالىنىڭ 70% تىن ئارتۇقراقى ساۋاتلىق بولۇپ بولغان.

مەمتىلى ئەپەندى يەنە ھەر يىلى نورۇز بايرىمىدىن كېيىن بارلىق مەكتەپلەرنى كۆچەت تىكىشكە سەپەرۋەر قىلىپ، ئاتۇشنىڭ يول ياقا-

---

① ئىنچىلار — ئىنچىلار قوشۇنىنىڭ قۇرغۇچىسى ئوسمانلى تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىككىنچى سۇلتانى، 14 ـ ئەسىردە ياشىغان ئورخان. بۇ بىر ئالاھىدە ھەربىي قىسىم بولۇپ ئىنتىزامى ۋە ساداقىتى ئىنتايىن چىڭ ئىدى. ئوسمانلى سۇلتانلىرى ئۆزلىرى ئىشغال قىلغان رايوندىكى خىرىستىئان بالىلىرى ئارىسىدىن 1000 نى يىغىپ، ئۇدا بىر نەچچە يىل تاللانغان مەشىق تۈرلىرى ۋە ئادەتتىكى مەشىق تۈرلىرىنى ئۆگىتەتتى. بۇ بالىلار ئىسلام ئېتىقادىغا كىرگۈزۈلەتتى ھەم ئوقۇش، يېزىش، يۈرۈش ـ تۇرۇش، سالاپەت، چەۋەندازلىق روھىي ۋە ھەربىي غايە قاتارلىق تەرەپلەردە ئومۇمىيۈزلۈك ئاساسىي مەشىق ئېلىپ باراتتى. سۇلتانغا پۈتۈنلەي ۋە مۇتلەق سادىق بولۇش ئىدىيىسى سىڭدۈرۈلەتتى. بۇ قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقى تەڭداشسىز ئىدى. بۇ قوشۇن ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى ئۈچۈن يېڭى قان ئىشلەپ چىقىراتتى. ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ تارىخىدىكى نۇرغۇن داڭلىق قوماندانلار ۋە مەشھۇر ۋەزىرلەر مۇشۇ «ئىنچىلار قوشۇنى» نىڭ ئىنچىلىرى ئىدى. ئوسمانلى تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىستېلاچىلىق تارىخىدا ئاجايىپ رول ئوينىغان بۇ ئالاھىدە قىسىم 18 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ساپلىقىنى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى يوقاتقان شۇنداقلا ئىمپېرىيىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان سەلبىي كۈچكە ئايلىنىپ قالغان. مەمتىلى ئەپەندى ئۆز ئىنچىلىرىنى ئەنە شۇ ئىنچىلار قوشۇنىغا تەقلىد قىلىپ قۇرغان.

لىرىغا ۋە ئېرىق ـ ئۆستەڭ بويلىرىغا 100 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق كۆچەت تىككەن.

مەمتىلى ئەپەندى 1936 ـ يىلى كۈزدە ئۆزىنىڭ شانلىق ھاياتىدىكى يەنە بىر نۇرلۇق سەھىپىنى ياراتقان.

مەمتىلى ئەپەندى ئۆزىنىڭ ئىزچىلىرىدىن 40 نى تاللاپ، ئاتۇشتا يولغا قويۇلغان يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ تارىخي ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە تەرغىب قىلىش مەقسىتىدە ئاتۇشتىن پىيادە يولغا چىقىپ، بىر ئايدەك ۋاقىت ئىچىدە پەيزاۋات، يېڭىسار، تاشمىلىق، ئوپال، توققۇزاق، قەشقەر شەھىرى قاتارلىق جايلارنى ئايلاندۇرۇپ كەلگەن. ئىزچىلار يېتىپ بارغانلا جايدا مەمتىلى ئەپەندى ئۆگەتكەن ناخشىلارنى ئوقۇپ، سەنئەت تومۇرلىرىنى ئورۇنداپ، تەشۋىقات تېكىستلىرىنى سۆزلەپ، يېڭى مائارىپنى تەشۋىق قىلغان. ئۆچىسىغا ئاتۇشنىڭ تۆتلۈك ماتاسىدىن تىكىلگەن ماشرەڭ ئىزچىلار فورمىسى، پۇتىغا بىر خىلدا تىكىلگەن خۇرۇم ئۆتۈك كەيگەن، دۈمبىسىگە پالتا قىستۇرۇلغان كىچىك چامادان ئارتىۋالغان، قوللىرىغا قىپقىزىل بويالغان ئىزچىلار كالتىكى تۇتۇۋالغان، رەتلىك تىزىلىپ تەكشى مەشكە دەسسەپ، نەي ـ بارابانالارنى ماھىرلىق بىلەن چېلىپ، جەڭگىۋار ناخشا ـ مارشلارنى ياڭرىتىپ ھەيۋەت بىلەن كېتىۋاتقان بۇ «ئاجايىپ قوشۇن» نى كۆرگەن مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان كىشىلەر ئىچ ـ ئىچىدىن ھاياجانلىنىپ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىشقان. مەمتىلى ئەپەندى باشلاپ ماڭغان بۇ ئىزچىلار بارغانلا يېرىدە كىشىلەرنى لەرزىگە سېلىۋەتكەن.

مەمتىلى ئەپەندى ئىزچىلىرى بىلەن بۇ خاسىيەتلىك مائارىپ تەشۋىقات سەپىرىنى تولىمۇ غەلىبىلىك تاماملاپ، بىر ئايدىن كېيىن ئاتۇشقا قايتىپ كەلگەن. مەمتىلى ئەپەندى ئىزچىلىرىغا سەپەر جەريانىدا ئۆزى ئىجاد قىلىپ ئۆگەتكەن «كەلدۇق سالامەت ئايلىنىپ» دېگەن ناخشىنى ئوقۇتۇپ، مەشھەت بازىرىغا يېقىنلاشقاندا مىڭلىغان

يۇرتداشلار، ئاتا ـ ئانىلار، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار يول ياقىسىدا تۇرۇپ، ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالغان.

1937 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا شىنجاڭنى زىلزىلىگە سالغان «مەھمۇد شىجاڭ ۋەقەسى» يۈز بەرگەن. بۇ چاغدا ستالىن ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شېڭ شىسەينىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىشىگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن قان ئىچەر ئۈچ ھاجىنىڭ بىرى، «سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ئالاھىدە خىزمەت خادىمى»①، قەشقەر ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قادىر ھاجى مەھمۇد شىجاڭ ھىندىستانغا چىقىپ كېتىش بىلەن تەڭ قەشقەر تەۋەسىدىكى مىللەتپەرۋەر زىيالىيلارنى، تەسىرى زور يۇرت كاتتىلىرىنى، ياراملىق دىنىي زاتلارنى ۋە نامى بار بايلارنى بىر ـ بىرلەپ قولغا ئېلىشقا كىرىشكەن.

1937 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى قادىر ھاجى ئۆزىنىڭ مۇئاۋىنى ئوبۇلقاسىم بىلەن بىر نەچچە ساقچىنى مەمتىلى ئەپەندىنى قولغا ئېلىشقا قەشقەردىن ئاتۇشقا ئەۋەتكەن. ئۇلار مەمتىلى ئەپەندىنى قولغا ئېلىپ قەشقەر ياۋاغ تۈرمىسىنىڭ 14 ـ كامېرىغا ئەڭ خەتەرلىك سىياسىي مەھبۇس سۈپىتىدە يالغۇز قامىغان. قادىر ھاجى مەمتىلى ئەپەندىنى ئۆزى سوراق قىلغان. ئۇ مەمتىلى ئەپەندىگە تاشكەنتتە تۇرغان چاغلىرىدىكى زىددىيەتلىرىنى ئەسلىتىپ، «بىز بىلەن بىر سەپتە تۇرمىغانلىقىڭدىن ئاخىرى مۇشۇ كۈنگە قالدىڭ» دەپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتكەن. مەمتىلى ئەپەندى قادىر ھاجىغا مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن قاراپ: «ئۆلۈشكە رازىمەنكى، مىللىي مۇناپىقلار بىلەن ئېغىز ـ بۇرۇن يالاشمايمەن. مەن بۇ كۈنگە قالغىنىمغا ئۆكۈنمەيمەن. ھاياتتا كۆپ ھاللاردا مەردلەرنىڭ ياقىسى نامەردلەرنىڭ چاڭگىلىدا بولىدىغان ئىش كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ» دېگەن.

① ليۇزىشاۋنىڭ جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ 2 ـ قىسىم 668 ـ بېتىگە قاراڭ.

www.uyghurkitap.com

مەمتىلى ئەپەندى تۇرمىدە دۇشمەنگە قىلچە باش ئەگمەي باتۇرانە كۇرەش قىلغان، ئۇ تۇرمە تاملىرىغا كېسەك بىلەن ئىسيانكار شېئىر-لارنى يېزىپ تولدۇرۇۋەتكەن:

تاقىتىم تاق بولدى مۇندىكى خەلقىنىڭ نىدايىدىن،
قۇلاقلىرىم گاس بولدى كىشەنلەر سادايىدىن.
گۇناھى نە ئىكەن بۇندا قامالغان نەۋ قىرانلارنىڭ؟
ھەققە ئۇيغۇنى يوقتۇر تېڭىلغان شۇم گۇمانلارنىڭ.

*　　　*　　　*

بۇلبۇللار تۇتقۇن بولدى يۇرتنى بۇلغىدى قاغا،
كىم بولسا ۋەتەنپەرۋەر بىر كۇن ئېسىلۇر دارغا.

*　　　*　　　*

ئۇرغۇپ تۇرغان ئىسسىق قان جىسمىمدا ئىسيان ئېتەر،
كۇندە مۇشتۇمدەك كېسەك خەت يېزىپ تۈگەپ كېتەر.
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

1937 ـ يىلى 29 ـ مايدا شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن مەھمۇد شىجاڭنىڭ قالدۇق قىسىملىرى يەكەندىكى ئابدۇنىياز كامالنىڭ باشچىلىقىدا ماخۇسەن بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ قەشقەر شەھىرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلغان. شۇ چاغدا قەشقەر ياۋاغ تۇرمىسىنى سوۋېت ئىتتىپاقى قىرغىز ئاتلىق پولكىنىڭ پولكوۋنىكى مەۋلانوپ ساقلاۋاتقان بولۇپ، ئۇ ئىسيانچى قوشۇن بىلەن كېچىچە ئېتىشىپ ئاخىرى بەرداشلىق بېرەلمەي، 30 ـ ماي كۇنى تاڭ سەھەر-دە تۇرمىدىكى مەمتىلى ئەپەندى باشلىق 300 دىن ئارتۇق سىياسىي مەھبۇسنى تۇرمە ھويلىسىغا ئېلىپ چىقىپ، پىلىموتقا تۇتۇپ بولۇپ كىرىسىن چېچىپ كۆيدۈرۈۋەتكەن. بۇ مىسلىسىز پاجىئەدە ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئوغۇللىرىدىن، جۈملىدىن 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ مائارىپچى، تالانتلىق تەشكىلات-چى، ئوت يۇرەك كومپوزىتور ۋە شائىر مەمتىلى ئەپەندىدىن ئايرىلىپ

قالغان. ئۇ شۇ چاغدا ئەمدىلا 36 ياشقا كىرگەن نەۋقىران يىگىت ئىدى.

ھايۋان كەبي قىسمەتكە مۇپتىلا بولغان خەلقنى ئىنسانغا خاس ياشاش ھوقۇقىغا ئېرىشىشكە دەۋەت قىلغان بۇ مەرىپەت ئوغلىنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمىگە 60 يىل بولدى. بىز بۈگۈن چوڭقۇر تارىخي ھېسسىيات، چەكسىز ئىپتىخار ۋە قويۇق تراگېدىيە تۇيغۇسى بىلەن بۇ ئۇلۇغ ئۇستازنى ئەسلەپ تۇرۇۋاتىمىز.

ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ قەدىمى بىزنى 21 - ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىغا قىستاپ قويدى. ئۆز تەقدىرىگە مەسئۇلىيەتچان خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ كېلەچىكىنى ئەستايىدىل ئويلىنىش ئارقىلىق لايىھىلىمەكتە. بىز بولساق، كېلەچىكىمىز ئۈستىدە يەڭگىلتەكلىك بىلەن «پال» ئېچىپ، دىمىقىمىزدا: «ئەتىمىز گۈزەل پارلاق» دېگەندەك ناخشىلارغا غىڭشىپ، كۆڭلىمىزنى خۇش ئېتىپ ئولتۇرۇۋاتىمىز. شۇنىسى ھەممىگە ئايانكى، يەڭگىلتەكلىك بىلەن «پال» ئېچىش ئارقىلىق كېلەچەكنى يارىتقىلى بولمايدۇ!

كىرىزىس ئىچىدە قېلىپ، قىيىن تاللاشقا دۇچ كەلگەندە، شۈبھىسىزكى، ھەر قانداق بىر خەلق ئۆز ئەۋلادلىرىنى مۇشكۇلات ئالدىدا تەمتىرەپ قالمايدىغان، ئىزدىنىش ۋە رىقابەتلىشىش روھىغا باي قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش ئۈچۈن مائارىپقا مۇراجىئەت قىلىدۇ.

ئۇلۇغ مائارىپچى مەمتىلى ئەپەندىمۇ مەرىپەت مەشئىلىنى تۇتقاۋسىز يېلىنجىتىشتا، مانا مۇشۇنداق ئىستەكتىن كۈچ - قۇۋۋەت ئالغان. ئۇ ئەينى يىللاردىلا بالدۇر ئويغانغان ئىنسانغا خاس ئاڭ بىلەن مائارىپ ئارقىلىق مىللەتنىڭ كۆلپەتلىك تەقدىرىنى ياخشىلاش يولىغا ئۆزىنى بېغىشلىغان. لېكىن، ئۆزىنىڭ ياۋۇز قۇدرىتى بىلەن، دىللاردا قەيسەرلىك بىلەن تىكلەنگەن نى - نى ئىرادىلەرنى مېيىپ قىلىپ، ئاجايىپ ئۇلۇغ ئارمانلارنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇپ، بۈيۈك ئۇرۇنۇشلارنىڭ بارىنى بىتچىت قىلىپ تاشلىغان تەتۈر پەلەك مەمتىلى

ئەپەندىنىڭ نىيەت ـ ئىقبالىنىمۇ ئىچىلدۇرماي تونۇتۇۋەتكەن. زالىم ھۆكۈمەت ئۆز خەلقىنىڭ زۇلۇم ۋە زۇلمەت ئاستىدا تىپىرچەكلەۋاتقان ئىچىنىشلىق ھالىتىگە قاراپ چىداپ تۇرالماي، «شۇم تەقدىردىن، قارا كۈندىن» خالاس قىلىشقا كۆكرەك كېرىپ چىققان بارلىق ئەزىمەتلەرنى گۇناھكار ھېسابلاپ قىرىپ تاشلىغان. ئەنە شۇ قاتاردا مەمتىلى ئەپەندىمۇ كۆيدۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇ قوزغىغان يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىمۇ ئۇزاققا بارمايلا شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتلىرىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ، ئەسلىدىكى مەقسىتىدىن چەتلىتىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ چاكىنا مەقسىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغانىدى.

زامان ئۆزگەردى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر مائارىپى زور تەرەققىياتقا ئېرىشىپ، كۆلەم جەھەتتە قالتىس زورايدى. ئەۋلادلارنىڭ تەربىيىلىنىش پۇرسىتىمۇ تارىختىكى ھەر قانداق دەۋردىكىدىن كۆپەيدى. ئەمما سۈپەت مەسىلىسى ئادەمنى ئەندىشىگە سالماقتا. يۇقىرى سۈپەتلىك مائارىپ يۇقىرى ساپالىق ئادەملەرنى يېتىشتۈرىدۇ. يۇقىرى ساپالىق ئادەملەر ئۆزىنىڭ ئېتىقادى، ئىرادىسى ۋە ئىقتىدارى ئارقىلىق رېئاللىقتا ھامان تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرىدۇ؛ ئۇلاردا پەرق ئېتىش ۋە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، ئىزدىنىش ۋە رىقابەتلىشىش روھى، باشقىلارنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش تۇيغۇسى كۈچلۈك بولىدۇ.

گەرچە، زاماندىشىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مائارىپنىڭ ھەل قىلغۇچ ئامىل ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت شوئارنى يادقا بىلىسىمۇ، لېكىن مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىش ۋە مائارىپنىڭ رولىنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن چۈشىنىش جەھەتتە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ زاماندىشىلىرىغا يەتمەيدۇ.

روشەنكى، مائارىپقا ئېتىبارسىز قاراش، ئىنساننىڭ ئۆزىگە ۋە ئەۋلادلىرىغا ئېتىبارسىز مۇئامىلە قىلىش ھېسابلىنىدۇ. ھەقىقىي

مەنىدىكى مائارىپ — جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئىنسانىي، ئەقلىي، روھىي دۇنياسىنىڭ شەكىللىنىشىنى تېزلىتىدىغان ھەمدە ئۇلارنىڭ مەدەنىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ۋە كەسىپ، تېخنىكا ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىدىغان ئۈزلۈكسىز تەربىيىلەش ۋە ئىلمىيلاشتۇرۇش جەريانى. ئۇ مىللەتنىڭ ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ قىممەتلىك بايلىقلىرىنى، بارلىق ئىلمىي ۋە ئەمەلىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۆگىتىش ئاساسىدا شەخسنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشتىن زۆرۈر بولغان شارائىت ۋە قولايلىق بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. شەخسنىڭ روھىي ئىقتىدار ۋە بەدەن (جىسمانىي) ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىنسانىي ۋە ئالىيجاناب تۇرمۇش ئادىتىنى شەكىللەندۈرۈشكە مۇستەھكەم ئۇل سالىدۇ ۋە شەخسنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنى بېيىتىدۇ. شەخسكە ئۆزىنىڭ ئىنسانىيەت، ئائىلە، مىللەت، جەمئىيەت ھەمدە دۆلەت ئالدىدىكى ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئۇنىڭ دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي، مەدەنىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ھاياتىغا قاتنىشىش ئاكتىپلىقىنى يېتىلدۈرىدۇ.

مائارىپنىڭ مانا مۇشۇنداق بۈيۈك رولى بولغاچقا، مەلۇم بىر مۇتەپەككۇر: «ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان مىللەت ھامىنى باش كۆتۈرىدۇ، مائارىپتا مەغلۇپ بولغان مىللەت مەڭگۈ باش كۆتۈرەلمەيدۇ» دەپ تولىمۇ توغرا ئېيتقان.

بىز مائارىپتىكى مەغلۇبىيىتىمىزنى تەن ئېلىشىمىز كېرەك. شەكىلدە مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىدىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالساقمۇ، لېكىن رېئاللىقىمىز ھەممىنى ئاشكارىلاپ تۇرۇپتۇ.

مەمتىلى ئەپەندى 1930 - يىللىرى ئۆز شاگىرتلىرىنى باشلاپ «مەرىپەت مارشى» نى ياڭرىتىپ ئۆتكەن كوچىلاردا، 1990 - يىللارغا كەلگەندە كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان ھەم چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان تۈۋەندىكىدەك ھەجۋى مەنىگە باي «سودا مارشى» ياڭرىماقتا:

بىز مۇئەللىم، مەكتەپتە بوتكا ئاچىمىز،
باللارغا لەڭپۇڭنى زورلاپ ساتىمىز.
بىزنىڭ ماڭغان يولىمىز تاپاۋەت يولى،
ئەڭ قەدىرلىك دۇنيادا كۆپ بولسا پۇلى.
پۇل ـ بايلىققا تەلپۈندى يۈرەك ـ قەلبىمىز،
بايلىق بىلەن تىكلىنەر ئىناۋىتىمىز.
مەنبە بولدى سودىغا يۈرتىمىز ئاتۇش،
سودا بىلەن ئېچىلغاي سائادىتىمىز. . .

پۇل ئۆزىنىڭ سېھرىي قۇدرىتى بىلەن يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ھەقىقەتەنمۇ ئېتىقاد ۋە ئىرادىسى ئاجىز كىشىلەرنى تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ تىز پۈكتۈرۈپ كەلمەكتە. خېلى بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار-رمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. «تەۋپىق روھى» غا يۈز كېلەلەيدىغان ئوقۇتقۇچىلارنى تېپىش خېلىلا مۈشكۈل. ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇتقۇچىغا ئوخشمايدىغان، دوختۇرلار دوختۇرغا ئوخشمايدىغان، قەلەمكەشلەر قەلەمكەشكە ئوخشمايدىغان. . . چۈشكۈنلىشىش، چىرىكلىشىش ۋە ياتلىشىش بىلەن تولغان مۇھىتتا ئالىيجاناب ئەخلاقنىڭ نۇرانە جۇلاسىنى، ھەقىقەتنىڭ غالىب تەنتەنىسىنى، ۋىجداننىڭ لەپىلدەپ تۇرغان ئۆچمەس بايرىقىنى كۆرۈش ھەقىقەتەنمۇ تەس ئىكەن.

مەمتىلى ئەپەندى ياراتقان «تەۋپىق روھى» نىڭ ئەڭ ئالىي نىشانى مىللىتىمىزنىڭ ھەر بىر ئەزاسىنى يۈكسەك ساپاغا ئىگە كىشىلەردىن قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشتىن ئىبارەت ئىدى. ساپاسى تۆۋەن ئادەملەرنىڭ ھايۋان بىلەن بولغان ئارىلىقىنىڭ ئىنتايىن قىسقا بولىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. ساپاسى تۆۋەن ئادەملەرنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمۇ ئىنتايىن چاكىنا، غايىسى ئىنتايىن نامرات بولىدۇ. ھەر قانداق ئۇلۇغ ئىش ساپاسىز ئىنسانلارنىڭ قولى تېگىش بىلەن تەڭ چاكىنىلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ. ساپاسىزلىق ماھىيەتتە نادانلىقتىن ئىبارەت. نادان ئادەملەرنىڭ تەقدىر ـ قىسمىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى

بىزگە سىر ئەمەس!

1995 ـ يىلى كۈزدە ئاتۇش ئېكساقتا ئۆتكۈزۈلگەن ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 110 يىللىق تويىغا قىزىلسۇ ئوبلاستى ۋە ئاتۇش شەھىرىدىكى ئاساسلىق ئەمەلدارلارنىڭ «خىزمىتى ئالدىراش» بولغاچقا، تولۇق قاتنىشالماي ۋەكىل ئەۋەتكەنلىكى، ئەمما ئاتۇش ئىشتاچى يېزىسىدىكى مەلۇم بىر چوڭ باي بالىسىنىڭ تويىنى قىلغاندا «خىزمىتى ئالدىراش» بۇ چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلارنىڭ ۋاقىت چىقىرىپ، تولۇق قاتنىشىپ بەرگەنلىكىنىڭ ئۆزىلا نادانلىقىمىزنى ئېنىق كۆرسەتمەي قالماسا ئەللىي پىكاپلاردا ئولتۇرۇش، تەنتەنىلىك نۇتۇقلارنى سۆزلەش بىلەنلا تۈگەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئاتۇشنىڭ ئىشتاچى يېزىسىدىكى بىر قىسىم بايلارنىڭ غايەت زور پۇل سەرپ قىلىپ، داڭقى پۈتكۈل شىنجاڭغا پۇر كەتكەن ھەشەمەتلىك مەسچىت سالدۇرغانلىقى، ئەمما، قارا خانىيلارنىڭ ئۇلۇغ خاقانى سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئادەتتىكىچە لايىھىلەنگەن قەبرە ۋە مەسچىت قۇرۇلۇشىنىڭ ئون نەچچە يىلدىن بۇيان تاماملانمايۋاتقانلىقىنىڭ ئۆزىلا «تويوتا» ، «سانتانا» لاردا كېتىۋاتقان بۇ بايلىرىمىزنىڭ روھىي ساپاسىنىڭ ئۆتمۈشتە تۆگىگە مىنىپ سودا قىلغان ئەجدادلىرىنىڭ روھىي ساپاسىغا سېلىشتۇرغاندا تولىمۇ تۆۋەن تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

ئويلاپ باقايلى، ئادەتتىكى بىر ئادەمنىڭ مەرىكىسىنى قانداقمۇ مائارىپنىڭ تويىدىن مۇھىم چاغلىغىلى بولسۇن؟ سۇلتان ساتۇق بۇغراخاندەك ئالەمشۇمۇل خاقانلىرىمىزنىڭ قەبرىگاھىنى تاشلاپ قويۇپ، قانداقمۇ مەھەللىۋى شۆھرەت قوغلىشىپ مەسچىت سېلىشقا كۆڭۈل ئۇنىسۇن؟ مۇشۇ ئىككى مىسالدىلا مائارىپقا، تەربىيىلىنىشكە سەل قارىغانلىقىمىزنىڭ كاساپىتى ئەمەسمۇ؟!

مەن خەلقىمنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىشتىن ئىلگىرى مەكتەپ تەربى-

يىسسىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن «ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتمۈشى باي ـ پومېش-
چىكلار بىلەن نامرات ـ كەمبەغەللەرنىڭ زىددىيەت ۋە كۈرەش تارى-
خى» دەپ چۈشىنەتتىم. كېيىن بىلدىمكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتمۈشى
ئۇنداق ئاددىي تارىخ بولماستىن، بەلكى قان ـ ياشلىق، سەلتەنەتلىك،
ئازابلىق، شانلىق، پاجىئەلىك ۋە ئالاھىدە مۇرەككەپ تارىخ ئىكەن.
ئۇنىڭدا ئاجايىپ نۇرانە ئەڭگۈشتەرلەرمۇ، ئاجايىپ لەنەتگەردى پاسىق
سۆڭەكلەرمۇ بار ئىكەن. بىزگە ھازىر ئەڭ زۆرۈر بولۇۋاتقان ئەڭگۈش-
تەرلەر تارىخنىڭ ئەنە شۇ قۇم باسقان بىپايان ئېتەكلىرىدە كۆمۈلۈپ
تۇرۇۋېتۇ. مەن نېمە ئۈچۈن مۇشۇ بىلىملەرنى باشلانغۇچ، ئوتتۇرا
مەكتەپلەردىكى چاغلىرىمدا بىلىۋالمىدىم؟ چۈنكى مېنىڭ مۇئەللىم-
لىرىم مېنى، مەمتىلى ئەپەندى ئۆز شاگىرتلىرىنى تەربىيىلىگەندەك:

سەن كىمنىڭ ئوغلىسەن، ئويلىساڭچۇ،
ئىززىتىڭ، ھۆرمىتىڭ كەم بولۇرمۇ؟
ۋۇجۇدۇڭ ئاتەش بولۇپ يانمىسا گەر،
ئەللىرىڭ، يۇرتلىرىڭ ھۆر بولۇرمۇ؟

دەپ تەربىيىلىگەن ئەمەس. شۇڭا، نۇرغۇن نەرسىلەرنى كېچىكىپ
ئۆگەندىم. ئون يىللاپ ئوقۇپ ئۆز مىللىتىمنىڭ تارىخىنى، ئۆزىنىڭ
ئېتىنىڭ يىلتىزىنى بىلىپ بولالمىغان بىر ئوقۇغۇچىنى نېمە دېيىش
كېرەك؟!

بىز يوقىتىپ قويغان ئەڭگۈشتەرلىرىمىزنى ئىزدەيلى، ئۇنتۇلۇپ
قالغان ئەڭگۈشتەرلىرىمىزنى ئەسلەيلى. بىز بۈگۈن يېرىم ئەسىردىن
ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان ئۇنتۇلۇپ قالغان ۋە ئۇنتۇلدۇرۇۋېتىلگەن
قىممەتلىك ئەڭگۈشتەرىمىز «تەۋپىق روھى» بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنى
ئەسلەپ، سېغىنىپ تۇرۇۋېتىمىز. ئەمدىكى گەپ ئۇنىڭ قەدرىگە يې-
تىشتە ھەم ئۇنى ۋۇجۇدىمىزغا سىڭدۈرۈشتە قالدى.

21 ـ ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىدا تېڭىرقاپ تۇرغان مىليونلىغان
قېرىنداشلىرىمغا شۇنداق ۋارقىرىغۇم كېلىدۇ: خەلقلەر ۋە مىللەتلەر-

نىڭ ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە ئويلىنىشى، ئۆزلىرىنىڭ قالاق، نامرات ۋە ئاجىز ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشىنىڭ كويىدا بولۇشى، ياشاشقا ۋە تەرەققىياتقا ئىنتىلىشى گۇناھ ئەمەس، ئەكسىچە ئىزدىنىش ۋە رىقابەت بىلەن تولغان بۇ دۇنيانىڭ ھاياتلىق قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇن. بىزنىڭ كېلەچىكىمىزگە مۇناسىۋەتلىك ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدىمىز مائارىپقا باغلىق. چۈنكى قىيامەتنىڭ پىلتىسى مائارىپ زاۋال تاپقان يەردە!

(بۇ ماقالە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1997 ـ يىل 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

# ئەدەبىياتىمىزدىكى ئازغۇن روھ

مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ شېئىرىيەت ئەنئەنىسىگە بايلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم. ئۇيغۇر شېئىرىيەت تارىخىدا بىزنىڭ مىللىي ئىپتىخارىمىزنى ئاشۇرىدىغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يەسسەۋى، ئەلىشىر ناۋائى، شاھ مەشرەپتەك دۇنياۋى شۆھرەت قازانغان قەلەم ساھىبلىرىمىز بار.

تارىخىي تەقەززادىن بولسا كېرەك، 1980 ـ يىللارغا كەلگەندە بىز مىللىي ئەدەبىيات گۈلزارىمىزدا رومانلارنىڭ كۆپلەپ بارلىققا كېلىشىنى ئالاھىدە ئۈمىد قىلىدىغان بولۇپ قالدۇق. ئەلۋەتتە، بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسەكلىكى پەقەت رومانچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنىلا تۇتقا قىلىپ ئۆلچەنمەيدۇ. لېكىن بىز يېقىنقى يىللاردا پىسخىك خاھىش يېقىدىن رومانلارنىڭ كۆپرەك يېزىلىشىنى بەكرەك ئارزۇ قىلدۇق.

ئارىدىن 20 يىلچە ۋاقىت ئۆتتى. قارايدىغان بولساق يازغۇچىلىرىمىزنىڭ يازغان رومانلىرى 70 پارچىگە يېتىپ قاپتۇ. تېخى نۇرغۇن يازغۇچىلىرىمىزنىڭ رومانلىرى نەشر قىلىنىشنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن رومانلىرىمىز سان جەھەتتە بولسىمۇ كىشىنى خېلى سۆيۈندۈرگىدەك ھالەتكە يەتتى، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن»، «ئىزدىنىش»، «لېيىغان بۇلاق»، «سەئىدخان»، «قۇم باسقان شەھەر»، «تەقدىر»، «مەھمۇد قەشقەرى»، «داغ» قاتارلىق رومانلار سۈپەت جەھەتتىمۇ بىزنى خېلىلا رازى قىلدى، ئەلۋەتتە.

يېقىندا، يەنى 1999 ـ يىل 8 ـ ئايدا «ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى»

نامىلىق بىر پارچە رومان نەشر قىلىنىپ بازارغا سېلىنىشىنىڭ
ئالدى - كەينىدە تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئارقىلىق سۈنئىي ھالدا خىلد-
لا داغدۇغا پەيدا قىلدى. «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» 1999 - يىلى
9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى بۇ رومان ھەققىدە مەخسۇس سۆھبەت يىغىنى
ئۇيۇشتۇردى. سۆھبەت يىغىنىدا سۆھبەت بايان قىلغۇچىلار روماننى
تامامەن مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان كاتتا رومان، دەپ مۇئەييەنلەشتۈ-
رۈشتى. مەن ئۇ چاغدا تېخى بۇ «كاتتا رومان» نىڭ «ئازاب دەرۋازى-
سى» نامىلىق 1 - قىسمىنى ئوقۇپ تۈگەتكەن بولغاچقا سۆھبەت
يىغىنىدا تەسىراتىمنى شەرتلىك ھالدا سۆزلەپ ئۆتتۈم. ئارىدىن بىر
نەچچە كۈن ئۆتكەندە، يەنى 1999 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى
دەم ئېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ «كاتتا رومان» نىڭ داۋامىنى ئوقۇش-
قا باشلىدىم.

مەن روماننىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئوقۇپ بولغاندا روماننىڭ
ئاساسەن ئاپتورنىڭ كەچۈرمىشى ئاساسىدا يېزىلغانلىقىنى ھېس قىل-
دىم. رومان ئاپتورىنىڭ مىجەز - خۇلقى، ھايات پائالىيىتى، دۇنيا
قارىشى بىزگە ئاساسەن تونۇش بولغاچقا روماننى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي
ۋە مەنىۋى كۈچۈرمىشلىرىنى ئاساس قىلىپ يازغانلىقىنى مۇئەييەنلەش-
تۈرۈش قېيىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

روماننى ئوقۇپ 191 - بەتكە كەلگەندە بېيجىڭدىكى سابىق مەر-
كىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، ئەسەردىكى ئاساسىي
پېرسوناژ تاھىرنىڭ مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىغا چىقىپ بۇددا دىنىغا
ئېتىقاد قىلىدىغان پالچى مومايغا پال سالغۇزغاندا پالچى مومايىنىڭ:
«بالام، سەن 1969 - يىلى تۇغۇلغانمۇ؟» دەپ سورىغىنىنى، تاھىر-
نىڭ «ھەئە» دەپ جاۋاب بەرگىنىنى ئوقۇپ ئاپتورنىڭ ھەتتا ئۆزىنىڭ
تۇغۇلغان يىلىدىن تارتىپ ئەينەن يازغانلىقىنى بىلدىم. مەن بۇ تەپسى-
لاتنى ئاپتور ئۆز روماننىڭ تەرجىمىھال تۈسىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇ-
رۇش مەقسىتىدە ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرغان تەپسىلات ئوخشايدۇ، دەپ

پەرەز قىلدىم. رومانىنىڭ 192 ـ ۋارىقىنى ئۆرۈپ، پالچى موماينىڭ: «بىراق سەن بۇ يىل توپتوغرا 1420 ياشقا كىرىپسەن. بۇ سېنىڭ ھەقىقىي يېشىڭ، ھاياتلىق تىنىمسىز ئايلىنىپ تۇرىدۇ» دېگەنلىرىنى ئوقۇپ، كۆڭلۈم بىر نەرسىنى تۇيغاندەك بولۇپ، دەرھال كىتاب ئىشكابىمدىن پاكىستانلىق مەشھۇر تارىخچى سەئىد فەيياز مەھمۇدنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئىسلام دىنىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابىنى ئېلىپ ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان يىلىغا قارىدىم. بىلدىمكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مىلادىيە 570 ـ يىلى دۇنياغا كەلگەن ئىكەن. مەن بۇنىڭغا 1420 يىلنى قوشۇپ باقسام نەتىجە 1990 ـ يىل بولۇپ چىقتى. بۇ دەل ئاپتورنىڭ رومانىنى يېزىۋاتقان يىللىرى ئىدى.

مەن ئاپتورنىڭ بۇنداق سان ئويۇنىدىن ئەجەبلەندىم ھەم بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك بولدۇم ـ دە، ئاستىدىكى قۇرلاردىكى پالچى موماينىڭ ئاغزىدىن بېرىلگەن مۇنۇ جۈملىلەرنى ئوقۇدۇم: «مەن بىلىمەن، سەن ياخشى يىگىت، بىراق سەن نۇرلۇق يولنى تۇتالمايسەن، سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭ ھامان زۇلمەتتىن خالاس بولۇشۇڭغا يول قويمايدۇ، سەن ھامان ئۇنىڭ قۇلى. سەن تۆرەلگەن كۈنى سىرتتا قاتتىق بوران چىققان. . . ئۇ كۈنى ئاشۇ ئالۋاستى — سانسىز ئەسىرلەردىن بېرى سېنى مۇشۇ دۇنيادىن ئىزدەپ يۈرگەن ئالۋاستى ئاخىرى سېنى تېپىۋالدى. ئۇ. . . ئۆزىنىڭ. . . ئالۋاستىلىق ھاياتىنى تامامىلاپ ئىنسانلار ئارىسىغا قايتىپ، قايتىدىن ئادەم بولۇپ تۆرەلدى. ئۇ گۈزەل بىر ۋۇجۇدقا ئېرىشتى. . . 1420 يىل ئاۋۋال ئۇ ئالۋاستى چەكسىز گۇناھ پاتقىقىغا پاتقان. . . ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن قانخورلۇقنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىششىڭ شۇملۇقنىڭ بىشارىتى، بۇلار سېنىڭ ئۆمرۈڭنىڭ قان ـ يىرىڭ ئىچىدە ئۆتىدىغانلىقىنىڭ بىشارىتى. . . بالام، سەن خەتەرلىك قىسمەتكە دۇچ كەپسەن. . . بەكمۇ خەتەرلىك. . . سەن ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭنى چەتكە ئال. . .»

ماڭا «جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا» دېگەندەك ئويۇننى ئوينىغان بۇ ئاپتورنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى ئايان بولدى. ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كەلدى. غەزەپ - نەپرىتىم قايناپ تاشتى. خېلىغىچە ئۆزۈمنى باسالماي قالدىم. مەن پەرھات تۇرسۇننىڭ مىليونلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقاد مەشئىلى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى نومۇسسىزلىق بىلەن «ئالۋاستى» دەپ يېزىشتىكى مەقسىتىنى بىر ھازاغىچە چۈشىنەلمىدىم. ئۇنىڭ بۇ خىل تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز تۇزكورلۇقىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاپ چۆچۈپ كەتتىم. ۋىكتور ھيوگو «ۋىجداننى يىگىلى بولمايدۇ، ئەمما ۋىجدانسىز ئادەم ھەممىنى يېۋېتىدۇ» دېگەنىدى. ھەقىقەتەنمۇ ۋىجدانسىز ئادەم ھالال - ھارامنى ئايرىماي ھەممىنى يەيدىكەن ھەم ئاغزىغا كەلگەننىڭ ھەممىنى دەيدىكەن.

پەرھات تۇرسۇن ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ سۇلتانىمىز ساتۇق بۇغراخان دەۋرىدىن باشلاپ خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى بولۇپ كېلىۋاتقان مۇقەددەس دىنىي ئېتىقادىغا قىلغان بۇ نومۇسسىز ھاقارىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا، يۇرتداشلىرىغا ۋە مىللىي قېرىنداشلىرىغا مەڭگۈلۈك ئاھانەت كەلتۈردى. مەن تارىخىي كىتابلاردىن 1930 - يىللاردا قەشقەردە ئۆتكەن دىنىي ئۆلىما ئابدۇغۇپۇر شاپتۇل دامولىلىنىڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەندىن كېيىن دۇنياغا پەيغەمبەر كەلمەيدۇ، دېگەن ئىكەن، ئەگەر، كېلىدۇ، دېگەن بولسا جەزمەن شېڭ دۇبەن جانابلىرى كەلگەن بولاتتى، دېگەن مەشھۇر مۇناپىقانە سۆزىنى ئوقۇغانىدىم. ئويلىسام، ئۇ ئاتالمىش دىنىي ئۆلىما گەرچە شېڭ دۇبەننى نومۇسسىزلارچە ئۇلۇغلىغان بولسىمۇ، لېكىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تىل تەككۈزمىگەنىكەن. ئەمما، بىزنىڭ بۇ 90 - يىللاردىكى «شاپتۇل دامولla» ھەر قانداقنى «پوش» دېمىگەن.

بىزگە مەلۇم، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا پۇقرالارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىنىڭ قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىلگەن.

مەنمۇ ئەلۋەتتە پەرھات تۇرسۇننى بۇ جەھەتتە بىر نەرسە دېيىشكە ھەقلىق ئەمەس. ئەمما بۇ يەردە مېنى قولۇمغا قەلەم ئېلىشقا مەجبۇر قىلغان نەرسە قانداقتۇ پەرھات تۇرسۇننىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ياكى ئېتىقاد قىلماسلىق مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ ئېتىقادىنى تاقەت قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ھاقارەتلەش مەسىلىسىدىن ئىبارەت. بۇنداق ئۇچىغا چىققان ئەخلاقسىز قىلمىشقا قەتئىي يول قويغىلى بولمايدۇ.

بۇنىڭدىن 10 نەچچە يىل ئىلگىرى، يەنى 1988 - يىلى ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى ھىندىستانلىق يازغۇچى سالمان راشىد «شەيتان قىسسىسى» ناملىق رومانىنى يېزىپ پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ قاتتىق غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغىغانىدى. جاۋچېڭگۋاڭ ئەپەندىنىڭ يېزىشىچە «شەيتان قىسسىسى» ناملىق «بۇ كىتابنىڭ خېلى كۆپ يېرىدە ئىسلام دىنىغا بېرىپ تاقىلىدىغان مەسىلىلەر سۆزلەنگەن. راشىد ئىسلام دىنىنىڭ بەزى قاراشلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈش، گەپ قوشۇپ شەرھلەش، بۇرمىلاش ۋە توقۇپ چىقىش ھەمدە ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك پېرسوناژلارنى خالىغانچە ياساشتەك ئۇسۇللار ئارقىلىق» پەرىشتىلەرنىڭ سەردارى جىبرائىلنى مازاق قىلغان. ياۋروپادا ئوتتۇرا ئەسىردىكى دىنىي تىياتىرلاردا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىدىغان ماھۇندى دېگەن ئىسمنى قوللىنىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ماھۇندى ئىسىملىك بىر سودىگەر سىياقىدا تەسۋىرلەپ دارىتمىلاپ مەسخىرە قىلغان، «قۇرئان كەرىم» گە بىھۆرمەتلىك قىلغان. شۇ ۋەجىدىن «1989 - يىل 15 - فېۋرال كۈنى ئىراننىڭ دىنىي داھىيسى خۆمەينى پۈتۈن دۇنيادىكى بىر مىليارد مۇسۇلمانغا راشىدنى دەرھال ئۆلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ پەرمان چۈشۈرگەن. ئىرانلىق ئىككى مىليونېر راشىدنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كەلگۈچىگە ئىككى مىليون 200 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى جاكارلىغان» . راشىدنىڭ ھۆرمەتسىزلىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قاتتىق نەپرىتىنى قوزغىشى

مۇقەررەر. ئامېرىكىلىق مەشھۇر يازغۇچى مارك تېۋىن «باشقىلار ئېتىقاد قىلغان ئىلاھقا ھۆرمەت قىلماسلىق ھەقىقىي ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۈگۈنكى مەدەنىيەتلىك دۇنيادا باشقىلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىش ئەقەللىي پرىنسىپ بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە خۇددى ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەد ئىمىن «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» ناملىق كىتابىدا ئالاھىدە كۆرسەتكىنىدەك «مەيلى قايسى زاماندا، قايسى ھۆكۈمران، قانداق مەقسەتتە، قانداق پايدىلانغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دىنىي ئېتىقاد نامرات، ئېزىلگەن، خارلانغان ئاۋامنىڭ ئارزۇ - ئۈمىد مەشئىلى، نالە - تەلپۈنۈش قۇتبىسى، ئەقىدە - ئىشەنچ قۇدرىتى بولۇپ كەلگەن.»

مەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئوتتۇرىغا چىققان بۇ «سالمان راشىد» نىڭ قىلمىشىدىن ناھايىتى نومۇس ھېس قىلدىم. مەن پەرھات تۇرسۇننىڭ ئەسەرلىرىنى ئون يىلدىن بېرى ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن. ئۇنىڭ خرىستىئان دىنىغا ۋە ئۇ دىنىنىڭ پەيغەمبىرى خرىستوس (يەنە باشقا ئىسمىلىرى ئېيسا، مەسىھ) قا ئالاھىدە ئىخلاسى بارلىقىنى ئەسەرلىرىدىن ھېس قىلىپ كەلگەنىدىم. بۇ شەخسىنىڭ تاللاش ئەركىنلىكى دائىرىسىدىكى ئىش بولغاچقا ئارىلىشىش ئارتۇقچە دېگەن تونۇشتا ئىدىم، چۈنكى، كىشىلىك ھوقۇق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا كىشىلەرنىڭ نورمال دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ئارىلىشىش ۋە چەك قويۇش مەدەنىيەتسىزلىك ۋە قانۇنسىزلىق. شۇڭا، پەرھات تۇرسۇننىڭ خرىستوسقا بولغان ئالاھىدە ئىخلاسى مەن ئۈچۈن بەربىر ئىدى. مەن بۇ يەردە ئۇنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «ئالۋاستى» دەپ ھاقارەتلىشىنىڭ ئىدىيىۋى ئارقا كۆرۈنۈشى سۈپىتىدە ئالدى بىلەن، ئۇ 1993 - يىلى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان، 1998 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «مەسىھ چۆلى» ناملىق توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن «مەسىھ چۆلى» ناملىق پوۋېستىدىكى بىر قىسىم بايانلارنى مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتەي.

«كىم بىلىدۇ، مېنىڭ روھىمدا مەسىھدەك سۆيۈش ئارقىلىق ئادەمنى تىرىلدۈرۈشتەك جاسارەت بارمۇ تېخى؟» «بىراق لەۋلىرىمدىن ئۇنىڭ لەۋلىرىنىڭ مۇزدەك سوغۇق ھارارىتى تېخىچىلا كەتمىگەن بولۇپ، كرېست شەكىللىك كوچىدا سۆيۈش ئارقىلىق ئادەمگە جان بەخش ئېتەلەيدىغان خرىستوس كرېستقا مىخلانغاندەك گاڭگىراش ۋە جاسارەت بىلەن ئەتراپقا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇراتتىم.»

«كىم ئۇ كرېست شەكىللىك يولدا ئېزىپ يۈرگەن؟ تۆت كوچا دوقمۇشىنىڭ كرېستقا ئوخشايدىغانلىقىنى ھەممە كىشى ھېس قىلىدۋەرمەيدۇ. ھەممە كىشى ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قاراپ ئۇلارنىڭ تىزىلىشىدىن كرېست شەكلىنى ئىزدەۋەرمەيدۇ. ھەممە كىشىنىڭ ئەتراپىتىكى نەرسىلەردىن كرېستنىڭ شەكلىنى ھېس قىلىشى ناتايىن.»

«خرىستوس ھېچ كىشى قوبۇل قىلالمايدىغان، بىراق ھەممە كىشى تەلپۈنىدىغان، مېھىر - مۇھەببەتكە ئوخشاش خىلۋەت ياشىماقتا. مۇھەببەتنى پەقەت مۇھەببەتلا قوبۇل قىلالايدۇ. بولۇپمۇ خرىستوسنىڭكىدەك ئىلاھىي سۆيگۈنى پەقەت ئەنە شۇنداق مۇقەددەس، قۇدرەتلىك ۋە ئۇلۇغ بولغان ئىلاھىي سۆيگۈ ئىگىسىلا قوبۇل قىلالايدۇ، بۇنداق سۆيگۈگە ئىگە بولغۇچى پەقەتلا خرىستوس.»

«مەن كرېست شەكىللىك يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر بىر نەرسە بىلەن مىخلاپ قويۇلغاندەك ئېسەنگىرەپ بىر ھازا تۇرۇپ قالدىم. بىراق خرىستوس كرېستقا مىخلانغاندا قىلچە ئىككىلەنمەستىن، ئېسەنگىرىمەستىن يەھۋەگە قاراپ: ‹ئاتا مېنى قولۇڭغا ئال!› دەپ مۇراجىئەت قىلغانىدى. ئۇنىڭ چېھرىدە ئۇلۇغلۇق، جان - مېھىر - مۇھەببەت چاقناپ كەتكەنىدى.»

«قىيامەت يېقىنلاشقاندا خرىستوس قايتىدىن دۇنياغا كېلىدىكەن. بەلكىم ئۇ دۇنياغا كېلىپ بولغاندۇ. بۇ دەۋردە كىشىلەرنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، مۇقەددەسلىكىنى بايقاش ئىقتىدارى قەدىمكى زاماندىكىدەك مىسلىسىز كۈچلۈك ئەمەس. ھازىر ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا

ھېچنەرسە سىغدىلىپ كىرەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسى تىنىپ كەتكەن، تارىيىپ كەتكەن، يوقالغان، ۋەيران بولغان، خرىستوسنى قوبۇل قىلالمايدىغان دەرىجىگە يەتكەن. . . بەلكىم خرىستوس ئاردىمىزدا ئۇن - تىنسىز ھالدا مۇقەددەسلىكىنى ئاياغلىرىنىڭ يىرتىقلىرى ئارىلىرىغا يوشۇرۇپ ئالىقاندىلىق يەرلەردە سەرسان بولۇپ يۈرىدىغاندۇ.»

«‹ھازىر دائىم مەۋجۇت بولۇپ تۇرغىنى ئېتىقاد، ئۈمىد ۋە مۇھەببەت›، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ بۈيۈكى مۇھەببەت، دېگەندى خرىستوس. قەدىمكى زامانغا تەۋە بولغان بۇ جۈملىلەرنى ھازىر ھەممە كىشى چۈشەنگەندەك ھېس قىلىشىدۇ يۇ، ئېيسانىڭ زادى نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى يەنىلا ئاڭقىرالمايدۇ.»

«دۇنيادا سۆيۈشكە ئەرزىگۈدەك نېمە بار؟ دۇنيادا سۆيۈشكە ئەرزىگۈدەك ھېچنەرسە بار بولمىغاچقا ئېيسا (خرىستوس) ئىلاھىي شەخسكە ئايلانغانىدى. ئېيسا بارلىق ئىنسانلارغا مېھىر - مۇھەببىتىنى ياغدۇرغان، ھەممە بەندىنى سۆيگەن. بىراق ئۇنىڭ مېھرىبانلىقى ۋە سۆيگۈسىنىڭ قەدرىگە يېتىش كېرەك بولغان بەندىلەر ئۇنى كرېستقا مىخلاپ ئازابلىغاچقا ئۇ ئىلاھ بولغان.»

«خرىستوس باشقىلارنى تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن سۆيۈپ قويۇپ، ئىلاھىي نەپسىنى ئۇلارنىڭ كېرەكسىز، ئۆلۈك تېنى ئىچىگە كىرگۈزگەن. بۇ يەردە سۆيگۈچى پەقەت خرىستوسلا بولۇپ، باشقىلار ئۇنى سۆيمىگەن. چۈنكى خرىستوس سۆيۈپ قويغاندا ئۇلار مۇردا ئىدى - دە!»

«مەسىھ چۆلى» ناملىق پوۋېستىدا ئېيسا ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا مانا مۇشۇنداق بايانلارنى يازغان ئاپتور يەنە 1999 - يىلى ئېلان قىلغان «ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى» رومانىدا ئاساسلىق پېرسوناژ بولغان تاھىر بىلەن پەرىدەنىڭ دۇنيا قارىشىنى خرىستوسچە ئەخلاق «سۆيى» بىلەن سۇغۇرغان. ئاپتور رومانىنىڭ 318 - بېتىدە تاھىرنىڭ تىلىدىن «ئۇ چاغلاردا مەن خرىستوسنى بىلمەيتتىم، بىراق مېنىڭ قەلبىم خرىستوس پۈتۈن ئىنسانىيەتنى سۆيگەندەك، ئىنسانلارغا بولغان

چەكسىز مۇھەببەت بىلەن تولغانىدى. مەن دۇنيادا رەزىل ئادەملەر يوق دەپ ئويلايتتىم. خرىستوس دۇنيادىكى ھەممە رەزىل ئادەملەرنى پەقەت كېسەللەر دەپلا ئويلايدۇ، ئۇلارنى قۇتقۇزماقچى بولىدۇ، ئۇلارنى كەچۈرۈۋېتىدۇ. مەن رەزىل ئادەملەرنىمۇ سۆيۈش كېرەك دەپ ئويلايتتىم.»

ئاپتور رومانىنىڭ 346 ـ بېتىدە تاھىرنىڭ سۆيگەن قىزى پەرىدەنىمۇ «ئۇنىڭ نەزىرىدە دۇنيادا ئەسكى ئادەم يوق ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ھايات ۋە ئادەملەر توغرىسىدىكى ئەڭ مۇھىم كۆز قارىشى ئىدى» دەپ يازىدۇ. رومانىنىڭ 383 ـ بېتىدە ئاپتور يەنە تاھىرنىڭ تىلىدىن «مەن ھازىرقى زامانغا خۇددى خرىستوس ئېيسادەك مىخلىنىپ، ۋاقىتنىڭ مەڭگۈلۈك جازاسىنى تارتىۋاتاتتىم» دەپ يازىدۇ.

يۇقىرىقىلارنى ئوقۇپ كىتابخانلارنىڭ پەرھات تۇرسۇننىڭ خرىستوسنىڭ پېشىنى تۇتقان ھالدا كرېستقا قاراپ ئۆملەپ كېتىۋاتقان ئازغۇن روھ ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇۋېلىشى تەس ئەمەس. مەن ئۇنى «بارسا بېرىۋەرسۇن» دېگۈچىلەرنىڭ بىرى.

شۇنداق بولسىمۇ مەن بۇ يەردە پەرھات تۇرسۇننىڭ نەزەرىدە «ئالۋاستى» ھېسابلىنىدىغان ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن خرىستىئان دىنىنىڭ يارانقۇچىسى ئېيسا ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا ئامېرىكىلىق ئەمەلىي فىزىكا ئالىمى دوكتور مېك. خات ئەپەندىنىڭ «ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى يۈز مەشھۇر كىشى» دېگەن ئەسىرىدىكى باھالارنى تەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتۈشنى زۆرۈر دەپ قارايمەن.

مېك. خات ئەپەندى كىتابىدا ئېيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىشىلەر سىلەرگە قۇلۇم ـ قوشنىلىرىڭلارنى سۆيۈڭلار، دۇشمىنىڭلارغا نەپرەتلىنىڭلار! ، دېسە، مەن سىلەرگە: دۇشمىنىڭلارنى سۆيۈڭلار، بەختسىزلەرگە بەخت تىلەڭلار! سىلەرگە دۇشمەنلىك قىلغانلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار، سىلەرنى ئەزگەن، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغانلار

ئۇچۇن دۇئا قىلىڭلار! سىلەر يامان ئادەملەرگە قارشىلىق كۆرسەتمەڭلار؛ ئەگەر بىرسى سىلەرنىڭ ئوڭ يۈزىڭلارغا بىر شاپىلاق ئۇرسا، سىلەر سول يۈزىڭلارنى تۇتۇپ بېرىڭلار» دەيمەن دېگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ «شۈبھىسىزكى ئېيسا يۈكسەك ساپ ئىدىئولوگىيىگە ئىگە ئىدى» ، «گەرچە بۇ خىل ئىدىيە كىشىلەر بىلىدىغان ئىدىيە ئىچىدە ئالىي ئۆلچەملىك ئىدىيە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا بىرمۇ ئادەم ئەمەل قىلغان ئەمەس» ، «ۋەھالەنكى، ئىنسانىيەت تارىخىدا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتەن دىن ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ساھەسىدە مۇتلەق مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىردىنبىر ئۇلۇغ شەخس.» «دىنىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىغا كۆرسەتكەن رولى غايەت زور. ئېيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ رولىمۇ ناھايىتى زور، ئەلۋەتتە.» «ئەپسۇسكى، ‹ئىنجىل› نىڭ نۇرغۇن جايلىرى ئۆز - ئۆزىگە زىت كېلىدۇ» ، «ئېيسا ئەلەيھىسسالام ئاساسىي نەزەرىيە ۋە كىشىلەرنىڭ ئىش - ھەرىكىتىگە مۇناسىۋەتلىك قائىدىلەرنى تۈزۈپ... مەنىۋى جەھەتتىكى بۇرچىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى، پائول بولسا ئۇنىڭ بىر قىسمىنى تولۇقلاپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ‹ئىنجىل› نىڭ بىر قىسمى بولغان ‹گوسپېل› شەكىللەندى.» ، «روسۇلۇللاغا نازىل قىلىنغان ‹قۇرئان كەرىم› نىڭ بەرھەقلىكىگە قىل سىغمايدۇ» «‹قۇرئان كەرىم› پەقەت ئۇنىڭغىلا نازىل قىلىنغان. مۇسۇلمانلار ‹قۇرئان كەرىم› دىن بۇ دۇنيا ۋە پانىي دۇنيادا ئۆزىگە لازىملىق ھەر قانداق نەرسىنى تاپالايدۇ.» ، «يەنە كېلىپ ‹قۇرئان كەرىم› روسۇلۇللا ھايات ۋاقتىدىلا تولۇق خاتىرىگە ئېلىنىپ بولۇنغانىدى. ئۇ شۇنداق ئىنچىكە خاتىرىلەنگەنكى، كېيىنكى مەزگىللەردە بىرەر زىر - زەۋەرلىرىمۇ ئۆزگەرتىلمىگەنىدى. ۋەھالەنكى خىرىستىئان دىنىدا بۇنىڭغا ئوخشاش كىتاب تېپىلمايدۇ. خىرىستىئان دىنىدا ‹قۇرئان كەرىم› گە ئوخشاش، مۇرىتلارنى تەربىيىلەيدىغان پۇختا ھەم مۇپەسسەل بىرەر كىتاب يوق. ‹قۇرئان كەرىم› نىڭ كىشى-

www.uyghurkitap.com

لەرگە كۆرسەتكەن تەسىرى ئېيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ خرىستىئان دىنىغا كۆرسەتكەن تەسىرىدىن كەڭ ھەم چوڭقۇر.»

مەن مېك. خات ئەپەندىنىڭ يۇقىرىقى باھا ھەم مۇلاھىزىلىرىنى ئىستاتا كەلتۇرۇشتىن تاشقىرى يەنە ئامېرىكىلىق مەشھۇر ئادۋوكات، ناتىق، نەسرىي ئەدەبىيات يازغۇچىسى دارروۋ ئەپەندىنىڭ «ئىنجىل بىرلا كىتاب ئەمەس، ئۇ 26 پارچە كىتابنىڭ قوشۇلمىسىدۇر. تەخمىنەن 1000 يىللار ئىچىدە پۈتۈلگەن بۇ كىتابلارنىڭ بەزىلىرى خېلى بالدۇر، بەزىلىرى خېلى كېيىن دۇنياغا تارالغان. ئۇ ئاساسلىقى، دىن ۋە ئەخلاق ھەققىدىكى كىتابكى، ئەزەلدىن ئىلمىي كىتاب ئەمەس.»① دېگەن سۆزلىرىنىمۇ ئىستاتا كەلتۈرۈپ ئۆتىمەن. مېنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتىم پەقەت پەرھات تۇرسۇننىڭ ئۇچىغا چىققان ئەخمىقانە تەلۋىلىكىگە رەددىيە بېرىشتىنلا ئىبارەت.

پەرھات تۇرسۇننىڭ بۇ «كاتتا رومانى» دا مىليونلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي غۇرۇرىنى ئازابلايدىغان يۇقىرىقى «كاتتا رەزىللىك»تىن باشقا يەنە خەلقىمىزنىڭ ساغلام مىللىي ئەخلاق قارىشىنى ئاياغ ئاستى قىلىدىغان ئېتىقسىز قاراشلار، چۈشكۈنلۈكنى جىنىنىڭ بارىچە تەشۋىق قىلىدىغان، ئۆلۈۋېلىشنى ئەسەبىيلىك بىلەن تەرغىب قىلىدىغان بىر قاتار ئېغىر خاتالىقلار سادىر قىلىنغان. ئۆز نۆۋىتىدە بۇ ھەقتىمۇ تەنقىدىي قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتۈشۈم زۆرۈر دەپ قارايمەن.

رومانىدىكى ئەڭ ئاساسلىق پېرسوناژ تاھىر سۆيگەن قىزنىڭ بۇزۇق قىز ئىكەنلىكىنى، باشقىلارنىڭ ئۇنى «شاپاقچى» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندا خۇشال بولۇپ مۇنداق ئويلايدۇ: «ئەركىنىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، قەلبىمدە قىلچىمۇ كۈندەشلىك ھېسسىياتى قوزغالمىدى. چۈنكى ئۇ ‹شاپاقچى› ئىدى. مېنى ئەنسىزلىك ئىلكىدە

---

① «دۇنيادىكى مەشھۇر سوت - مۇنازىرە نۇتۇقلىرىدىن نەمۇنىلەر» دېگەن كىتابنىڭ 206 - بېتىگە قاراڭ.

خۇشال قىلغىنى شۇ بولدىكى، ئەمدى ئۇنى ھېچ كىشى يەككە - يېگانە ئىگىلىۋالالمايتتى. . . ئاھ! سۆيۈملۈك شاپاقچى! » «شۇنىڭدىن كېيىن. . . ‹شاپاقچى› دېگەن بۇ سۆز مەن ئۈچۈن تولىمۇ گۈزەل ۋە سۆيۈملۈك تۇيۇلىدىغان سۆز بولۇپ قاپتۇ. » «بەلكىم باشقىلار، مەن بىلمەيدىغان بىر كىملەر ئۇنى سۆيۈپ، بەدەنلىرىنى مىجىقلاپ يۈرگەندۇ. . . ئۇنىڭ لەۋلىرىدە، بەدەنلىرىدە ھېچكىمنىڭ لەۋلىرى ۋە قوللىرىنىڭ ئىزلىرى قالمىغاندىكىن. . . ئوخشاشلا بەدەن. . . ئوخشاشلا ئايال. . . مەن ئۈچۈن بەرىبىر! . . . »

بۇنداق تېتىقسىز قاراش رومانىنىڭ پەقەت بىر يېرىدىلا تاسادىپىي يېزىلىپ قالغان ئەمەس. يازغۇچى پۈتكۈل مۇھەببىتى بىلەن ھېسداشلىق قىلىپ ئۆزىنىڭ پىروتوتىپى ئاساسىدا ياراتقان تاھىر ئىسىملىك بۇ لامزەللە پېرسوناژ رومانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە ئۆزى ئۆلگىدەك ياخشى كۆرىدىغان قىزنى باشقىلارنىڭ «جالاپ» دەپ سۆيەتلىگىنىنى ئاڭلىغاندا «جالاپ بولسىمۇ چىرايلىق بولسىلا خوتۇن قىلىۋېرىمەن» «‹جالاپ›، نېمە دېگەن گۈزەل، نېمە دېگەن يېقىملىق سۆز - ھە! ‹جالاپ›، دېگەن سۆز كىمگىمۇ سەت گەپ تۇيۇلسۇن؟ ! » «مەن نېمىشقىدۇر بىر كىمنىڭ بىرەر ئايالنى ‹جالاپ›، دەپ تىللاۋاتقىنىنى ئاڭلىغان ھامانلا گەرچە ئۇلار تىللاۋتقان ئايالنى كۆرۈپ باقمىغان بولسامۇ، ئەڭ گۈزەل ئايالنىڭ قىياپىتىدە كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم. ئۆمرۈمدە مېنى تاڭ قالدۇرغان، ئۆزلىرىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن ئۇيات ھېس قىلدۇرغان مەھەللىمىزدىكى گۈزەل ئاياللار، ئوقۇتقۇچىلىرىم ۋە دادامنىڭ خىزمەتداشلىرى. . ‹جالاپ›، دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان ھامان يادىمغا شۇلار كېلەتتى. » دەپ ئويلايدۇ. سۆيگەن قىزنى: «مەن سىزنى دائىملا بايۋەچچە ئەرلەر بىلەن بىللە قاۋاقخانىلاردا، رېستورانلاردا بىللە يۈرگەن ھالدا كۆرىمەن. سىز ئۆز گۈزەللىكىڭىزنى دۇنيادىكى ھەممە ئەرلەردىن ئايىمايسىز! » «سىز دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ ئۇلۇغ جالاپ. » دەپ نومۇسسىزلارچە مەدھىيىلەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئادەمنىڭ قۇسقۇسىنى كەلتۈرىدىغان بۇ بايانلارنى ئوقۇغان ئو- قۇرمەن پەرھات تۇرسۇننىڭ نەزىرىدە ساغلام كىشىلىك مۇناسىۋەت، ئالىيجاناب مىللىي ئەخلاق ۋە نورمال ئەرلىك غۇرۇرنىڭ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيدۇ. مېنىڭچە بۇنداق لاۋزا ئىدىيىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ سەھنىسىگە ئېلىپ چىقىش ئىنتايىن ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك، ھەتتا ئەۋلادلار ئالدىدا سادىر قىلىنغان ئېغىر جىنايەت ھېسابلىنىدۇ.

پەرھات تۇرسۇن رومانىدا يەنە ئىزچىل ھالدا ئۆلۈمنى تەرغىب قىلىپ، چۈشكۈنلۈكنى ئۇلۇغلايدۇ. بۇنداق بىمەنە ئىدىيە قىلچە ئىج- تىمائىي مەسئۇلىيەت ئېڭى ۋە ۋىجدانىي بۇرۇچ تۇيغۇسى يوق بۇ يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت ئەركىنلىكى دائىرىسىدىكى ئىش بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق ئىدىيە ئىنسان روھىنى زەھەرلەشتە خىروئىندىن قېلىشمايدۇ.

پەرھات تۇرسۇن رومانىدا بۇ ھەقتە مۇنداق قۇرلارنى يازغان:

«كىشىلەر «ئىگە» دەپ ھاياتقا قەدەم باسقان ئاشۇ كۈندىن باشلاپ- لا بۇ دۇنيادا پەقەت ئۆلۈۋېلىشقا كىشىلەرنى قايىل قىلالىغۇدەك، ئەقىلگە سىغقۇدەك، مۇكەممەل يەنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدىغان ۋە ھېچكىم كۆز يۇمالمايدىغان بىر خىل باھانە ـ سەۋەبنى تېپىش ئۈچۈنلا ياشايدۇ. كىشىلەرنىڭ ياشاشتىكى بىردىنبىر مەقسىتى پەقەت ئۆلۈمگە تولۇق بىر باھانە ـ سەۋەب تېپىش ئۈچۈندۇر.» «ياشاش ئار- زۇسى — پەقەت ئۆلۈمدىن قورقۇشنىڭلا مەھسۇلى!» «ھايات مەغ- لۇبىيەت بىلەن تولغان» «كىشىلەرنىڭ ئۆلۈمنى ئەھمىيەتلىك ئۆلۈم ۋە ئەھمىيەتسىز ئۆلۈم دەپ ئايرىشى نەقەدەر كۈلكىلىك ـ ھە! ئادەم ئۆلۈپ بولغاندا ئۇنىڭ ئۈچۈن نېمىنىڭمۇ ئەھمىيىتى بولسۇن!» «ئۆ- لۈمنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدىكى ھەر قانداق خىيال ئەمەلىيەتتە ئۆلۈم- نىڭ بىر خىل مەڭگۈلۈك ئاخىرلىشىش ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىل- ماسلىقتىن ئىبارەت بولۇپ، قانداقتۇر ھايات يەنە داۋاملىشىدۇ دەپ

ئويلاشنىڭ مەھسۇلى. بۇنداق ئويلاش ئىدېئالىزمنىڭ پاتقىقىغا پېتىشتۇر.» «ئاتالمىش ئەھمىيەتلىك ئۆلۈملەرنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ زادىلا ئۆلگۈسى يوقلۇقىنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ.» «ئۆلۈۋېلىش ھايات تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغانلىق ئەمەس، بەلكى ھاياتنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتۇر» «ئەھمىيەتلىك ياكى ئەھمىيەتسىز ئىكەنلىكىنى بىز ئۆلۈمنىڭ سەۋەبىدىن ئىزدىمەسلىكىمىز لازىم، چۈنكى پەقەت ئۆلۈۋېلىشنىڭ ئۆزىلا ئەھمىيەتلىك...» «ئۆلۈۋېلىش بولسىمۇ ئۆز ئىلكىڭدە بولسۇن، رەھىمسىز تەبىئەتنىڭ ئاستا - ئاستا قىرىتىپ ئۆلتۈرۈشىنى كۈتمە!» «ساڭا ئۆزۈڭ خالاپ بۇ دۇنياغا تۇغۇلماستىن، باشقىلارنىڭ سېنى مەجبۇرىي تۇغۇپ قويغىنىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ.» «ئادەملەرنىڭ دۇنيادىن ئېلىۋالىدىغىنى ئۇزۇقلۇق بولغىنى بىلەن قالدۇرۇپ كېتىدىغىنى پەقەتلا ئەخلەت دۆۋىسى بىلەن پوق.» «ئۆلۈم توغرىسىدا ئويلانماسلىق ئەمەلىيەتتە ئۆلۈم تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغانلىقتۇر.» «مەن دائىم ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ بىردىنبىر ۋە ئاخىرقى قۇتۇلۇش يولى بولمىغان بولسا قانداقمۇ قىلاتتىم دەپ ئويلاپ كېتىمەن» «بۇ دۇنيادا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، يۈرەك قېنىمنى سەرپ قىلغۇدەك ھېچ نەرسە يوق.» «ماڭا بىردىنبىر كېرىكى مەڭگۈلۈك يوقىلىش!» «ئاھ! سۆيۈملۈك ئۆلۈم!».

پەرھات تۇرسۇننىڭ بۇ قەدەر چۈشكۈن قاراشلىرى ماڭا مىسىر زۇڭتۇڭى ئەنۋەر ساداتنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئەسلەتتى: «ئەگەر بىر ئادەم ھېچنىمىگە ئېتىقاد قىلمىسا ئۇ بىر قالايمىقانچىلىق ئىچىگە پېتىپ قالىدۇ. بۇ شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇ كىشىلىككە ياتىدىغان ھەر قانداق نەرسىنى، ئۇلۇغلۇققا ياتىدىغان بارلىق نەرسىلەرنى، شۇنداقلا ئادالەت، ياخشىلىق، ھۆرلۈك ۋە ئادەمگەرچىلىك ئەنئەنىسىنى تەرك ئەتكەن بولىدۇ.»

ئىنسانىيەت تارىخىدا چۈشكۈنلۈكنى تەرغىب قىلىدىغان بۇنداق ئىدىيە بىر ئېقىم سۈپىتىدە ئەلمىساقتىن بېرى مەۋجۇد بولۇپ كەل-

www.uyghurkitap.com

مەكتە. لېكىن، نىچشېدەك مۇنەۋۋەر پەيلاسوپلار «بۇ دۇنيادا ئۆلۈم تەرغىباتچىلىرى بار، شۇنىڭدەك ھاياتىدىن ۋاز كېچىشكە دالالەت قىلىدىغانلارمۇ بار. ئەڭ ۋەھشىيلىرىنىڭ قەلبى ياۋۇزلۇق بىلەن تولغان، ئۇلاردا شەھۋانىيلىق ۋە ئۆزىنى بەربات قىلىشتىن باشقا ھېچنېمە يوق — ئۇلارنىڭ شەھۋانىيلىقى ئۆزىنى قۇرۇتۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇلار تۇغۇلۇپلا ئۆلىدىغان روھنىڭ قۇرتلىرى. بىزارلىق ۋە ۋاز كېچىش تەلىماتى ئۇلارنىڭ تەقەززاسى. ئۇلار بىرەر بىمارنى، قېرىنى ياكى ئۆلۈكنى ئۇچراتسا، ‹ھاياتلىق بەربات بولدى› دېيىشىپ كېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ھالاك بولغىنى ئۇلارنىڭ ئۆزى ۋە مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىر تەرىپىنىلا كۆرىدىغان كۆزى.» دەپ خىتاب قىلىپ، بۇنداق «تۈگىشىش نەزەرىيىسى»گە قاتتىق نەپرەتلەنگەن.

بەلكىم پەرھات تۇرسۇن ئۆز رومانىدا بۇنداق چۈشكۈنلۈكنى، ئۆلۈمنى، شەھۋانىيلىقنى، ئىدراكسىزلىقنى، ئېتىقادسىزلىقنى، ئەخلاقسىزلىقنى باشتىن ئاخىر كۈچەپ تەرغىب قىلغانلىقىنى ئاقلاش ئۈچۈن، مەن يازغان باش پېرسوناژ تاھىر ئاشۇنداق خاراكتېرگە ئىگە، ئۇ پسىخىكىسى بىنورمال پېرسوناژ، ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى ماڭا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، پەقەت ئۆزىگىلا ۋەكىللىك قىلىدۇ، مەن ئەسلا ئۇنىڭغا دۇنيا قارىشىمنى يۈكلىگىنىم يوق، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ قانداق بولۇشى ئۆزىنىڭ ئىشى، دېگەندەك سەپسەتىلەرنى كاپىلدىشى مۇمكىن. مەن ئۇنىڭ مۇشۇنداق غىتمەكلەرچە باھانە - سەۋەبلەرنى كۆرسىتىشى مۇمكىنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ ئۇنىڭغا «ئۇنداقتا نېمىشقا بۇنداق خاھىش سىزنىڭ ھەممە ئەسەرلىرىڭىزدە ئىزچىل ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ؟ ئۇ ئەسەرلىرىڭىزدىكى ئىدىيە، دۇنيا قاراش، تەسەۋۋۇر، پېرسوناژلار روھىيىتى نېمە دېگەن ئىزچىللىققا ئىگە؟» دەپ سوئال قويىمەن ھەم بۇنداق ئىزچىللىققا دائىر بىر قاتار پاكىتلارنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن.

پەرھات تۇرسۇننىڭ 1990 - يىللاردىن بۇيان «تەڭرىتاغ» ژۇر-

نىلىدا ئېلان قىلىنغان «مەسىھ چۆلى»، «كېسەل»، «چىنار» قاتار-
لىق ئۈچ پوۋېستى 1998 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن
«مەسىھ چۆلى» دېگەن نام بىلەن توپلام قىلىپ نەشر قىلىنغانىدى.
مەن بۇ يەردە مەزكۇر توپلامغا كىرگۈزۈلگەن يۇقىرىقى ئۈچ پوۋېست
بىلەن ئۇنىڭ «ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى» رومانىدىكى ئىزچىللىقلارنى ۋە
ئوخشاشلىقلارنى ئوقۇرمەنلەرگە بەت نومۇرى بويىچە بىر - بىرلەپ
مىسال كەلتۈرۈپ، پەرھات تۇرسۇننىڭ ئىجادىيەتتە ئىزچىل ھالدا
قايسى مۇقامغا توۋلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتىمەن.

«ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى» دىكى باش پېرسوناژ تاھىر «مەن دائىم
ھەسرەتلىك خىياللارغا چۆمۈلۈپلا يۈرگەچكە باشقىلارنىڭ خۇشال ھا-
لىتىنى كۆرۈشنى نېمە ئۈچۈندۇر زادىلا خالىمايتتىم.» (265-بەت)
دېسە، «چىنار» پوۋېستىدىكى باش پېرسوناژمۇ ئوخشاشلا «ئادەتتە
ھىجايغان ياكى كۈلگەن ئادەمنى كۆرسەم ئەرۋاھىم ئۇچاتتى» (توپلام-
نىڭ 176 - بېتىدە) دەيدۇ. «ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى» دىكى تاھىر
بىلەن «چىنار» پوۋېستىدىكى باش پېرسوناژ ئوخشاشلا قاراڭغۇلۇقتىن
ئارام تاپىدۇ، مەسىلەن: «چىنار» دا «مەن چىراغنى يېقىشنى خالىمى-
دىم. چۈنكى قاراڭغۇلۇق ئادەمگە بىر خىل ئازادىلىك بېغىشلايدۇ»
(توپلام 218 - بەت) دەپ يېزىلغان بولسا، روماندا «مەن قاراڭغۇ-
لۇقنى ياقتۇرىمەن. پەقەت قاراڭغۇلۇقلا مېنىڭ دىلىمغا ئارام بېرەلەي-
دۇ.» (445 - بەت) دەپ يېزىلغان.

پەرھات تۇرسۇننىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئايال پېرسوناژلارنىڭ ھەر
قانداق ئەرنى كۆرسە ھاۋايى ھەۋىسى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. مەسىلەن،
«ھەربىر ئەر بىلەن ئۇچراشقان چاغدا ئۇنىڭ بولاقتەك كۆزلىرىدە
مۇھەببەتكە تامامەن يات بولغان ھېسسىيات ۋە روھ بىلەن مۇناسىۋەت-
سىز، پەقەت بەدەنگىلا تەۋە بولغان بىر خىل ھاۋايى ھەۋەس دولقۇنلى-
رى كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى» (رومان 331 - بەت) دەپ يېزىلغان
بولسا، «كېسەل» ناملىق پوۋېستىدا «— مەن ئەرلەرنى سۆيمەيمەن،

پەقەت ئۇلار ئارقىلىق ھەۋەسىمنى قاندۇرىمەن» (توپلام 256 ـ بەت) دەپ يېزىلغان.

پەرھات تۇرسۇننىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇنىڭ ئايال پېرسوناژلىرى ئوخشاشلا بۇزۇق قىلىپ تەسۋىرلەنگەن ھەم ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىغان يىگىتلەرنىڭ ئىشلەتكەن جۈملىسىمۇ ئوخشاش تۈزۈلگەن. مەسىلەن: روماندىكى تاھىر سۆيگەن قىزى پەرىدەنى «سىز ئۆز گۈزەللىكىڭىزنى دۇنيادا ھەممە ئەرلەردىن ئايىمايسىز! . . . پۈتۈن دۇنيادا پەقەت مەندىنلا ئايايسىز.» (456 ـ بەت) دېسە «كېسەل» پوۋېستىدىكى باش پېرسوناژمۇ «پەقەت مەنلا سىزگە ئېرىشەلمىگىنىم بىلەن باشقىلار سىزگە خالىغانچە ئېرىشەلەيدۇ» (توپلام 153 ـ بەت) دەيدۇ.

پەرھات تۇرسۇننىڭ پېرسوناژلىرىغا قۇياش بەك خۇنۇك كۆرىنىدۇ. مەسىلەن، روماندا تاھىرغا «قۇياش ئۇپۇقتا خۇددى كىرلىك ئۈستىدىكى قاچانلاردىدۇر قېتىپ قالغان قان داغلىرىدەكلا كۆرىنىدۇ.» (381 ـ بەت)، «چىنار» پوۋېستىدىكى باش پېرسوناژغا «ئاسماندا قۇياش خۇددى يۇندا قاچىلانغان جاۋۇردا ئۇيۇپ قالغان مۇزدەك، خۇنۇك پارقىراپ» تۇرغاندەك كۆرىنىدۇ (توپلام 339 ـ بەت).

پەرھات تۇرسۇننىڭ پېرسوناژلىرى گۈزەل ئاياللارنى كۆرسە ئوخشاشلا نەپرەتلىنىدۇ. مەسىلەن: «مەسىھ چۆلى» دە «ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە يۈرىكىم ئېچىشقاندەك بولۇپ، ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن لەپپىدە قاراپ قويدۇم» (توپلام 72 ـ بەت) دەپ يېزىلغان بولسا، «كېسەل» پوۋېستىدا «كوچىلاردا پات ـ پات ئۇچراپ قالىدىغان گۈزەل ئاياللارغا ھەممىدىن بەكرەك نەپرەتلىنەتتىم.» (توپلام 151 ـ بەت) «ھەر بىر چىرايلىق قىزنى كۆرسەم ئىچىم ئاچچىق ئېچىشاتتى» (توپلام 209 ـ بەت) دەپ يېزىلغان.

پەرھات تۇرسۇننىڭ ئەر پېرسوناژلىرى ئوخشاشلا ئۆزىگە گۈزەل ئاياللاردىن نېسىۋە تەگمىگىنىگە قاتتىق ئۆكۈنىشىدۇ. مەسىلەن، روماندا تاھىر «سىزدەك گۈزەل ئايالغا پەقەت بىرلا ئادەم ئېرىشىپ

باشقىلار ئېرىشەلمىسە بۇ تەڭسىزلىككە كىممۇ چىدىيالىسۇن؟» (492 ـ بەت) دېسە، «كېسەل» پوۋېستىدىكى باش پېرسوناژمۇ «گۈزەل ئاياللارنىڭ ئىچىدە ھېچبىرسىنىڭ ماڭا تەۋە بولماسلىقى ئىچىمنى قاينىتىۋەتتى.» (توپلام 209 ـ بەت) دەيدۇ.

پەرھات تۇرسۇننىڭ پېرسوناژلىرىنىڭ ھاياتىنىڭ ماھىيىتى ھەق- قىدىكى تونۇشىمۇ تامامەن ئوخشاش. مەسىلەن، رومانىدىكى تاھىر «بىز بۇ دۇنيادا سەزگۈدىن بۆلەك ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيمىز» (497 ـ بەت) دېسە، «چىنار» پوۋېستىدىكى باش پېرسوناژمۇ «ئادەم بۇ دۇنيادا تۇيغۇدىن باشقا ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ.» (توپ- لام 298 ـ بەت) دەيدۇ.

پەرھات تۇرسۇننىڭ پېرسوناژلىرى ئەر ـ ئاياللارنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەتنى قاراڭغۇدا، خالىي جايدا ئېلىپ بېرىشىدىن قاتتىق ئەپ- سۇسلىنىدۇ. مەسىلەن، «مەسىھ چۆلى» دە «ئىنسانلار بىھۇدىلا دائىم بىر خىل جىنايى تۇيغۇ ئاستىدا ئازابلىنىپ ياشايدۇ. ئۇلار. . . ئۆز- لىرى ئىگە بولالايدىغان دۇنيادىكى بىردىنبىر ئەڭ گۈزەل لەززەتنى زۇلمەت قوينىدا يوشۇرۇپ، قاراڭغۇلۇقتا ئۆزلىرىدىكى جىنايى تۇيغۇ بىلەن دەپسەندە قىلىشىدۇ.» (توپلام 77 ـ بەت) دەپ يېزىلغان بولسا، «چىنار» ناملىق پوۋېستىدا «كىشىلەر قېلىن پەردىلەر ئارقى- لىق ھېلىقى ئىشلىرىنى كەچۈرگىسىز جىنايەتتەك يوشۇرىدۇ، مەن ئۇلارنىڭ بۇنى جىنايەت ھېس قىلىشىغا ۋە يەنە جىنايەت ھېس قىلىپ تۇرۇپ ئېلىپ بېرىشىغا ھەيران قالىمەن، بۇنى زادىلا چۈشىنەلمەي- مەن.» (توپلام 300 ـ بەت) دەپ يازىدۇ.

پەرھات تۇرسۇننىڭ ئەسەرلىرىدە ئانانىزم مەسىلىسى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدۇ ۋە بەزىدە ئوخشاش مەزمۇندا تەكرارلىنىدۇ. مەسى- لەن، «ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى» رومانىدا «تاھىر ئاسىيە بىلەن بىللە بولغىنىدىن نېمىشقا شۇنچىۋالا ئازابلىنىپ كېتىدۇ؟ . . . ئۇ جىنسىنى باشقا كىشىلەردەك نورمال بىر خىل لەززەت سۈپىتىدە قوبۇل قىلالماي-

دۇ. بۇنى قوبۇل قىلىش ئۇنىڭدا پەرىشانلىق ۋە ئۆزىنى ئۆزى ئەيىبلەش تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ، خۇددى ئانانىزم كەلتۈرۈپ چىقارغان تۇيغۇدەك.» (431 ـ بەت) دەپ يېزىلغان بولسا، «كېسەل» ناملىق پوۋېستىدىمۇ ئوخشاشلا «بەلكىم ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە قىلسام، قەلبىم مۇھەببەت شادلىقىغا ئەمەس، بەلكى ئانانىزم قىلغاندىن كېيىنكى پۇشايمان تۇيغۇسىدەك ئېغىر روھىي جىنايەت ھېسسىياتىغا چۆمۈشى مۇمكىن» (توپلام 211 ـ بەت) دەپ يېزىلغان. «چىنار» ناملىق پوۋېستىدا بولسا «مەن ئۆز ـ ئۆزۈم بىلەن قىلىشقان گەپلىرىمنىمۇ خۇددى كېچىلىرى دېرىزىلەرنى مارىغان، ئانانىزم قىلغان ئىشلىرىمدەك باشقىلاردىن مەخپىي ساقلايمەن» (توپلام 306 ـ بەت) دەپ يېزىلغان.

ئاپتورنىڭ گەپ تاپالمىغاندەك ئىنتايىن ئاز بىر قىسمى پىسخىكىسى بىنورمال، ئۆزگە قويغان ئەخلاق تەلىپى تۆۋەن ئادەملەرنىڭ رەسۋالارچە ئېلىپ بارىدىغان جىنسىي قىلمىشلىرىنى بىلدۈرىدىغان «ئانانىزم» دېگەن بۇ ئاتالغۇنى ئۈچ ئەسىرىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشى يازغۇچىنىڭ چاكىنا روھىيىتىنى ۋە ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىر ئەينەك، خالاس!

پەرھات تۇرسۇننىڭ ئەسەرلىرىدە ئالاھىدە مۇقەددەسلەشتۈرۈلۈپ، پېرسوناژلىرىنىڭ روھىيىتىدىكى ئۆزگىچە خاسلىق سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن «ئاخىرلىشىش تۇيغۇسى» («تۈگىشىش تۇيغۇسى») دىن ئىبارەت ئىدىيە ئۈچ ئەسىرىدە تەكرار تىلغا ئېلىنىغان. مەسىلەن، «ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى» رومانىدا «بىراق ئۇنىڭ قەلبىنى يەنە نېمىشقىدۇر بىر خىل چۈشىنىكسىز ‹ئاخىرلىشىش تۇيغۇسى› قاپلىۋالغانىدى.» (رومان 240 ـ بەت) دەپ يېزىلغان بولسا، «مەسىھ چۆلى» پوۋېستىدا «ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا ھەقىقىي مەۋجۇت ماددىغا ئايلانغاندا مەن ئەڭ دەسلەپكى ‹پۈتۈنلەي تۈگىشىش› ھېسسىياتىغا كەلگەندىم.» (توپلام 69 ـ بەت) «مەن زارىقىپ كۈتكەن ‹تۈگەشتىم› دېگەن

ھېلىقى تۇيغۇ ۋۇجۇدۇمنى ۋاششىدە تىترىتىپ ئۆتتى» (توپلام 93 ـ بەت) دەپ يېزىلغان. «كېسەل» ناملىق پوۋېستىدا بولسا «گۇمران بولۇش، قىيامەت توغرىسىدىكى سىرلىق خىياللار ۋە تۇيغۇلارمۇ بۇنداق، تاماـ مەن تۇگىششىش، تەك ئادەمنى جەلپ قىلالمايدۇ.» (توپلام 155 ـ بەت) دەپ يېزىلغان.

پەرھات تۇرسۇننىڭ «جىنسىي تەشنالىق» ھەققىدىكى مۇلاھىزىـ ـسىمۇ ئەسەرلىرىدە ئوخشاشلا تەكرارلانغان. مەسىلەن، «كېسەل» ناملىق پوۋېستىدا «جىنسىي ئېچىرقاش تاماقتا بولغان ئېچىرقاشقا ئوخشىمايدۇ، چۈنكى ئادەملەر تاماق يېمىسە ئۆلگىنى بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلمىغانغا ئۆلۈپ قالمايدۇ» (توپلام 157 ـ بەت) دەپ يېزىلغان بولسا، «ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى» رومانىدا «جىنسىي تەشنالىق ئەڭ كۈچلۈك، بىراق ئۇ ئادەم ئەڭ ئۇزاق چىدىيالايدىغان تەشنالىق، شۇنداقلا ئەڭ ئازابلىق تەشنالىق. چۈنكى ئۇ روھىي جەھەتتىكى تەشناـ لىق، ئاچلىقتا ئادەمنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك تەشنالىقى قاندۇرۇلمىسا ئۇ ئۆلىدۇ.» (908 ـ بەت) دەپ يېزىلغان.

پەرھات تۇرسۇننىڭ ئەسەرلىرىدە بۇنداق تەكرارلىقلار ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، بابىلون (بابىل) شەھىرى توغرىسىدىكى بايانلار ۋە ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدىكى بايانلار رومانىـ ـدا تىلغا ئېلىنغاندىن سىرت «مەسىھ چۆلى»، «كېسەل» قاتارلىق پوۋېستلىرىدىمۇ ئوخشاش تىلغا ئېلىنغان. بىر ئاپتورنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇنداق ئادەمنى بىزار قىلىدىغان ئوخشاشلىقنىڭ كۆپ بولۇشى بەدىـ ـئىيلىك مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدىغان سەلبىي ھادىسە بولسىمۇ، لېكىن مەن بۇ يەردە مەسىلىنى بۇ نۇقتىدىن تىلغا ئالماقچى ئەمەس، بەلكى بارلىق ئەسەرلەردە پەرھات تۇرسۇننىڭ ئەخلاق قارىشى، قىمـ ـمەت قارىشى ۋە دۇنيا قارىشى ئىزچىل ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ مەلۇم باھا، قاراش ۋە ئۆلچەملىرى قانداقتۇ پېرسوناژلارنىڭلا نەرسىسى ئەمەسلىكىنى تەكىتلىمەكچى. ئېنىقراق ئېيتقاندا پەرھات

تۇرسۇن ئۆزىنىڭ ھېس - تۇيغۇسىنى ۋە دۇنيا قارىشىنى ئىپادىلەشتە تاھىر قاتارلىق پېرسوناژلارنى ئارىيەت ئالغان. بارلىق چېكىدىن ئاشقان دۇنيا قاراشلارنىڭ ۋە كىشىنى سەسكەندۇرىدىغان چاكىنا، ئېتىقادسىز، رەزىل ھېس - تۇيغۇلارنىڭ ئۇۋۇسى دەل ئاپتورنىڭ قەلبى، خالاس! چۈنكى لۇشۇن ئېيتقاندەك «بۇلاقتىن سۇ چىقىدۇ، تومۇردىن قان چىقىدۇ».

بىلىش كېرەككى، ئۆز خەلقىنىڭ غۇرۇرىغا ئۇنتۇلغۇسىز ئازار بەرگەن تۇزكورلۇقنى، ئالىيجاناب مىللىي ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى ئاياغ ئاستى قىلغان ناجىنسلارچە قىلمىشنى ئۇيغۇر خەلقى ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ. ئەخلاق ۋە ئىدراكنى تەرك ئېتىدىغان، پەقەت سەزگۈ ۋە شەھۋانىيلىقنىلا تەرغىب قىلىدىغان بۇنداق چۈپرەندە يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى زەھەرلىك ئىدىيىنى ساغلام ئىنساني روھقا ئىگە ئوقۇرمەنلەر تۈكۈرۈپ تاشلايدۇ.

1999 - يىل، ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

# ئاخىرەتكە خەت

## — شائىر دوستۇم غەنى رەشىدىنى ئەسلەيمەن

غەنى، سەن ئۆلۈپ كەتتىڭ. ئۆلۈم ھەقىقەتەنمۇ ئاجايىپ ھادى-
سە، سەن ئۆلۈپ كېتىۋىدىڭ، مەندە ئۆز - ئۆزۈمگە نىسبەتەن چوڭقۇر
ئويلىنىش ئېستىكى تۇغۇلدى. مەن ھاياتىمدا ئۆزۈم ئەزەلدىن ھېس
قىلىپ باقمىغان بوشلۇقلارغا قايتا نەزەر سېلىشقا باشلىدىم. ھەيران-
مەن، ھامىنى ئۆلۈپ كېتىدىغان بىزلەرنىڭ بۇ ئۆتكۈنچى ئەلەم بىلەن
باغلانغان رىشتىمىز نەقەدەر كۈچلۈك - ھە، دەرۋەقە، چايكوۋېسكى
ئېيتقاندەك، ھامىنى بىر كۈنى «ئەجەل دېگەن بايقۇش مەلۇم بىر
بۇلۇڭ - پۇشقاقتىن توقمىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ بېشىمىزغا سالىدىكەن».

پەيلاسوپلار، سەنئەتكارلارنىڭ ئۆلۈمگە تۇتقان پوزىتسىيىسى ھەر
خىل، ئۆلۈممۇ ھەر خىل. قارىساڭ سېنى گاڭگىرىتىپ قويىدۇ.
ھېمىڭۋايدەك ئۇلۇغ يازغۇچى «ئۆلۈم ئەڭ گۈزەل جىمجىتلىق» دەپ
ئۆلۈمنى مەدھىيىلىگەن ھەم ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋالغانىدى. مەش-
ھۇر سەنئەتكار چايكوۋېسكى: گۆرىستاننى «ئېپلاس ئۆڭكۈر» دەپ
ئاتاپ، باقىي ئالەمگە كېتىشتىن دەككە - دۈككە بولغانىدى. 20 -
ئەسىردىكى مەشھۇر پەيلاسوپ بېتران روسسېل 98 يېشىدا «مەن بۇ
دۇنيادىن بىزار بولۇپ ئايرىلدىم» دەپ ئېيتىپ، ئۆلۈمنى «قۇتۇلۇش
يولى» دەپ چۈشەنگەن. گېرمانىيە پەيلاسوپى شوپېنخا ئوئېرمۇ ئۆلۈم-
نى مەيلى پەلسەپە، ياكى دىن نۇقتىسىدىن بولسۇن، بىر خىل «قۇت-
قۇزغۇچى شىپالىق دورا» دەپ قارىغانىدى. مېنىڭچە ئۇلۇغ ئالىم
ئېينىشتېيىنىڭ ئۆلۈمگە تۇتقان مۇئامىلىسى كىشىنى ھەقىقەتەن قا-

www.uyghurkitap.com

يىل قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەر قانداق مەسىلىگە ئاددىي، ماس، مۇۋاپىق جاۋاب تېپىشتەك تەپەككۇر ئۇسۇلى بويىچە ئۆلۈم مەسىلىسى توغرىسىدا تۆۋەندىكىلەرنى يازغان:

«راست: ھەممە ئادەم ئۆلىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدا، پەقەت مۇشۇ نۇقتىدىلا ھەممە ئادەم باباراۋەر. بەزى سىياسەتچىلەر قانداقتۇر ھەممە ئادەم باباراۋەر يارالغان دەيدۇ. مىليونىر بايلار بىلەن كوچىدىكى قەلەندەرلەر ئوتتۇرىسىدا نەدىمۇ باراۋەرلىك بولسۇن! باي ئاق تەنلىكلەرنىڭ بالىلىرى بىلەن نامرات نېگىرلارنىڭ بالىلىرى دۇنياغا كەلگەن بىرىنچى كۈنىدىن باشلاپلا باراۋەر ئەمەس. ئۇلار خۇدا ئالدىدىمۇ باراۋەر ئەمەس. پەقەت ئەزرائىل ئالدىدىلا ھەممىيلەن باباراۋەر».

«راست، ھەممە كىشى ئۆلىدۇ. ئۆلۈم ئەڭ ئاخىرقى قۇتۇلۇش، مەڭگۈلۈك ئەركىنلىك، ئۆلۈم ۋۇجۇدىمىزدىكى بارلىق كىشەنلەرنى — ماددىي، مەنىۋى، شەكىللىك، شەكىلسىز كىشەنلەرنى پاچاقلايدۇ. ئۆلۈكنىڭ ئازاب چەككەنلىكىنى كىم كۆرۈپتۇ؟ پەقەت ئۆلۈك ۋە تۇغۇلمىغان بوۋاقلا ئەتىكى بەختسىزلىك ۋە ئاپەتتىن قورقمايدۇ. لېكىن ئادەملەر ئۆلۈمدىن ئومۇمىيۈزلۈك قورقىدۇ. بۇنىڭ قىلچە ئاساسى يوق، پەقەت شەخسىي ھايات ئاياغلاشقاندىلا، ئاندىن تۈرلەر ھاياتىنىڭ داۋاملىشىشىغا كاپالەت بەرگىلى بولىدۇ. تەبىئەت نىمە دېگەن ئەپچىل، نىمە دېگەن مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرغان - ھە؟ بىراق كۆپچىلىك ئۆلۈمدىن قورقىدۇ. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئەخمەقلىق، لېكىن كىشىلەر ئۆلۈمنىڭ قورقۇنچسىز ئىكەنلىكىنى بىلگەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا ئۆلۈمدىن قورقۇشتىن قۇتۇلالمايدۇ. بۇنىڭ ئۆزى چۈشەنگىلى بولمايدىغان سىر، دۇنيادا، كائىناتتا چۈشەنگىلى بولمايدىغان سىرلار قانچىلىكتۇر - ھە...»

غەنى، ئۆلۈم ھەقىقەتەنمۇ كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ ئاخىرقى چوڭ ئىش. ئۇنىڭغا قانداق تەييارلىنىش ھەر بىر كىشىنىڭ ھايات ھەققىدىكى پەلسەپىۋى چۈشەنچىسىنىڭ قانچىلىكلىكىگە باغلىق. «ئە-

بەدىيلىك قانۇنىيىتى» دىن قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس. گەرچە مەن رەھىمسىز رىقابەتكە تولغان 20 ـ ئەسىرنىڭ قىسىلچاقلىرىدا تېنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرگەن بولساممۇ، لېكىن، خاتالىقلار بىلەن توختىماي كۈرەش قىلىش كېرەك بولۇۋاتقان ئەھۋالدا چېكىدىن ئاشقان ئۈمىدسىزلىك بىلەن ياشاشنى شەرمەندىلىك دەپ تونۇيمەن. ئورتاق قىسمەتكە دۇچ كېلىپ، تارىخنىڭ ئازابىنى تارتىۋاتقانلارغا نىسبەتەن گېرمانىيە پەيلاسوپى نىچشې ئېيتقاندەك «ھاياتقا بەرداشلىق بېرەلەمەك ھەقىقەتەن مۇشكۇل: شۇڭا بىچارىلىق قىلماڭلار، ھەممىمىز ئېغىر مەجبۇرىيەتلەرنى ئۈستىمىزگە ئالغان ھاڭگا ئېشەك ۋە مىدە ئېشەكلەرمىز» دېگۈم كېلىدۇ.

ھەر بىر ئىنسان ئۈچۈن ئېيتقاندا تۇغۇلۇشىنىڭ ئۆزى ياشاشقا مەجبۇر قىلىنغانلىق. يارانقۇچى بىزنى مەقسەتلىك ياراتتى. بىز دەل يارانقۇچىنىڭ بىزنى يارىتىشتىكى مەقسىتى ئۈستىدە ئىزدىنىشىمىز كېرەك. قارىماققا ئىنسان ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ بىر قېتىملىق سەۋەنلىكى تۈپەيلى ئاپىرىدە بولۇپ قالغاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن، ماھىيەت بىزنى مەڭگۈ تىنىم تاپقۇزمايدۇ. ئەپسۇسكى ھەممە كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ ياشاشتىكى مەقسىتىنى چۈشىنىپ كېتەلىشى ناتايىن. مەن ياشاشتىكى مەقسىتىمنى ھەقىقەتكە ۋە ئەركىنلىككە خىزمەت قىلىش، دەپ چۈشىنىمەن. مانا بۇ مېنىڭ ئېتىقادىم. مېنىڭچە ئۆز ئېتىقادىدىن خاتىرجەملىك ۋە مۇستەھكەملىك بىلەن قەتئىي تەۋرەنمىگەندىلا، ھاياتنىڭ ئاخىرقى چېكىگە قورقۇمسىز يۈزلەنگىلى بولىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا ھاياتنى قىزغىن سۆيگەنلەرگە ئۆلۈم ئانچە مۇشكۇل تۇيۇلمايدۇ. ئۆلۈمدىن قورقمىغان ئادەم ياكى ئۆلۈمگە پىسەنت قىلمىغان ئادەم كۆپىنچە ھاللاردا ھاياتنى ھەرگىزمۇ چاكىنا ئۆتكۈزمەيدۇ، بەلكى مەردانىلارچە ئۆتكۈزىدۇ.

غەنى، سەن ئۆلۈپ كەتتىڭ، سەن 1994 ـ يىلى 8 ـ دېكابىر كۈنى قاراماي دوستلۇق تىياتىرخانىسىدا يۈز بەرگەن دۆلەت ئىچى ۋە

سىرتتىنى زىلزىلىگە سالغان پەۋقۇلئاددە چوڭ ئوت ئاپىتىدە قازا قىلدىڭ. زالدىكى 796 نەپەر ئوقۇتقۇچى – ئوقۇغۇچى ۋە كادىردىن سەن بىلەن قوشۇلۇپ جەمئىي 325 نەپىرى جېنىدىن جۇدا بولدى. ئەنە شۇ بەختسىز جان ئىگىلىرى ئىچىدە سېنىڭ چالا كۆيگەن تېنىڭ بار ئىدى. ئۆلۈم بىز ئۇچۇن يېڭىلىق ئەمەس، ئەتراپىمىزدا دائىم دېگۈدەك ئەزرائىلنىڭ باغىقىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئاخىرەتكە سەپەر قىلىدىغانلار پات – پات ئۇچراپ تۇرىدۇ. لېكىن، ھەر بىر جان ئىگىسىنىڭ قىممىتى ئوخشاش بولمىغاچقا ئۇلارنىڭ ئۆلۈمىنىڭ كىشىگە قالدۇرىدىغان تەسىرىمۇ ئوخشاش بولمايدىكەن. بەزىدە مەن بىلەن بىر ئىدارىدىكى كىشىلەردىن بەزىسى ئۆلۈپ كەتسە، خۇددى كامبودژا ۋەزىيىتىگە قىزىقمىغاندەكلا پەرۋا قىلمايمەن. چۈنكى بار بىلەن يوقنىڭ ئارىسىدا ياشايدىغان ئېتىقادسىز ئادەملەر كىشىنىڭ كۆزىگە تۇرۇپ – چامغۇرچىلىكمۇ كۆرۈنمەيدىكەن.

دانالار ئادەملەرنى پەقەت ئۈچ خىل تىپقا مەنسۇپ دەپ قارايدىكەن. يەنى، ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىگە تۈرتكە بولالايدىغان كىشىلەر، يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى كۆزىتەلەيدىغان كىشىلەر ۋە «نېمە ئىش يۈز بېرىۋاتىدۇ؟» دەپ سورايدىغان كىشىلەر. مېنىڭچە بۇ مەلۇم مەنىدە ھەر بىر كىشىنىڭ ھاياتىنىڭ قىممەت دەرىجىسىنى بەلگىلەيدىغان مىزان بولالايدۇ.

غەنى، مېنىڭ نەزىرىمدە سەن، يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى كۆزىتەلەيدىغان كىشىلەر تىپىغا مەنسۇپ ئىدىڭ. بۇنى سېنىڭ مىراس قالغان شېئىرلىرىڭ ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. مەن سېنى ئەسلەيمەن. ئەمما ئارتۇقچە ئېچىنمايمەن. چۈنكى ھەممىمىز جالالىدىن رۇمى ئېيتقاندەك «غايىپتىن كەلدۇق، غايىپقا كېتىمىز». گاھىدا مەنمۇ مەلۇم بىر شائىرغا ئوخشاش ئۆلۈمنى:

ئۆلۈم دېگەن راھەتتۇر، راھەت،
باشلىقى يوق ئىشخانىلاردەك!

دەپ قاراپمۇ قالىمەن. ئەلۋەتتە بۇ مەندىكى دائىملىق كەيپىيات ئەمەس، بەلكى مەلۇم چاغلاردىكى بىردەملىك ھاياجانلىق ھېسسىيات. ئەمما مەن ئىزچىل شۇنداق قارايمەنكى، بىز ياشاشتىنمۇ، ئۆلۈشتىنمۇ قورقماسلىقىمىز كېرەك. شۇڭا مېنىڭ نەزىرىمدە سېنىڭ 30 ياشقا توشمىغان بويتاق ئۆمرۈڭ، پەقەت، خاتىمىسى چۈشمىگەن بىر پارچە شېئىردىن ئىبارەت، خالاس.

(بۇ ماقالە «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى»نىڭ 1996 - يىل 26 - نويابىر سانىدا ئېلان قىلىنغان)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# «بۇرۇت ماجراسى» نىڭ قىممىتى

ئۆزىنىڭ قىزىقچىلىق تۈكۈلۈپ تۇرىدىغان قەلىمى بىلەن زوقلاندۇرغۇچىلار قەلبىدە يېپيېڭى بىر بەدىئىي زېمىن ئاچقان، ئىقتىدارلىق يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ ئەسەرلىرىگە بولغان قىزىقىشىم، ئۇنىڭ «ساراڭ» ناملىق ھېكايىسىدىن باشلانغان. كېيىن ئۇنىڭ بىر ـ بىرىدىن قېلىشمايدىغان «ئايخان»، «‹مۇساپىرلار قاۋىقى› دا»، «بۇرۇت ماجراسى»، «قىرلىق ئىستاكان» قاتارلىق بىر يۈرۈش ئېسىل ھېكايىلىرىنى ئوقۇش بەختىگە مۇيەسسەر بولدۇم. ئەلۋەتتە، ئىجتىمائىيلىق ۋە ئېستېتىكىلىق جەھەتلەردە ۋايىغا يەتكەن بىرەر ئەسەرنى ئوقۇپ ھوزۇرلىنىش زوقلانغۇچى ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر ئامەت. چۈنكى بىزگە كۆپ ھاللاردا ئېستېتىك قىممىتى تۆۋەن، كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئەھمىيىتى يوق ئۇششاق ـ چۈششەك ۋەقەلەر ۋە كىشىدە تەكرارلىق تۇيغۇسىنى قوزغايدىغان تېمىلار ھەققىدە يېزىلغان، پەند ـ نەسىھەتنىڭ ئۇ يېقىغا ئۆتەلمىگەن زېرىكەرلىك ئەسەرلەرنى ئوقۇشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. بۇنداق ئەسەرلەرنى ئوقۇپ مەيلى ئىجتىمائىيلىق، ياكى ئېستېتىكىلىق يېقىدىن بولسۇن، ھېچقانداق زوق ئالالماي، ئىلاجىسىز ھالدا ئاشۇ ئەسەرلەرنى تاقەت قىلىپ ئوقۇپ تۈگەتكەنلىكىمىزدىن زوقلىنىدىغان ئادەت بىزنىڭ كىتابخانلىق ھاياتىمىزدىكى كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان غەلىتە قىسمەت بولۇپ كەلمەكتە.

مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ يۇقىرىقى ھېكايىلىرىدىكى يۈكسەك ئىجتىمائىيلىق بىلەن ئېستېتىكىلىقنىڭ يۇغۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان سېھرىي كۈچ مېنى مەھلىيا قىلىپ قايتا ـ قايتا ئوقۇشقا مەجبۇر قىلدى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ روھىي دۇنيارىمدا پەيدا قىلغان زىلزىلە

خاراكتېرلىق ئۇنۇمىنى تەسىرات شەكلىدە ئىپادىلەپ بېقىشقا كۆپ قېتىم تەمشەلگەن بولسامۇ، لېكىن قولۇمغا قەلەم ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدىم. لېكىن «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1991 - يىللىق 9 - سانىدا ئېلان قىلىنغان، كېرىمجان ئابدۇرېھىمنىڭ «كۈلكىلىك ترا- گېدىيە» ناملىق ئەدەبىي تەسىراتىنى ئوقۇپ، ماقالە ئاپتورىنىڭ «بۇ- رۇت ماجراسى» دىكى يوشۇرۇن مەنانى بەكلا يۈزە چۈشىنىپ، ماختاي- مەن دەپ ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىپ، ھېكايىنىڭ قىممىتىنى تۆۋەنلىتىۋەت- كەنلىكىدىن ئەپسۇسلاندىم. شۇڭا، بىر قىسىم ساددا كىتابخانلارنىڭ «بۇرۇت ماجراسى» نىڭ قىممىتىگە ئاشۇ ئاددىي تەسىرات ئاساسىدىلا باھا بېرىپ قويۇشىدىن، ھېكايىنىڭ ئىچ - ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن يوشۇرۇن مەنا قاتلاملىرىنى بەك يۈزە ھالدا چۈشىنىۋېلىشىدىن ئەنسى- رەپ قەلەم تەۋرەتمەي تۇرالمىدىم.

«بۇرۇت ماجراسى» ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىدا مېنى ئەڭ سۆيۈن- دۈرگەن ھېكايە دەپ ئېيتالايمەن. ئەسەردىكى پىكىر قاتلاملىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ئۆتكۈرلۈكى ھەم نازۇكلىقى، دارىتمىلاشلارنىڭ چې- تىشلىق دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى ۋە دەللىكى، پېرسوناژلار خاراكتېرد- نىڭ ئۆزگىچىلىكى، تىلىنىڭ باشتىن - ئاياغ يۇمۇرلۇق خوسۇسىيەت- كە ئىگە بولۇشى مېنى نەچچە كۈنلەرگىچە مەستخۇش قىلىپ ھاياجان- لاندۇرۇپ، ئويلاندۇرۇپ ھەر كويلارغا سالغان. ئەگەر «بۇرۇت ماج- راسى» دىكى يوشۇرۇن مەنا كېرىمجان ئابدۇرېھىم ئېيتقاندەك «مەن» نىڭ ئەنسىرەش - قورقۇمسىراش ئېڭى كەلتۈرۈپ چىقارغان مەنىۋى تراگېدىيىنىلا ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ ھېكايىنىڭ قىممىتى ئۇستىدە ئىزدىنىش ئارتۇقچە ئىش بولغان بولاتتى. مېنىڭچە ھېكايىنىڭ جېنى «مەن» نىڭ ئەنسىرەش - قورقۇمسىراش ئېڭىنى ئىپادىلىگەنلىكىدىلا ئەمەس، بەلكى ئالدى بىلەن بازار باشلىقىنىڭ ئەنسىرەش - قورقۇمسىراش ئېڭىنى ئىپادىلىگەنلىكىدە. ئەگەر بازار باشلىقىدا بىر بۇرۇتلۇق ئادەم پىچاق كۆتۈرۈپ جېدەل چىقارسا،

قورقىنىدىن بارلىق بۆرۈتلۈقلارنى تىزىملايدىغان، پۈتۈن بازارنى چۈۋۈپ توقۇشقا تەييار تۇرىدىغان، ھەم خەۋپلىك، ھەم كۈلكىلىك پىسخىك ئادەت بولمىغاندا ئىدى، «مەن» ئۈنچىۋالا ھودۇقۇپ، قورقۇپ كەتمىگەن بولاتتى. تەكرار - تەكرار چۈۋۈپ توقۇلۇشتىن ئىبارەت بەختسىز قىسمەت بۇ بۆرۈتلۈقلارنى ئەنسىرەش - قورقۇمسىراش ئىچىگە گىرىپتار قىلغان. بۇ ھال تەبىئىي ھالدا بۇ بۆرۈتلۈقلارنىڭ ۋۇجۇدىدا يەنە يېڭىش تەس بولغان پىسخىك ئاجىزلىقنى شەكىللەندۈرگەن. بازار باشلىقى چوڭقۇر ئەنسىزلىك ئىچىدە ئېيتقان، ئىسكەندەرنىڭ پىشانىسىگە پىچاق ئاتقان، چىڭگىزخانغا ئەگىشىپ غەربكە كەتكەن بۆرۈتلۈق پىچاقچىلارنىڭ ئەينى يىللاردىكى باتۇرلۇقى، قارامىلىقى ئاللىبۇرۇن يوقىلىپ پەقەت ئۇلارغا ھەيۋەتلىك، قورقۇنچلۇق تۇس بېرىپ تۇرغان ئاشۇ بۆرۈتىلا قالغان بولسىمۇ، لېكىن بازار باشلىقىنىڭ پىسخىكىسىدىكى ئەنسىرەش - قورقۇمسىراشتىن ئىبارەت ئەجەللىك ئاجىزلىق ۋە مەڭگۈ ئۆزگەرمەس پىسخىك ئادەت يەنىلا «بۇ بۆرۈتلۈقلارنى بىرەر پالاكەت تېرىمايدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟!» دەپ ئويلاندۇرۇپ، ھەر مىنۇت ئەندىشىگە سېلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇ «چۈۋۈپ توقۇش» تىن ئىبارەت رەزىل ئەڭگۈشتەرىنى ئايىماي ئىشقا سېلىپ تۇرىدۇ. چۈۋۈپ توقۇشتىن مەقسەت ئەلۋەتتە ئۆز كۆڭلىدىكىدەك شەكىلگە ۋە پاسونغا كىرگۈزۈش. ئىنسان ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ ئەڭ چوڭ ئاپەت ئەمەسمۇ؟ ئىنسانىنى ئۆز خاھىشىدىن، ياشاش ئېتىقادىدىن، ئارزۇ - ئىستەكلىرىدىن مەھرۇم قىلىدىغان بۇ خىل چۈۋۈپ توقۇش نەقەدەر دەھشەتلىك - ھە!؟. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا «مەن» نىڭ ئەنسىرەش - قورقۇمسىراش ئىچكى كىرىمجان ئېيتقاندەك كۆلكىلىك، قىزىق تۇيۇلامدۇ؟ ياكى يۈرەكتە ئېچىنىشلىق پىغانلارنى، ھېسداشلىق تۇيغۇسىنى قوزغامدۇ؟

«بۆرۈت ماجىراسى» نىڭ قىممەتتىكى خاسلىقى ۋە يازغۇچىنىڭ مۇددىئاسى ھېكايىدىكى «چۈۋۈپ توقۇش» مەسىلىسىدە روشەن ئىپا-

دىلىنىدۇ. ئەگەر كېرىمجان ئېيتقاندەك ھېكايىدىكى «كۆلكە ئادەم-لەردىكى مەنىۋى تراگېدىيىنى — بىھۇدە ئەندىشە - قورقۇمسىراش بىلەن ھايات خاتىرجەملىكىدىن مەھرۇم قىلىش، ئۆمۈرنى قىسقارتى-ۋېتىشتەك پاجىئەنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ» بەرگەن دەپ قارىلىدى-غان بولسا، ئۇنداقتا يازغۇچىنىڭ مەقسىتى: «ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئۈچۈن قورقماي، خاتىرجەم، ئەندىشىدىن خالىي ھالدا ياشاڭلار، دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ - دە، بۇ ھېكايىدىكى يوشۇرۇن مەنا تولىمۇ پۇچەكلىشىپ «تۇرمۇش مەسلىھەتچىسى» نىڭ ئەدەبىي تەشۋىقات شەك-لى بولۇپ قالىدۇ. مېنىڭچە «بۇرۇت ماجراسى» نىڭ قىممەتتىكى خاسلىقىنى ھەقىقىي يوسۇندا يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن، ھېكايىدىكى يوشۇرۇن مەنانى چوڭقۇر قاتلاملىرىغىچە، دارىتمىلاشلارنى نازۇك يەرلىرىگىچە چۈشىنىش ئۈچۈن، چوقۇم زوقلانغۇچىدا روھىي تەييار-لىق بولۇشى كېرەك. بۇنداق دېگەنلىك ھېكايىنى مەنپەئەتدارلىق نۇق-تىسىدىن ئوقۇپ زوقلىنىش كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى زوقلان-غۇچى قەلبىدە مىللىي ھېسسىياتتىن ئىبارەت «ئالماس ئاچقۇچ» بولۇشى كېرەك، دېگەنلىكتىن ئىبارەت. زوقلانغۇچى قەلبىدە چوقۇم بۇ «ئالماس ئاچقۇچ» بولمايدىكەن ئۇنداقتا «بۇرۇت ماجراسى» نىڭ قىممەتتىكى خاسلىقىنى ھېس قىلىپ يېتىش، يوشۇرۇن مەنا قاتلاملى-رىنى چوڭقۇر چۈشىنىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

بىز «بۇرۇت ماجراسى» نى ئوقۇغاندا ئىنتايىن يۇمۇرلۇق كەيپى-ياتتا، يەڭگىل تۇيغۇ ئىچىدە ئوقۇيمىز، لېكىن ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن يۈرىكىمىزنىڭ بىر پاجىئەنى ھېس قىلىۋاتقانلىقىنى، تۇيغۇلى-رىمىزنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ھېكايە ۋەزىنىنىڭ بارغان-سېرى ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى سېزىمىز. «مەن» نىڭ بۇرۇتلۇقلارنى ئېنىقلاپ، تىزىملاۋاتقانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىنكى كۆرگەن چۈشلى-رى، قىلغان خىياللىرى، ئەتراپىدىكىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسى . . . باشتىن ئاياغ كومېدىيىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. بازار باشلى-

قىنىڭ قورقۇنچ چۇلغىۋالغان، گۇمان، شۇملۇق بىلەن تولغان كاللىسى، چۇۋۇپ توقۇشتىن دېرەك بېرىدىغان پوپوزا ـ ھەيۋىسى، ئاخىرقى ھېسابتا سەنئەت ئۆمىكىنىڭ يالغان بۇرۇتىنى تاقىۋېلىشى... تېخىمۇ كۈچلۈك كومېدىيىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. لېكىن، مانا مۇشۇنداق كومېدىيىلىك شەكىل ئىچىدە كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان بىر تراگېدىيىلىك پىكىر سوزۇلۇپ ياتىدۇ. بۇنىڭ زوقلانغۇچى قەلبىدە قوزغايدىغان تراگېدىيىلىك ئۈنۈمى، تەسىرى كىشىنى ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ. بۇ خىل تراگېدىيىلىك ئۈنۈم زوقلانغۇچىنىڭ جەمئىيەت ھەققىدىكى بىلىشىنى، ئادەملەرنىڭ، ئېنىقراق ئېيتقاندا دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ روھىي دۇنياسى، ئېڭى ھەققىدىكى چۈشىنىشىنى، مىللىي پسىخىكا، تارىخىي ئاڭ ھەققىدىكى تونۇشىنى كۈچەيتىدىغان، ئۇلارنى كۆزىتىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدىغان «روجەك» بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ئازابلىق ئويلىنىش، ئازابلىق كۆزىتىش خاراكتېرىگە ئىگە زوقلىنىش جەريانىدۇر.

«بۇرۇت ماجراسى» نىڭ يەرلىك پۇرىقى ئىنتايىن قويۇق. پەقەت غۇلجىلىقلارغىلا خاس بولغان يۇمۇرلۇق خاراكتېر ۋە يۇمۇرلۇق تىل ھېكايىنىڭ كومېدىيىلىك مۇقامىنى ناھايىتى تەبىئىي قىزىقارلىققا ھەم جەلپكارلىققا ئىگە قىلغان. لېكىن ئۇ ناھايىتى كەڭ ۋە چوڭقۇر بولغان تراگېدىيىلىك مەزمۇننى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن. بۇ خىل تراگېدىيە ھەرگىزمۇ لىرىكىلىق تۈسكە ئىگە مۇھەببەت تراگېدىيىسى ئەمەس ياكى بىرەر پالاكەت باسقان بەختسىز ئائىلىنىڭ جەمەت تراگېدىيىسىمۇ ئەمەس، بەلكى سەۋەب ـ نەتىجىلىك مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق بولغان، پەلسەپىۋى مەنىدىكى ئىجتىمائىي مىللىي پسىخىكا تراگېدىيىسى.

بىزنىڭ قىممەت قارىشىمىز، ھايات قارىشىمىز، تارىخ قارىشىمىز ھەقىقەتەنمۇ ئۆلۈك فورما ئىچىدە دېيىشكە بولىدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ تارىخ قارىشىمىز، تارىخ ئېڭىمىز ئۈستىدە ئويلىنىپ كۆرمىسەك

بولمايدىغان بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ بىزدەك تارىخىي كەچۈرمىشى
مۇرەككەپ، تارىخىي بىلىم تەشنالىقى كۈچلۈك مىللەت ئۈچۈن بۇ
تېخىمۇ مۇھىم. بىز ئۆزىمىزنىڭ مىللىي تارىخىمىزنى تارىخىي پائالى-
يەتلەر ئىچىدىنلا ئىزدەپ تارىخنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى تەشكىل
قىلىدىغان مەنىۋى تارىخنى تارىخ ئۇستىدىكى ئىزدىنىشلىرىمىزنىڭ
سىرتىدا قالدۇرۇۋاتىمىز. بىزنىڭ كىتابخانىلىرىمىز «يۈز يىل غې-
رىپلىق» نى ئوقۇغان چېغىدا ئۇنى «رومان» دېگەن كۆز ئەينەكنى
تاقىۋېلىپ ئوقۇيدۇ - دە، ئۇنىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى تارىخىي رومان
ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقمايدۇ. بىزنىڭ «مۇدېرنىزم» دېسە ھەممىدىن
ۋاز كېچىدىغان، رېئاللىقنىڭ ۋەزنىنى ئازراقمۇ ھېس قىلمايدىغان بىر
قىسىم ياش ئەدىبلىرىمىز «20 - ئەسىردىكى ئەڭ مەشھۇر رومان»
دەپ قارىلىپ، پۈتۈن دۇنيا ئەدەبىياتچىلىرىنىڭ بىردەك ئېتىراپ
قىلىشىغا ئېرىشكەن بۇ رومانىنىڭ سېھرىي دېگەن ئۇقۇم بىلەن رېئا-
لىزم دېگەن ئىككى ئۇقۇمدىن خاراكتېرلەنگەن ئەدەبىي ئېقىمغا تەۋە
ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشەنمەيدۇ. چۈشىنىشنىمۇ خالىمايدۇ. ئەمە-
لىيەتتە مۇدېرنىزم ئەدەبىياتىغا تەۋە بولغان سېھرىي رېئالىزملىق
خۇسۇسىيەتكە ئىگە بۇ رومان لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ
غېرىپلىق بىلەن تولغان مەنىۋى تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىشنى ئەڭ
ئالىي مەقسەت قىلغان. قارىغاندا «بۇرۇت ماجىراسى» دىمۇ مەنىۋى
تارىخىمىزنىڭ روشەن كۆلەڭگۈسى بارمۇ، قانداق؟ بىزنىڭ مىللىي
پىسخىكىمىز تەكرار - تەكرار چۈۋۈپ توقۇلۇشتىن ئىبارەت بەختسىز
قىسمەت جەريانىدا قانداق پاسون، قانداق شەكىلگە كىرىپ قالدى؟
بۇ بىر ئېيتقۇسىز ئازاب. لېكىن رېئاللىق كىشىنى ئازابلايدىغان بۇ
ئېچىنىشلىق پاكىتنى رەھىمسىزلىك بىلەن نامايان قىلىپ تۇرماقتا.
مانا مۇشۇنداق بايقاش خېلىلا قىيىن بولغان، ئىپادىلەش تېخىمۇ
قىيىن بولغان ئازابلىق رېئاللىقنى سەنئەت شەكلىدە ئىپادىلەش مەم-
تىمىن ھوشۇرنىڭ قەلىمىگە نېسىپ بولدى. روھىي جەھەتتە ئازابلى-

نىش بەختىگە مۇيەسسەر بولمىغان يازغۇچىنىڭ ئازابلىق رېئاللىقنى
ئىپادىلىيەلىشى بەكمۇ قىيىن. ئازاب ۋىجدانلىق قەلب ئىگىلىرىگىلا
خاس روھ. غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەت-
كەن، ياش ئەدىبلىرىمىزنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلغان روھىي ئانالىز
ئالىمى فىروئىدنىڭ «جىنسىي ئاڭنىڭ بېسىمى ئىجادىيەتنىڭ ئېنېر-
گىيە مەنبەسى» دېگەن مەشھۇر نەزەرىيىسى، بىزنىڭ مىللىي تەقدىرى-
مىز بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان مىللىي ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن ئېيت-
قاندا «ۋىجداننىڭ بېسىمى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئېنېرگىيە مەنبەسى»
دېگەن نەزەرىيە ئالدىدا ئۆز كۈچىنى يوقاتسا كېرەك.
«بۇرۇت ماجراسى» باشتىن ئاخىر دارىتمىلاش بىلەن تولغان
ھېكايە، ئەسەردىكى دارىتمىلاشلارنىڭ چېتىشلىق دائىرىسى ناھايىتى
كەڭ. ئۇ بىزنىڭ تەپەككۇر ئادىتىمىزگە، پىكىر قىلىش ئۇسۇلىمىز-
غا، ئۆزىمىزگە، باشقىلارغا، تۇرمۇشقا، ھاياتقا تۇتقان پوزىتسىيىمىز-
گە، مىللىي ئەخلاقىمىزغا، مىللىي ئېڭىمىزغا، ئىجتىمائىي رېئاللىق-
قا، تەرەققىيات ئەھۋالىمىزغا. . . بېرىپ تاقىلىدۇ. بۇلار توغرىسى-
دىكى ئويلىنىشىم، چۈشەنچەم «ساراڭ»، «قىرلىق ئىستاكان» ھې-
كايىلىرى بىلەن چېتىلىپ بىر گەۋدە ھاسىل قىلغاچقا، بۇ ھەقتە باھا
يېزىشنى بۇ ماقالەمگە راۋا كۆرمىدىم.
(بۇ ماقالە «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1991 ـ يىل 12 ـ سانىدا
ئېلان قىلىنغان)

# ئەدەبىياتىمىز مۇنازىرىگە موھتاج

ئەدەبىياتىمىزنىڭ غورىگىل ھاياتىنى ئۆزگەرتىش، ئۇنى جۇلالىق سەنئەت ئالىمىگە ئايلاندۇرۇش تۇرلۇك ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ ئىمكانىيەتلەرگە باغلىق. ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزمۇ ئەنە شۇنداق قىسمەتنىڭ ئىلكىدە. ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ راۋاجلىنىش يوللىرى كۆپ ھاللاردا ئوبيېكتىپ ئامىللاردىن كۆرە، سۇبيېكتىپ ئامىللارنىڭ چەكلىشىگە ۋە بوغۇشىغا ئۇچراپ كەلدى. ئېتىكىلىق ئاتالغۇلارنى شىپى كەلتۈرۈپ، ۋەز - نەسىھەت قىلىشمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «بۇرۇت ماجىراسى» ناملىق ھېكايىسى كېرىمجان ئابدۇرېھىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا، كېرىمجاننىڭ نەزىرىدە «پەزىلەتسىزلىك»، مېنىڭ نەزىرىمدە ئەھمىيەتلىك ھېسابلىنىدىغان كالتە «ماجىرا» نى پەيدا قىلدى. مېنىڭچە، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە مەردانە دوقۇرۇشۇپ قېلىشلاردىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. مەسىلە بۇنى قانداق چۈشىنىشتە. ئەگەر ئۇ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتىكى ساقلانغىلى بولمايدىغان نورمال ھادىسە دەپ قارىلىدىغان بولسا، بۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق قاراشتۇر. ئەگەر ئۇنىڭغا دۇچ كەلگەندە ھودۇقۇپ كېتىپ، ئالدىراپ - تېنەپ ئېتىكىلىق ئاتالغۇلارغا مۇراجىئەت قىلىپ، «مۇھىمى پەزىلەت» دەپ قاراپ، ئۇنى ئەخلاققا باغلاپ چۈشىنىدىغان بولساق، بۇ بىر ئىلمىي بولمىغان خاتا پوزىتسىيىدۇر.

كېرىمجاننىڭ «كۈلكىلىك تراگېدىيە» ناملىق ماقالىسىدىكى تەھلىللەرنى ئىنكار قىلىش مەقسىتىدە يېزىلغان «‹ بۇرۇت ماجىراسى › نىڭ قىممىتى» ناملىق ماقالەم كېرىمجاننىڭ نەزىرىدە ئوبزورچىلىقىمىزدىكى بىر - بىرىنىڭ پىكرىنى ئىنكار قىلىش بىلەن خاراكتېرلەنـ

گەن كونا «ئەنئەنە» نىڭ داۋامى ئىكەن. مېنىڭچە، كېرىمجان ئىلگە-
رىكى ئوبزورچىلىقىمىزدىكى سىياسىي قالپاق كىيگۈزۈشۈپ ئىلىپ
بېرىلغان ئەھمىيەتسىز، خاتا، سەنئەتكە خىلاپ مۇنازىرىلەر بىلەن
ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولغان نورمال مۇنازىرى-
نى ئارىلاشتۇرۇپ چۇشىنىۋالغاندەك قىلىدۇ. ئەگەر ئەدەبىي تەنقىد-
چىلىكنىڭ ئەسەر ھەققىدىكى تەنقىدچىلىكىدە مۇنازىرە تۇسىنىڭ قو-
يۇق بولۇشىنى كېرىمجانغا ئوخشاش پەزىلەتسىزلىك، بىھۇدە ئىسراپ-
چىلىق، تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغانلىق، تەنقىدچىلىكنىڭ ئورنىنى
تۆۋەنلىتىۋەتكەنلىك دەپ قارايدىغان بولساق، بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئەدەبىي
تەنقىدچىلىكنىڭ خاراكتېرىگە ئۇيغۇن بولمىغان، بىر تەرەپلىمە، خاتا
قاراشتۇر. بىزنىڭ ئىلگىرىكى ئوبزورچىلىقىمىز راستىنلا سىياسىي
نۇقتىدىن، شەخسىيەتچىلىك، گۇرۇھۋازلىق نۇقتىسىدىن چىقىپ مۇ-
نازىرىلىشىشتەك بىمەنە يولدا كۆپ مېڭىپ كەتتى. بۇ بىر ئېچىنىش-
لىق ساۋاق. ئەمما بۇ ھەرگىزمۇ ئوخشىمىغان ئەدەبىيات قاراشلىرى،
ئوخشىمىغان ئېستېتىك چۈشەنچىلەر ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان،
ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق، نورمال بەس - مۇنا-
زىرە بىلەن بىردەك خاراكتېرگە ئىگە ئەمەس. ئەگەر خاركتېرى
ئوخشاش بولمىغان بۇ ئىككى خىل مۇنازىرە ئوخشاشلا «پەزىلەتسىز-
لىك، بىھۇدە ئىسراپچىلىق» دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا «بەس -
مۇنازىرە» دېگەن ئۇقۇمنىمۇ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك لۇغىتىدىن چىقىرى-
ۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمما بۇنداق قىلىش مۇمكىنمۇ؟!

كېرىمجاننىڭ ماقالىسىدە يەنە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە مۇنازىرى-
لەشمەي، ھەر كىم ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئەسەر ھەققىدىكى قارىشىنى،
چۈشەنچىسىنى ئوتتۇرىغا قويسىلا بولىدىمۇ دېگەن بىر تولۇقلىما
پىكىرمۇ بار. بۇ «مىڭ كىتابخاننىڭ مىڭ ھاملېتى بار» دېگەن توغرا
سۆزنىڭ خاتا ئىستېمال قىلىنىشى. «مىڭ كىتابخاننىڭ مىڭ ھاملېتى
بار» دېگەن بۇ ئېستېتىكىلىق ھەقىقەتكە ئېلاستىكىلىق خۇسۇسىيەت

بەخش ئېتىپ، ئۇنى خالىغانچە كېڭەيتىپ ئۆزلەشتۈرۈش، ماھىيەتتە
بۇ ھەقىقەتنى سەپسەتىگە يېقىنلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ئالدى بىلەن ئەسەر
ھەققىدىكى ھەر قانداق باھا ۋە تەسىرات چوقۇم ئۆزىدە مۇئەييەن
قىممەتنى ھازىرلىغان بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا قوبۇل
قىلىش ئېستېتىكىسى نەزەرىيىلىرىنىڭ چۆنتىكى كۆتۈرۈپ قويغۇسىز
نەرسىلەر بىلەن توشۇپ كېتىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، ئەدەبىي تەنقىد-
چىلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ھەر مۇقامدا يورغىلىسىمۇ ھېچ قانداق
تەنقىدكە، ئىنكار قىلىشقا ئۇچرىمايدىغان، ئەدەبىيات - سەنئەت قو-
شۇنىنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە ئەركە باللىرىدىن بولۇپ قالىدۇ.
شۇنىڭ ئۇچۇن كەسكىن، رەھىمسىز مۇنازىرىلىشىش ئىنتايىن مۇھىم
ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ خەلقىمىزنىڭ يېڭىلىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان
مەدەنىيەت پسىخىكىنى قۇرۇلمىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ ئىنتايىن مۇ-
ھىم. بىز ھازىرغا قەدەر تېخى ئەدەبىيات - سەنئەت قانۇنىيىتىگە
ئۇيغۇن بولغان نورمال بەس - مۇنازىرە مۇھىتىنى شەكىللەندۈرۈپ
بولالماي تىت - تىت بولۇپ كېتىۋاتىمىز. ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى-
مىزنىڭ بىر ئىزدا چۆرگىلەۋەرگەنلىكىدىكى سەۋەبمۇ، ئۆزىنىڭ ئەدە-
بىيات - سەنئەت تەرەققىياتى جەريانىدىكى ماھىيەتلىك كۈچىنى جارى
قىلدۇرالماي كەلگەنلىكىدىكى سەۋەبمۇ، قورال، ۋاستە بولۇپ قې-
لىشتەك تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغانلىقىدىكى سەۋەبمۇ دەل مۇشۇ
يەردە. بىزنىڭ يازغۇچى - شائىرلىرىمىزمۇ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىرى-
مىزمۇ تەنقىدكە، بەس - مۇنازىرىگە كۆنەلمەيۋاتىدۇ ۋە ئىلمىي پوزىتى-
سىيە تۇتالمايۋاتىدۇ. ئەمما ماختىنىشقا ھەممىسلا كۆنۈك، ھەتتا خاتا
ماختالىسىمۇ كەڭ قورساقلىق بىلەن خۇشال بولۇپ، قوبۇل قىلىۋېرى-
دۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە ئەدەبىياتقا بولغان مۇھەببەتنىڭ ساپ ۋە
كۈچلۈك بولماسلىقىدىن، ئەدەبىي تەنقىد ھەققىدىكى چۈشەنچىنىڭ
چولتىلىقىدىن كېلىپ چىقىۋاتىدۇ. بىزدە ئەدەبىي تەنقىدكە ئىجادىيەتى-
نى ئىلگىرى سۈرىدىغان، ئەسەرلەرگە ياخشى ياكى يامان دەپ باھا

بېرىدىغان، كىتاب بىلەن كىتابخانىنى مۇناسىۋەتلەشتۈرىدىغان بىر ئەدەبىي تەركىب دېگەندەك بىر تەرەپلىمە تەبىر بېرىلگەن. بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزەمنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ تۇراي.

ئەمدى كېرىمجان بىلەن بولغان ئەسلى «ماجىرا» — «يوشۇرۇن مەنە» مەسىلىسىگە كېلەي. كېرىمجان ماقالىسىدە «ھەممىنى قويۇپ تۇرۇپ ئەسەرگىلا مۇراجىئەت قىلىدىغان بولساق، بۇنداق (چۈۋۈپ توقۇلۇش) نىڭ بازار باشلىقى بىلەن قىلچە سەۋەب - نەتىجىلىك مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز»، «‹مەن› پەقەت بويىنىڭ ئۆزىگە پاراكەندىچىلىك كەلتۈرۈپ بەرمەسلىكى ئۈچۈنلا خىيالىي دۇنياسىدا (چۈشىدە) چۈۋۈپ توقۇلىدۇ»، «بۇ يەردىكى چۈۋۈپ - توقۇلۇش ئەسەرنى ئوقۇغان ھەر قانداق ئادەمگە ئايانكى، پەقەت ‹مەن› نىڭ ھېلىقى شاپ بۇرۇتنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بويى بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك» دەپ يازىدۇ. كېرىمجاننىڭ ئەسلى «ئەسەرگە مۇراجىئەت قىلىپ» ھاسىل قىلغان بۇ چۈشەنچىسىنى ئىنكار قىلماي ئامالىم يوق. چۈنكى مەن ئىلگىرىكى ماقالەمدە بۇ ھېكايىدىكى يوشۇرۇن مەنە قاتلاملىرىنى، دارىتمىلاش، سىمۋوللارنى چوڭقۇر يەرلىرىگىچە چۈشىنىش ئۈچۈن زوقلانغۇچىدا چوقۇم مىللىي روھتىن ئىبارەت مەنىۋى تەييارلىق بولۇشى كېرەك دېگەنىدىم. ھەر قانداق كىشى ئۆز قەلبىدە بۇنداق «ئاچقۇچ» نى ھازىرلىمىغان ئەھۋالدا ھېكايىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىدىن كېرىمجانغا ئوخشاش يەكۈن چىقىرىشى تەبىئىي ئەھۋال.

«مەن» نىڭ ئەنسىرەش - قورقۇمسىراش ئېڭىنىڭ بازار باشلىقى بىلەن زادى سەۋەب نەتىجىلىك مۇناسىۋىتى بارمۇ - يوق؟ مەنمۇ كېرىمجانغا ئوخشاش بۇ مەسىلىدە ئەسەرنىڭ ئۆزىگە مۇراجىئەت قىلىپ باقاي. ھېكايىنىڭ بېشىدا «مەن» «بۇرۇت قويغانلارنى تىزىملاۋېتىپتۇدەك» دەپ ئاڭلاپ ئاۋۋال گاڭگىراپ قالىدۇ، كېيىن «توغرا، ھېلىقى بىر يىللاردا ساقال - بۇرۇتلارنى قايچىلىغاندەك ئىشلار بولۇ-

ۋېدى، يەنە شۇنداق بىر پالاكەت يۈز بەردىمۇ - يا؟! » دەپ ئويلاپ، بۇ خىل غەلىتە ئەھۋالنى ئۆزىنىڭ هايات كەچمىشلىرىدىكى مەلۇم ئىشلارغا باغلاپ چۈشىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «تۇرۇپلا ئەندىشىگە چۈشۈپ» قالىدۇ. كېيىن قوغداش كادىرى ئۆمەرجاننى ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭدىن «تۆت - بەش كۈننىڭ ئالدىدا مۇنۇ بازاردا سىلىگە ئوخشاش ئېگىز بوي، شاپ بۇرۇتىنى بىرى كۈپكۈندۈزدىلا پىچاق كۆتۈرۈپ ئادەم بوغۇزلىماقچى بولغان ئوخشايدۇ، هازىر بازار باشلىقىنىڭ ئۆزى بۇ ئىشنى تەكشۈرۈۋاتىدۇ...» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ مېڭىسىدىن «تۇتۇن چىقىپ» كېتىدۇ ھەم دەرھال بۇرۇتى بار بالىسىنىمۇ ئۇنىمىغىنىغا قويماي ساتىراشخانىغا ئېلىپ بېرىپ بۇرۇتىنى غىردىتىۋېتىپ كېلىدۇ. ئايالى بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىسا، «يۇرىكى ئاجىز بۇ خوتۇنغا راست گەپنى قىلغۇسى كەلمەيدۇ». شۇ ئاخشىمى ئۇ «چۆۋۈپ - توقۇلۇپ» چۈش كۆرىدۇ. ئەتىسى بازار باشلىقىنىڭ ھۇزۇرىغا چاقىرتىلىپ، نۇرغۇن پوپوزا - ھەيۋىلەرنى ئاڭلايدۇ (بىچارە بۇرۇتلۇق ئۆزىدە قىلچە گۇناھ يوق تۇرۇپمۇ غىڭ قىلالمايدۇ. غىڭ قىلىپ قويسىلا چۆۋۈپ - توقۇلۇشتىن قورقىدۇ. چۈنكى بۇنداق قىسمەت ئۇنىڭ ئۇچۇن يېڭىلىق ئەمەس). بازار باشلىقى بولسا، تېخىمۇ ئەز-ۋەيلەپ (ماھىيەتتە بولسا، ئۇ تېخىمۇ قورقىدۇ. چۈنكى ئۇ دائىم ئۆزىنى شىرغا مىنىپ قالغان ئوۋچىدەك ھېس قىلىدۇ)، بۇرۇتلۇق پىچاقچىلار ھەققىدە ئىسكەندەر، چىڭگىزخانغا مۇناسىۋەتلىك رىۋايەت-لەرنى سۆزلەيدۇ. ئاخىرىدا «مەن»گە «بۇرۇتىڭنىڭ شەكلىنى، شەك-لى دېگىنىم: توم بۇرۇتمۇ، بوم بۇرۇتمۇ، شاپ بۇرۇتمۇ، سىم بۇرۇتمۇ ھەممىسىنى ئېنىق يېزىپ، ئەتىدىن قالدۇرماي بىزگە تاپ-شۇر!» دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. «مەن» شۇ كۈنى دەرھال بۇرۇتىنىڭ «تۇغۇلۇشىدىن تارتىپ ئۆلگىچە بولغان قىسقىچە تارىخىنى» يېزىپ چىقىدۇ (مانا بۇ چۆۋۈپ - توقۇشنىڭ باشلىنىشى). كەچتە كىر ئالغۇنىڭ ئىچىدە پىرقىراپ، ماغزاپنىڭ ئىچىگە چۆكۈپ كېتىپ،

گۈلدۈر - غالاپ قىلغان ئاۋازلارنىڭ ئىچىدە ۋارقىراپ چۈش كۆرىدۇ. دېمەك، بۇ بۇرۇتلۇقنىڭ روھىي تەڭپۇڭلۇقى قاتتىق بۇزۇلۇپ ئارامى پۈتۈنلەي يوقىلىدۇ. ئۇلتۇرسا - قوپسا ئەندىشىدىن نېرى كېتەلمەيدۇ. كوچا ئايلىنىپ بازارغا چىققان چاغدىمۇ «ھەقاچان بازار باشلىقى بۇ بازارنى ئۇزۇن ئۆتمەي چوقۇم باشقىدىن توقۇيدىغۇ، دەيمەن» دەپ ئويلايدۇ، بۇلاردىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، «چۇۋۇپ توقۇشنىڭ» بازار باشلىقى بىلەن سەۋەب - نەتىجىلىك مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق. ئاشۇنداق سۇ كۆرمەي ئۆتۈك سالىدىغان تەنتەك، ئادالەت تۇيغۇسى، قانۇن ئېڭى كەم، بۇرۇتلۇقلارغا گۇمان بىلەن قارايدىغان، ھە دېسىلا چۇۋۇپ - توقۇشقا تەييار تۇرىدىغان بازار باشلىقىنىڭ «بازىرى» دا ياشاۋاتقان بۇرۇتلۇقلار تەبىئىي ھالدا ئەنسىرەش - قورقۇمسىراش ئېڭىغا گىرىپتار بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

كىرىمجان ھېكايىسىنىڭ مەزمۇنىدىكى مانا مۇشۇنداق چۈشىنىشلىك ئىچكى رېئاللىقنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، «ئەسەردىن مەلۇمكى، ئەنسىرەش - قورقۇمسىراش ئېڭى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا تەبىئىي دېگۈدەك مەۋجۇت» دەپ تونۇيدۇ. ئۆزى ياشاۋاتقان تۇپراقتا، ئۆزىنى ياراتقان خەلقنىڭ قەلبىگە يىلتىز تارتقان بىر ئادەمنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردىن ئالىدىغان تەسىراتى ئاساسەن ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدىن ئالغان تەسىراتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مەن بۇ بۇرۇتلۇقنىڭ ئەنسىرەش - قورقۇمسىراش ئېڭىنى يالغاندىن «بۇ ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان ئەنسىرەش - قورقۇمسىراش ئېڭى»، «ئىنسان تەبىئىتىگە خاس بولغان پسىخىك كەچۈرمىش» دەپ چۈشىنىپ ئۆزۈمگە ۋە يازغۇچىنىڭ ئەسىرىگە يالتىراق سۈپەت بېرىشنى خالىمايمەن. چۈنكى يازغۇچىنىڭ يۇمۇرلۇق تەبەسسۇم ئىچىدىكى ياش يۇقى كۆزى مېنىڭ ئۇلۇغ ئازابلار بىلەن تولغان قەلبلەرنىڭ پۇچۇلىنىشىدىن ھۇزۇرلىنىدىغان ئېستېتىك خاھىشىمغا ناھايىتى ئۇيغۇن كېلىدۇ. شۇڭا ھېكايىدىكى «مەن» نىڭ ئەنسىرەش - قورقۇمسىراش ئېڭىنى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا تەبىئىي

مەۋجۇت دەپ قارىمايمەن. ئەگەر شۇنداق قارايدىغان بولساق، ساتىراشنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ «تۇۋا دەيمەن، ئاتا ـ بالا ئىككىڭلارنى قوشقاندا، بۈگۈن ساتىراشخانىمىزغا كېلىپ بۇرۇتىنى غىردىتىۋەتكەنلەر يىگىرمىدىن ئېشىپ كەتتى». شۇنچىۋالا بۇرۇتلۇقلارنىڭ ھەممىسىدە ئەنسىرەش ـ قورقۇمسىراش ئېڭى تەبىئىي دېگۈدەك مەۋجۇتمىدۇ؟ بۇ مېنىڭچە روشەن ئوبيېكتىپ سەۋەبكە ئىگە غەيرىي تەبىئىي ھادىسە.

كېرىمجان ماقالىسىدە يەنە ئۆزىنىڭ «ئۇنىڭدىكى (ھېكايىدىكى) كۈلكە ئادەملەرنىڭ مەنىۋى تراگېدىيىسىنى — بىھۇدە ئەندىشە ـ قورقۇمسىراش بىلەن ھايات خاتىرجەملىكىدىن مەھرۇم قىلىش، ئۆمرىنى قىسقارتىۋېتىشتەك پاجىئەنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن» دېگەن قارىشىدا چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ ھەم مېنىڭ تەھلىللىرىمنى «پېرسوناژلارنى مۇناسىۋەتسىز تەرەپلەر بىلەن بىھۇدە شەرھىلىگەن» دەپ قارايدىغانلىقىنى يازىدۇ. كېرىمجاننىڭ تەھلىلىچە بولغاندا، بۇ ھېكايە كىتابخانلارنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى ئۈچۈن پسىخولوگىيىلىك تىببىي ساۋاب بېرىشنى مەقسەت قىلغان، ئادەتتىكى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىگە ئىگە ئەسەر بولىدۇ، خالاس. بۇ نۇقتىدا مەن كېرىمجاننىڭ «‹بۇرۇت ماجىراسى›نىڭ زادى نېمە مەقسەتتە يېزىلغانلىقىنى بىلمەيمەن» دېگەن ئىزاھاتىغا تولۇق قوشۇلىمەن. كېرىمجان ھەقىقەتەن بۇ ھېكايىنىڭ يۈكسەك قىممىتىنى ھېس قىلىپ يېتەلمەپتۇ. ئەگەر كىتابخاندا مۇئەييەن رېئالىستىك روھ بولىدىكەن، بۇ ھېكايىنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلىش تەس گەپ ئەمەس. كۆزىمىزنى ساماۋى بوشلۇقلارغا ئەمەس، بەلكى ئاستىمىزدىكى قارا تۇپراققا، دۇچ كېلىۋاتقان ھايات قىسمەتلىرىمىزگە تىكىدىغان بولساقلا، ھېكايىنىڭ نېمە مەقسەتتە يېزىلغانلىقىنى بىلمەك تەس ئەمەس.

(بۇ ماقالە «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1993 ـ يىل 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت

ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن ئېيتىلغان بۇ جانسىز ناخشا ماڭا زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت ئاتا قىلدى. ھېسسىياتىمنى يوشۇرغۇم، گېپىمنى ئىچىمگە يۇتۇۋەتكۈم كەلمىدى. تەسىراتىمنى سان - ساناقسىز قەلبلەر بىلەن ئورتاقلىشىپ باققۇم، ئاشۇ ئېزىلەڭگۈ ناخشىغا مەپتۇن بولغانلار بىلەن ئەركىن پاراڭلاشقۇم كەلدى.

بۇ ئېزىلەڭگۈ ناخشىنى يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر ئىشتىياق بىلەن ئېيتتى. مەن بۇ ناخشىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئىقتىدارىنى ۋە مىللىي مەدەنىيەت پىسخىكىمىزنىڭ ساپاسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت كۈيىنى ئاڭلىدىم. بۇ خاسىيەتسىز ناخشىنىڭ نامى — «خاسىيەتلىك قار».

«خاسىيەتلىك قار» مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىل 1 -، 2 - سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان پوۋېستى. «ساراڭ» ناملىق ئېسىل ھېكايىسى بىلەن ئىجادىيىتىدە توپ بورۇلۇش ياساپ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ۋە ئىستىل يارىتىپ كەڭ ئۇيغۇر كىتابخانلىرىنى ھاياجانغا سالغان بۇ يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىگە بولغان قىزىقىشىم «خاسىيەتلىك قار»نى كۆرمىگىچە سۇسلاشمىغانىدى. مەمتىمىن ھوشۇر ئۆزىنىڭ «ساراڭ»، «بورۇت ماجراسى»، «قىرلىق ئىستاكان»، «ئايخان»، «‹مۇساپىرلار قاۋىقى› دا»، «كۆز يامغۇرى» ناملىق بىر قاتار ھېكايىلىرى بىلەن مېنى مەپتۇن قىلىپ، ئەسىرى ئېلان قىلىنغان ھامان ئالدىراپ ئوقۇشقا ئادەتلىنىدۇرۇۋەتكەن. مەن مۇشۇ ئادىتىم بويىچە «خاسىيەتلىك قار»نى ئوقۇپ چىقتىم. ئوقۇپ بولۇپ ئالدانغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم.

پوۋېستنىڭ باش قەھرىمانى تىلىۋالدىنىڭ خاراكتېرى مېنى ئازابلىق بىر تەشۋىشكە سېلىپ قويدى. ئۆز - ئۆزۈمگە سوئال قويدۇم: تىلىۋالدى سۇنئىي پېرسوناژمۇ؟ ياق، ئۇ ھەقىقىي چىن ئادەم! تىلىۋالدى بەختسىز ئادەممۇ؟ ياق، ئۇ زەئىپ ئادەم! مېنى مانا مۇشۇنداق زەئىپ ئادەمنىڭ ھەقىقىي چىن ئادەم بولۇپ قالغانلىقى ئېچىندۇردى.

ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكىدىن مەلۇمكى، تىلىۋالدى ئىلىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، زامانىنى جەبىر - زۇلۇم قاپلىغان يىللاردا خوتۇن - بالىلىرىنى باقىمەن دەپ ھارۋىكەشلىك قىلىپ، نەس بېسىپ، ناھەقچىلىككە ئۇچراپ تۈرمىگە سولىنىپ، تەلىيى تاسادىپىي ئوڭدىن كېلىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قېلىپ، قاچقان پېتى چېگرىدىن يوشۇرۇن ئۆتۈپ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق تۈركىيىگە بېرىپ ئورۇنلىشىپ، توي قىلىپ تۇرۇپ قالغان بىر ئادەم.

پۈتۈن پوۋېست تىلىۋالدىنىڭ ئىلىدىكى ئايالى زۆھرەگە يازغان خەتلىرىدىن ئىبارەت. بۇ خەتلەردىن بۇ مۇساپىرنىڭ يۇرتداشلىرىنى سېغىنىشلىرى، غېرىپلىق، مىسكىنلىك بىلەن ئېيتقان قەلب بايانلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. ھىجران ئازابىدا ئۆرتىنىپ، ئىچ - ئىچىدىن تۈگىشىپ كەتكەن بۇ ئادەم ئەزرائىلنىڭ كېلىپ ئۆزىنى ئېلىپ كېتىشىنى كۈتۈپ ئەرۋاھتەك لاغايلاپ يۈرۈيدۇ.

تىلىۋالدىنىڭ خاراكتېرى خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ھەم شۇ مەدەنىيەت مۇھىتىدا يېتىلگەن. بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز ئادەمسىز يالغۇز ئارالغا چىقىپ قالسىمۇ تەقدىر بىلەن ئېلىشىپ، تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئۈمىدۋارلىق بىلەن ياشايدىغان روبىنزون گروزودەك ئادەملەرنى ئەمەس، بەلكى ناتونۇش مۇھىتتا ھايات كەچۈرۈشكە ماسلىشالمايدىغان تىلىۋالدىدەك روھى زەئىپ ئادەملەرنى تەربىيىلەپ چىقىدۇ. بۇ خىل زەئىپ روھ ئەقلىنىڭ زەئىپلىكى، خاراكتېرىنىڭ زەئىپلىكى، ئىرادىنىڭ زەئىپلىكى، ئەخلاقىنىڭ زەئىپلىكى ۋە ھېسسىياتنىڭ زەئىپلىكىنى ئۆزىگە مەزمۇن

قىلغان.

مەدەنىيەتنى ئىنسانىيەت ئوخشىمىغان ئېكولوگىيىلىك مۇھىتتا ياراتقان بولۇپ، ئۇ ئۆزگىچە خاس تەرەققىيات جەريانىدا جۇغلىنىپ، داۋاملىشىپ، ئوخشىمىغان تىپ ۋە ئەندىزە بولۇپ شەكىللەنگەن. ئۇ ئوخشىمىغان مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت پسىخىكىسى ۋە قىممەت قارىشىنى شەكىللەندۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ھەربىر كونكرېت شەخسنىڭ خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ خاراكتېرى ئۆزگىچە مۇئەييەن مەدەنىيەتنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولىدۇ. ھەر قانداق بىر ئادەمنىڭ ئۆسۈش جەريانى، خاراكتېرى ۋە تەپەككۇرىنىڭ يېتىلىش جەريانى مەلۇم مەدەنىيەت مۇھىتى ئىچىدە بولىدۇ. شۇڭا ھەر قانداق بىر ئادەم ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان مەدەنىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەيدۇ. مەشھۇر ئىنسانشۇناس لۇس. بىنىنىكت ئېيتقاندەك، «شەخسنىڭ ھايات تارىخى ئالدى بىلەن ئۇ ياشاۋاتقان توپنىڭ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئۇسۇل ۋە ئۆلچەمگە ماسلىشىش تارىخىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئادەم تۇغۇلۇشى بىلەنلا قوينىغا ئالغان ئادەت ئۇنىڭ سۇبيېكتىنى تەربىيىلەيدۇ. سۆزلىيەلەيدىغان بولغاندا ئۇ ئاللىقاچان مەزكۇر مەدەنىيەتكە تەۋە بولغان بىر ئىجادىيەت بولۇپ قالىدۇ. مەدەنىيەتتىكى رەسىم - قائىدىلەر دەل ئۇنىڭدىكى رەسىم - قائىدە، مەدەنىيەتتىكى ئېتىقاد دەل ئۇنىڭدىكى ئېتىقاد، مەدەنىيەتتىكى مۇمكىنسىزلىك دەل ئۇنىڭدىكى مۇمكىنسىزلىك بولۇپ كېتىدۇ.»

مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تىلىۋالدىنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى زەئىپلىك مىللىتىمىزنىڭ سۇبيېكتىپ تۈزۈلمىسىدىكى ھاياتىي كۈچنىڭ ئاجىزلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەلۋەتتە، بۇ ئومۇملۇقنى نەزەردە تۇتۇپ ئېيتىلغان سۆز. بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزدا ئاۋامغا ئەگىشىش روھى كەمچىل، مۇستەقىللىق ئېڭى يوق دېيەرلىك. ئۆز - ئۆزىگە خوجا ھالدا تاللاش ئىقتىدارى، ياشاش ئىقتىدارى ئاجىز.

تۇرمۇشتىن لەززەت ئېلىشى يېتەرسىز، يات مۇھىتتا ياشاش ئىقتىدا-
رى يوق. تەپەككۇر قىلىش شەكلىدىن تارتىپ، تۇرمۇش شەكلىگىچە
بىر خىل. بۇ خىل خاسلىقى يوق روھىي ھالەت مىللەت گەۋدىسىنى
چېكىنىپ، يېگىلەپ، سولىشىپ كەتكەن ۋە ئىندىۋىدۇئال ھاياتىي
كۈچ كەم بولغان پاسسىپ پسىخىك سۇپەتكە مۇپتىلا قىلدى. بىز
مىللەتنىڭ بۇ زەئىپ گەۋدىسى ئىچىدىن ئاجايىپ ھاياتىي كۈچنى،
ئىرادىنىڭ، مۇستەقىللىقنىڭ، ئەركىنلىكنىڭ ۋە خاسلىق كۈچىنىڭ
جىلۋىسىنى تاپالمايمىز. خەلقىمىزنىڭ ھازىر مەۋجۇت بولغان مەدەنى-
يەت پسىخىكىسىغا نەزەر سالىدىغان بولساق ئىرادىمىزنىڭ كۈچلۈك
ئەمەسلىكىنى، توغرا كەيپىياتلارنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى بايقاي-
مىز، بىزنى غايەت زور بىر خىل شەكىلسىز پاسسىپ كەيپىيات
ردۇپايدەك بېسىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بىز ئاۋامنى ئاساس قىلغان ئومۇمىي-
لىقتىن ھالقىغان غەيرىي ئەقىل ئامىللىرىنى يەنى خاسلىق ئېڭىنى،
تەۋەككۇلچىلىك روھىنى ئۇنىڭدىن باشقا ئۆرپ - ئادەتلەرگە ئۇيغۇن
كەلمىگەن يېڭى ئادەم، يېڭى ئىدىيە، يېڭى ھەرىكەتلەرنى كۈچىمىز-
نىڭ بارىچە باسىمىز، ئادەمنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنى ئېتىراپ قىلماي-
مىز. «ئەلنەرخى» بولۇشنى مۇقەددەس، دەخلىسىز ئۆلچەم بىلىپ
مۇئامىلە قىلىمىز.

خەلقىمىزنىڭ بۈگۈنكى بۇ خىل مىللىي خاراكتېرىنى ئۇنىڭ
يېقىنقى بەش ئەسىرلىك مۇرەككەپ تارىخىي سەرگۈزەشتىسى ۋە تۇر-
مۇش مۇھىتى مۇشۇنداق بېكىنمە ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان. يىپەك
يولىنىڭ خارابلىشىشى، دىنىي مەزھەبلەرنىڭ قانلىق كۈرەشلىرى،
تىنىمسىز جەڭگى - جېدەللەر، يات مىللەتلەرنىڭ زۇلۇمى، قانائەت-
چانلىقتا، ياۋاش - مۆمىن بولۇشقا ئۈندەيدىغان بىر تەرەپلىمە دىنىي
ۋەز - نەسىھەتلەر، سوپى - ئىشانلارنىڭ بىخۇتلاشتۇرۇشى، بىر -
بىرىگە ئۇلىنىپ كەلگەن تەبىئىي ئاپەت ۋە ئىجتىمائىي ئاپەتلەرنىڭ
چۇشكۇنلەشتۇرۇشى نەتىجىسىدە خەلقىمىزنىڭ مىللىي خاراكتېرى زە-

www.uyghurkitap.com

ئېپلىشىپ، مىللىي مەدەنىيەتنى چېكىنىپ، مىللىي مەدەنىيەت پىسى-
خىكىسى قاتماللىشىپ كەتتى. ئۆز ئېھتىياجىنى ئۆز يېرىنىڭ بايلىق-
لىرى بىلەن تەمىن ئېتىشتەك بۇ خىل ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى قالاق
ناتۇرال ئىگىلىك ۋە ساددا دىنىي ئېتىقاد بىلەن يۇغۇرۇلۇش نەتىجىسى-
دە مىللىتىمىزنىڭ ئىنائەتچان، مۇلايىم، ساددا، قانائەتچان، تار
مىجەز ـ خاراكتېرىنى، مۇرەسسەچىلىكىنى، قان ـ قېرىنداشلىق
مۇناسىۋەتنى ۋە تەقدىرچىلىكنى تەكىتلەيدىغان زەئىپ روھىنى رويابقا
چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن خەلقىمىزنىڭ ئىلگىرىكى زامانلاردىكى جەڭ-
گىۋارلىقى، قەيسەرلىكى، تەۋەككۇلچىلىكى، تېتىكلىكى، ھوشيارلى-
قى، قاراملىقى، جاھانكەزدىلىكى ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ قالدى. مىللى-
تىمىزنىڭ ئەخلاق قارىشى، قىممەت ئۆلچەملىرى، يوسۇن ـ ئادەتلى-
رى، تۇرمۇش شەكلى، تەپەككۇر شەكلى بۇ بەش ئەسىر جەريانىدا
ئەنئەنە سۈپىتىدە داۋاملىشىپ، مۇقىملىشىپ ھېچكىم بويۇنتاۋلىق
قىلالمايدىغان دەرىجىدە مۇقەددەسلىشىپ، مىللەت توپىنىڭ سۈبيېك-
تىغا بىر ـ بىرلەپ چۆكۈپ، قېتىپ مۇنتىزىم قۇرۇلما ھاسىل قىلى-
دى. بۇ خىل ئۆزگە يۇزلەنگەن سۈبيېكتىپ قۇرۇلما سىرتقى مەدەنى-
يەتكە بولغان تەلپۈنۈشنىلا ئەمەس، بەلكى سەزگۈرلۈكىنىمۇ، ئىن-
كاسچانلىقىنىمۇ يوقىتىپ، بارا ـ بارا قاداقلىشىپ، بەزلىشىپ،
سېپى ئۆزىدىن بىر قاتمال قۇرۇلمىغا ئايلىنىپ قالدى. مىللىي مەدە-
نىيىتىمىزنىڭ ماھىيىتىدىكى بۇ خىل مۇكەممەلسىزلىك تۈپەيلى بىز-
نىڭ كىشىلىك خاراكتېرىمىزدىمۇ بىر قاتار مۇكەممەلسىزلىكلەر ئىپا-
دىلەندى. گەرچە ھەر بىر يەككە سۈبيېكتىنىڭ تاكامۇللىشىشى پەرق-
لىق بولسىمۇ، لېكىن ھەر قانداق بىر ئادەم ئۆزى تەۋە بولغان توپىنىڭ
سۈبيېكتىپ قۇرۇلمىسىدىن ئاجراپ كېتەلمەيدىغان بولغاچقا، مەزكۇر
توپتىكى مەدەنىيەتنىڭ چەكلىمىسىدىن ۋە پسىخىك خاھىشىنىڭ چەكلى-
مىسىدىن ئاسانلىقچە قۇتۇلالمايدۇ. خۇددى ئەنگلىيە يازغۇچىسى لاۋ-
رېنس ئېيتقاندەك، «ھەر بىر ئادەمدە توپقا ئوخشايدىغان ۋە ئوخشىماي-

دىغان تەرەپ بولىدۇ. پەقەت ئىگىلىگەن نىسبىتىدىلا پەرق بولىدۇ.»

تىلىۋالدى ئەنە شۇنداق ئاجىز مەدەنىيەت ھېس - تۇيغۇسىغا ئىگە بولغاچقا، يۇرتىنى ۋە يۇرتداشلىرىنى سېغىنىشتىن باشقا ھېچ قانداق نەرسىنى ئويلىمايدۇ. ھەممىگە مەلۇم، مۇساپىر بولغان كىشىنىڭ يۇرتىنى ۋە يۇرتداشلىرىنى سېغىنىشى بەكمۇ ئادەتتىكى ئومۇمىي ھېسسىيات بولۇپ، ئازراقمۇ ئۆزگىچە قىممەتكە ئىگە ئەمەس. تىلى-ۋالدىدا ئۆزلۈكنىڭ رايىنى ئىستەيدىغان روھ، ھاياتنىڭ مەنىسىنى ھېس قىلىدىغان ئاڭ، ئۆز قەلبىنى چۈشىنىدىغان سەزگۈرلۈك يوق. ھاياتنىڭ سىنىقىغا، تۇرمۇشنىڭ زەربىسىگە، رېئاللىقنىڭ رەھىم-سىزلىك بىلەن ئەخمەق قىلىشىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان مەنىۋى قۇدرەت يوق. ئۇنىڭدا تەۋرەنمەس ئىرادە كۈچى بىلەن تىراگېدىيىلىك تەقدىر ۋە تىراگېدىيىلىك مۇھىتقا قارشى تۇرغىدەك جاسارەت ئاسلا يوق. شۇڭا ئۇنىڭ قولىدىن يۇرتىنى ۋە يۇرتداشلىرىنى سېغىنىشتىن ۋە مىجىقلىق بىلەن ئەزرائىلنىڭ باغقىنى كۈتۈشتىن باشقا ئىش كەلمەيدۇ. ئاۋامدىن ئايرىلالمايدىغان، سۇبيېكتقا ئېتىبار بېرەلمەيدى-غان، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ئادەم ئىكەنلىكى ھەققىدە ئويلاپ باقمىغان، ھاياتنىڭ مۇشكۇلاتلىرىدىن ئۆز ئالدىغا لەززەت ئالالمايدىغان بۇنداق زەئىپ روھ ھەرقانداق جايدا خار ۋە زەبۇن بولۇشتىن، ئايىغى چىقماس بەدەللەرنى، ئەرزىمەس قۇربانلارنى بېرىشتىن قۇتۇلالمايدۇ.

تىلىۋالدى تۇرمۇشقا بولغان تەلىپى بەك تۆۋەن، ھېسسىياتى نامرات، قىزىقىش دائىرىسى تار، ھەۋىسى ئاجىز، ئاۋامدىن ئۆزگىچە پىكىر قىلىشقا قۇربى يەتمەيدىغان، جۇۋاز كالىسىدەك بىر خىل تۇر-مۇشنى تەكرارلاۋېرىشتىن زېرىكىش ھېس قىلمايدىغان، ئۆزى تۇغۇ-لۇپ ئۆسكەن ماكاندىن سىرتقا چىقىپ بېقىش، يۇرت ئاتلاپ كۆرۈش ئىستىكى يوق، ئوت - چۆپكە ئوخشاش بىر ئورۇندا كۆكلەپ قۇرۇپ قالىدىغان، پەقەت خوتۇن - بالىلىرى بىلەن دائىم بىللە ياشاشنى، تونۇش - بىلىشلەر بىلەن سالاملىشىپ، ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن

www.uyghurkitap.com

دىدارلىشىپ، دوست - يارەنلىرى بىلەن تاغدىن - باغدىن پاراڭلىشىپ ۋە خەتمىسىنى قىلدۇرغانلارنىڭ سۈننەت تويىغا، ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ نەزىر - چىراغلىرىغا بېرىپ ياشاشنى ھاياتنىڭ بەختى، تۇرمۇشنىڭ مەنىسى دەپ چۈشىنىدىغان ئادەملەرنىڭ تىپى.

ئۆزلۈكنىڭ رايىنى ئىستەيدىغان ئارزۇ، ئۆزگە قايىللىق ئىزدەيدىغان روھ، مەنىۋى جەھەتتە مۇستەقىل ياشاشنى ئىستەيدىغان خاھىش، ئۆز - ئۆزىنى ئىپادىلەيدىغان جاسارەت، مۇستەھكەم ئىرادە كۈچى قاتارلىق يۇقىرى پسىخىك سۈپەتلەرنىڭ بولۇشىنى بىزنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيىتىمىز ۋە قاتمال مەدەنىيەت پسىخىكىمىز قوبۇل قىلالمايدۇ. ئەكسىچە چەكتىن ئېشىپ ئەخمەقلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن تەپسە تەۋرىمەيدىغان بىخۇتلۇق پسىخىكىسىنى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن سۈپەتلەپ قەدىرلەيدۇ. ساۋاتسىز بوۋىسى بىلەن چىشى قالمىغان مومىسىنىڭ سۆزىدىن چىقمايدىغانلارنى «قولىقى يۇمشاق ئوبدان بالا بوپتۇ» دەپ ماختايدۇ. ئادەتتىكىدىن سەللا ئۆزگىچە پىكىر قىلىدىغانلارنى، ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇنلارنى سەل يانداپ ئۆتۈپ كېتىشكە ئۇرۇنغانلارنى «باشباشتاق، بىھۆرمەت، شۇم بالا بوپتۇ» دەپ قارغايدۇ. جۇلىقى چىقىپ كەتكەن ئەقىدىلەر بىلەن چىشى قالمىغان ۋەز - نەسىھەتلەرنى ئەڭگۈشتەر بىلىپ، مۇقەددەس تەۋەررۈك سۈپىتىدە قەدىرلەش، ئۆزىنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىنى شۇنىڭغا لايىقلاشتۇرۇپ تۇرۇش بىزگە ئوخشاش روھىي دۇنياسى بىكىپ كەتكە قالاق مىللەتلەرنىڭ خاراكتېر تراگېدىيەسى بولسا كېرەك.

تىلىۋالدى ئەنە شۇنداق زەئىپ مەدەنىيەت روھىغا، ئاۋامغا يۆلىنىپ جان ساقلاش پسىخىكىسىغا ئىگە بولغاچقا، ئۆزىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىدىكى بەختسىزلىك ۋە سەرسانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي سەۋەبى ئۈستىدە ئويلىنىشقا قۇربى يەتمەيدۇ. شۇڭا ئۇ نېمىنىڭ ھەقىقىي پاجىئە ۋە بەختسىزلىك ئىكەنلىكىنى ئەسلا ھېس قىلىپ يېتەلمەيدۇ.

ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىڭ قىممىتى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە، سۇبيېكتىنىڭ خاسلىق قىممىتى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە ئازراقمۇ ئۈندىمەيدىغان مىل-لىي مەدەنىيەت ئەنئەنىمىز تىلىۋالدىغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ئەھمە-يەتسىز خاراكتېر تراگېدىيىسىنى ئۇزلۇكسىز تۇغدۇرىدۇ.

ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىڭ قىممىتى ئۈستىدە، سۇبيېكتىنىڭ خاسلىق قىممىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش، روھنىڭ ئەركىنلىكى ۋە مۇستەقىللىقى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئىنسان ئېڭىنىڭ ھەقىقىي يوسۇندا ئويغىنىش سەپىرىگە ئاتلانغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. چۈنكى بارلىق ھەرىكەتنىڭ مەقسىتى ۋە بارلىق قىممەتنىڭ بىردىنبىر ئالىي ئۆلچىمى ئادەم. ئادەمنى بىردىنبىر مەركەز ۋە ئالەمنىڭ يارىلىشىنىڭ مەقسىتى دەپ چۈشىنىش، ئادەمنىڭ قىممىتىنى يۈكسەلدۈرۈپ، ئۇنى ئالەمنىڭ جەۋھىرى دەپ قاراش مىڭ يىللاردىن بېرى مەنسۇر ھەللاجى، جالال-دىن رۇمى، شەمسى تەبرىزى، ئەخمەت يەسسەۋى، ئەلىشىر ناۋائى، بابا رەھىم مەشرەپ، مۇھەممەد سىدىق زەلىلى ۋە ئابدۇللا خاراباتى قاتارلىق تەسەۋۋۇپچى مۇتەپەككۇرلىرىمىزنىڭ شېئىرلىرىدا ئىزچىل ياڭراپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ ساداسىنى ۋۇجۇدىمىزدىن تاپالمايمىز. بۇ سادانى بىز پەقەت ھازىرقى زامان غەرب مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۇچرىتىمىز. ئۇلارنىڭ «دۇنيادا مەن ئۆزۈل - كېسىل چۈشىنىشنى ئۈمىد قىلىدىغان ئادەم پەقەت بىرلا، ئۇ دەل ئۆزۈم» (ئەنگلىيىلىك ئەدىب ئوسكار. ۋىلد)، «ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى چۈشىنىپ يېتىش ئەڭ چوڭ بەخت» (ئامې-رىكىلىق ئالىم فرانكلىن) دەپ قاراپ، ئۇنىڭدىن باشقا ھەر قانداق بەخت ۋە گۈزەللىك «پەقەت قوشۇمچە يېمەكلىكتۇر» (ئەنگلىيە دراما-تورگى بېرناردشاۋ) دەپ ۋارقىراشلىرى بىزگە تامامەن يات تۇيۇلىدى-غان بولۇپ قالدى.

ئۆزىنى چۈشىنىشنى تەشەببۇس قىلمايدىغان قاتمال مەدەنىيەتنىڭ بۆشۈكىدە چوڭ بولغان تىلىۋالدىدا يەككە ئاڭ، ئۆزلۈك ئېڭى، خاس-

لىق تۇيغۇسى بولمىغاچقا، يۇرتىدىن، يۇرتداشلىرىدىن ئايرىلىپلا ھېچ قانداق جاپا ـ مۇشەققەتنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىماي تۇرۇپمۇ مەنىۋى جەھەتتە مىجىقى چىقىپ كېتىدۇ. تۈرمىدە ئېغىر ئەمگەك قىلىپ، خارلىنىپ ياشىغىنىدىن ياقا يۇرتتا بولسىمۇ ئەركىن، مۇستەقىل ياشاشنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلمەيدۇ. پەرق تۇيغۇسى خۇنۈك، ئېتىقادى ئاجىز، نېمە ئۈچۈن ياشاش مۇددىئاسى يوق، ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئازراقمۇ بىلمەيدىغان تىلىۋالدى بەكمۇ ئاددىي ۋە ئابستراكت قاراشلارنى تەشەببۇس قىلىدىغان مەدەنىيەتنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغاچقا، گېپى كەلگەندە پەقەت ئىدىيىلا ئادەمنىڭ ھەقىقىي ۋەتىنى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، سوقرات ئېيتقاندەك، «دۇنيا بەكمۇ رەزىل، ئادەم پەقەت ئۆزىنىڭ خىيالىي دۇنياسىدىلا ياشىشى كېرەك» ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتمىدى. ئەلۋەتتە بۇ خىل پەلسەپىۋى مەنىدىكى يۈكسەك ۋەتەن چۈشەنچىسى ئۇنىڭ زەئىپ روھىغا سىغمايتتى. «ئاجىز ئەقىلگە چاقچاق ئارتۇقچە» دېگەندەك، ئۇنىڭغا پەلسەپىۋى ئىدىيە تېخىمۇ ئارتۇقچە ئىدى.

يۇرتى ۋە يۇرتداشلىرىنى سېغىنىشتىن باشقا مەنىۋى دەسمايىسى يوق بۇ زەئىپ ئىنسان يازغۇچىنىڭ قەلىمى ئاستىدا مەدھىيىلەندى، گۈزەللەشتۈرۈلدى ۋە ۋەتىنىنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقارمايدىغان سادىق، ۋاپادار ئوغلان سۈپىتىدە تەسۋىرلەندى. يازغۇچىنىڭ كۈچلۈك ھېسداشلىق پوزىتسىيىسى بىلەن ياراتقان بۇ پېرسوناژى ماڭا يازغۇچىنىڭ تراگېدىيە ئېڭى بىلەن زەئىپ مۇھەببىتىدىن دېرەك بەردى. بۇ خىل زەئىپ مۇھەببەت ۋە ئاجىز تراگېدىيە ئېڭىنىڭ يىلتىزى ئەلۋەتتە مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ خاراكتېرى ۋە مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت پسىخىك قۇرۇلمىسىغا تۇتىشىدۇ. بۇ مىللىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ماھىيىتىدىكى مۇكەممەلسىزلىكنىڭ، چەكلىمىلىكنىڭ، ئاجىزلىقىنىڭ يەككە سۇبيېكتتا كۆرۈلگەن كونكرېت ئىپادىسى.

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر بۇ ئەسەردە تىلىۋالدىنىڭ ۋۇجۇدىد-

كى قالاقلىق، سولىشاڭغۇلۇق، دۆتلۈك، ئەخمەقلىق ۋە زەئىپلىككە ئېچىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلماي ئەكسىچە ئۆز قەلبىنى تەڭكەش قىلىپ ھېسداشلىق كەيپىياتىنى ئىپادىلىگەن. بۇ بىر پاجىئە-لىك روھىي ھالەت بولۇپ ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشىنىڭ ئاسارىتىگە مەھكەم چىرمىشىپ قالغان ئاڭنىڭ مەھسۇلى. بىز تىلىۋالدىدەك مەنىۋى دۇنياسى پالەچ، ئۆسۈملۈكسىمان ئادەملەرنىڭ پەن - تېخنى-كىنىڭ كۈچى ئارقىلىق شىددەت بىلەن تارىيىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا بەكمۇ كۆلكىلىك مەسخىرە ئوبيېكتى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك.

ئەينى يىللاردىكى ئاشۇنداق ئادالەتسىز مۇئامىلە، مۇدھىش رېئال-لىق، ھايۋان كەبى تۇرمۇش بىلەن مەدەنىيەتلىك، ئەركىن دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى ماھىيەتلىك پەرقنى بىۋاسىتە كەچۈرمىشلىرى ئارقى-لىقمۇ سېلىشتۇرۇپ ھېس قىلالمىغان، مۇشۇنداق روشەن سېلىشتۇر-ما ئىنسانىي ئېڭىنى، كىشىلىك غۇرۇرىنى ئازراقمۇ ئويغىتالمىغان بىر زەئىپ ئىنساننى ئىجابىي مەۋقەدە تۇرۇپ گۈزەللەشتۈرۈش مەلۇم جەھەتتىن مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ ھاياتىي كۈچىنىڭ زادى قانچە-لىك ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرسە كېرەك.

يازغۇچىنىڭ ئەسەرگە سىڭدۈرگەن ئىدىيىۋى كەيپىياتىدىن ئۇ-نىڭ قايسى مەۋقەنى چىقىش قىلغانلىقى بىزگە ئايان بولدى. يازغۇچى ھەرگىزمۇ مول ھاياتىي كۈچكە ئىگە ساغلام ھېسسىياتنى تەكىتلەش، ھاياتلىق ئېڭىنى كۈچەيتىش، روھىي سولىشاڭغۇلۇقنى ئەيىبلەش، ئەنئەنىۋى قاتمال مەدەنىيەتنى تەنقىد قىلىش، تۇغما ئىقتىدارنىڭ تەبىئىي تەرەققىياتىنى تەرغىب قىلىش ۋە ئىنسان روھىنى چۈشەكتىن ئازاد قىلىشنى چاقىرىق قىلمىدى. ئۇنىڭ كۆڭۈل بۆلۈپ يازغىنى ساختا سۆزىتىنى ئاساس قىلغان، ئەھمىيەتسىز قىزىقچىلىقنى قوغلاش-قان، بىر يارىماس بايقۇشنىڭ تراگېدىيىلىك قىممەت ھاسىل قىلالماي-دىغان ھاياتىغا ئوقۇلغان مەدھىيە ناخشىسى بولدى. ھەرگىزمۇ ئەينى

يىللاردىكى كىشىلەرنىڭ ساغلام ئەقىل ۋە ساپ ھېسسىياتىغا ئايەت خاراكتېرلىك زەربە بەرگەن داغدۇغىلىق ھەرىكەتلەر، پايخان قىلىنىغان كىشىلىك ھوقۇق، گۇمران بولغان ھەقىقىي روھىي ھالەت، چوڭقۇر ئىنسان تەبىئىتى ۋە كىشىنىڭ روھىي دۇنياسىنى زىلزىلىگە سالىدىغان ئېچىنىشلىق تراگېدىيە بولمىدى. روھىي دۇنيانىڭ تەكتىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان مۇستەقىل چۈشەنچە ۋە سۇبيېكتىپ ئاڭنى، مىللەتنىڭ مەۋجۇت ھالىتىگە بېرىپ تېگىدىغان ئىدىيىۋى چوڭقۇرلۇقنى ئىپادىلىمىدى. ئاپتور ھازىرقى زامان رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ قىممەت يۈزلىنىشىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، رېئالىزم ئەدەبىياتى ئاللىبۇرۇن ھالقىپ ئۆتۈپ كەتكەن دراماتىكىلىق، توقۇلما ۋە تىپ يارىتىش ئۇسۇللىرىنى ھېكايە توقۇشقا ھېرىسمەن ئاممىباپ پروزا يازغۇچىلىرىغا ئوخشاش كەڭ كۆلەمدە ئىشلەتكەن. بۇنىڭ بىلەن رېئاللىقنىڭ ھەقىقىي ھالىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشتەك تۈپ مۇددىئادىن يىراقلاپ كەتكەن. تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي چىنلىق تۇيغۇسىغا ئەھمىيەت بېرەلمىگەن. قىيپالىڭاچ چىنلىق، ئېچىنىشلىق چىنلىق ئۈستىدە ئىزدىنەلمىگەن. ئەسەردە تۇرمۇش جەريانىنىڭ تەبىئىي ئېقىنى يېزىلماستىن، كىشىنى ئىشەندۈرەلمەيدىغان تاسادىپىي ماس كېلىش قىلىشلار، ئەسەر بىلەن ئېچكى مۇناسىۋىتى بولمىغان پارچە - پۇرات ۋەقەلىكلەر كۆپلەپ يېزىلىپ، تۇرمۇشنىڭ ئەسلى قىياپىتى ساقلاپ قېلىنمىغان. شۇڭا پۈتۈن ئەسەردىن يازغۇچى ئېڭىدىكى تراگېدىيىلىك توقۇنۇشنى كۆرگىلى بولمايدۇ. شۇڭا بۇ ئەسەرنى كۆپ تەرەپلىمە سۈرەتلەنگەن مۇرەككەپ خاراكتېر يارىتىلمىغان، بىر خىل مەۋجۇت ھالەت، مەۋجۇت تراگېدىيە ئېچىپ بېرىلمىگەن، ماھىيەتلىك بولغان بىر خىل ھېسسىيات سىڭدۈرۈلمىگەن ئاددىي ئەسەر، ھەتتا ئاممىباپ پروزىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا يۈزلەنگەن يازغۇچىنىڭ مەشىق ئەسىرى دەپ يەكۈن چىقىرىش مۇمكىن.

يازغۇچىنىڭ پۈتۈن ئەسەرگە سىڭگەن زەئىپ مۇھەببىتىنى ۋە

ئاجىز تراگېدىيە ئېڭىنى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ خاراكتېرىگە يىل-
تىز تارتقان ۋە شۇنىڭدىن ئوزۇقلانغان دەپ قاراشنىڭ ئاساسى بارمۇ -
يوق؟ مېنىڭچە ئۇنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر ئاساسى ۋە سەۋەب - نەتىجە-
لىك مۇناسىۋىتى بار.

شۇكۇر - قانائەت بىلەن بىر خىلدا تىرىكچىلىك ۋە ئىستىقامەت
قىلىپ كەلگەن خەلقىمىز مادارا - مۇرەسسەچى، ئىتائەتمەن مۇلايىم
خاراكتېرىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، «پەرھات - شېرىن»، «تاھىر -
زۆھرە»، «لەيلى - مەجنۇن»، «يۈسۈپ - زىلەيخا»، «غېرىپ -
سەنەم» گە ئوخشاش تراگېدىيىسى سۆس مۇھەببەت داستانلىرىنى تو-
قۇپ ئۆزىنىڭ كۆنسېرى زەئىپلىشىپ ۋە قۇرغاقلىشىپ كېتىۋاتقان
روھىيەت ئالىمىنى بېزىدى. يۈرەكنى زىلزىلىگە سالىدىغان تراگېدى-
يىلەرنىڭ تەسىرىگە بەرداشلىق بېرىشكە كۆنمەي، كۆپلىگەن داستان،
قىسسە، چۆچەكلىرىنىڭ خاتىمىسىگە ھەمىشە كىشىنى مۇئەييەن قانا-
ئەت تۇيغۇسىغا چۆمدۈرىدىغان ئوچۇق ھەم يېقىملىق رەڭ بېرىش،
كىشىلەرنى ئاز - تولا ئۈمىدلەندۈرۈش ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىگە
تەسەللىي بېرىشكە ئادەتلەندى. تاسادىپىي ئوخشىشىپ قالغان بۇنداق
ۋەقەلىك قېلىپى خەلقىمىزنىڭ نەچچە ئەسىر جەريانىدا شەكىللەنگەن
ئېستېتىك پسىخىكىسىنىڭ «قېلىپى» ئىدى. تەتقىقاتچىلار شۇنى ئې-
تىراپ قىلىدۇكى، مۇئەييەن تارىخىي شارائىت، تەبىئىي شارائىت ۋە
ئىجتىمائىي مۇھىتتا شەكىللەنگەن مىللىي يوشۇرۇن ئاڭ شۇ مىللەت-
نىڭ تراگېدىيە ئېستېتىكىسىنىڭ تىپىنى ۋە ماھىيىتىنى ئاستا -
ئاستا بەلگىلەيدۇ. ھەتتا شۇ مىللەتنىڭ تراگېدىيىلىك ئەسەرلىرىدىكى
ئەڭ ئاساسلىق ھېكايە سەنئىتىنىڭ ئانا تېمىسىنى ۋە ۋەقەلىك مودېلى-
نى بەلگىلەيدۇ. ئۇ بىر خىل مىللىي يوشۇرۇن ئاڭ بولغانلىقتىن،
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىمۇ
ھەر خىل شەكىلدە ئومۇمىيۈزلۈك ئەكس ئېتىدۇ. يازغۇچى مەمتىمىن
ھوشۇرنىڭ تىلىۋالدىنىڭ بەختسىز كەچۈرمىشلىرىنى تاسادىپىيلىقلار

ئارقىلىق تۇغدۇرۇشى ۋە بۇ خىل شەخس تراگېدىيىسىنىڭ يىلتىزىنى كەڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىگە قويالماسلىقى، ھەتتا ئەڭ ئاخىرىدا تىلىۋالدىنى مۇرادىغا يەتكۈزۈشى مانا مۇشۇنداق ئاجىز تراگېدىيە ئېڭىنىڭ ۋە تراگېدىيە پسىخىكىسىنىڭ مەھسۇلى. شۇنى بىلىش كېرەككى، تراگېدىيە ئېڭى ئاجىز خەلق — بەختسىز خەلق.

(بۇ ماقالە «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىل 12 - ساندا ئېلان قىلىنغان)

# «زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت» كە قوشۇمچە

مەمتىمىن ھوشۇر

يالقۇن روزىنىڭ «خاسىيەتلىك قار» نامىلىق پوۋېستىمنى تەھلىل قىلىپ يازغان، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1993 ـ يىللىق 12 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت» دېگەن ماقالىسىنى كۆردۈم. ئەسەر تەھلىل قىلىشنىڭ مۇنداقمۇ ئۇسۇللىرىنىڭ ئىجاد بولغىنىدىن ئانچە خەۋىرىم يوق ئىكەن. ئەدەبىي ئەسەر ھەققىدىكى مۇلاھىزىنى ئەمەس، مىللەت ئۇستىدىكى پۈتۈن بىر شىكايەتنامىنى ئوقۇپ چىققاندەك بولۇپ قالدىم. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، كىتابخانلىرىمىز بىزنىڭ ئەسەرلىرىمىز بېسىلغان ژۇرناللارنى پۇلغا سېتىۋالىدۇ ۋە قىممەتلىك ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ ئوقۇپ چىقىدۇ. ئۇلار ئەسەرلىرىمىزگە ياخشى ـ يامان دەپ باھا بېرىشكە ھەقلىق. ياخشى نىيەتلىك تەنقىدچىلىرىمىز بولسا، ئەدەبىياتىمىزنى توغرا يۆنىلىشكە سېلىشقا باش قاتۇرىدۇكى، باشقا غەرەزدە بولمايدۇ. بىراق «زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت» نىڭ مۇھاكىمە دائىرىسى «خاسىيەتلىك قار» دىن ھالقىپ مىللىتىمىزنىڭ نەچچە يۈز يىللىق مەدەنىيەت تارىخىي مەزمۇنىدىكى گەپلەرگە كېتىپ قالغاچقا، بۇ مۇنازىرىگە ئۆزۈمىنىڭمۇ بىر نەچچە ئېغىز سۆز قوشۇمچە قىلىپ قويغۇم كېلىپ قالدى.

«زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت» نىڭ ئاپتورى ماقالىسىدا مەنسۇر ھەللاجى، جالالىدىن رۇمى، شەمسى تەبرىزى، ئەھمەد يەسسەۋى، ئەلىشىر ناۋائى دېگەندەك بىر مۇنچە شەرق ئۆلىمالىرىنىڭ ئىس-

مىنى قاتار تىزىپ، يەنە لوس بىننىنكىت، لاۋرىنىس، بىرنادشاۋ، ئوسكار. ۋىلد، فرانكلىنلاردىن روبىنزون گروزو، سوقرانقىچە بولغان غەربنىڭ نامدارلىرىنى گۈۋاھلىققا تارتىپ، خەلقىمىزنىڭ يېقىنقى بەش ئەسىرلىك تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى، مىللەتنىڭ يارىماس ئەخلاق، قىممەت قاراشلىرى، تۇرمۇش ۋە تەپەككۇر شەكلى. . . خەتنە توي، نەزىر - چىراغ. . . ئۆزىنىڭ پەقەتلا خۇشى قالمىغان ساۋاتسىز بوۋىسى بىلەن چىشى قالمىغان مومىسى. . . «پەرھات - شېرىن»، «لەيلى - مەجنۇن»، «غېرىپ - سەنەم» ۋەھاكازالار ئۈستىدىكى دادلاشلىرىنى يېتەرلىك يېزىپتۇ. بۇ خۇددى بىر نېمىگە جىلى بولۇپ قورسىقى كۆپۈپ تۇرغان ئادەمنىڭ يوقىلاڭ بىر ئىشنى باھانىلاپ، يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ ياقىسىغا كاپلا قىلىپ ئېسىلىپ، ئۇنىڭ ئانا - مانىسىنى قوشۇپ تىللاپ قورسىقىنى بوشتىۋالغانىدەك ئىش بولۇپتۇ. كىشىنىڭ ھەقىقەتەن كۈلكىسى كېلىدۇ. بىر زامانلاردا ئۇرۇمچى دۆڭ كۆۋرۈكنىڭ ئەتراپىدا ئاشخانىمۇ ئاشخانا كىرىپ قىزىقچىلىق قىلىپ يۈرۈيدىغان ئاباس لويى دەيدىغان بىر ئادەم بولىدىغان، تاغدىن - باغدىن ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەپ: «بىر پۇتۇم ئايدا، بىر پۇتۇم لايدا، ھەممىسىنى يامان دەيسەن، ياخشىسى قايدا؟»، دەپ ئۇنىڭ - بۇنىڭ جوزىسىدىن بىر - ئىككى رومكا ھاراق ئىچىپ چىقىپ كېتەتتى، شۇ چېغىدىمۇ سورىغان نېمىسىنى بەرمىگەنلەرگە ئانچىۋالا كايىپ كەتمەيتتى.

ئويلىسام، بۇمۇ ئانچە ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەستەك تۇرىدۇ. بىز مۇشۇ بىر دەۋردىكى قەلەمكەشلەرگە ھازىر چىشى قالمىغان بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۈگۈت - نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سېلىشتىن باشقا يەنە تېخى چىشى چىقمىغان «مومىلىرىمىز» نىڭ تاپا - تەنىلىرىگىمۇ چىداشقا توغرا كېلىدىغان بولۇپ قالدى.

گەپنى «زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت» نىڭ ئاپتورى زېرىكمەي ساناپ چىققان مىللەتنىڭ زەئىپلىكلىرى ئۈستىدە يورغىلىتىدى-

غان بولساق، بۇ كونا زەئىپلىكلەرنىڭ ئۈستىگە ئارتىلىپ يوق بولۇ-
ۋاتقان مۇنداق يېڭى زەئىپلىكلەرنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كې-
لىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئاتا - بوۋىسىنىڭ جىمى نەرسىسىنى «يارىمايدۇ»
غا چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ شۇلارنىڭ پۇشتى بولۇپ تۆرىلىپ قالغىنىغا
پۇشايمان قىلىپ، نالە - پەرياد چېكىدىغان زەئىپ روھ. مۇنداق
روھتىكىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن ۋايىساشتىن باشقا ھېچنېمە تاپقىلى بولماي-
دۇ. ئاغزىنى ئاچسىلا مىللەتنى قارغايدۇ؛ تاپا - تەنىلەرنى يېغىشتۇ-
رۇپ قويۇپ، باشقىلار قىلالمىغان ئىشلارنى ئۆزىدىن باشلاپ قىلسىمۇ
بولىدىغانلىقىنى، ئۆتكەنكى تارىخلارنىڭ ھېچنېمىسى يارىمىسا يېڭى-
دىن تارىخ يارىتىش مۇمكىنلىكىنى، «بۈگۈن» نىڭ ئۆتمۈشنىڭ داۋا-
مى، شۇنداقلا كەلگۈسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولالايدىغانلىقىنى
ئويلاپمۇ قويمايدۇ.

بىر مىللەتنى ۋەيران قىلىدىغىنى ئۇنىڭ ئۆتمۈشى ئەمەس، بۈ-
گۈنى. چۈنكى ئۆتمۈش ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن نەرسە. بۈگۈن دېمەك —
پۈرسەت دېمەك. ئەگەر ئۇنىڭ بۈگۈنىمۇ بىر - بىرىگە تەنە قىلىش،
پۈتۈپ كەتكەن كونا قاقاشلارنى تاتىلاپ ئولتۇرۇش بىلەنلا ئۆتىدىغان
بولسا، ئىستىقبالنىڭ قاراڭغۇلاشقىنى شۇ!

ھەممە ئەيىبنى ئۆتمۈشكە، ئاتا - بوۋىسىغىلا دۆڭگەپ قويۇپ،
ئۆزىنىڭ بۇرچىنى ھېس قىلماسلىق — ئاتا - بوۋىسىنىڭ ئۇلۇغلىقى-
دىن مەست بولۇپ ئەخمەقلەرچە گىدىيىپ يۈرگەنگە ئوخشاشلا خەتەر-
لىك. بۇ ئۆزىنىڭ زەئىپلىكىنى پەردازلاپ كۆرسىتىشنىڭ ئىككىنچى
بىر خىل ئۇسۇلى. بۇنداقلارنىڭ بەزىلىرى ھازىر زاكىسىدىن ئايرىل-
ماي تۇرۇپلا قېرىپ ماكچىيىپ كەتكىلى تۇردى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ
تېخى ھېچبىر ئىش قىلىپ باقمىغانلىقىغا قارىماي جىمى ئادەمگە
ئەقىل ئۆگىتىدۇ. كوچەپ چىڭقىلىپ، ئۆزىمۇ تېخى تۈزۈك چۈشى-
نىپ بولالمىغان «تەلىمات» لارنى باشقىلارغا چۈشەندۈرۈپ قويماقچى
بولۇشىدۇ. بەزىلىرىنىڭ ئىزا تارتمىسا ھەممىنىڭ ساقىلىغا بىر -

www.uyghurkitap.com

بىرلەپ ئېسىلىپ گۈلەڭگۈچ ئويناپ باققۇسى كېلىدۇ. ئۇلار چىشى قالمىغان مومىسىنىڭ پەند ـ نەسىھەتلىرى، توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ دېگەنلەردىن شۇنچىلىك بىزار، بولسا خەتنىسىنىمۇ قىلماي، بېلىگە قاپاق باغلاپ، ئۇمىد تۇمشۇقىدىن قايتا ئۈزۈپ ئۆتۈپ، ئامېرىكا قىتئەسىنى باشقىدىن ئېچىپ باققۇسى ياكى روبىنزون گروزودەك ئادەمسىز بىر ئارالغا چىقىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ «ئالەمنىڭ مەركىزى، بارلىق قىممەتنىڭ بىردىن بىر ئۆلچىمى» ئىكەنلىكىنى ئىسپات قىلغۇسى بار. . . ئۇلارنىڭ نەزىرىدە كىندىك قېنى تۆكۈلگەن زېمىننى، يۇرتداشلىرىنى سېغىنىشتىنمۇ ئەخمىقانە ئىش يوق. مۇمكىن بولسا، ئاشۇ خىلمۇ خىل زەئىپلىكلەر بىلەن جاراھەتلەنگەن ئانىسىنى تاشلاپ، «ئەركىن دۇنيا»غا بىر چىقىۋالسا، ئۇرۇق ـ تۇغقان، خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرى بار تەرەپكە قاراپمۇ قويغۇسى يوق. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى قىسمەنلىرى ھازىر ئۆزى ئارزۇ قىلغان «ئەركىن دۇنيا»سىغا يېتەلمىگەن بولسىمۇ، كۆڭۈل خۇشلۇقىنى شۇ «مەدەنىيەتلىك» دۇنيانىڭ ئاق تاماكىسىدىن تاپتى، ئۇلارنىڭ چېكىۋېلىپ ئايىغى چىقماس خىياللارغا پېتىپ، «زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت»نىڭ ئاپتورى مەدھىيىلىگەن «دۇنيا بەكمۇ رەزىل، ئادەم پەقەت ئۆزىنىڭ خىيالىي دۇنياسىدىلا ياشىشى كېرەك» دېگەن چەككە يەتكىنىگە ئۇزۇن بولۇپ قالدى.

ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۇزۇن تارىخ جەريانىدا شەكىللەنگەن مىللىي مەدەنىيىتى، مىللىي روھىدا ساقلاپ قېلىنىشقا تېگىشلىك ئېسىل جەۋھەرلەرمۇ ۋە تاشلىۋېتىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن داشقاللارمۇ بولىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ئۆز ئەجدادلىرى تۇرغۇزغان بارلىق ئەقىدىلەردىن بىراقلا ۋاز كېچىدىكەن، ئۇنىڭ يىمىرىلىپ كەتمىكى ھېچگەپ ئەمەس، مۇنداقلار باشقىلارنىڭ «ئەركىن دۇنيا»سىغا يېتىۋالسىلا، «پەرق ئېتىش تۇيغۇسىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ» نامرات ئانىسىنىڭ ۋەيرانە كۈلبىسىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ يۈرۈشتەك «ئەخمەقلىق»نى

ھەرگىز قىلمايدۇ. «ياقا يۇرتتا بولسىمۇ ئەركىن، مۇستەقىل ياشاشنىڭ ئەۋزەللىكىنى تونۇپ»، يۈزىنى داپتەك قىلىپ ئۆزىنى باشقا بىر مىللەت دەپ تىزىملىتىۋېلىشتىنمۇ يانمايدۇ. «خاسىيەتلىك قار» دىكى ئىدىيە دەل مۇشۇنداق جان باقارلىق زەئىپ روھقا قارشى قويۇلغان. ئەسەر قەھرىمانى ئىلاجىسىز ئەھۋالدا، ھاياتلىق يولى ئىزدەپ چەتكە چىقىپ مەيلى يوقسۇل، مەيلى باي ئەھۋالدا بولسۇن، تۇغۇلغان زېمىنىنى، يۇرتداش، خوتۇن، بالا - چاقىلىرىنى بىر مىنۇتمۇ ئۇنتۇپ قالالمىغان، ۋەتەنگە قايتىپ كېلىشكە كۆزى يەتمىگەنسېرى ھايات شامى ئۆچۈپ تۈگىشىپ كەتكەن. ۋەتەنگە قايتىش ئۈمىدى پەيدا بولغاندا ھايات شامى قايتىدىن پىلىلداشقا باشلىغان ئاددىي بىر پېرسوناژ، بۇ «خاسىيەتلىك قار» توزۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئۆز زېمىنىغا لەيلەپ چۈشۈشنى خالايدۇ. ئۆزى ئېرىپ سىڭگەن تۇپراقتىن يەنە رەڭمۇ رەڭ گۈللەرنىڭ بىخ ئۇرۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. . . «خاسىيەتلىك قار» دىكى ۋەقەلەر نەدىمۇ تۈركىيىدە بولغان ئىش بولسۇن؟ ئۇ ئىشلارنىڭ زادى نەدە يۈز بەرگەنلىكىنى سورىسا ئۆزۈممۇ دەپ بېرەلمەيمەن. بۇ بىر خىيالىي توقۇلما، قايىل قىلىش كۈچى يېتەرسىز بولغان ناچار توقۇلما. . .

روبىنزون گروزو ئۆزىنىڭ قەيسەرلىكىنى نامايان قىلغان سىرلىق ئارالنى بۈگۈنكى كۈندە باشقا يەرلەردىن ئىزدەپ ئاۋارە بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئادەم ئايىغى باسمىغان تاغ - باياۋان، چەكسىز قۇملۇقلىرىمىزدا خىلمۇ خىل قېدىرغۇچىلارنىڭ ئەترەتلىرى كېزىپ يۈرۈپتۇ. خىيالىي بەختىنى ئىزدەپ قاڭقىپ چىقىپ كېتىش ئەمەس شۇ زېمىننىڭ ھەقىقىي ئىگىسى، خوجايىنى ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ھاياتىي كۈچىنى مەنىلىك ئىشلارغا بېغىشلاپ، ئۆز ئېلىدە مەھكەم دەسسەپ تۇرۇشلا بۈگۈنكى كۈندە مەدھىيىلەشكە تېگىشلىك ئەڭ جاسارەتلىك روھ!

مېنىڭ قەلىمىم ئاستىدىكى پېرسوناژلار ناھايىتى ئاددىي ئادەم-

لەر. ئۇلاردا ئۆز مىللىتىدە مەۋجۇت بولغان ئىللەتلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ. بۇ «چەكتىن ئېشىپ ئەخمەقلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ئاق كۆڭۈل ئادەملەر»نى يەنە مۇھەببەت بىلەن يازغۇم كېلىدۇ. ئۇلارنى بەزىدە مەدھىيىلەپ، بەزىدە كۈلكە ئاستىغا ئېلىپ، شۇ ئادەملەرنىڭ ئۆزىگە ئۆزىنى تونۇتقۇم كېلىدۇ. «زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت»نىڭ ئاپتورى تەشەببۇس قىلغاندەك، ھايات ياشاۋاتقان بۇ قېرىنداشلىرىمنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ تارىخىدىن، ئۇرۇق - ئەۋلادىدىن قالغان ھەممە زەئىپلىكلەرنى گۇناھ قىلىپ ئارتىپ تىللاپ بېرىش قولۇمدىن زادىلا كەلمەيدۇ. ئۇنىڭسىزمۇ «تراگېدىيە ئېغى ئاجىز بۇ بەختسىز خەلق»نىڭ تارىختا تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرى يېتىپ ئاشىدۇ. ئادەملىرىمىزگە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بېغىشلاش ئەدەبىياتىمىزنىڭ جىنايەتى ئەمەس، بۇرچى!

ئاڭلىسام، ھېلىقى دۈڭكۈۋرۈكنى چۆرگىلەپ يۈرىدىغان ئابباس لويى دېگەن كىشى ئانچە - مۇنچە بوياقچىلىقمۇ قىلاتتىكەن. لېكىن، ئەدەبىياتتا — مەيلى ئەدەبىي ئىجادىيەت، مەيلى ئەدەبىي تەنقىتتە بولسۇن، رەڭۋازلىق ئانچە ئاقمايدۇ!

(بۇ ماقالە «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1994 - يىل 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان)

# يەنە «زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت» توغرىسىدا

## — سىنىڭ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىڭ چەتكە چىقماسلىق بىلەن ئىپادىلەنمەيدۇ①

— ئابدۇقادىر داموللام

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ مېنىڭ «زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت» ناملىق تەنقىدىي ماقالەمگە جاۋابەن يېزىپ، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1994 - يىل 3 - سانىدا ئېلان قىلغان «‹زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت› كە قوشۇمچە» ناملىق ماقالىسى مېنى يەنە قولۇمغا قەلەم ئېلىشقا مەجبۇر قىلدى. مېنىڭ بۇ ماقالىنى يېزىشىم ئەقلىمنى سىلىشتۇرۇش ئارقىلىق مەمنۇن بولىدىغان قارشى قۇتۇبنى ئىزدەش ئۈچۈن ئەمەس. ياكى مەمتىمىن ھوشۇر ئېيتقاندەك «ئەخمەقلەرچە گىدىيىپ»، «ئۆزلىرىنىڭ ھېچ ئىش قىلىپ باقمىغانلىقىغا قارىماي جىمى ئادەمگە ئەقىل ئۆگىتىش»، «كۆچەپ چىڭقىلىپ، ئۆزىمۇ تېخى تۈزۈك چۈشىنىپ بولالمىغان ‹تەلىمات› لارنى باشقىلارغا چۈشەندۈرۈپ» قويۇش ئۈچۈنمۇ ئەمەس، ياكى «ھەممىنىڭ ساقىلىغا بىر - بىرلەپ ئېسىلىپ گۆلەڭگۈچ ئويناپ بېقىش» ئۈچۈنمۇ ئەمەس. توغرا، ياشلار ئادەتتە، نېمىلا بولمىسۇن، مەلۇم دەرىجىدە ئەخمەق ۋە نادان بولۇشتەك ئاجىزلىقتىن خالىي بولالمايدۇ. مەنمۇ ئۆزۈمدە شۇنداق ئاجىزلىقنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىمەن، لېكىن، مەن

---

① ئابدۇقادىر داموللامنىڭ «مىفتاھۇل ئەدەب» ناملىق ئەسىرىگە قاراڭ.

ۋىلىيام پىت ئېيتقانىدەك «نادانلىق ـ ئەخمەقلىقلىرى ياشلىق باھارى بىلەن تەڭ تۈگەيدىغان كىشىلەر تائىپىسىگە مەنسۇپ بولسام دەيمەن. ھەرگىزمۇ يېشىمنىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىغا، جىق ئىش كۆرگەنلىكىمگە قارىماي، يەنىلا بەغەرەز ۋە ئەخمەق ـ نادان پېتى قالىدىغان كىشىلەردىن بولۇشنى خالىمايمەن» دېمەك، مېنىڭ «زەئىپ روھ»نى چۆرىدەپ كاج مىجەزلىك بىلەن مۇنازىرىلىشىشىم ئۆزۈمگە تولۇق قايىللىق تاپقىچە ئۆزۈم توغرا دەپ ئىشەنگەن ھەقىقەتنى قوغداش ۋە تەشەببۇس قىلىش ئۈچۈن.

مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ بۇ جاۋاب ماقالىسى مەنتىقىلىق زىددىيەتلىرى كۆپ، ئەخلاقىي خاھىشى ناچار، كۆزقاراشلىرى ئاددىي، نۇقتىئىنەزەرلىرى مۇجمەل بولۇشتەك تۆت ئالاھىدىلىككە ئىگە. مەن مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ خېلىلا كۈچلۈك ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانمايمەن. ئەمما بۇ ماقالىسىنىڭ سالمىقىغا قاراپ نەزەرىيىۋى تەپەككۇرىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي تۇرالمىدىم. قارىغاندا بۇ يىللاردا بىزگە بىرەر مۇتەپەككۇر يازغۇچى ـ شائىر نىسىپ بولمايدىغان ئوخشايدۇ. ئەسلى نەزەرىيىۋى تەپەككۇرىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولۇشى بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ۋە ھاياتىي ئىقتىدارىنى ئۆلچەيدىغان ئەڭ ئالىي ئۆلچەم ئىدى. قىبرىشقاندەك دەل مۇشۇ ئىقتىدار بىزدە بۆھران ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزدا ئۆزگىچىلىك، چوڭقۇرلۇق، ئىلمىيلىك، كەڭلىك ۋە سىستېمىلىق يوق دېيەرلىك. بىز ھەتتا ئۆزىمىزنىڭ بەزىدە نېمىگە قارشى تۇرۇپ نېمىنى قوللاۋاتقانلىقىمىزنى، نېمىنى توسۇپ نېمىنى تەشەببۇس قىلىۋاتقانلىقىمىزنىمۇ ئېنىق بىلمەيمىز. تەپەككۇر دەلدۇشلۇكى، تەپەككۇر ھورۇنلۇقى، تەپەككۇر قاتماللىقى، تەپەككۇر بىر خىللىقى بىزدىكى بىر ئومۇمىي كېسەل، بىز قاتتىق پىكىر قىسىشقا ئادەتلەنمىگەچكە مىللىي ئەقىل قۇرۇلمىمىز بەكمۇ ئاجىز، نەزەرىيىۋى تەپەككۇر قى-

لىش ئىقتىدارىمىز يوق دېيەرلىك. شۇڭلاشقىمۇ بىزدىن يېڭى ئىدىيە تۇغۇلۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا بىز يېڭى ئىدىيىلەرنى قوبۇل قىلغۇدەك مادارغىمۇ يېتەرلىك دەرىجىدە ئىگە بولالمايۋاتىمىز. قىسقىسى ئەقلىي زەئىپلىك بىلەن روھىي زەئىپلىك بىزنىڭ ھاياتلىق سەپىرىدىكى مۇشكۇلاتلىرىمىزنى تېخىمۇ كۆپەيتىۋېتىپ بارىدۇ ۋە قېيىنلاشتۇرۇۋېتىپ بارىدۇ.

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر ماقالىسىنىڭ بېشىدىلا «ئەسەر تەھلىل قىلىشنىڭ مۇنداقمۇ ئۇسۇللىرىنىڭ ئىجاد بولغىنىدىن ئانچە خەۋىرىم يوق ئىكەن» دەپ يازغان. روشەنكى بۇ مەندىن «ئىجازەت كىمنىڭكى بارمۇ ـ يوق؟» دەپ سورىغانلىق. مەن يازغۇچىنىڭ بۇ مەسىلىدە ئۆزىنىڭ بىلمەسلىكىدىن گۇمانلانماي، مېنى خاتا قىلىپ قويۇۋاتىدۇ، دەپ گۇمانلىنىۋاتقانلىقىغا جاۋابەن «ئەدەبىي تەنقىدشۇناسلىق» ناملىق كىتابتىكى مۇنۇ بىر ئابزاسنى ئەينەن نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتەي: «ئەدەبىي تەنقىد بىر خىل ئالاھىدە مەدەنىيەت پائالىيىتى، ئۇ مەدەنىيەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىگە ئېتىبار بەرمىسە بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەدەبىي تەنقىد ئۆزىمۇ مۇقەررەر ھالدا مەدەنىيەت تەنقىدىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەزى كىشىلەر ئەدەبىي تەنقىد پائالىيىتىنى ‹ئەدەبىياتقا كىرىش› ۋە ‹ئەدەبىياتتىن چىقىش› دەپ ئىككىگە بۆلۈپ پەرقلەندۈرىدۇ. ‹ئەدەبىياتقا كىرىش› دېگەندە ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ ھەم ئەدەبىياتنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكى ۋە ئېستېتىك ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلارنى تەكىتلەيدۇ. ‹ئەدەبىياتتىن چىقىش› دېگەندە ئەدەبىياتنىڭ ھەرخىل تاشقى ئالاھىدىلىكلىرى نەزەرگە ئېلىنىپ، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ پەلسەپە، سوتسىئولوگىيە، سىياسىيشۇناسلىق، ئېتىكا، مىللەتشۇناسلىق، پسىخولوگىيە، تارىخشۇناسلىق، ئېتنىگورافىيە، مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى ھەتتا تەبىئىي پەن قاتارلىقلار بىلەن بولغان ئىلمىي باغلىنىشىنى تەكىتلەيدۇ. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى

مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن تەكشۈرىدۇ ۋە تەتقىق قىلىدۇ.» بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مېنىڭ يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «خاسىيەتلىك قار» ناملىق پوۋېستىنى «مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئىقتىدارىنى ۋە مىللىي مەدەنىيەت پسىخىكىمىزنىڭ ساپاسىنى» تەنقىدلەش نۇقتىسىدىن باھالىشىم تامامەن يوللۇق. قاملاشتۇرالمىغان بولسام بۇ باشقا گەپ. مەن ئۆز نۆۋىتىدە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈشۈم زۆرۈركى، مېنىڭ «خاسىيەتلىك قار»نى بۇ نۇقتىدىن باھالىشىم، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ روھىدىكى كېسەللىك ئالامەتلىرى ۋە بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ بىزنىڭ نۆۋەتتىكى رېئاللىقىمىزغا «ماسلىشالماسلىق» ھادىسىسى ئۈستىدە چامىمىنىڭ يېتىشىچە تەنقىد يۈرگۈزۈشۈمنىڭ ۋە ئويلىنىش ئېلىپ بېرىشىمنىڭ مۇقەددىمىسى ھېسابلىنىدۇ.

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر ئۆز ماقالىسىدا يەنە مېنىڭ ماقالەمنى «ئەدەبىي ئەسەر ھەققىدىكى مۇلاھىزىنى ئەمەس، مىللەت ئۈستىدىكى پۈتۈن بىر شىكايەتنامىنى ئوقۇپ چىققاندەك بولۇپ قالدىم» دەپ تەنقىدلىگەن. يازغۇچىنىڭ بۇ مەسىلىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ قاتمال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ تەنقىدىي پىكرى ماڭا پەخىرلىنىش ھېسسىياتى ئاتا قىلدى. چۈنكى، مېنىڭ نەزىرىمدە كىرىزىس تۇيغۇسى ئەڭ كۈچلۈك، مىللەتكە بولغان مۇھەببىتى ئەڭ چوڭقۇر، رېئاللىق ھەققىدىكى چۈشەنچىسى ئەڭ تېرەن، ئېتىقاد ۋە ئەقىدىسى شۇنداقلا مىللىي مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى ئەڭ كۈچلۈك، ياخشىچاقلىق، مادارا - مۇرەسسەچىلىك بىلەن قىلچە خۇشى يوق كىشىلەرلا تەنقىدىي روھقا باي تەپەككۇر قىلىش ئادىتىگە ئىگە بولىدۇ ياكى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا «شىكايەتچى» كېلىدۇ. بىز ئابدۇخالىق ئۇيغۇردىن نېمىشقا شۇنچە سۆيۈنىمىز، چۈنكى ئۇ ئۆچىغا چىققان «شىكايەتچى» شائىردە!

توغرا، مىللىتىمىزنىڭ تارىختىكى سەلتەنەتلىك يۈرۈشلىرىدىن، پارلاق مەدەنىيەت سەمەرىلىرىدىن ۋە ئېسىل ئەنەنىلىرىدىن پەخىرلى-

نىش بىز ئۈچۈن ھەق. لېكىن مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيىتى، روھىيى-
تى ۋە ئىجتىمائىي پسىخىكىسىدىكى زەئىپلىكلىرى، تارىخ سەھنىسى-
دىكى خاتالىقلىرى ئۈستىدە تەنقىدىي مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش، يۈرگۈز-
گەندىمۇ سىپايىلىق بىلەن ئەمەس رەھىمسىزلىك بىلەن يۈرگۈزۈش
بىز ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر. «ھايات ياشاۋاتقان بۇ قېرىنداشلىرىمى-
نىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ تارىخىدىن، ئۇرۇق - ئەۋلادىدىن قالغان
ھەممە زەئىپلىكلىرىنى گۇناھ قىلىپ ئارتىپ تىللاپ بېرىش قولۇمدىن
زادىلا كەلمەيدۇ.» دەپ يۇمشاق كۆڭۈللۈك قىلساق ياكى ياخشىچاق-
لىق قىلساق، گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولىمىز. خۇددى
تاگور ئېيتقاندەك «ئەگەر سەن بارلىق خاتالىقلىرىڭغا نىسبەتەن ئى-
شىكنى چىڭ يېپىۋالىدىغان بولساڭ، ئۇنداقتا ھەقىقەتمۇ ساڭا ئىشى-
كىنى يېپىۋالىدۇ.» بىزنىڭ كۆپچىلىك قەلەمكەشلىرىمىز ئادەتتە
«ئۇيغۇرلار تارىخى ئۇزۇن، باتۇر، ئەمگەكچان، ئەقىل - پاراسەتلىك
مىللەت» دەپ ماختىنىشنى، «گۈزەل تاشقورغان» «گۈزەل قەشقەر»
«گۈزەل تۇرپان» «گۈزەل ئۈرۈمچى» «گۈزەل بورتالا» دەپ زېرىك-
مەي مەدھىيە ئوقۇشنى ئۆزلىرىگە ئادەت قىلغان. بىز قاچانغىچە
مەدھىيە شەكلىدىكى تەپەككۇر قېلىپىدىن قۇتۇلالمايمىز، نېمىشقا
مىللىتىمىزنىڭ زەئىپلىكلىرى، رەزىللىكلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈر-
گۈزۈشكە پېتىنالمايمىز، نېمىشقا چىلى شائىرى پابلو نېرۇدادەك
«بىز جىنايەتلىك بىر مىللەتنىڭ تارىخىغا ۋارىسلىق قىلىۋاتىمىز»
دەپ يۈرەكلىك ئېيتالمايمىز؟! شۇنى بىلىش لازىمكى، كىرىزىس
تۇيغۇسى كۈچلۈك ئادەملەرنىڭ غايىسىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. بۇ خىل
تۇيغۇغا ۋە قاراشقا ئىگە ئادەملەر ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىدىن بىر
نامراتلىقنىڭ ھەسرىتىنى چېكىدۇ ھەمدە شۇ ھەسرەت، ئۆكۈنۈش ۋە
ئەندىشىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئويلىنىش ئېلىپ بارىدۇ. ئوكتاۋىئو پاز
ئېيتقاندەك «ئويلىنىش ئالدى بىلەن تەنقىدنىڭ كۆز نۇرىنى ئەسلىگە
كەلتۈرۈش دېگەننى بىلدۈرىدۇ.» ئەلۋەتتە ھەر قانداق بىر مىللەت

www.uyghurkitap.com

ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ھاسىل قىلغان قىممىتى بىلەن غۇرۇرلىنىپ ياشايدۇ. ئۇنىڭ ئۆتمۈشتىكى سەلتەنەتلىك مەدەنىيىتى ۋە غالىبانە يۈرۈشلىرى شۇ مىللەتنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ مىللىي قىممىتىگە مىسلىسىز مەغرۇرلۇق تۇسىنى قوشىدۇ.

بىزنىڭ مىللىي قىممەت تۇيغۇمىزنى ئاشۇرۇپ، ئىپتىخار ئېڭىمىزنى كۈچەيتىدىغان يىراق ئۆتمۈشىمىز بىلەن بىزنى ئۆكۈنۈش، ھەسرەت، پۇشايمان تۇيغۇسىغا غەرق قىلىدىغان يېقىنقى بەش ئەسىرلىك تارىخىمىز مىللىتىمىز تارىخىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىدىن ئىبارەت. بۈگۈنكى كۈندە بىز باشقا مىللەتلەرنىڭ مىللىي قىممىتىنىڭ ھەر جەھەتتىن ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىغا، بىزنىڭ مىللىي قىممەت تۇيغۇمىزنىڭ قاتتىق خورلۇقتا ئۇچراۋاتقانلىقىغا قايسى نۇقتىدىن قاراشنى بىلمەيۋاتىمىز. بۇ تېما بىزنىڭ تەپەككۇر بوشلۇقىمىزغا تېخى ئومۇمىيۈزلۈك سىڭىپ كىرگىنى يوق. بىزنىڭ ئەندىشە ئېڭىمىز تېخى يېتەرلىك ئەمەس. بىز يۇلتۇزىمىزنىڭ بارغانچە پەسلەۋاتقان ياكى ئېگىزلەۋاتقانلىقىغا ئىنچىكىرەك نەزەر سېلىپ باقايلى. بىز تەنقىد ئېڭىمىزنى كۈچەيتىدىغان بولساق مىللىتىمىزنىڭ روھىيەت ئارخىپىدىن نۇرغۇن يىپ ئۇچىغا ئىگە بولالايمىز. خامۇشلارچە لاپ ئېتىپ ياشاۋەرسەك، ئەخمەقلەرچە ماختىنىۋەرسەك ياكى ياخشىچاقلىق قىلىپ قۇرۇقتىن - قۇرۇق مەدھىيىلەۋەرسەك پاجىئەنىڭ پاتقىقىغا تېخىمۇ چوڭقۇر پېتىپ قېلىشىمىز تۇرغانلا گەپ. ھەممىگە ئايانكى ھەر بىر ۋىجدان ئىگىسىنىڭ ئۆز مىللىتىگە بولغان مۇھەببىتى توسۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىدىكى قۇدرەتلىك روھ. مېنىڭچە مىللەت قەلبىنىڭ تارتىش كۈچى يەرشارىنىڭ تارتىش كۈچىدىن قۇدرەتلىك. لېكىن شۇ نەرسە ئېسىمىزدە بولۇشى لازىمكى، ھەقىقەت بەزىلەرنىڭ شوئارى، بەزىلەرنىڭ بولسا نىشانى.

مېنىڭ ماقالەمنى «ئەدەبىي ئەسەر ھەققىدىكى مۇلاھىزىنى ئەمەس، مىللەت ئۈستىدىكى پۈتۈن بىر شىكايەتنامىنى ئوقۇپ چىققان-

دەك بولۇپ قالدىم» دەپ تەنقىدلىگەن يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر ئۆزىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ئۈستىدە توختىلىپ «مېنىڭ قەلىمىم ئاستىدىكى پېرسوناژلار ناھايىتى ئاددىي ئادەملەر، ئۇلاردا ئۆز مىللىتىدە مەۋجۇت بولغان ئىللەتلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ.» دەپ يازغان. مېنى «مىللەتنىڭ زەئىپلىكلىرىنى زېرىكمەي ساناپ چىققان» دەپ ئەيىبلىگەن بۇ يازغۇچى ئۆزىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى پېرسوناژلىرىدا مىللىتىمىزدىكى مەۋجۇت ئىللەتلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىدىغانلىقىدىن ماختانغان. روشەنكى بۇ يازغۇچىنىڭ ماقالىسىدا كەتكۈزۈپ قويغان بىر مەنتىقىلىق زىددىيەت. يازغۇچىنىڭ بۇ يەردە كەتكۈزۈپ قويغان يەنە بىر سەۋەنلىكى شۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ پېرسوناژلىرى ئۈستىدە ئەمەلىيەتتىن ھالقىغان دەرىجىدە يوغان گەپ قىلىۋەتكەن. ئەگەر مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى پېرسوناژلاردا «مىللىتىمىزدە مەۋجۇت ئىللەتلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ» غان بولسا بۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن كارامەت زور ئىش ھېسابلانغان بولاتتى. مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى پېرسوناژلار «ئېچىلىك داستىخىنىم» دېسە ھەممە نازۇ نېمەت تەل بولىدىغان خاسىيەتلىك داستىخانەك، مىللىتىمىزدىكى مەۋجۇت ھەممە ئىللەت تېپىلىدىغان خاسىيەتلىك پېرسوناژلار ئەمەس. بۇ پېرسوناژلاردىن پەقەت مىللىتىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا مەۋجۇت بولغان بىر قىسىم ئىللەتلەرنى تاپقىلى بولىدىغانلىقى راست.

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر مەن ماقالەمدە ئىسمىنى ئاتاپ ئۆتكەن ۋە سۆزلىرىنى نەقىل ئالغان شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەت تارىخىدىكى مەشھۇر مۇتەپەككۇرلارنى «‹زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت› نىڭ ئاپتورى ئۆز ماقالىسىدا . . . بىر مۇنچە شەرق ئۆلىمالىرىنىڭ ئىسمىنى قاتار تىزىپ. . . غەربنىڭ نامدارلىرىنى گۇۋاھلىققا تارتىپ. . . مىللەت. . . ئۈستىدىكى داتلاشلىرىنى يېتەرلىك يېزىپتۇ» دەپ رەنجىگەن. مەن يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ بۇنچىلىك ئەقەللىي

مەسىلىلەردىمۇ بىلمەس بولۇۋالغانلىقىغا قاراپ مېنىڭ تەنقىدىي ماقا-
لەم يازغۇچىغا بەكمۇ سوغۇق كەپتۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم. ھەر قانداق
بىر مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىدە بولمىغان ياكى كەم بولغان
نەرسىلەرنى ئۆزىدىن باشقا بىر مىللىي مەدەنىيەتنىڭ خەزىنىسىدىن
قوبۇل قىلىدىغانلىقى ھەممىگە ئايانغۇ. ئۇلۇغ شائىر ناۋائى پەرھاتنى
نېمە ئۈچۈن غاردا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان سوقراتنىڭ ئالدىغا ئاپىرى-
دۇ؟ بۇ ئاز - تولا مەدەنىيەت ئېڭى بار كىشىلەرگە چۈشىنىشلىك
ئاددىي ھەقىقەت ئەمەسمۇ؟ . ئۆزى ئۈستىدىكى تەنقىدكە رەددىيە بې-
رىش ئۈچۈن چوقۇم تەتۈرلۈك قىلىش كېرەكمۇ - يە؟ ئەدەبىي
تەنقىدنى «چىشى چىقمىغان مومىلىرىمىزنىڭ تاپا - تەنىلىرى» دەپ
مەسخىرە قىلغان يازغۇچى مەتمىننىڭ ھوشۇرنىڭ «يازغۇچى —
تەنقىدچى — كىتابخان» دىن ئىبارەت بۇ ئۈچ تەرەپنىڭ ئاجرالماس بىر
پۈتۈن سىستېما مۇناسىۋىتى ھەققىدە يېتەرلىك ئىدىيىۋى تەييارلىقى
يوق ئىكەن. يازغۇچى - شائىرلار تەنقىدچىنىڭ چىشىنىڭ بار -
يوقلۇقىغا ئەمەس، يازغان ماقالىسىنىڭ داۋلىسىنىڭ بار - يوقلۇقىغا
قاراش كېرەك. ھە، دېسە يېشىنىڭ چوڭلۇقىنى، قىلغان - ئەتكىنى
ۋە كۆرگەن - بىلگىنىنىڭ كۆپلۈكىنى پەش قىلىپ، نوپۇزىنى پوپوزا
قىلىپ جان بېقىپ ئادەتلىنىپ قالغان بەزى كىشىلەر شۇنى بىلىشى
كېرەككى، ساقىلىنى چوڭ كۆرسىتىپ پەش قىلىشنىڭ، قىزىل
بويۇۋېلىپ ئادەم قورقىتىشنىڭ ئىلمىي ساھەدە بازىرى كاسات. ئادەتتە
بىزنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىك قەلەمكەشلىرىمىز مەدھىيە بىلەن تەنقىد-
نىڭ نېمىلىكىنى، پاسسىپ ھۆرمەت بىلەن ئۈمىدۋار تەنقىدنىڭ پەرقى-
نى ئاجرالمايدۇ. ماختىسىلا خۇشاللىق بىلەن قارشى ئېلىۋېرىدۇ. بىز
ماختاپ قويسا خۇش بولۇۋېرىدىغان ھاماقەتلىكتىن، تەنقىدلەپ قويسا
چىچاڭشىپ كېتىدىغان تەنتەكلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۆزىمىزدە
ئاز - تولا دېموكراتىك ئىستىلنى ۋە ئىلمىي ئاڭنى يېتىلدۈرۈشىمىز
كېرەك. ماختىسىلا خۇشال بولۇۋېرىش، ماھىيەتتە دېموكرتىنىڭ



www.uyghurkitap.com

«چوشقا يۇندىدا يۇيۇنۇشنى بەخت، ھۇزۇر دەپ بىلىدۇ.» دەپ ئېيتقىنىدەك بىر ئىش. ئەلۋەتتە، چوشقا ئالدىدا تۇرغان يۇندىنىڭ كۆمۈشتەك پارقىراپ، ئىسسىق ھور چىقىپ تۇرغان ھالىتىنىلا كۆرەلەيدۇ، ئۇنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە پاسكىنا ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا تاما سىڭگەن ماختاش بىلەن ئۇمىد سىڭگەن تەنقىدنى چۈشىنىش بىزدىن پەرق تۇيغۇمىزنىڭ ئۆتكۈررەك بولۇشىنى، قىممەت ئۆلچىمىمىزنىڭ ئۆزگىچىرەك بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

دەرۋەقە «پۇتاقچى» تەنقىدچىلەر يوق بولسا قەلىمىنىڭ ئەيىبىنى ئاران يېپىپ، ساددا كىتابخانلارنى كولدۇرلىتىپ كۈن ئېلىۋاتقان بەزى بىچارە يازغۇچى - شائىرلارنىڭ قولىقى تېنجىپ، كۆڭلى ۋاقتىنچە ئارام تاپىدۇ. لېكىن، بۇ بەكمۇ ئۆمرى كۆتە ئەسەرلەرنىڭ تۆكمە بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئېكولوگىيەسىنى نورمالسىز ئاقىۋەتكە مۇپتىلا قىلىدۇ، خالاس. بىزنىڭ بىر قىسىم يازغۇچى - شائىرلىرىمىز تەپەككۇر بېغىدا مېۋىنىڭ تايىنى يوق، قاشانى ئېگىز قوپۇرۇپ، مۇداپىئەنى پۇختا كۆرۈشنىڭ غېمىنى كۆپ يەيدۇ. ئەدەبىي تەنقىد ئۆزىگە تەمەننا قويىدىغان بەزى يازغۇچى - شائىرلىرىمىزنىڭ ئەسەبىي مەغرۇرلۇقىدىن بىر بوشلۇقنى ئېچىپ قويۇۋېدى، ئۇلار ھايال ئۆتمەيلا ئۆزىنىڭ ئېغىر - بېسىق، تەمكىن سالاپىتىنى ئۇنتۇپ قايناپ كەتتى. لېكىن، ھەممە كىشى باشقىلار كۆزىنىڭ ئېقىنى كۆرسىتىپ قاتتىقراق ۋارقىراپ قويسىلا ئۆزى توغرا، دەپ ئىشىنىپ كېلىۋاتقان قاراشلىرىدىن ۋاز كېچىشكە تەييار تۇرىدىغان ئىرادە كۈچى ئاجىزلاردىن ئەمەستە. ئۆزىگە تولۇق قايىللىق ئىزدەپ تاپمىغىچە تەشەببۇسىدىن ۋاز كەچمەيدىغان، مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارى بار كىشىلەرمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە كىشىلەر باشقىلارنىڭ دىتىغا ئانچە يېقىپ كەتمىسىمۇ، لېكىن بۇنداق كىشىلەرسىز بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى زاۋاللىقتىن قۇتۇلالىشى مۇمكىن ئەمەس. تەۋەنلىك مەشھۇر خەنزۇ

ئالىم بەي ياڭ «رەزىل جۈڭگولۇقلار» ناملىق كىتابىدا «مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارى بولمىغان ئادەمدە پەرق ئېتىش ئىقتىدارى كەم بولىدۇ. ھەممە ئىشتا ئۇچۇق بولمايدۇ. ھەق ـ ناھەقنى ئايرىمايدۇ. ئۆلچەم بولمايدۇ. شۇڭا جۇڭگونىڭ بۈگۈن مۇشۇ ھالقا چۈشۈپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى مەدەنىيەتتىن ئىزدەش كېرەك» دەپ ئېيتقان.

تەنقىددىن قورقۇش پسىخىكىسى ماھىيەتتە يازغۇچى ـ شائىرلىرىمىزنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلدۈرسە، يەنە بىر جەھەتتىن، قەدىر ـ قىممەت چۈشەنچىسىنىڭ قاتاللىقىنى، ئىلمىي پوزىتسىيىسىنىڭ كەملىكىنى بىلدۈرىدۇ. بىر مۇنەۋۋەر يازغۇچى ئادەتتە تەنقىدچى ۋە كىتابخانلارنىڭ باھاسىغا ئارتۇقچە پىسەنت قىلىپ كەتمەيدۇ. ئۆزىنىڭ ئىچكى ئۆلچىمىنى ئاساس قىلىپ دائىمىي ھالەتتىن ھالقىپ ئۆتۈش كويىدا بولىدۇ. تەتقىقاتچىلار مۇنەۋۋەر يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتىدە ئادەتتە دائىمىي ھالەتتىن ھالقىپ ئۆتۈش، ئالدىدىكىلەردىن ھالقىپ ئۆتۈش، ئۆزىدىن ھالقىپ ئۆتۈشتىن ئىبارەت ئۈچ ئالاھىدىلىك ئىپادىلىنىدىغان بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ھەر قانداق بوشۇش ماداراچىلىقتا، كونا تەرتىپلەرگە قارشى تۇرىدۇ. ماداراچىلىق ئېغىر كۈچلۈك يازغۇچى ھامان ئۆزىدىن قانائەت ھاسىل قىلىشتەك قارىغۇلۇق ھالەتتە تۇرغان بولىدۇ. ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنىڭ باھاسىنى، كىتابخانلارنىڭ رايىنى ئالىي ئۆلچەم قىلىۋالىدۇ.

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر ماقالىسىدا يەنە ئىلمىي پوزىتسىيە جەھەتتە چاكىنىلىقتا يول قويۇۋاتقانلىقى بىلەن ھېسابلاشماي، تەنقىدچىگە بولغان ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن «ئاباس لوپى چېغىدىمۇ سورىغان نېمىسىنى بەرمىگەنلەرگە ئانچىۋالا كايىپ كەتمەيتتى» دەپ، ماڭا ئاباس لوپىدىن ئۆگىنىشىم ھەققىدە نەسىھەت قىلىدۇ. ئەمما لوگىكىلىق پىكىر قىلىشى پۇختا بولمىغان يازغۇچى ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدا «ئاڭلىسام، ھېلىقى دۆڭ كۆۋرۈكنى چۆرگىلەپ يۈرىدىغان ئاباس لوپى دېگەن كىشى ئانچە ـ مۇنچە بوياقچىلىقمۇ قىلاتتى-

كەن. لېكىن، ئەدەبىياتتا مەيلى ئەدەبىي ئىجادىيەتتە، مەيلى ئەدەبىي تەنقىدتە بولسۇن، رەڭۋازلىق ئانچە ئاقمايدۇ!» دەپ ئابباس لويىدىن ئۆگەنمەسلىكىمنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. بۇنداق ئۆزى ئۆگىنىش ئۈلگىسى تىكلەپ بېرىپ، ئۆزى يىقىتىۋېتىش ئۇسۇلى يازغۇچىنىڭ تەپەككۇرىنىڭ كاۋاك ھەم زىددىيەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ لوگىكىلىق پىكىر قىلىشىنىڭ ئىزچىل ئەمەسلىكى، ھە، دېگەندىلا گەپنى قايىنامدىن باشلاپ سايرامدىن چىقىپ كېتىدىغانلىقى بۇ قىسقا ماقالىسىنىڭ ھەر بىر ئابزاسىدا دېگۇدەك ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، يازغۇچى ماقالىسىنىڭ مەلۇم بۆلىكىدە گەپنى قەلەم تۇتقانلاردىن باشلاپ ئاخىرىدا «ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قىسمەنلىرى ھازىر ئۆزى ئارزۇ قىلغان ‹ئەركىن دۇنيا› سىغا يېتەلمىگەن بولسىمۇ، كۆڭۈل خۇشلۇقىنى شۇ ‹مەدەنىيەتلىك› دۇنيانىڭ ئاق تاماكىسىدىن تاپتى» دەپ تاماملايدۇ. يەنە بىر بۆلىكىدە دەسلەپ ئۆزىنىڭ «خاسىيەتلىك قار» ناملىق ئەسىرىنى، ئەسىرگە سىڭدۈرگەن ئىدىيۋى مەزمۇننى، ئۆزى تۇجۇپىلەپ ياراتقان پېرسوناژىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان تەلەپپۇزدا پىكىر بايان قىلىپ، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ جان تىكىپ قوغداۋاتقان ئەسىرىنى «بۇ بىر خىيالىي توقۇلما، قايىل قىلىش كۈچى يېتەرسىز بولغان ناچار توقۇلما» دەپ بىراقلا ئىنكار قىلىدۇ.

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر ماقالىسىدا بىزگە ئۆزىنىڭ ۋەتەن قارىشى، تارىخ قارىشى، ئەنئەنە قارىشى، مىللەت قارىشى، ئەدەبىيات قارىشى، ھايات قارىشى، ئەدەبىي تەنقىد قارىشى ۋە تراگېدىيە قارىشىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ. مەن يازغۇچىنىڭ بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدىكى قارىشى ئۈستىدە ئازراق توختىلىپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىم.

يازغۇچى ماقالىسىدا «خىيالىي بەختنى ئىزدەپ قاڭقىپ چىقىپ كېتىش ئەمەس، شۇ زېمىننىڭ ھەقىقىي ئىگىسى، خوجايىنى ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ھاياتىي كۈچىنى مەنىلىك ئىشلارغا بېغىشلاپ، ئۆز

ئېلىدە مەھكەم دەسسەپ تۇرۇشلا بۇگۈنكى كۈندە مەدەنىيلەشكە تېگىشلىك ئەڭ جاسارەتلىك روھ!» دەپ يازىدۇ. بۇ خىل ۋەتەن قارىشى بىزگە ناھايىتى تونۇش بولۇپ، بۇنىڭ مىللىي مەدەنىيەت پسىخىكىمىزدىكى يىلتىزى ناھايىتى چوڭقۇر. خەلقىمىز «ئۆزگە ئەلدە سۇلتان بولغىچە، ئۆز ئېلىڭدە ئۇلتاك بول» دەپ ئېيتقان. شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋمۇ «ئۆزگە ئەلدە شاھى تون ئىچرە قورۇنغاي تەنلىرىم، ئۆز ئېلىمدە يايرىغاي كىيسەم كۇلاھۇ جەندە مەن» دەپ يازغان. مانا بۇ بىزنىڭ مىللىتىمىزنىڭ ۋەتەن ھەققىدىكى ئېتىقادىنىڭ نېگىزلىك مەزمۇنى. لېكىن ئېتىقادنىڭ مەزمۇنى قېتىپ قالغان نەرسە ئەمەس. ئەگەر ئېتىقاد ۋە ئەقىدە ئىرادە تەرىپىدىن قانچە قوغدالسا سۇبيېكت ئۆزىنى شۇنچە مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ ۋە سەپسەتىگە شۇنچە يول قويىدۇ. ئوبيېكتىپ پاكىتلار ۋەجىدىن ئېتىقاد قانچە ئىنكار قىلىنسا سۇبيېكت ھەقىقەتكە شۇنچە يول ئاچىدۇ. بىزنىڭ ۋەتەن ھەققىدىكى ئەنئەنىۋى ئېتىقادىمىزنىڭ مەزمۇنى نۆۋەتتە ئوبيېكتىپ پاكىتلار ۋەجىدىن ئىنكار قىلىنىۋاتىدۇ. بىز بۇ رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. بۇگۈنكى دۇنيادا ۋەتەنگە بولغان ئېتىقاد كىندىك قېنى تۆكۈلگەن زېمىندا بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدا كۆرمىڭ مۇسۇلماننىڭ بىرى بولۇپ ياشاشتا ئەمەس. «خاسىيەتلىك قار» دىكى تىلىۋالدىدەك ۋەتەنگە بولغان قۇرۇق مۇھەببەت بىلەن ھاياتىنى لاي سۇدەك مەنىسىز ئۆتكۈزۈپ «ئۇلتاك» بولۇپ ياشاش ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. بۇ خىل ياشاشنىڭ مۇشكۈل يېرى يوق. ئۆزگە خاس ئەھمىيىتى، ماھىيىتى ۋە مەقسىتى بولمىغان ھايات، خاسلىق قىممىتى ۋە تەشەببۇسكارلىق روھى يوق، رىسقىدىن تاشقىرى ئىشتىھانى بىلمەي قارىغۇلارچە ئۈمىدۋارلىق ۋە نادانلارچە قانائەتچانلىق ئىچىدە ياشاش ئۇسۇلى مېنىڭچە ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. بىزنىڭ ۋەتەن ھەققىدىكى ئەنئەنىۋى چۈشەنچىمىزنى ئەڭ ئىپتىدائىي، ھەتتا ئەڭ نادان ھالەتتە دېيىشكە بولىدۇ. بىز ۋەتەننى «كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن زېمىن» دەپلا چۈشىنىمىز.

بىلىشىمىز كېرەككى، بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ۋەتەن ئۆز مەنىسىنى ئىزدەۋاتقان ئۇقۇم.

بىز ۋەتەن ھەققىدىكى ئەنئەنىۋى ئېتىقادىمىزنىڭ مەزمۇنىنى يېڭىلاپ ئۇنى بېيىتمايدىغان بولساق، پۇشايماندىن باشقىغا ئېرىشەلمەيمىز. بىزنىڭ ئەنئەنىگە ئىتائەتمەن بولۇشتەك ئاجىز پسىخىكىمىز دائىمىي ھالەتتىن ھالقىپ ئۆتۈشىمىزگە ئاسانلىقچە مۇمكىنچىلىك بەرمەيدۇ. شۇڭىمۇ بىزنىڭ بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ بەدىئىي تەرەققىياتى بىر قەدەر رەڭدار بولسىمۇ، لېكىن تەپەككۇر تەرەققىياتى بىر تۈز سىزىقتىن ئىبارەت. تارىخنىڭ ئىستىرېلكىسى 21 - ئەسىرنى كۆرسىتىپ تۇرسىمۇ، بىز تەپەككۇرىمىزدا يېڭى سەكرەش، ئىدىيەمىزدە يېڭى بۇرۇلۇش ياساپ بېقىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى ھېس قىلىپ يەتمەيۋاتىمىز. ئىدىيە، ئېتىقاد ۋە ھەرىكىتىمىز يەنىلا ۋاقتى ئۆتكەن كونا پەدىدىن ئىبارەت. بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز كىشىلەرنىڭ ھايات ھەققىدىكى چۈشەنچىسىدە قانچىلىك ئۆزگىرىش ياسيالىدى؟ ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشىغا قانچىلىك تەسىر كۆرسىتەلىدى؟ بىرەر يازغۇچى - شائىر بىرەر يېڭى ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كىشىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەقىدە - ئېتىقادلىرىدىن گۇمانلىنىشقا مەجبۇر قىلالىدىمۇ؟ بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا كۆتۈرۈپ چىققان ئىدىيىسىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن كىشىلەرنى گاڭگىرىتىپ قويغان، تالاش - تارتىشقا سالغان، مۇنازىرىگە سەۋەب بولغان ئەسەرلەردىن، كىتابخانلىرىمىزنىڭ قوبۇل قىلىشىدىن ھالقىپ كەتكەن ئىدىيىلەر بىلەن تويۇنغان ئەسەرلەردىن نەچچىسى بار؟! گەرچە «گۇللەر ھەر باھاردا ئېچىلىسىمۇ، لېكىن يەنىلا شۇ كونا پۇراق!» (ئورفات). بىزنىڭ تەپەككۇرىمىز قاچانمۇ شىددەت بىلەن داۋالغۇپ تۇرىدىغان، ساھىللارغا زەرىپ بىلەن ئۇرىلىدىغان بولار؟! فېيېرباخ «ھاياتىڭدىكى ئەڭ چوڭ خاتالىقىڭ — ئەزەلدىن ئادەت بولۇپ قالغان قائىدىلەرگە چېقىلمىغانلىقىڭ ۋە جىنايەت ئۆتكۈزمىگەنلىكىڭدۇر...» دېمىگەنمىدى؟ بىزنىڭ بىر

www.uyghurkitap.com

قىسىم مويسىپىت قەلەمكەشلىرىمىز، مۇتەپەككۇرانە قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ، پوپلارنىڭ تەلەپپۇزىدا بەزى تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، چوقۇنۇش پسىخىكىسى ئېغىر، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئادەتتىكىچە كىتابخانلارنى ھاياجانغا سالسىمۇ، لېكىن ئېيتىۋاتقىنى يەنىلا ھەممىگە تونۇش بولغان «ئەنئەنە ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىش كېرەك»، «ئەدەبىياتنى خەلققە يۈزلەندۈرۈش كېرەك»، «بىزنىڭ ئەدەبىيات تارىخىمىزدا مۇنداق نادىر ئۆلگىلەر بار» دېگەندەك كونا مۇقامدىن ئىبارەت. بىز ئالدىمىزدىكىلەر ياراتقان پەللىنى تەكرارلاۋېرىشتىن نېمىشقا زېرىكىش ھېس قىلمايمىز؟ بىز ئىلگىرىكىلەر سىزىپ قويغان سىزىقتىن ھالقىپ ئۆتەلمىسەك، خۇددى قەشقەرنىڭ ئۆستەڭبويى كوچىسىدا ياشاپ ئۆتكەن، كېتىۋاتقان يولىدا بىرەر توغرا سىزىلغان سىزىقنى كۆرسە ئۆتۈشكە پېتىنالماستىن كەينىگە قايتىپ كېتىدىغان «ئاخۇنۇم سىزىق» ئىسىملىك كىشىگە ئوخشاپ قالمايمىزمۇ؟

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر ماقالىسىدا ئۆزىنىڭ تارىخ قارىشىدىن ئۇچۇر بېرىپ «ئۆتكەنكى تارىخنىڭ ھېچنېمىسى يارىمىسا، يېڭىدىن تارىخ يارىتىش مۇمكىن»، «بۈگۈن ئۆتمۈشنىڭ داۋامى، شۇنداقلا كەلگۈسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى»، «بىر مىللەتنى ۋەيران قىلىدىغىنى ئۇنىڭ ئۆتمۈشى ئەمەس بۈگۈنى. چۈنكى ئۆتمۈش ئۆتۈپ كەتكەن نەرسە. بۈگۈن دېمەك — پۈرسەت دېمەك» دەپ يازىدۇ. مانا بۇ يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ پەلسەپىۋى مەنىدىن خالىي بولغان تارىخ قارىشى. ئەگەر بىزنىڭ تارىخ قارىشىمىز مۇشۇنداق يۈزە، ئۆلۈك، بىر تەرەپلىمە بولىدىغان بولسا، يەنە قانداقمۇ مىللىي مەدەنىيىتىمىز ۋە مىللىي روھىيىتىمىزدىكى شاراقشىپ تۇرغان زەنجىرسىمان مەنىۋى ئىزچىللىقنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز؟ ئۆتمۈش ئۆتۈپ كەتكەن نەرسە دېيىش تارىخ ئۆلگەن نەرسە دېگەنلىك ئەمەسمۇ؟ گەرچە تارىخ زامان جەھەتتە قايتىلانماس بولسىمۇ، لېكىن تارىخنىڭ روھى تىنىم تاپماستۇر. «بۈگۈن ئۆتمۈشنىڭ داۋامى، كەلگۈسىنىڭ باشلىنىش

نۇقتىسى» دېگەن قاراش نوقۇل مەنىدە پەقەت تارىخنىڭ ئاددىي تەرتى-
پىنىلا كۆرسەتمەيدۇ. بىز بۇنىڭغا نەزەرىيىۋى يۈكسەكلىك نۇقتىسى-
دىن قارايدىغان بولساق «بۇگۈن» نىڭ ھېكمەتكە باي «جاھاننەما»
ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. يەنى «بۇگۈن» نى تۇغقان ئۆتمۈشنىڭ زادى
قانداق كەچمىشلەر بىلەن تولغانلىقىنى، كەلگۈسىمىزگە قانداق خەۋپ
يوشۇرغانلىقىنى ئېنىق كۆرەلەيمىز. ئەگەر «ئۆتمۈش ئۆتۈپ كەتكەن
نەرسە» دەپ، تارىخقا بىپەرۋالىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولساق
پارلاق يېڭى تارىخ يارىتىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس! بىز تارىخنىڭ
بىپايان چۆللىرىدە تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرگەن ئەجداد روھىنىڭ كۆ-
لەڭگىسىنى كۆرمەي تۇرۇپ «بۇگۈن» نىڭ تارىخنىڭ «كۆز يېشى»
ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيمىز. ئۇزاق تارىخنىڭ چەكسىز ئۆپقىدىكى قې-
تىپ قالغان «قان دېغى» نى كۆرمەي تۇرۇپ، قەلبىمىزنىڭ پىنھان
بۇلۇڭلىرىدىكى ئۆكسۈشنى ھېس قىلالمايمىز. گەرچە يازغۇچى مەم-
تىمىن ھوشۇرنىڭ «ئۆتمۈش ئۆتۈپ كەتكەن نەرسە. بۇگۈن
دېمەك — پۈرسەت دېمەك.» دېگەن سۆزلىرى ناھايىتى دادىل تەلەپ-
پۇزدا، ئۈمىدۋار ئاھاڭدا، جەڭگىۋار روھتا ئېيتىلىۋاتقان بولسىمۇ،
لېكىن مەزمۇنى مۇكەممەل بولمىغان بۇنداق دەبدەبىلىك بايان قۇرۇق
شوئاردىن ئىبارەت، خالاس.

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر ماقالىسىدا يەنە «ھايات ياشاۋاتقان
بۇ قېرىنداشلىرىمىنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ تارىخىدىن، ئۇرۇق - ئەۋلا-
دىدىن قالغان ھەممە زەئىپلىكلەرنى گۇناھ قىلىپ ئارتىپ تىللاپ
بېرىش قولۇمدىن زادىلا كەلمەيدۇ. ئۇنىڭسىزمۇ ‹تراگېدىيە ئېڭى
ئاجىز بۇ بەختسىز خەلق› نىڭ تارىختا تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرى
يېتىپ ئاشىدۇ. ئادەملىرىمىزگە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بېغىشلاش ئەدەبىيا-
تىمىزنىڭ جىنايىتى ئەمەس، بۇرچى!» دەپ يازىدۇ. مانا بۇ تۇرمۇش-
قا، رېئاللىققا سەمىمىي مۇئامىلە قىلىدىغان (ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ
باھاسى) يازغۇچىنىڭ ئەدەبىيات ۋە تراگېدىيە قارىشى. تراگېدىيىلىك

كىشىلەرگە ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك ئاتا قىلىدۇ، دەپ تونۇش ماھىيەتتە بىزنىڭ تراگېدىيە ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزنىڭ چوڭقۇر ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەگەر ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئازاب ئېكىنى ئىپادىلەش، تراگېدىيىلىك چىنلىقنى يېزىش «ئادەملىرىمىزگە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ» بېغىشلىيالمايدۇ، دەپ قارايدىغان بولساق، ئۆزىمىزنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى نامراتلىقىمىزنى، روھىي جەھەتتىكى زەئىپلىكىمىزنى بەكمۇ بىچارىلارچە شەكىلدە ئېتىراپ قىلغان بولىمىز. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى غەرب ئېستېتىكا تارىخىدا ئارىستوتېلدىن كېيىن تراگېدىيىنى سەنئەتنىڭ ئەڭ ئالىي شەكلى دەپ قاراش بىر ئەنئەنىگە ئايلانغان (ئەلۋەتتە بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان «تراگېدىيە» مۇستەقىل تىياتىر شەكلى بولغان تراگېدىيىنى ئەمەس، بەلكى ئېستېتىك كاتېگورىيە بولغان تراگېدىيىنى كۆرسىتىدۇ). بىز ئىجادىيەت سەل قارايدىغان چۈشكۈنلۈك ئېكىمۇ رېئال چىنلىقنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپ تۇرغان بىر خىل ئېستېتىك پەلسەپىۋى ئاڭ. بىز غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان كافكانىڭ ھايات قارىشىنىڭ يادروسى دەل ئۈمىدسىزلىك بىلەن تولغان چۈشكۈنلۈك ئېكى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك. كافكا: «بالزاك ھاسىسىغا ‹مەن ھاياتتىكى ھەربىر توسالغۇنى بىتچىت قىلىپ ماڭدىم› دەپ يېزىۋالغان بولسا، مەن قالپىقىمنىڭ ئىچىگە ‹ھاياتتىكى ھەر بىر توسالغۇ مېنى بىتچىت قىلىپ كەلدى› دەپ يېزىۋالدىم» دېگەن. بۇ بىزنىڭ ھايات ۋە سەنئەت ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزنىڭ نامراتلىقىنى ياندىن يورۇتۇپ بېرىدىغان ئاددىي مىسال.

تراگېدىيە — كىشىلىك ھاياتتىكى قىممىتى بار نەرسىلەرنىڭ ۋەيران قىلىنغانلىقىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش دېمەكتۇر، دېگەن قاراش تراگېدىيە ھەققىدىكى كلاسسىك تەبىرلەرنىڭ بىرى. قەلبىمىزگە تەسەللى بېرىپ كېلىۋاتقان قەدىردان يازغۇچىمىز زۇنۇن قادىرنىڭ بىر قىسىم دراما ۋە ھېكايىلىرىنىڭ بىزنى شۇنچىۋالا مەپتۇن قىلىشى

دىكى سىر دەل بىزگە غۇنچەم، باقىلارنىڭ ھاياتىنى، ياشلىقىنى، بەختىنى، كىشىلىك ھوقۇقىنى ۋەيران قىلىپ كۆرسىتىپ، بىزنى رېئاللىقنىڭ پەردازسىز چىنلىقىدىن ھۇزۇرلىنىش بەختىگە مۇيەسسەر قىلالىغانلىقىدا، مىللىي تراگېدىيە ئېڭىنى ئۆز ئەسىرىنىڭ ۋە پېرسو- ناژلىرىنىڭ ئۇگە - ئۇگىلىرىگە سىڭدۇرۇپ ئىپادىلىگەنلىكىدە ئىدى. بىزنىڭ باشقا يازغۇچىلىرىمىز زۇنۇن قادىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۇچۇن يارىتىپ بەرگەن بۇ قىممەتلىك ئەنئەنىگە قانچىلىق ۋارىسلىق قىلالى- دى؟ شۇنى يوشۇرماستىن ئېيتىش كېرەككى، بىزنىڭ كۆپچىلىك يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا بۇنداق ساپ تراگېدىيە ئېڭى كەمچىل بولغاچقا، ئۇلار رېئاللىقتا بەختىنى تاپالمىغان، مۇرادىغا يېتەلمىگەن- لەرنى ئەسەرلىرىدە بەختكە ئېرىشتۈرۈپ، مۇرادىغا يەتكۈزۈپ يازدى. ئۆزلىرىچە بۇنى «كىشىلەرگە ئۇمىد بېغىشلاش» دەپ چىرايلىق سۇ- پەتلەشتى. يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «خاسىيەتلىك قار» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئۆزىنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، ئاپتور ئەسىرىدە ئەس- لىدىلا ھالاك بولغان نەرسىنى يەنى تىلىۋالدىنىڭ ئەركىنلىكى، بەختى ۋە كىشىلىك ھوقۇقىنى كىتابخانلارغا پەردازلاپ ساختىلىق بىلەن كۆرسەتكەن. بىزنىڭچە ئىجتىمائىي قاباھەتنى جاسارەت بىلەن ئېچىپ تاشلاش، ئۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان پاجىئە، ھالاكەت، ۋەيرانچىلىق، ۋە بەختسىزلىكلەرنى ياساپ - تاراپ، شەرق مەدەنىيىتىنىڭ ئۇپا - ئەڭلىكلىرى بىلەن پەردازلاپ ئولتۇرماستىنلا ئەينەن ئىپادىلەش ترا- گېدىيىلىك تېرەنلىكنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئەگەر «خاسىيەتلىك قار» دىكى ۋەقەلىكنى راۋاجلاندۇرىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ تاسادىپىي ھادىسىلەر ياكى پېرسوناژنىڭ پائالىيىتى بولماستىن، بەلكى جەمئى- يەتنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرى بولغان بولسىدى، جەمئىيەتنىڭ ماھى- يىتى، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەرلىكى جانلىق ئېچىپ بېرى- لىپ، چوڭقۇر تراگېدىيىلىك مەنا ھاسىل قىلىنغان بولاتتى. ئەپ- سۇسكى، كىتابخانلارغا «ئىشەنچ ۋە ئۇمىد ئاتا قىلىشقا» بېرىلىپ

كەتكەن يازغۇچى ئەينى يىللاردىكى رېئال تۇرمۇشنىڭ مەنتىقىسىگە خىلاپ هالدا، چىنلىقتىن ئايرىلغان هالدا هاياتنى پەردازلاپ «تەڭرىدىن. . . ئۆلسەممۇ ئاشۇ كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن شۇ تۇپراقتا يېتىپ ئۆلەي» دەپ تىلەيدىغان، ئەمما ئۆزىنى «تەقدىر بورىنىنىڭ ئاشۇ قىممەتلىك» نەرسىلىرىدىن «ئايرىپ، قانداق قىلىپ شۇنچە يىراق يەرلەرگە تاشلىۋەتكىنىنى زادى ئويلاپ يېتەلمەي» دىغان بىر هاماقەت پېرسوناژنى مۇرادىغا يەتكۈزۈپ، ئۆز قىسسىسىنى زەپەر تەنتەنىسى بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان. بىز بۇ يەردە تىلىۋالدىدىن ئىبارەت بۇ زەئىپ روهقا ئىگە ئادەمنى تىلىكىگە يەتكۈزگەن قۇدرەت ئىگىسىنىڭ تىلىۋالدى ئىلتىجا قىلغان «تەڭرى» ئەمەس، بەلكى «دىدار غەنىيمەت» لىكنى هەممىدىن ئەلا بىلىدىغان يازغۇچى مەتىمىن هوشۇر ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرىمىز. بۇ خىل «دىدار غەنىيمەت» لىكنى ئۆزگە بەلگە قىلىش تۇپەيلى بۇ ئەسەر يوشۇرۇش ۋە ئالداش سازلىقىغا پېتىپ، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىلا ئاجىز بولغان تراگېدىيىلىك قىممىتىنى تېخىمۇ سۇسلاشتۇرۇپ، ئەقەللىي بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچىدىنمۇ مەهرۇم قالغان. ئەسەرنى تراگېدىيىلىك ئامىللار بىلەن باشلاپ، زەپەر تەنتەنىسى بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇش ئۇسۇلى ئادەتتە «مۇقام ئاياغلاشقانچە شادىيانىغا چىلىش» دەپ ئاتىلىدۇ. مۇنداق «مۇقام ئاياغلاشقانچە شادىيانىغا چىلىش» ئەمەلىيەتتە يالغانچىلىقتىن، ئۆز - ئۆزىنى ئالداشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. «خاسىيەتلىك قار» دەل مۇشۇنداق ئاخىرلاشتۇرۇلۇپ ئىجتىمائىي قاباهەت پەردازلانغانلىقى تۇپەيلى، تراگېدىيىلىك خۇسۇسىيىتى رېئال ئاساسىدىن، ئىجتىمائىي تەنقىدىي ئەهمىيىتىدىن ۋە ئېستېتىك جەلىپكارلىقىدىن مەهرۇم قىلىنغان. شۇڭا مەن تىلىۋالدىنىڭ بەختسىز كەچۈرمىشلىرى تراگېدىيىلىك قىممەت هاسىل قىلالمايدۇ، دەپ قارايمەن. بۇ دېگەنلىك باش پېرسوناژ چوقۇم هاياتىنى ئۆلۈم بىلەن تۈگەللىگەن بولۇشى كېرەك، دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ سەرسانلىق، بەختسىزلىك، غۇربەتلىك،

ھەسرەتلىك، مەھرۇملۇق بىلەن تولغان كەچۈرمىشىمۇ بىزگە ھاياتتىن-
كى ئىنتايىن قىممەتلىك نەرسىلەرنىڭ ھالاك قىلىنغانلىقىنى ھېس
قىلدۇرىدۇ.

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ بۇ ئەسىرىنىڭ ئۆزى ئېيتقاندەك
«قايىل قىلىش كۈچى يېتەرسىز بولغان ناچار توقۇلما» بولۇشىدىكى
تۈپ سەۋەب ئەسەردە چىنلىقتىن ئىبارەت ئوكسىگىنىنىڭ يېتەرلىك
بولمىغانلىقىدا ۋە يازغۇچىنىڭ تراگېدىيە ئېڭىنىڭ چوڭقۇر بولمىغان-
لىقىدا. شۇ نەرسە ئايانكى، تراگېدىيە ئېڭى ئاجىز يازغۇچى مەڭگۈ
ئۇلۇغ ئەسەر يارىتالمايدۇ. بىلىشىمىز كېرەككى، تراگېدىيىلىك
ھەرگىزمۇ ئۈمىدسىزلىك ۋە چۈشكۈنلۈك بىلەن تەڭداش ئۇقۇم ئە-
مەس، بەلكى ئۇ «ئىنسانىيەتنىڭ ھەقىقەتنى ئىزدەش يولىدىكى مۇتلەق
ئىرادىسىدە ئىپادىلىنىدۇ» (كارىل. ياسپېرس).

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر ماقالىسىدا «ھايات ياشاۋاتقان بۇ
قېرىنداشلىرىمىنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ تارىخىدىن، ئۇرۇق - ئەۋلادى-
دىن قالغان ھەممە زەئىپلىكلەرنى گۇناھ قىلىپ ئارتىپ تىللاپ بېرىش
قولۇمدىن زادىلا كەلمەيدۇ. ئۇنىڭسىزمۇ ‹ تراگېدىيە ئېڭى ئاجىز بۇ
بەختسىز خەلق › نىڭ تارىختا تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرى يېتىپ
ئاشىدۇ.» دەپ يازىدۇ. مېنىڭچە ئازابنى كۆپ تارتقانلىق ھەرگىزمۇ
«ئازاب ئېڭى» غا ئېرىشكەنلىككە باراۋەر ئەمەس. خەلقىمىزنىڭ «ئا-
زاب ئېڭى» نى ھەرگىزمۇ يېتەرلىك دېگىلى بولمايدۇ. تارىختىكى
ئازابلىرىمىزنىڭ تەكرارلانماسلىقى ۋە داۋاملاشماسلىقى ئۈچۈن بىزدە
ئىنتايىن چوڭقۇر «ئازاب ئېڭى» يېتىلگەن بولۇشى كېرەك. ھازىرقى
مەسىلە بىزنىڭ «ئازاب ئېڭى» نىڭ ئالاھىدىلىكىنى، مەزمۇنىنى ۋە
شەكىللىنىش سەۋەبىنى چۈشەنمىگەنلىكىمىزدە. شۇنىسى ئېنىق بول-
سۇنكى، «ئازاب ئېڭى» ئاڭنىڭ ئالاھىدە بىر خىل ھادىسىسى. ئۇ
ئىنتايىن چوڭقۇر بولغان خاس پەلسەپىۋى مەزمۇنغا ئىگە، ئۇ پسىخو-
لوگىيىدىكى ئازابلىنىش كەيپىياتىغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. شۇنداق

www.uyghurkitap.com

ئېيتىشقا بولىدۇكى، «ئازاب ئېڭى» ئادەمنىڭ قېنىدا ئېقىپ تۇرغان بىر خىل ھاياتىي كۈچ، بىر خىل مەنىۋى سۈپەت، بىر خىل قوزغاتقۇچ ئېنېرگىيە. تەربىيىلىنىشى ئەتراپلىق، جەمئىيەت مەقسىدىكى چۈشەنچىسى مول، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك كىشىلەرنىڭ «ئازاب ئېڭى»غا ئېرىشىشى ئەڭ بالدۇر، ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ ئۇزاق بولىدۇ.

«ئازاب ئېڭى» ئادەمنىڭ ئۆز - ئۆزىدىن ھالقىش، مەنىۋى جەھەتتىن تاكامۇللىشىش، ئۆز - ئۆزىنى ئىپادىلىشىنىڭ بىر مۇھىم مەنىۋى قورالى. شۇڭا مەن مەتىمىن ھوشۇرنىڭ «ئادەملىرىمىزگە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بېغىشلاش ئەدەبىياتىمىزنىڭ جىنايىتى ئەمەس، بۇرچى!» دەپ ئېيتقان خىتابىغا قارىمۇ قارشى ھالدا «ئادەملىرىمىزدە ‹ئازاب ئېڭى›نى يېتىلدۈرۈش ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچى!» دەپ جار سالىمەن.

(بۇ ماقالە «بوستان» ژۇرنىلىنىڭ 1998 - يىل 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان)

# قەشقەر ھەققىدىكى يېڭى ئەپسانە

يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ سەبرى تەخەللۇسىنى قوللىنىپ ئېلان قىلغان تۇنجى ئەسىرى «قەشقەر كوچىلىرى» نى ئوقۇپ يازغۇچىنىڭ قەلەم تەۋرىتىشتىكى مۇددىئاسىنىڭ تايىنىنىڭ يوقلۇقىدىن، بەدىئىي جەھەتتە ئازراقمۇ ئۆزگىچىلىك يارىتالمىغانلىقىدىن ھەيران قالدىم. مەن بۇ قىسقا ماقالەمدە بۇ ناچار ھېكايىدىن ئالغان ھەيرانلىق ئىچىدىكى پارچە - پۇرات تەسىراتلىرىمنى خالىس نىيەتتە بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

«— نېمە؟

— ئۇنتۇپ قالىسەن ئۇكام، تولا چوڭ گەپ قىلما، مە مۇنۇ ئادرېسنى ئېلىۋېلىپ سورا، ئاۋۋال كوچىنى، ئاندىن ئۆي نومۇرىنى تاپ.

— ھا - ھا - ھا. . . گېپىڭنى قارا ھەدە، مەن كىم؟ ئىسمىمنى بىر دەپ باقە، ئىستانبۇل، بۇداپېشت، بۇخارىست، بىلگرات، ۋارشاۋا، ۋېنا، رىم، باغدات، كاراچى، راۋالپىندىدەك داڭلىق شەھەرلەرنىڭ چۇشۇمدىمۇ كۆرمىگەن كوچىلىرىدا زۇۋانسىز يۇرۇپ، قول ئىشارىتى بىلەن بىرنى مىڭ قىلىپ يۇرگەن ئوغۇل بالىزە ئەمدى كېلىپ سېنىڭ قەشقىرىڭدە ئېزىقىپ قالارمىدى. . . »

ھېكايىنىڭ ماۋزۇسى بىلەن باشلانمىسىدىكى بۇ دىئالوگنى ئوقۇغان زوقلانغۇچى يازغۇچىنىڭ مۇددىئاسى بىلەن ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى تۇيۇپ بولىدۇ. دېمەك ھېكايىنىڭ قىممىتى مۇشۇ يەردىلا تۇگەيدۇ. كىتابخانىنى قىزىقتۇرىدىغان ھېچقانداق يىپ ئۇچى بولمىغان ئەھۋالدا زوقلانغۇچى ئەسەرنى زورمۇزور ئوقۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئوقۇپ

www.uyghurkitap.com

بولۇپمۇ ئۇنىڭ پەيزىنى سۇرەلمەيدۇ. بۇ بىر پارچە دىئالوگدىن بىز يەنە بۇ جاھان كەزدى سودىگەرنىڭ پوچى، ۋات - ۋات، كۆرەك، شالىلاق، تەنتەك خاراكتېرىنى ئېنىق كۆرۈۋالىمىز. ئەپسۇسكى يازغۇچى ئەسىرىدە ئۇنىڭغا زىيالىيغا خاس سۈپەت، ۋەتەنپەرۋەرگە خاس پەزىلەت بەخش ئېتىدۇ. يازغۇچىنىڭ پېرسوناژ تىلى بىلەن پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ ئورگانىك مۇناسىۋىتىگە تۇتقان يەڭگىل پوزىتسىيىسى مۇشۇنداق زىددىيەتلىك ھالەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ۋاقىتقا، ئۇنۇمگە ئېتىبار بېرىشنى ئادەت قىلغان سودىگەرنىڭ تەييار ئادرېسنى ئېلىشنى رەت قىلىشى كىشىنى تېخىمۇ قايىل قىلالمايدۇ. بۇ بىر پارچە دىئالوگدىكى كىشىگە بىمەنە تۇيۇلىدىغان يەنە بىر سەۋەنلىك يازغۇچىنىڭ قەشقەرنى، ئىسمى ئاتالغان ئاشۇ خەلقئارا شەھەرلەردىنمۇ «ئاجايىپ» ئورۇنغا قويۇۋاتقانلىقى. ئەلۋەتتە ۋەتەن ئۇلۇغ، ۋەتەن مۇقەددەس. ئەمما بۇ ھېسسىيات جەھەتتىكىلا ئۇلۇغ كۆرۈش مەسىلىسى. ئەگەر ئەقىل كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ تۇرغان ئېنىق رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمىساق، ئۇ ھالدا بىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىمىز ئاكىيۇچە ۋەتەنپەرۋەرلىك بولىدۇ، خالاس. يازغۇچى باللارچە بىر خىل سادىدا قىزغىنلىق بىلەن قەشقەرنى كىتابخانلارغا «ئاجايىپخانا» قىلىپ كۆرسىتىشكە شۇنچە مەپتۇن بولۇپ كەتكەنىيۇ، ئەمما قەشقەرگىلا خاس بولغان ھەقىقىي ئۆزگىچىلىكنى ئېتىبارسىز قالدۇرغان. يەنى دوغچى بىلەن كاۋاپچىنىڭ خېرىدار چاقىرىشلىرىنىڭ كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايدىغان سەنئەت ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن. ئەكسىچە ئۇلارنى كۆزى ئېچىلمىغان، سادىدا، سەل ئۆزگىچە كىيىنىۋالغان ئۇيغۇرنىمۇ پەرق ئېتەلمەستىن، «تۈرك»، «ئەرەب» دەپ تالىشىپ يۈرۈيدىغان سەھرا باللىرىدەك تەسۋىرلىگەن. بۈگۈنكى قەشقەرلىق دوغچى، كاۋاپچى يىگىتلەرنىڭ خەقنىڭ قىياپىتىگە قاراپ گەپ تالىشىپ يۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس. چەت ئەللىك ساياھەتچىلەر - سودىگەرلەر مىڭلاپ كېلىپ - كېتىپ تۇرغان 80 - يىللاردا بۇ دوغچى، كاۋاپچىلارنىڭ

قىزىقىدىغىنى ئۇلارنىڭ يانچۇقىدىكى پۇل، ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ قىيا-
پەت - كىيىنىشلىرى ئەمەس.

«ئۇنىڭ سومكىسىدىكى پىچەت - پىچەت پۇل - دوللار بىلەن
كىتابلار ھەمىشە بىللە تۇرىدۇ. بۇ ئىككى نەرسە مەڭگۈ دوست ئە-
مەس، شۇنداق بولسىمۇ ئازادنىڭ سومكىسى بۇ ئىككىسىگە بۆشۈك.
سومكىسىلا ئەمەس قەلبىمۇ شۇنداق» بۇ قۇرلارنى ئوقۇپ يازغۇچىنىڭ
پۇل قارىشى بىلەن بىلىم قارىشىنى چۈشىنىۋېلىش تەس ئەمەس. پۇل
بىلەن بىلىم راستىنلا بىر - بىرىگە دۈشمەنمۇ؟ پۇلنى ئۇلۇغ ياكى
نىجىس، ياخشى ياكى يامان دەپ قاراش بۈگۈنكى زامانىۋى دۇنيادا
ئۇچىغا چىققان بىلىمسىزلىك، مەسىلە پۇلدا ئەمەس، بەلكى ئادەمدە.
بىر ئادەمنىڭ ئېتىقادى ۋە ئەخلاقىي كۈچى دۇرۇس بولىدىكەن پۇل
سۆيۈملۈك نەرسىگە ئايلىنىدۇ. ئەكسىچە بولسا رەزىل نەرسىگە ئايلى-
نىدۇ. ئەگەر بۇ خىل ئېتىقاد ۋە ئەخلاققا بىلىم قوشۇلۇپ كېلىدىكەن
پۇل ئۇلۇغ نەرسىگە ئايلىنىدۇ. ئەكسىچە بولسا جىنايەتلىك نەرسىگە
ئايلىنىدۇ. شاڭخەي سەنلىيەن نەشرىياتى نەشر قىلغان «يەھۇدىيلار
ۋە پۇل» دېگەن كىتابتا پۇلنىڭ يەھۇدىيلارنىڭ ھاياتىدا مەركەزلىك
ئورۇن تۇتىدىغانلىقى، لېكىن ئۇلارنىڭ پۇلغا چوقۇنمايدىغانلىقى، پۇل
يانچۇقتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، خۇدا كۆڭۈلدە مەۋجۇت بولۇپ
تۇرىدۇ، دەپ تونۇيدىغانلىقى يېزىلىپ، پۇل بولمىغان بولسا بۈگۈنكى
يەھۇدىيلار مەۋجۇت بولمىغان بولاتتى، دەپ يەكۈن چىقىرىلغان.
سودىگەرلىكتە تۇغما ئىقتىدارغا ئىگە بولغان ئەجدادلىرىمىزمۇ مۇھەم-
مەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «مەڭگۈ ئۆلمەيدىغاندەك تىجارەت قىل، ئەتە
ئۆلىدىغاندەك ئىبادەت قىل» دېگەن ھەدىسىنىڭ روھىنى ياشاشتىكى
دەستۇرى قىلىپ كەلگەن. مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى نەشرىياتى
نەشر قىلغان «ھوقۇقنىڭ يۆتكىلىشى» دېگەن مەشھۇر كىتابتا بۈگۈن-
كى دۇنيادا ھوقۇقنىڭ زوراۋانلىق، بايلىق ۋە بىلىمدىن ئىبارەت ئۈچ
تەرەپتىن تەركىب تاپىدىغانلىقى، بۇ ئۈچىنىڭ بىرى كەم بولسا تەڭ-

www.uyghurkitap.com

پۈكۈلۈق بۈزۈلۈپ كېتىدىغانلىقى دىئالېكتىك نۇقتىدىن شەرھلەنگەن. دېمەك، پۇل بىلەن بىلىم ھەرگىزمۇ دۈشمەن ئەمەس. يازغۇچىنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىسى بەكلا يۈزە ھەم خاتا بولۇپ قالغان.

يازغۇچى ئازادنى «ئاجايىپخانا» دا سەبۈرى ئىسىملىك بىر كىتاب-پۇرۇش بوۋاي بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ. ئۇ بوۋاي ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ سەبۈرى دېگەن شائىر بوۋىسىنى بىلىدىغان، بىلمەيدىغانلىقىنى سورى-غاندا، جاھان كەزدى سودىگەر ئازاد «— بىلىمەن، بىلمەمدىغان زوھۇرىددىن ھېكىم ئۇ كىشىگە تۈمەن دەرياسى بويىدىكى ھەرەمباغ يېزىسىدىن يەر، سۇ بەرگەن. ئۇ كىشى زوھۇرىددىن ھېكىم دەۋرىنىڭ كاتتا شائىرى ئىدى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بىر سودىگەرنىڭ ئاغزىدىن چىققان بۇ جاۋاب زوقلانغۇچىنىڭ كۈلكىسىنى قىستايدۇ. كىتابخان ئازادنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ناۋائى، مەھمۇد قەشقەرى، سەئىدىن قەشقەرى، زىيائى، غەربىي، نىزارى، ئاماننىسا قاتارلىق كلاسسىكلارنىڭ ئىسىملىرى، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى، ئۇلار ھەققىدىكى تەسىرات ـ باياناتلىرىنى ئاڭلاپ بۇ «ئىزدىنىش» رومانىدى-كى ئەلامۇ نېمە؟ دەپ قالىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئەلا ئەمەسلىكىگە ئىشىنىدۇ. چۈنكى ئەلا جانلىق، چىن ئوبراز ئىدى. ئازادنىڭ ئوبرا-زى بولسا يەشكىتىن ھېلىلا چىققان لاتا قورچاقلاردەك ھېچ ئۆرە تۇرالمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئازراقمۇ چىنلىق ئاساسىغا ئىگە ئەمەس.

قەشقەر كوچىلىرىنى قەستەن ئەپسانىۋى سىرلىق دۇنياغا ئايلان-دۇرۇپ ئالاھىدە ئىخلاس بىلەن قەلەم تەۋرەتكەن يازغۇچى، كۆزىتىش نۇقتىسىنىڭ ئۆزگىچە بولماسلىقى، بەدىئىي دىتىنىڭ ئۆتكۈر بولماس-لىقى، ئەسەردىكى ئىجتىمائىي غايىسىنىڭ قۇرۇقلۇقى تۈپەيلى قەش-قەرنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان يەرلىك گۈزەللىكىنى ۋە شۇ گۈزەللىك ئىچىدىكى خۇنۇك تەرەپلىرىنى ئازراقمۇ كۆرسىتىپ بېرەلمىگەن. ئوبراز، تەپسىلات، دېتاللار ئارقىلىق، كىتابخاننى ئۆزى تەسۋىرلى-گەن تۇرمۇش ۋە ھايات كۆرۈنۈشلىرىگە ئىشەندۈرەلمىگەن يازغۇچى

ئىلاجسىز ئاخىرى ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ قەشقەر ھەققىدە ھادىسە قاتلىمىدا پەيدا بولغان قۇرۇق تەسىراتلىرىنى بايان قىلىپ، ئاندىن ھايات توغرىسىدىكى تەكرار - تەكرار ئېيتىلىپ كونىراپ كەتكەن ئاددىي قاراشلىرىنى ئېيتىپ ھېكايىنى تاماملايدۇ.

«قەشقەر كوچىلىرى» ناملىق بۇ ھېكايە بىر قىسىم كىتابخانلارنى قىزىقتۇردى دېگەندىمۇ، بۇ ئادەتتىكى قىزىقىش بولۇپ ھەرگىزمۇ قەلبنى لەرزىگە سالالمايدۇ. ئادەتتىكى قىزىقىش ھەرگىزمۇ ئېستېتىك ھوزۇرلىنىشقا باراۋەر ئەمەس. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب بۇ ھېكايىنىڭ تۇرمۇش چىنلىقى ۋە رېئال ئاساسىنىڭ يوقلۇقى، ئوبرازلارنىڭ سۇنئىيلىكى، قەشقەر كوچىلىرىنىڭ ئۆزگىچىلىكى ۋە خاس ئالاھىدىلىكى يارىتىلمىغانلىقى، مەزمۇنىنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ يوقلۇقى، سۇژىتىنىڭ كاۋاكلىقى ۋە يۇقىرىدا تەنقىدلەپ ئۆتۈلگەن ئامىللار سەۋەب بولغان.

يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ يېقىنقى يىللاردىكى ئىجادىيەت نەتىجىلىرىدىن شۇ نەرسىنى ھېس قىلدىمكى، يازغۇچى 80 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە ئۆزى ياراتقان سەۋىيەنى تەكرارلاشقىمۇ قادىر بولالمايۋاتىدۇ. مەسىلەن، «ئىزدىنىش» رومانىنىڭ 2 - قىسمى ھېچقانداق تەسىر قوزغىيالمىدى. «خىرە دېرىزە»، «تۇمان» ناملىق پوۋېستلىرىنىڭ ئىجتىمائىي چوڭقۇرلۇق ۋە ئېستېتىك چوڭقۇرلۇق جەھەتتىكى ئۆتۈقىدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. خەلق تەقەززا بولۇۋاتقان جىددىي تېمىلار ئۇنىڭ قەلىمىگە نىسىپ بولمايۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كۇنسېرى جەلپ قىلىش كۈچىدىن قىلىۋاتىدۇ ھەم نەزەردىن چۈشۈپ قېلىۋاتىدۇ.

(بۇ ماقالە «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 1992 - يىل 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تەنقىد ئەخلاقى توغرىسىدا ئىككى ئېغىز سۆز

## سەبرى

ئەدەبىي تەنقىدنىڭ يىلتىزى پەلسەپە، ئۇنىڭ قېنى ئېستېتىكا. ئۇ ئومۇمىي ئەدەبىيات ئىلمىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ تارىخى ئۇزۇن ئەمەس (تەخمىنەن ئىككى يۈز نەچچە يىل بولدى). ئەدەبىي تەنقىدنىڭ قاچان، قەيەردىن باشلانغانلىقى توغرىسىدا بىر نېمە دېيەلمەيمەن. لېكىن گېرمانىيە ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋاسى، ئۇلۇغ شائىر گيۇتىنىڭ: «ناۋادا شېكسپىر ئەدەبىي تەنقىد پەيدا بولغان بۈگۈنكى كۈندە ياشىغان بولسا، ئۇ شېكسپىر بولالمىغان بولاتتى» (ھوفمان «گيۇتىنىڭ ئەدەبىيات ھەققىدىكى سۆزلىرى» دىن) دېگەن سۆزىگە قارىغاندا، 17 ـ ئەسىردە ئەدەبىي تەنقىد بولمىغان. گيۇتى بۇ سۆزنى 1824 ـ يىللىرى ئېيتقان، بۇنىڭغا قارىغاندا ئەدەبىي تەنقىد 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ياكى 19 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن (ئەدەبىيات ھەققىدىكى پارچە ـ پارچە گەپلەرنىڭ تارىخى ئۇزۇن).

تارىخى قىسقا بولغىنىغا قارىماي ئەدەبىي تەنقىد ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتلەر يارىتىپلا قالماي، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىگە خاس سەنئەت، ئەخلاقمۇ يارىتالىغان. ئەدەبىي تەنقىد ئۆزىنىڭ بۇ قانۇنىيەت، ئەخلاق قائىدىلىرى بىلەن كىتابخانلاردا گۈزەللىك تۇيغۇسى، مەنىۋى ئارام، ئىلھام ۋە چۈشەنچە پەيدا قىلالايدۇ.

لېكىن بىزدە ئېلان قىلىنغان بەزى ماقالىلەرنى ئوقۇسا ئادەم

بىئارام بولىدۇ، كىشىدە يىرگىنىش، بىزارلىق تۇيغۇسى پەيدا بولۇپ قالىدۇ. بۇ ھالنى مەن تەنقىد بىلەن شۇغۇللانغۇچى بىر قىسىم قەلەم ئىگىلىرىنىڭ ياكى چۈشەنچىسىنىڭ يۈزەلىكى (تەنقىدنى كالتەك دەپ قارايدىغانلار)، ياكى بىلىمىنىڭ يوقلۇقى، ياكى ئەخلاق - پەزىلەت تەربىيىسىنىڭ ناچارلىقىدىن دەپ قارايمەن. ئەلۋەتتە بىرەر كونكرېت ئەسەر ئۈستىدە تەنقىد - تەھلىل يۈرگۈزۈشنى مەقسەت قىلغان ئادەم ئىجادىيەت قانۇنىيەتلىرىنى بىر قەدەر پۇختا ئۆگىنىشى، ئەسەرنىڭ ئاپتورىنى چۈشىنىشى (ئەڭ ياخشىسى ئاپتورنىڭ سىردىشى، مەسلى-ھەتچىسى بولۇشنى نىيەت قىلىش)، ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇشتىن بىر قەدەر ساۋاتلىق بولۇشى زۆرۈر. بۇ ئۈچ شەرتنى ھازىرلىماي تۇرۇپلا مەدھىيىۋازلىق ياكى ئىنكارچىلىققا بېرىلىپ كې-تىپ بىرلىرىنىڭ پۇدىگۇچى - مەدھىيىچىسى، يەنە بىرلىرىنىڭ دۈش-مىنى — تىل - ھاقارەت قىلغۇچىسى بولۇۋالسا بۇ خىل ئادەملەرنى «تەنقىدچى» دەپ ئاتاشقا ئادەمنىڭ زادىلا تىلى بارمايدۇ.

بىر ئەسەر ھاياتتىكى بىر ئادەمگە ئوخشايدۇ. ھەر قانداق بىر بۈيۈك ئادەمنىڭمۇ ئەيىبى بولغىنىدەك ياخشى ئەسەرنىڭمۇ كەمچىلىكى بولىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك ناچار ئادەمنىڭ ھەم ئارتۇقچىلىقى بولغى-نىدەك ناچار ئەسەرنىڭمۇ ئاز - تولا ياخشى يېرى بولىدۇ. ئەسەرلەر-دىكى بۇ ئىككى ياقلىمىلىقنى بايقاش، كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن تەنقىدچى ئۆزىدە يۇقىرىقى ئۈچ شەرتنى چوقۇم ھازىرلىشى كېرەك.

«قەشقەر ھەققىدىكى يېڭى ئەپسانە» ناملىق قوپال ماۋزۇدا ئېلان قىلىنغان بىر پارچە ماقالىنى ئوقۇپ چىقىپ مەن بۇ ماقالىنىڭ «خالىس نىيەت» لىك ئاپتورىغا خالىس نىيەت بىلەن ئىككى ئېغىز مەسلىھەت بېرىشنى لايىق كۆردۈم. مەسلىھەت بېرىشىمدىكى مەقسەت تەنقىدچىگە رەددىيە بېرىش ئەمەس، تەنقىدچىنى ھەقىقىي تەنقىدچى بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىمەن، تەنقىد قىلىنغان «قەشقەر كوچى-

www.uyghurkitap.com

لىرى» ناملىق ھېكايە تەنقىدكە موھتاج، ئۇنىڭ ئەيىب ۋە كەمچىلىكلىرى بار، لېكىن بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئەيىبى بار بالىلىرىنىمۇ سۆيىدىغان مېھرىبان ئانىدەك ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرىنى سۆيىدۇ، ئۇنىڭ تىل - ھاقارەتكە ئۇچرىشىغا سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايدۇ. چۈنكى ئاپتور بۇ ئەسىرىدە ئۆزىنىڭ قەشقەرگە، خەلقىگە، ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىگە ۋە بۇ پارلاق مەدەنىيەتنىڭ ياراتقۇچىلىرى بولغان بۇ قەدىمىي شەھەردە ئۆتكەن ئەجدادلارغا بولغان ھۆرمەت، مۇھەببىتىنى ئۆزى رازى بولغۇدەك دەرىجىدە ئىپادىلىيەلىگەن. بۇ ئەسەردە ئاپتورنىڭ ھەرگىزمۇ تەنقىدچى دېگەندەك «يازغۇچىنىڭ قەلەم تەۋرىتىشتىكى مۇددىئاسىنىڭ تايىنىنىڭ يوق» لۇقى ئىپادىلەنگەن ئەمەس.

ھېكايە قەھرىمانى ئازادمۇ ھەرگىز تەنقىدچى ھاقارەتلىگەندەك «جاھان كەزدى، پوچى، ۋات - ۋات، كۆرەڭ، شاللاق، تەنتەك» يىگىت ئەمەس، بەلكى ئۇ زامانىۋى ئاڭغا ئىگە، غايىلىك، ئەخلاقلىق، خەلقنى سۆيىدىغان ياخشى يىگىت.

ھېكايىدە سۈنئىي توقۇلمىلار ئەتەي قوللىنىلغان، بۇنداق قىلىشقا ئىجادىيەتنىڭ ئۆز قانۇنىيىتى يول قويىدۇ. «گراف مونتى كرىستو» ياكى «بېشى يوق چەۋەنداز» ناملىق مەشھۇر ئەسەرنى ئوقۇغان كىتابخان سۈنئىي توقۇلمىنىڭ ھاياتقا رەڭ بېرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

«قەشقەر كوچىلىرى» دا ئازاد ئىسىملىك يىگىت بىر تۇغقىنىنىڭ ئۆيىنى تاپالماستىن تېنەپ قالغانلىقى ھېكايە قىلىنغان. ئازاد ئىزىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ياش ۋۇجۇدىنىڭ تەقەززالىقى بىلەن شۇ بىر كۈن ئىچىدە ئۈچ نەرسىگە بولغان مۇھەببەت تەشنالىقىنى ئاشكارىلايدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى قىز، بىرى كىتاب - ئىلىم، يەنە بىرى پۇل. ئۈچ نەرسىگە بولغان مۇھەببەت ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئۆرتەيدۇ. بىر - بىرى بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئورۇن تالىشىدۇ. ھېكايىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتور ئازادنىڭ ھەم غايە - خىيال ئىچىدە، ھەم رېئال ھايات ئىچىدە (زىددىيەتلىك ھايات ئىچىدە) ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

ئازاد رېئال تارىخىي سەۋەبلەر بىلەن ئالىي مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئارانلا بىر يىل ئوقۇيالىغان، ئۇ تۇرمۇش مەجبۇرىيىتى بىلەن تىجارەت قىلىشقا بېرىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەدەبىياتقا بولغان ھەۋىسىنى يوقاتمىغان، ھەممىلا ئورۇندا ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇپ ئەدىب بولۇش ئارزۇسىدىن تېخىچە ۋاز كەچمىگەن. لېكىن ئۇنىڭ ھەم باي بولۇش، ھەم يازغۇچى - ئەدىب بولۇش ئارزۇسى بۇگۈن يېرىم رېئاللىققا ئايلىنالىغان. ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا ئەدىب بولۇش ئارزۇسى- نىڭ پەقەت قەلبىدىلا ساقلىنىپ قالغانلىقىنى ھەسرەت - ئەلەم بىلەن ئەسلەيدۇ.

غايە بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى مەڭگۈ داۋاملىشىدىغان بۇ زىددىيەت مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن ئادەملەرنىڭ ھەسرەت - ئەلەملىرى- نى پەيدا قىلغان. مەنمۇ شۇنداق، سىزمۇ شۇنداق، ئۇمۇ شۇنداق. ئازادقا بۇ ئەلەمنى چۈشەندۇرگەن قەشقەر كوچىسىدىكى سەبۇرى تەخەل- لۇسلۇق بوۋاي ئەجدادلىرىمىزنىڭمۇ ئەنە شۇ خىل ھەسرەت - ئەلەملە- رىنىڭ گۇۋاھچىسى. قەشقەر كوچىلىرىنىڭ ھازىرقى دۇنيادىن شۇنچە ئارقىدا قېلىشى ھەم ئاشۇ غايە بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددى- يەتنىڭ مەھسۇلى ئەمەسمۇ؟

«قەشقەر ھەققىدىكى يېڭى ئەپسانە» نىڭ ئاپتورى ئەسەردىكى بۇ ئېستېتىك مەسىلىلەرنى زادىلا تىلغا ئالمايدۇ. ھە دېگەندىلا تەنقىد ئەخلاقى بىلەن ھېسابلاشماستىن، يەڭگىللىك بىلەن «يازغۇچى زور- دۇن سابىرنىڭ سەبرى تەخەللۇسىنى قوللىنىپ ئېلان قىلغان ئەسى- رى» دەپ باشلايدۇ. ھېكايە ئاپتورى ئۆز ئەسىرىگە «زوردۇن سابىر» دەپ يازمىغان تۇرسا، تەنقىدچىنىڭ ئاپتورنىڭ ئىسمىنى ئېلان قىلى- شى نورمال مەتبۇئات ئەخلاقىغا خىلاپ، بۇ بىر خىل قوپاللىق، شەخسنىڭ مەخپىيەتلىكىگە چېقىلىش ھېسابلىنىدىغان ئىش. ھەتتا ئاپتورنىڭ «سەبرى» دېگەن تەخەللۇسىنىمۇ ئويلىنىپ تىلغا ئېلىشى كېرەك. تەنقىدچى «قەشقەر كوچىلىرى» دېگەن ھېكايىنى تەنقىد

www.uyghurkitap.com

قىلماقچى ئەمەسمىدى؟ «تەنقىد» بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئالدى بىلەن ئۆزى «تەنقىد» قىلماقچى بولغان ئەسەر ئاپتورىنى ھۆرمەت قىلىشى، ئۇنىڭ شەخسىي ئىززەت ـ ئىناۋىتىنى قوغدىشى لازىم، بۇ خىل قوغداش تەنقىد قىلغۇچىنىڭ ئۆز ئىناۋىتىنى كۆتۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

تەنقىدچى ماقالىسىنىڭ بېشىدا تەنقىد ئەخلاقىغا قوپاللىق بىلەن خىلاپلىق قىلىپ «يازغۇچىنىڭ قەلەم تەۋرىتىشتىكى مۇددىئاسىنىڭ تايىنىنىڭ يوقلۇقىدىن، بەدىئىي جەھەتتە ئازراقمۇ ئۆزگىچىلىك يارىتالمىغانلىقىدىن ھەيران قالدىم» دەپ يازىدۇ، تەنقىدچى ئوقۇم ياساپ چىققۇچى ئەمەس، بەلكى ئوقۇم پەيدا قىلغۇچى. ئۆز خاھىشىنى باشقىلارغا تاڭغۇچى ئەمەس، بەلكى خاھىش پەيدا قىلغۇچى، ئۇ پەلسەپە، ئېستېتىكا نۇقتىسىدىن ئۆزى تەنقىد قىلىۋاتقان ئوبيېكتنى «ئوپېراتسىيە» قىلىش لازىم، كىتابخانلار بۇ ئوپېراتسىيىدىن «تايىنى يوق»، «ئۆزگىچىلىك يارىتالمىغان» دېگەن خۇلاسىلەرگە ئۆزلىرى كەلسۇن. تەنقىدچى ھەرگىزمۇ بەزى ئاتالمىش «تەنقىدچى»لەردەك سەۋەبسىزلا يازغۇچىنى، ئەسەر پېرسوناژلىرىنى ئۆزىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ھېسابلىۋېلىپ ئۇنىڭغا ئۆزى بىلىدىغان ھاقارەتلىك گەپلەر بىلەن ھۇجۇم قىلماسلىقى كېرەك. مانا بۇ «تەنقىد ئەخلاقى»نىڭ بىر ئاددىي ساۋاتى. بۇ «ساۋات»دىن خەۋىرى بولمىغان «تەنقىدچى»لەر ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئەمەس، ئۆز ھېسسىياتىنى چىقىش نۇقتا قىلىپ يازغۇچىلارنى، پېرسوناژلارنى ھەتتا ئەسەرنىڭ ئىسمىنى ئورۇنسىزلا قارىلايدۇ، ھاقارەتلەيدۇ، ئۇنىڭغا بۆھتان ـ ئويدۇرمىلارنى چاپلايدۇ. «قەشقەر ھەققىدىكى يېڭى ئەپسانە»نىڭ ئاپتورىمۇ بۇ خىل نۇقسانىدىن خالىي بولالمىغان. مەسىلەن، ئەسەر ئۈستىدىكى تەھلىلنى كۆرۈپ باقايلى: «گېپىڭنى قارا ھەدە، مەن كىم؟ ئىسمىمنى بىر دەپ باقە، ئىستانبۇل، بۇداپېشت، بۇخارېست، بېلگراد، ۋارشاۋا، ۋېنا، رىم، باغدات، كاراچى، راۋالپىندىدەك داڭلىق شەھەرلەرنىڭ چۈشۈمدىمۇ كۆرمىگەن كوچىلىرىدا زوۋانسىز يۈرۈپ، قول ئىشارىتى بىلەن بىرنى

مىڭ قىلىپ يۈرگەن ئوغۇل بالىزە، ئەمدى كېلىپ سىنىڭ قەشقەرىڭدە
ئېزىقىپ قالارمىدى. . . »
ئازادنىڭ ھەدىسىگە ئەركىلەپ ئېيتقان بۇ گەپلىرى قارىماققا
چوڭ گەپتەك بىلىنىدۇ، لېكىن ئۇ راست گەپ قىلىۋاتىدۇ. مەن چەت
ئەللەردە نەق مۇشۇنداق ئۇيغۇر يىگىتلىرى بىلەن ئۇچراشقانمەن.
ئۇلار ھېچقانداق چەت ئەل تىلى بىلمەيدۇ. لېكىن سودىسىنى قىلىۋې-
رىدىكەن. ياۋروپا، ئوتتۇرا شەرق شەھەرلىرىدە ھەتتا يىراق ئەللەر-
گىمۇ بېرىپ ئېزىقماي شەھەر ئايلىنىپ يۈرۈۋېرىدىكەن. بۇ بىر پا-
كىت. ئازاد شۇلارنىڭ بىرى. لېكىن «يېڭى ئەپسانە» نىڭ ئاپتورى
شەخسىي ھېسسىياتقا بېرىلىپ كېتىپ ھېكايە پېرسوناژىنى ئۆچ كۆ-
رۈپ قالىدۇ ـ دە، ئازاد ئىسىملىك بۇ پېرسوناژنىڭ ئەسەردىكى پۈتۈن
ھەرىكىتى، ئاشكارىلانغان روھىي دۇنياسىنى كۆزەتمەي، تەھلىل قىل-
ماي تۇرۇپلا ئۇنىڭ ھەدىسىگە ئەركىلەپ يېرىم راست، يېرىم چاقچاق
بىلەن ئېيتقان يۇقىرىقى سۆزىدىن: «بۇ بىر پارچە دىئالوگدىن بىز
يەنە بۇ جاھانكەزدى سودىگەرنىڭ پوچى، ۋات ـ ۋات، كۆرەڭ، شال-
لاق، تەنتەك خاراكتېرىنى ئېنىق كۆرۈۋالىمىز» دېگەن خۇلاسىنى
چىقىرىدۇ. تەنقىدچى بۇ يەردە بىرىنچىدىن، پېرسوناژنى تەھلىل
قىلىش ئۇسۇلىدا خاتالىققا يول قويغان بولسا؛ ئىككىنچىدىن، «خا-
راكتېر» ئۇقۇمىنى خاتا چۈشىنىۋالغانلىقىنى ئاشكارىلىغان. ئۇسۇل-
دىكى خاتالىق شۇ يەردىكى، ئەسەرنىڭ بىرلا قەھرىمانى بولغان ئازاد
شۇ سۆزدىن كېيىن نۇرغۇن ھەرىكەت قىلىدۇ، ئىدىيىسىنى ئاشكارى-
لايدۇ. تەنقىدچى بىر پۈتۈن ۋەقە، بىر پۈتۈن قەھرىمان ئۈستىدە
تەھلىل يۈرگۈزۈشتىن ھە دېگەندىلا نېمە ئۈچۈن باش تارتىپ «قالپاق
ياساش» قا بېرىلىپ كېتىدۇ؟ بۇ تەنقىد سەنئىتىدىكى قوپال بىر خىل
ئۇسۇل خاتالىقى.
ئەمدى «خاراكتېر» ئۇقۇمىغا كەلسەك، پسىخولوگىيە ئىلمى
خاراكتېر بىلەن مىجەز ـ خۇلقنى بىر نەرسە دەپ قارىمايدۇ. خاراك-

تىر ئىنساننىڭ دۇنيا قاراش، مەۋجۇتلۇق بەلگىسىنىڭ ماھىيىتى.
مىجەز ـ خۇلۇق بولسا تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئالاقە ئۇسۇلىدا شەكىللەنـ
گەن خاسلىق بەلگىسى. ئۇقۇشلۇقراق ئېيتساق، ۋات ـ ۋات، يەڭـ
گىل مىجەز ئادەملەردىن قەھرىمان، ئىرادىلىك ئادەملەرمۇ چىقىدۇ.
مەسىلەن، كرۇپوسكايا لېنىن ھەققىدىكى خاتىرىلىرىدە لېنىننىڭ
مىجەزىنى يەڭگىل، ئالدىراقسان، تۇرمۇشتا چېچىلاڭغۇ (مەسىلەن:
بىر كاستۇمنى كىيىۋالسا يەڭگۇشلىمەيدىغان) ئىدى دەپ يازىدۇ.
لېكىن لېنىننىڭ ئۇلۇغ پەزىلەتلىرىگە پۈتۈن دۇنيا ئىقرار. مانا بۇ
ئۇلۇغلۇق لېنىننىڭ تۈپ خاراكتېرىنىڭ مەھسۇلى. چاپايېۋ قوپال،
ئاغزى يامان، قاتتىق مىجەزلىك، لېكىن ئۇنىڭ خاراكتېرى قەيسەر،
قەھرىمانلىق. مىجەزى سىلىق ـ يۇمشاق، ئەدەبلىك ئادەملەردىن
خاراكتېرى قەبىھ خائىن، قارا نىيەت، قاتىللارمۇ چىقىدۇ. چېچىلاڭـ
غۇ، ئۇششاق سۆز، ھاراقكەش، ھەتتا ھورۇن مىجەزلىك ئادەملەردىن
ھالقىلىق پەيتتە ئۆزىنى قۇربان قىلالايدىغان قەيسەر مىجەزلىكلەرمۇ
چىقىدۇ. ھاياتتا بۇ خىل مىساللار سان ـ ساناقسىز.
ئازادنىڭ مىجەزىدە راستتىنلا پوچىلىق بار دېگەندىمۇ بۇ مىجەزى
ئۇنىڭ خاراكتېرى بولالمايدۇ. ئەسەرنى ئوقۇغان كىتابخان چۈشىنە-
لەيدۇكى، ئازاد ئۆز غايىسى يولىدا تىرىشىۋاتقان، يېڭىلىقنى، گۈزە-
للىككە ئىنتىلگۈچى تەلەپچان يىگىت. مۇشۇ تەلەپچان ـ تىرىشچانلىق
ئۇنىڭ خاراكتېر بەلگىسى. بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىـ
دۇ: «يېڭى ئەپسانە» نىڭ ئاپتورى ئازادنىڭ خاراكتېرىگە باھا بېرىشتە
كىتابخانغا چۈشىنىشسىز بولغان بىر خىل ئۆچمەنلىك ھېسسىياتىنى
تەنقىد سەنئىتىنىڭ جەۋھىرى بولغان رېئاللىق ئۆلچىمىنىڭ ئورنىغا قويۇۋالغان.
«ئۇنىڭ سومكىسىدىكى پىچەت ـ پىچەت پۇل، دوللار، كىتابلار
بىلەن ھەمىشە بىللە تۇرىدۇ. بۇ ئىككى نەرسە مەڭگۇ دوست ئەمەس،
شۇنداق بولسىمۇ ئازادنىڭ سومكىسى بۇ ئىككىسىگە بۆشۈك، سومكىـ
سىلا ئەمەس، قەلبىمۇ شۇنداق».

بۇ جۈملىلەردە ھەرگىزمۇ تەنقىدچى ئېيتقاندەك يازغۇچىنىڭ «پۇل قارىشى» ئاشكارىلانغان ئەمەس. يازغۇچى بۇ بىر نەچچە جۈملە بىلەن ئازادنىڭ ھەم كىتاب ئوقۇشقا، ھەم پۇل تېپىشقا بېرىلگەن يىگىت ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن، بۇ مەزمۇننى ھەر قانداق كىتابخان چۈشىنەلەيدۇ. تەنقىدچى بۇ جۈملىلەرنى چۈشەنمىگەن دېيىشنىڭ ئورنىغا ئەتەي بۇرمىلىغان دېگۈم كېلىدۇ. چۈنكى ئاپتور مۇشۇ سۆزنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرگەندىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ ئاپتورغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى ئاشكارىلاپ «يازغۇچىنىڭ پۇل قارىشى بىلەن بىلىم قارىشىنى چۈشىنىۋېلىش تەس ئەمەس» دېگەن جۈملىلەرنى يېزىپ يازغۇچىنى تولىمۇ بىلىمسىز دەپ ئەيىبلەيدۇ. تەنقىدچىنىڭ نەزىرىدە يازغۇچى پۇلنىڭ رولىنىمۇ چۈشەنمىگەندەك ئۇ تەنقىدچىدىن بۇ ھەقتە دەرس ئېلىشقا ھەقلىق ئىمىش، تەنقىد ئەخلاقىدىن ساۋادى بار قەلەم ئىگىلىرى ھەر قانداق بىر ۋاقىتتا ئۆزىنى «ئۇستاز» قىلىپ كۆرسەتمەيدۇ. تەنقىدچىلەر يازغۇچىلارغا يول كۆرسەتكۈچىلەر ئەمەس، ئۇلار مەسلىھەت بەرگۈچىلەر، كىتابخانلار بىلەن ئوبيېكتىپ مەۋجۇت مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىرلەشكۈچىلەر. «. . . پۇلنى ئۇلۇغ ياكى نجىس، ياخشى ياكى يامان دەپ قاراش بۈگۈنكى زامانىۋى دۇنيادا ئۇچىغا چىققان بىلىمسىزلىك». تەنقىدچىنىڭ يازغۇچىنى «ئۇچىغا چىققان بىلىمسىز» دەپ تىللىشىنىڭ ئۆزىلا تەنقىدچىنىڭ تەنقىد ئىلمىدىن تولىمۇ ساۋاتسىز ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئەسەر ئاپتورى ئۆز سالاھىيىتى ۋە ئۆز ئەمگەك تەرى بىلەن خەلق ئىچىدە ئېرىشكەن ئىززەت - ئابرۇيىنى قوغداش ئۈچۈن تەنقىدچىدىن باشقىلارنى، بولۇپمۇ ئۆز خەلقى ھۆرمەتلىگەن ئادەملەرنى ھۆرمەتلەشنى ئۆگىنىۋېلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ!

«قەشقەر كوچىلىرى»نىڭ قەھرىمانى ئازاد سەبۇرى ئىسىملىك پېشقەدەم ئىلىم ئەھلى بىلەن ئۇچراشقاندا تولىمۇ خۇشال بولۇپ (سەبۇرىنىڭ كىتابخانىسىنى كۆرۈپ) ئۆزىنىڭ مىللىي ئەدەبىياتقا بولغان

ھۆرمەت - مۇھەببىتىنى ئىپادىلەپ قەشقەردە ئۆتكەن ئۇلۇغ ئەدىبلىرد-
ىمىزنى تىلغا ئالىدۇ. ئالىي مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئاز
بولسىمۇ ئوقۇغان، ئىلاجسىزلىقتىن تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان
بولسىمۇ، ئەدەبىياتقا بولغان ھەۋىسى سوۋۇمىغان يىگىتنىڭ ئاغزىدىن
«سەبۇرى زوھۇرىددىن ھېكىم دەۋرىنىڭ كاتتا شائىرى ئىدى» دېگەن
سۆزنىڭ چىقىشى تەنقىدچىنىڭ كۈلكىسىنى قىستايدۇ. ئازادنى «يە-
شىكتىن ھېلىلا چىققان لاتا قورچاق» دەپ مازاق قىلىدۇ. ئۇندىن
كېيىن يەنە يازغۇچىنى ئەيىبلەشكە بېرىلىپ كېتىدۇ. سودىگەرلەردىن
ئەدەبىيات ھەۋەسكارىنىڭ چىقىشى «كۈلكىلىك» دېيىلسە، ھەۋەسكار-
لاردىن سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ چىقىشىمۇ كۈل-
كىلىكمۇ؟ مەن ئەدەبىياتقا ھەۋەس قىلىدىغان، ھەتتا پۇللۇق بولغاد-
ىن كېيىن ئۆزىنى «كەسپىي يازغۇچى» قىلىۋالغان تىجارەتچىلەرنى
كۆرگەن، قىرائەتخانا قۇرغان، ئەدەبىياتقا ياردەم قىلغان تىجارەتچى-
لەرمۇ بىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنى خېلىلا ئوبدان بىلىدىكەن.
سودىگەرلەر ئوقەتتىن باشقىنى بىلمەيدۇ. دوغچى، كاۋاپچىلارنىڭ
قىزىقىدىغىنى باشقىلارنىڭ يانچۇقىدىكى پۇل دېيىشىنىڭ ئۆزى ئەكسى-
چە ئادەمنىڭ كۈلكىسىنى قىستايدۇ. مەلۇمكى ئادەملەرنىڭ ئارزۇ -
ھەۋەسلىرى كەسپى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ، ئادەملەرنىڭ سۈپەت قاتلاملىد-
رىمۇ كەسىپ ۋە ساھەلەر بويىچە پەيدا بولغان ئەمەس، پۈتۈن ھاياتىنى
ئىنسانىيەتنىڭ بەختىگە بېغىشلاپ نىسپىيلىك نەزەرىيىسىنى ئىجاد
قىلىپ فىزىكا ئىلمىدە ئۈچىنچى قېتىم سەكرەش ياراتقان مەشھۇر
ئالىم ئېينىشتېيىن ئۆزىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا «ئۇششاق تىجارەت-
چى» ئىدى. ئادەملەرنىڭ كەسپىگە قاراپ خاراكتېر، تىپ رامكىلىرد-
ىنى ياساپ چىقىپ ئۇنى ئەدىبلەرگە تەڭلەش ياكى تېڭىش ئىجادىيەت
قانۇنىيىتىگە خىلاپ. ئۇ تەنقىد ئىلمىدىكى بىر خىل زورلۇق -
زومبۇلۇقنىڭ مەھسۇلى.

« ‹قەشقەر كوچىلىرى› ناملىق بۇ ھېكايە بىر قىسىم كىتابخانلار-

.نى قىزىقتۇردى دېگەندىمۇ، بۇ بىر ئادەتتىكى قىزىقىش بولۇپ ھەر-
گىزمۇ قەلبىنى لەرزىگە سالالمايدۇ، ئادەتتىكى قىزىقىش ھەرگىزمۇ
ئېستېتىك ھوزۇرلىنىشقا باراۋەر ئەمەس.» بۇ قانداق مەنتىقە؟ ئېس-
تېتىك ھوزۇرلىنىش بىلەن قىزىقىش ھەممىلا ئادەمگە ئورتاق بولغان
قاتمال نەرسىمۇ؟ سىزنى نەپرەتلەندۇرگەن ئەسەر باشقىلارنى زوقلاندۇ-
رۇشى مۇمكىن. مۇتلەق كۆپچىلىك ئادەملەر قىزىققان ئەسەرلەر ئاي-
رىم ئادەملەرنى نەپرەتلەندۇرۇشى مۇمكىن. ئېستېتىك زوق - ھەۋەس
ھوزۇرلىنىشنى چەتكە قاقمايدۇ. ئادەملەرنىڭ ئېستېتىك زوق ئېلىش
سەۋىيىسى، نۇقتىسى ۋە ئۇسۇلىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. باشقىلار ئۇ-
چۇن ئېستېتىك زوقلىنىش نۇقتىلىرىنى تەنقىدچىلەر بەلگىلەپ بېرەل-
مەيدۇ. بۇ خالاش كىتابخانلارنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ. مەشھۇر تەنقىدچى-
لەر ئۆز ئەسەرلىرىدە كىتاب يازغىنى ئۇچۇن ئاپتورنى، ئاپتورنىڭ
ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلغانلىقى ئۇچۇن پېرسوناژلارنى تىللىغان
ئەمەس. ئۇلار بىزگە قانداق جايدا ئاپتورنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىش،
ئەسەرنى قانداق تەھلىل قىلىش، نېمىلەرگە دىققەت قىلىش، تەنقىدچى
كىم بولۇپ سۆزلەش لازىم، دېگەن مەسىلىلەردە نۇرغۇن قىممەتلىك
بىلىملەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

«تەنقىدچى ئۇچۇن ئەڭ ئېغىر ئازاب تەنقىد قىلىنغۇچىنىڭ قايىل
بولماسلىقى» بۇ بىر مەشھۇر كىشىنىڭ سۆزى.

تەنقىد ئەخلاقىدىن ياخشى بەھرىمەن بولالمايۋاتقان تەنقىدچى قە-
لەم ئىگىلىرىگە بۇ سۆزنىمۇ تەقدىم قىلماقچىمەن. تەنقىدىي ماقالە-
ڭىزنى ئوقۇغان كىشى سىزنىڭ سەمىمىي «خالىس نىيەت»لىك ئىكەن-
لىكىڭىزنى ھېس قىلسۇن، ھەرگىزمۇ سىزدىن نەپرەتلەنمىسۇن.
ئەپسۇسكى بىزدە نەپرەت، نارازىلىق پەيدا قىلىدىغان تەنقىدچىلەر
خېلىلا كۆپ.

(بۇ ماقالە «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 1992 - يىل 4 - سانىدا
ئېلان قىلىنغان)

www.uyghurkitap.com

# «ئاتا» رومانىنى «قىدىرىپ تەكشۈرۈش»تىن دوكلات

قانداق چۈشەندۈرۈش ۋە تالاش ـ تارتىشلارنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر رومانچىلىق بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات پەللىسىنىڭ يۈكسەكلىكىدىن روشەن دالالەت بېرىدىغان ئالاھىدە ژانىر. يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ھازىرغا قەدەر 40 پارچە رومان نەشر قىلىنىپ، نەچچە مىڭ يىللىق مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ خەزىنىسىگە بىر ئۆلۈش بايلىق قوشۇلدى. يازغۇچىلىرىمىزنىڭ غەيرىتى ۋە ئۇن نەچچە يىلدىن بۇيانقى يۈزلىنىشتىن قارىغاندا كىتابخانلىرىمىز ئېخىمۇ كۆپ، ئېخىمۇ ياخشى رومانلارنى ئوقۇش بەختىگە مۇيەسسەر بولىدىغان ئوخشايدۇ. ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدىلا «ئويغانغان زېمىن (2)»، «ئاتا»، «ھايات سىرى»، «ئاي يامغۇرى»، «تەڭرىنىڭ ھۆكۈمى»، «مەھمۇد قەشقەرى»، «قىساس»تىن ئىبارەت يەتتە رومان نەشر قىلىنىپ بازار ئىگىلىكى شارائىتىدە دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن ئەدەبىيات مۇنبىرىمىزدە خېلى ئوبدانلا جانلىنىش مەنزىرىسى پەيدا قىلدى.

مەن ئەسلى بۇ رومانلارنى ئوقۇپ ھاسىل قىلغان باھا ۋە تەسىراتلىرىمنى «1994 ـ يىلىدىكى ئۇيغۇر رومانچىلىقىغا بىر نەزەر» دېگەن ماۋزۇدا ئومۇملاشتۇرۇپ يېزىشنى ئويلىغانىدىم. بىراق، ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھەربىر رومان ئۈستىدە ئايرىم توختىلىشنى لايىق تاپتىم. شۇڭا دەسلەپتە يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئاتا» رومانى توغرىسىدىكى تەسىراتىمنى كىتابخانلارغا سۇندۇم.

زوردۇن سابىر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىمىزدىكى تەسىرى چوڭ،

تۆھپىسى كۆپ يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. «ئاتا» ئۇنىڭ «ئاۋرال شاماللىرى» ۋە «ئىزدىنىش» تىن كېيىنكى 3 ـ رومانى. كىتابخانلار ئادەتتە ئۇنىڭ قەلىمىدىن ئىدىيىۋىلىكى ئۆتكۈر، قۇرۇلمىسى پۇختا، پېرسوناژلار خاراكتېرى مۇرەككەپ ۋە تىلى روشەن خاسلىققا ئىگە، چىنلىق پۇرىقى كۈچلۈك، تەنقىدىي روھقا باي، بۆسۈش خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەرنىڭ چىقىشىنى كۈتەتتى. ئەمما بۇ قېتىم زوردۇن سابىر كىتابخانلارنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقمىدى. يازغۇچى بۇ رومانىدا يېڭى بەدىئىي سەۋىيە يارىتالمىغانلىقىنىڭ ئۈستىگە ئەكسىچە كەينىگە خېلى زور دەرىجىدە چېكىنىپ كەتكەندەك تۇرىدۇ. ھەتتا ئىجادىيەتتىكى ئەڭ ئەقەللىي مەسىلىلەردىمۇ كەتكۈزۈپ قويغانلىقى كىتابخانلاردا يازغۇچىغا نىسبەتەن ئۈمىدسىزلىنىش كەيپىياتى پەيدا قىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ژۇرناللاردا بىر نەچچە پارچە ماقالە يېزىپ ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت يولى ۋە تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ باشقىلار ئۈچۈن يول كۆرسەتكەن بۇ باشلامچى يازغۇچىنىڭ بۇ يېڭى رومانىنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ چۇۋالچاقلىقى، تىلىنىڭ مەنتىقىسىزلىكى، سۇژىتىنىڭ كېلەڭسىزلىكى، ئىلمگە ۋە ئەمەلىيەتكە زىت كېلىدىغان تەرەپلىرىنىڭ كۆپلۈكى كىتابخانلارنى ھەقىقەتەن گاڭگىرىتىپ قويدى. مەن تۆۋەندە رومانىكى مەسئۇلىيەتسىزلىككە ياتىدىغان بىر قىسىم خاتالىقلارنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن. شۇ نەرسە ئايان بولسۇنكى، مېنىڭ يازغانلىرىم سۆز ئويۇنى قىلىپ تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈش ئەمەس، بەلكى بىر ئاتاقلىق يازغۇچى بىلەن بىر ئالىي مۇھەررىرنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىت!

رومانىنىڭ باشلىنىشى بىلەنلا يازغۇچى بىر جەمەتنىڭ ئەمەس، بەلكى بىر ناھىيىنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرغان، ھەممە زامانىنىڭ بالىسى بولۇپ ياشاپ كەلگەن ئىبراھىم ھاجىم (باش پېرسوناژ) ئۈستىدە ئۆزى كىتابخانغا بىۋاسىتە چۈشەنچە بېرىدۇ. يازغۇچىنىڭ بىزگە بۇ «ئاتا» نىڭ قىلمىشلىرى، ئۇنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى

ئۈستىدە بىۋاستە داتلاپ بېرىشلىرى بىزنى ئازراقمۇ جەلپ قىلالمايدۇ، ئەڭ تۆۋەن بەدىئىي تەلەپ بويىچە ئېيتقاندىمۇ پېرسوناژ خاراكتېرى زىددىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا تەبىئىي يوسۇندا ئىپادىلىنىشى كېرەك ئىدى. يازغۇچىنىڭ «ئاتا» نىڭ قوشنىسى ۋە كۆشەندىسى موللاق سوپى ئۈستىدە توختىلىپ «ھاجىم بۇ ئادەمدىن خاپا بولغىنى بىلەن ئۇنىڭغا نە قاتتىق گەپ قىلالمايدۇ. نە تىللىيالمايدۇ» دەپ يازغان، لېكىن روماننىڭ 14 ـ بېتىدە «ھاجىم سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلىدۇ، ئۇ موللاق سوپىنى تىللىدى: سەن بىغەرەز، بەچچىغەر! » دەپ يازغان. موللاق سوپىغا قاتتىق گەپ قىلالمايدىغان ھاجىمنىڭ ئۇنى بۇنداق تىللىغىنى نېمىسى؟ روماننىڭ 3 ـ بېتىدە يازغۇچى يەنە «باشقىلار ھاجىمنى بۇ ناھىيىنىڭ پېشۋاسى، ئاتىسى ھېسابلايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بىلەن تۆت قىزى، ئۇنىڭ قولى، پۇتى، تىلى ۋە ئەقلى ھېسابلىنىدۇ» دەپ يازغان بولسا 6 ـ بەتتە ھاجىمنىڭ تۆتىنچى كۈيئوغلى ئابلا يانتاقنىڭ قېيناتىسىنى مەسخىرە قىلىپ:

«پېشۋانىڭ ھەر تىلى دۇردانىدۇر،
ئىززەتتۇ ئىكرامغا لايىق نامىدۇر.
ياخشىلىق، ئىنساپ پۇتەدۇر تەسۋىيى
ۋە لېكىن ئاغزى نىجاسەت جامىدۇر.»

دەپ رۇبائىي يازغانلىقى، بۇنىڭغا غەزەبلەنگەن ھاجىمنىڭ «مەلئۇن! » دەپ تىللىغانلىقى يېزىلغان. يازغۇچىنىڭ ھاجىمنىڭ قولى، پۇتى، تىلى ۋە ئەقلى ھېسابلىنىدىغان تۆت كۈيئوغلىنىڭ بىرى بولغان ئابلا يانتاقنى قېيناتىسىغا تىل تەككۈزەلەيدىغان «ئىسيانكار كۈيئوغۇل» دېگەن سۈپەتنى بېرىشى مەنتىقسىزلىك ئەمەسمۇ؟

يازغۇچى «ئاتا» روماننىڭ 8 ـ بېتىدە روماندىكى يەنە بىر ئاساسلىق پېرسوناژ زېمىن توغرىسىدا باشقىلارنىڭ تىلىدىن «مىش ـ مىش گەپلەرگە قارىغاندا بۇ زېمىن پومپىچىكنىڭ ئەمەس، شۇ چاغدا يېزىغا چۈشكەن بىر كادىرنىڭ پۇشتىمىش. تۆت خىل

ئۇنسۇرلار يىغىۋېلىنغان شۇ كۈنلەردە تۆۋەنگە چۈشكەن ئۇ كادىر بۇ پومپىشچىكنىڭ چىرايلىق، تەرسا ئايالىنىڭ «تۇغقىنى مەن» دەپ شۇ ئۆيدە يېتىپ، قوپۇپ يۈرگەنمىش» دەپ يازغان. بىز بۇ بۆلەكتىكى «تۆت خىل ئۇنسۇرلار يىغىۋېلىنغان شۇ كۈنلەردە» دېگەن جۈملىدىن زېمىننىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىنىڭ 1957 ـ يىلىدىن كېيىنكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى بىلىمىز. روماننىڭ 132 ـ ۋە 335 ـ بەتلىرىدىكى بايانلاردىن قارىغاندا يازغۇچى روماندا 1989 ـ يىلى ئاۋغۇستتىن بۇرۇنقى ئىشلارنى يازغان، شۇنىڭغا ئاساسلانغاندا يازغۇچىنىڭ 1989 ـ يىلىدىكى زېمىننى «زېمىن بۇ يىل 42 ياشتىن ئاشتى» (224 ـ بەتتە) دەپ يېزىشى خاتا بولۇپ چىقىدۇ. چۈنكى 1989 ـ يىلى 42 ياشقا كىرگەن زېمىن 1947 ـ يىلى گومىنداڭ دەۋرىدە تۇغۇلغان بولۇشى كېرەك. بۇ چاغدا نەدىمۇ پومپىشچىك، تۆت خىل ئۇنسۇر دېگەن گەپلەر بولسۇن؟

يازغۇچى «ئاتا» روماننىڭ 25 ـ بېتىدە ئاكا ـ ئۇكا ئىبراھىم ھاجى بىلەن ئىسمائىل ھاجى ئۈستىدە توختىلىپ «بەگلەر، ھاجىلارنىڭ بۇ ئەۋلادلىرى ئۆز نەسەبىگە سادىق، ئىرادىلىك بولغىنى بىلەن جەمئىيەتتە بولغان چوڭ ئۆزگىرىش ئالدىدا ئۇلارنىڭ قەلبىمۇ خۇددى دەرەخ بىلەن تەڭ ئۆرۈلگەن قۇش ئۇۋىسىدەك يارامسىز، تۈزەلمەس بىر نەرسىگە ئايلاندى. بۇ بوش، يارامسىز قەلبلەردە نە ئۈمىد، نە مۇھەببەت قالمىدى. » دەپ يازغان بولسا 26 ـ بەتتە، ئىسمائىل ھاجىمنى «ياش، كۆيۈمچان» دەپ يازغان. ئىسمائىل ھاجىمنىڭ قەلبى «بوش، يارامسىز، مۇھەببەتسىز قەلب» مۇ ياكى «كۆيۈمچان» قەلبمۇ؟ بىر پېرسوناژنى بىرلا ۋاقىتتا بۇنداق بىر ـ بىرىگە زىت سۆزلەر بىلەن سۈپەتلەش ئەقىلگە سىغمايدۇ.

يازغۇچى روماندا يەنە ئىسمائىل ھاجىمدىن ئىبارەت بۇ پېرسوناژنىڭ يېشىنى بىر نەچچە خىل يازغان. مەسىلەن، 29 ـ بەتتە «ئىبراھىم ھاجىم ئاتمىش نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا سىلايدىغان بالا

يۈزى» دەپ يېزىپ ئىسمائىل ھاجىمنىڭ 60 نەچچە ياشقا كىرگەنلىكىدىن بىشارەت بەرگەن بولسا، 65 ـ بەتتە «يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدا ئەمدىلا ئون ئالتە ياشقا تولغان يىگىتكە پومېشچىك دېگەن قالپاق كىيدۈرۈلگەن، دەپ يازغان. ھەممىگە مەلۇم، يەر ئىسلاھاتى 1953 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەت. ئىسمائىل ھاجى بۇ چاغدا 16 ياش بولسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ يېشى روماندا يېزىلغان ۋەقەلىك يۈز بەرگەن ۋاقىت — 1989 ـ يىل 60 نەچچە ياش بولماي، بەلكى 52 ياش بولىدۇ. يازغۇچى رومانىنىڭ 204 ـ بېتىدە ئېنىق قىلىپ ئىسمائىل ھاجىنى «1934 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تۇغۇلغان» دەپ يازغان. بىز مۇشۇنىڭغا ئاساسەن ئىسمائىل ھاجىنى 1989 ـ يىلى 55 ياشقا كىرگەن دەپ چۈشىنىمىز. لېكىن يازغۇچىنىڭ يەنە 224 ـ بەتتە ئىسمائىل ھاجىنىڭ ئوغلى زېمىننى «زېمىن بولسا بۇ يىل (1989 ـ يىلنى دېمەكچى) 42 ياشتىن ئاشتى» دەپ يېزىشى تېخىمۇ خاتا يەكۈننىڭ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. چۈنكى يازغۇچى زېمىننىڭ دادىسى ئىسمائىل ھاجىنى ئوغلىدىن پەقەت 13 ياشلا چوڭ قىلىپ قويغان. بۇ ئەمەلىيەتكە سىغمايدىغان ئىش، ئەلۋەتتە.

يازغۇچى رومانىنىڭ 218 ـ بېتىدە ئىسمائىل ھاجىنى «ئۆمرىدە بىرەر قېتىممۇ يۇرتىدىن سىرتقا چىقمىغان» دەپ يازىدۇ. لېكىن 226 ـ بەتتە بولسا «ئىسمائىل ھاجىم 15 ياشلىق بالا ھاجىم ئىدى. تۆرىخان ھاجىم چوڭ دادىمىز بىلەن ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلىپ كەلگەنىكەن» دەپ يازغان. رومانىنىڭ 28 ـ بېتىدىمۇ ئىبراھىم ھاجىنىڭ تىلىدىن «ئۇكام يادىڭدىمۇ، بىز 43 ـ يىلى پەدەر بىلەن بىللە كەشمىرگە بارغاندا» دەپ يازغان. مانا بۇمۇ ئىسمائىل ھاجى ھەققىدىكى بىر ـ بىرىگە تامامەن زىت كېلىدىغان بايانلاردۇر.

يازغۇچى يەنە رومانىنىڭ 32 ـ بېتىدە ئىبراھىم ھاجىم «ئىنىسىنىڭ بۇنچىۋالا قېرىپ، قورۇلۇپ كەتكىنىنى بىر شەھەردە ياشاۋېتىپمۇ بىلەلمىدى. ئۇ ھازىر ئىنىسىنىڭ نەچچە بالىسى بار، بالىلىرى-

نىڭ ئىسمى نېمە، بۇلارنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ» دەپ يازغان بولسا،
9 ـ بەتتە، 70 ـ يىللىرى ئىبراھىم ھاجىمنىڭ رەئىسلىك ھوقۇقىد-
دىن پايدىلىنىپ ئىنىسى ئىسمائىل ھاجىمنىڭ ئوغلى زېمىننى مەك-
تەپ مۇدىرىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ «زېمىننى يېزىغا چۈشۈرۈۋەتسىلە»
دېگەن، دەپ يازغان. ئەجىبا 70 ـ يىللىرى ئۆز قىزىنىڭ سۆيگەن
يىگىتى شۇنداقلا ئاكىسىنىڭ ئوغلى بولغان زېمىننى يېزىغا ھەيدەتكۈ-
زۈۋەتكەن ھاجىم 89 ـ يىلى زېمىنىنىڭ ئىسمىنى بىلمەسمۇ؟ يازغۇچى
رومانىنىڭ 27 ـ بېتىدە ئىبراھىم ھاجىغا «ئۇنى بىر دېمە، ئۇكام،
سەن بىلمەيسەن، زېمىنىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىپ تاغ ئارقىسىغا
نەچچە قېتىم يوشۇرۇنچە ئادەم ئەۋەتتىم، ئۇنى ئالتايدىن، غۇلجىدىن،
ئۈرۈمچىدىن، قۇمۇلدىن ئىزدەتتىم، لېكىن دېرىكىنى ئالالمىدىم.»
دېگۈزگەن ئەمەسمىدى؟ يەنە قانداقسىگە بۇ ھاجىم زېمىنىنىڭ ئىسمىنى
بىلمەيدۇ؟

يازغۇچى رومانىنىڭ 36 ـ بېتىدە ئىبراھىم ھاجىمنى تەرىپلەپ:
«ناھىيىدە بولغان ھەر بىر ياخشى ئىش ھاجىمسىز ئۆتمەيتتى. ھەر
بىر سورۇن، ھەر بىر سەھنە، ھەر بىر قارار، ھەر بىر ئادەم
ھاجىمسىز ھاسىل بولمايتتى. ھاجىم گويا بۇ ناھىيىنىڭ ۋەكىلى،
ئەقلى، پەخرى، سۆپىتى ۋە سىمۋولى بولۇپ قالغان...» دەپ يازغان
بولسا، 33 ـ بەتتە «زېمىنىنىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى بۇ رايونغا پارتىيە
كومىتېت شۇجىسى بولۇپ بېرىلگەنلىكىنى» بىلمىگەن قىلىپ يازغان
ھەم «ۋاقىت ھاجىمغا ھەممىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئىنىسىنىڭ قالپاق-
تىن قۇتۇلغىنىمۇ، زېمىنىنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن ئالاھىدە ھۆرمەتلى-
نىدىغان بىر كادىر بولۇپ قالغانلىقى راست بولۇپ چىقتى» دەپ
يېزىپ، ئىبراھىم ھاجىمنى ھەممىدىن خەۋەرسىز ئەرباب ئايلاندۇرۇپ
قويغان. بۇمۇ يازغۇچىنىڭ قەلىمىدىكى بىر روشەن مەنتىقسىزلىك.

يازغۇچى رومانىنىڭ 56 ـ بېتىدە ئىبراھىم ھاجىمغا ئىنىسىنىڭ
ئوغلى زېمىن «ھەممە نېمەم مۇسادىرە قىلىنغان» دەپ تەنە گەپ

www.uyghurkitap.com

قىلىپ چىقىپ كەتكەندە، «ھاجىم بۇ خىل قوپاللىقنى ئۆمرىدە تۇنجى رەت كۆرمەكتە، بۇنداق ھاقارەتلىك سۆزنىمۇ تۇنجى قېتىم ئاڭلىماقتا ئىدى. ئۇ زەربىنىڭ تەمىنى تۇنجى قېتىم تېتىدى، روھىي ئازابنىڭ بۇسىنى تۇنجى قېتىم پۇردى» دەپ يازغان. روشەنكى بۇ بايانلار 26 - بەتتىكى «مانا يېشى ئەمدى 80 گە قاراپ ماڭغاندا ھاجىم يۇقىرىقى ئىشلىرى ئۈچۈن ئىچ - ئىچىدىن ئازابلىنىدىغان، كېچىلىرى ئورنى-دىن تۇرۇۋېلىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ تۇرۇپ بىئەجەل ئۆلگەن ئاكىلىرى ئۈچۈن ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ روھىدىن ئەپۇ سورايدىغان بولۇۋالغانىدى» دېگەن بايانلار بىلەن تامامەن زىت. «بۇنداق ھاقارەتلىك سۆزنىمۇ تۇنجى قېتىم ئاڭلىماقتا» دېگەن جۈملىسىمۇ رومانىنىڭ 6 - بېتىدە كۈيئوغلى ئابلا يانتاقنىڭ روبائىسىنى ئاڭلاپ «مەلئۇن!» دەپ چې-چىلغان ھالىتىگىمۇ زىت!

يازغۇچى رومانىنىڭ 38 - بېتىدە زىمىن بىلەن گۈلنازدىن ئىبارەت ۋىسال تاپالمىغان ئاشىق - مەشۇقلارنى ئۇچراشتۇرىدۇ. بۇ چاغدا گۈلناز ئېرى ئابلا يانتاققا: «كۆردىڭىزمۇ ئابلا، زىمىن ئاكام بىلەن تېخى ئەمدى كۆرۈشۈۋاتىمەن. 22 يىلدىن كېيىن دەڭا!...» دەپ يازغان. قىزىق يېرى شۇكى، يازغۇچى 22 يىل كۆرۈشمىگەن بۇ ئىككى ئاشىق - مەشۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئون نەچچە ياشلىق يادىكار ئىسىملىك بىر ئوغۇلنى پەيدا قىلىپ قويغان، بۇمۇ قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان بىر مەنتىقسىزلىك.

يازغۇچى رومانىدا بىر ئايالنىڭ ئىسمىنى ئۈچ يەردە «ھەنىپە» داپ ئالغان بولسا، تۆت يەردە «ھەبىبە» دەپ ئالغان. بۇمۇ ئاتاقلىق يازغۇچىنىڭ قەلىمىگە سىغمايدىغان خاتالىق.

يازغۇچى رومانىنىڭ 51 - بېتىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۇنىڭچە ئىنسان راھەت - پاراغەت ئۈچۈن ياشايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھاجىمنىڭ كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلغۇچى ھالال ئادەملىكىدىن ھېچكىم گۇمان قىلمايدۇ.» بۇ جۈملىدە بىر قاراشتىلا بىلگىلى بولىدىغان ئېغىر

لوگىكىلىق خاتالىق مەۋجۇت. مۇشۇنداق ئېغىر لوگىكىلىق خاتالىقلارنىڭ كىتابخانلارنى ھەيران قالدۇرماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ كىتابخانلارنى ئەڭ ھەيران قالدۇرىدىغان مىسالدىن يەنە بىرنى كۆرۈپ باقايلى: يازغۇچى رومانىنىڭ 19 - بېتىدە «ھاجىم كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ خىيالغا كەتتى.» دەپ يېزىپ ھاجىمنىڭ خىيالىنى ئۈچ بەتتىن ئارتۇق بېرىدۇ. ھاجىم خىيال قىلىۋېتىپ مۇنداق دەيدۇ: «يۇقىرىدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ 21 ئاتىسى تىلغان ئېلىندى.» بۇنى ئوقۇغان ئوقۇرمەن يازغۇچىدىن بۇ ئىبراھىم ھاجىمنىڭ خىيالىمۇ ياكى سۆزلەۋاتقان لېكسىيىسىمۇ؟ دەپ سورىماي تۇرالمايدۇ.

بۈيۈك رۇس يازغۇچىسى لىف. تولىستوي ئۆزى بىلەن زاماندىش مەلۇم بىر يازغۇچىنىڭ ئەسىرىنى ئوقۇۋېتىپ، توساتتىن بۇلبۇلنىڭ ئالتۇن كۇز پەسلىدە سايرىغانلىقىغا ئائىت تەسۋىرنى كۆرۈپ تەبىئەت قانۇنىيىتىگە سىغمايدىغان بۇ خىل تەسۋىردىن غەزەپلىنىپ پۈتۈن ئەسەرگە ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتقانىكەن. گەرچە تولىستوي ھازىر مەۋجۇت بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەسئۇلىيەتچان ئىجادىيەت ئەخلاقىدىن تۇغۇلغان بۇ خىل ئۆلچىمى ئەدەبىيات ساھەسىدە يەنىلا مەۋجۇت.

مېنىڭ يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ «ئاتا» رومانىنى «قىدىرىپ تەكشۈرۈش»تىن كىتابخانلارغا قىلىدىغان دوكلاتىم مۇشۇنچىلىك.

(بۇ ماقالە «بوستان» ژۇرنىلىنىڭ 1996 - يىل 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئەدەبىياتتىكى نورماللىقمۇ ياكى نورمالسىزلىقمۇ؟

(سۆھبەت يىغىنى خاتىرىسى)

**ئورنى:** «بوستان» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

**ۋاقتى:** 1997 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى

**ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن:** زوردۇن سابىر ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تەرەققىياتىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدىغان ئاتاقلىق يازغۇچى. ئۇ رومانچىلىقتا بىر قەدەر يۇقىرى پەللە ياراتقان ۋە تالايلىغان چۇچۇك ھېكايە، پوۋېستلىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ قەلبىدە ئۆزگە خاس نوپۇزنى تىكلىگەن پېشقەدەملىرىمىزنىڭ بىرى. ئۈچ يىل بۇرۇن ئۇنىڭ «ئانا» رومانى ئېلان قىلىندى. رومان ھەر خىل ئىنكاسلارنى قوزغىدى. كۆپلىگە كىشىلەر: «بۇ رومان ھازىرقى رېئاللىق تېمىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا خېلىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان» دېيىشتى. يەنە بەزىلەر يازغۇچىدىن مۇشۇ رومان مۇناسىۋىتى بىلەن تازا رازى بولمىدى. «بوستان» ۋە «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرناللىرىنىڭ بۇلتۇرقى 4 ـ سانىدا بىرلا ۋاقىتتا كېيىنكى خاھىشنى ئىپادىلەيدىغان ماقالە — يالقۇن روزىنىڭ «‹ئانا› رومانىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈشتىن دوكلات» ۋە «زوردۇن سابىرنىڭ سۈپەت قارىشىغا باھا» ناملىق ئىككى ماقالىسى تەڭلا ئېلان قىلىندى. ماقالە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ھەر خىل ئىنكاسلار بولدى. بەزىلەر: «مۇشۇنداق مۇنازىرىنىڭ بولۇپ تۇرغىنى ياخشى ئىش. ئەدەبىياتىمىز سۈپىتىنىڭ تەرەققىياتىغا بۇنىڭ پايدىسى زور» دېيىشتى، يەنە بەزىلەر:

«زوردۇن سابىر دېگەن ئاتاقلىق يازغۇچى تۇرسا، بۇنداق ماقالىنى ئالدىراپ باسمايدىغان ئىش ئىدى...» دېيىشتى. مەيلى قانداق گەپ - سۆزلەرنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىزنىڭ بۇ ماقالىنى بېسىشىمىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدىكى بەس - مۇنازىرىنى داۋاملاشتۇرۇش، شۇ ئارقىلىق ئۆزىمىزگە خاس چىقىش يولى ئىزدەشكە تۈرتكىلىك قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. بۈگۈن ھەر ساھەدىن يىغىلىپ، زوردۇن سابىرنىڭ «ئانا» رومانى ۋە يالقۇن روزىنىڭ شۇ ھەقتىكى ماقالىسى ھەققىدە ئەركىن - ئازادە بىر پاراڭ سېلىشساق، قېنى، پىكىر قىلىپ باقساڭلار. ئالدىدا پىكىر قىلغانلىرىڭلارنىڭ ئىسمى ماقالىنىڭ ئالدىدىن ئورۇن ئالىدۇ جۇمۇ (كۈلكە).

**يۇسۇپجان مۇھەممەت:** مۇمكىن بولسا يالقۇن روزىنىڭ ئاشۇ ماقالىسىنى بىر ئوقۇۋەتمەيلىمۇ؟ (ماقالە ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن) ماقالىدا ئەسەرگە باھا بېرىلىپتۇ. مەن رومانىنى تەپسىلىي ئوقۇيالمىغاچقا كېيىنچە بىر نىمە دەي.

**پەخرىدىن مۇسا:** (تىزىسقا قاراپ) سۆزۈمنىڭ ماۋزۇسى «‹ئانا› رومانىدىكى ئابلا يانتاق مەردلىكنىڭ سىمۋولىمۇ؟»

مەن پېشقەدەم، تالانتلىق يازغۇچىمىز زوردۇن سابىر ئەسەرلىرىنىڭ يۈز مىڭلىغان كىتابخانلىرى ئارىسىدا كىتابخۇمار بىر ئوقۇرمەن بولۇش سۈپىتىم بىلەن نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يارىتىۋاتقان بۇ كامىل زاتنىڭ «ئانا» رومانىدىكى ئابلا يانتاق ئوبرازى ھەققىدە قىسقىچە توختالماقچىمەن.

«ئانا» رومانى زوردۇن سابىر ئەپەندىنىڭ يەنە بىر ياخشى رومانىدۇر. «ئانا» ئىنتايىن چوڭقۇر مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رومان، شۇنداقلا بىر ياخشى تېما. ئىبراھىم ھاجى ئائىلىسى ئارقىلىق ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتى بىر قەدەر روشەن سۈرەتلەپ بېرىلگەن بۇ روماندا ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ پسىخىك روھى خاراكتېرى تولىمۇ ماھىرلىق ۋە قايىل قىلارلىق ھالدا ئېچىپ بېرىلگەن. چېقىم-

چىلىق، كۆرەلمەسلىك، پۇلغا قارىغۇلارچە چوقۇنۇش، ھوقۇقپەرەستلىك، خۇشامەتچىلىك، ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ بۇزۇقچىلىق قىلىش، ئۆزئارا غەيۋەت - شىكايەت، بىر - بىرىنىڭ ئەيىبىنى ئېچىش، بىر - بىرىگە ئورا كولاش، ئۆز - ئۆزىدىن پارچىلىنىش، بۆلۈنۈش، تەلۋىلەرچە مەيخورلۇق، چېكىدىن ئاشقان ھەشەمەتخورلۇق. . . مانا بۇلار بىز زاماندىكى ئۇيغۇر كىشىلىرىنىڭ روماندا ئەينەن ئەكس ئەتكەن پسىخىك ئالامەتلىرىدۇر. ئەمما روماندىكى ئابلا يانتاق بۇنىڭ سىرتىدا بولۇپ، ئۇ يازغۇچىنىڭ قەلىمى ئاستىدا ئىنايىن مەرد، كەڭ قورساق قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. روماندىكى باشقا پېرسوناژلار كىشىگە شۇنداق تەبىئىي، خۇددى بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا يۈز بەرگەندەك تۇيغۇ بەرسىمۇ، بىراق ئابلا يانتاق سۇنئىي ياسالغان ئادەم قىياپىتىدە كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولىدۇ. مەن ئانچە جاھان كۆرمىگەن بىر ئادەم، شۇ ۋەجىدىن نەزەر دائىرەم تار، شەخسىيەتچى ھەم كۆنلەمچى ئادەملەر تائىپىسىگە ياتسام كېرەك. لېكىن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ھەر قانچە جاھان كۆرگەن ئەركەكمۇ (ئۇ مەيلى قايسى مىللەت بولمىسۇن) ئۆز نىكاھىدىكى ئايالنى چوقۇم يات كىشىدىن كۆنلەيدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئايالىنىڭ بۇرۇن بىر سۆيگەن يىگىتى بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئۇچۇن رەشىك ئوتىدا ئاز - پاز بولسىمۇ ھەسرەتلىنىدۇ. مەن يەنە شۇنداق ئويلايمەنكى، يەر شارىدا ئۇيغۇر ئەركەكلىرىدەك ئايالىنى كۆنلەيدىغان ئىنسانلار توپى بولمىسا كېرەك. بۇ گەپنى ئىزاھلاش ئۈچۈن زوردۇن سابىر ئەپەندىنىڭ «ئانا» رومانىغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەزكۇر روماندىكى 1 - بابنىڭ 10 - بېتىدە ئابلا يانتاق ئىسمىلىك داڭلىق شائىر (ھاجىمنىڭ كۈيئوغلى) تەسۋىرلەنگەن يېزىلمىلار بىزگە چۈشەندۈرىدۇكى، ئابلا يانتاقنىڭ كىشىلەرگە ئېيتقان سۆزلىرى ئۇيغۇر ئەركەكلىرى پسىخىكىسىغا قىلىنغان بىر ھاقارەت، بىر داڭلىق شائىرنىڭ ئۆزى ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. ئابلا يانتاق «كۈندەشلىك قىلىدىغانلار ئاڭسىزلار، نادانلار!» دەيدۇ. ئۇن-

داقتا، ئۇنىڭ سۆزى بويىچە ھەممىلا ئەركەك خوتۇنلىرىنى بىپايان يايلاقتىكى ئاساۋ ئاتلاردەك مەيلىگە قويۇۋېتىشى كېرەكمۇ؟ شۇ چاغدىلا ئەركەكلەر ئاڭلىق، بىنادان ھېسابلىنامدۇ؟ ئابلا يانتاق يەنە «ھەر قايسىلىرى تۆت - بەش ئەرگە تەگكەن خوتۇن بىلەن توي قىلىپمۇ ئايالىم ساق، قىز چىقتى دېيىشىدىكەنلا» دەيدۇ باشقىلارغا. مېنىڭچە ئاشۇنداق سۆزنى قىلغان ئەركەكلەر كىچىك بالا ياكى نېرۋىسىدىن ئازغان ئادەم بولمىسىلا، نورمال ئادەملەرنىڭ ئۇنداق دېيىشى مۇمكىن ئەمەس. ئابلا يانتاق يەنە «مەن بىلەن توي قىلىپ بىرىنچى ئاخشىمى ‹زېمىن، زېمىن!› دەپ توۋلىدى تېخى» دەيدۇ ھەمدە شۇ ئان ئايالىنى ئەيىبلىمەستىن ئۆزىنى ئەيىبلىگەن بولىدۇ. ئويلاپ باقايلى، توي كۈنىنىڭ بىرىنچى ئاخشىمىدىكى بۇنداق ئېچىنىشلىق رېئاللىق — ئۆز ئايالىنىڭ باشقا بىر ئەركەكنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ئېغراپ يېتىشى قايسى بىر ئەركەكنى غەزەبلەندۈرمەيدۇ؟ ئېنىقكى، بۇ ئۇيغۇر پسىخىكىسىغا يات بىر تەسۋىر. يەنىمۇ زىغىرلاپ ئېيتقاندا، قانداق بىر ئەركەك بىر قىزنى نىكاھىغا ئېلىپ، يەنە ئۇنى كىشىلەر ئالدىدا ئاپئاشكارا ھالدا يۇقىرىقىدەك تەرىپلەپ بېرەر؟ ئابلا يانتاق ساراڭمۇيا؟ ياق، ئۇ ساراڭ ئەمەس. بەلكى:

پېشۋانىڭ ھەر تىلى دۇردانىدۇر،
ئىززەتۇ ئىكرامغا لايىق نامىدۇر.
ياخشىلىق، ئىنساپ پۇتەدۇر تەسۋىيى،
ۋە لېكىن ئاغزى نىجاسەت جامىدۇر.

دېگەندەك شېئىرلارنى يازالايدىغان ئەقىللىق، بىلىملىك ئىنسان. بۇ ئىنسان تېخى ئاشۇ ئايالىدىن ئىككى بالىلىقمۇ بولىدۇ، بۇ ئىككى بالىنىڭ بىرى رومانىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا زېمىنىنىڭ بالىسى بولۇپ چىققاندىمۇ، ئۇ ھېچقانداق ئوي - خىيال، ئاچچىقلىنىشتا بولمايدۇ. مانا مۇشۇنداق بالا - چاقىلىق بىر شائىر ئائىلىسى ئۈچۈن بۇ مۇرەك- كەپ ھەم يۈز - ئابرۇي ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرۇۋاتقان جەمئىيەتتە

ئابرۇي ـ ئىناۋەت دېگەن زادىلا كېرەك ئەمەسمۇ؟ غەيۋەت ـ شىكايەتكە تولغان بۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئابلا يانتاقتەك بىر شائىرنى (ئەگەر ئۇ غۇرۇرلۇق ئىنسان بولسا) ئىچ ـ ئىچىدىن رەللە قىلىپ غەزەبلەندۇرمەسمۇ، ئۆرتەندۇرمەسمۇ، ئازابلاندۇرماسمۇ، قېنىنى چىقارماي جىنىنى ئالماسمۇ؟! بىر ناھىيىدە خېلى ئابرۇيى بار داڭلىق شائىر ئابلا يانتاق ئۈچۈن مىڭىچە ئەلۋەتتە ئابرۇي ـ ئىناۋەت كېرەك. چۈنكى بۇ دېگەن مۇرەككەپ كىشىلىك ھايات ـ دە! ئۇنداق بولسا شائىر ئابلا يانتاق نېمە ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك گەپلەرنى ھېچ بىر ھېيىقماستىن قىلىپ يۈرىدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابىنى ئاشۇ شائىرنىڭ ئۆزىدىن سوراشقا توغرا كېلىدۇ، بىراق ئۇ شائىر قەيەردە؟ ئۇيغۇر تۇپرىقىدا بارمۇ زادى؟

مەزكۇر رومانىنىڭ 1 ـ باب 3 ـ بۆلەك 39 ـ بېتىدە شائىر ئابلا يانتاقنىڭ ئايالى گۈلناز بۇنىڭدىن يىگىرمە نەچچە يىل ئىلگىرىكى ۋە شۇنىڭدىن بۇيان كۆرۈشۈپ باقمىغان سابىق سۆيگىنى زېمىن بىلەن كۆرۈشۈپ قالىدۇ. بۇ چاغدا ئەر بولغۇچى ئابلا يانتاق ئايالى گۈلناز بىلەن زېمىننى مەجبۇرىي دېگۈدەك قۇچاقلىتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئېرىنىڭ كۆزىچىلا «گۈلناز بېشىنى ئىختىيارسىز زېمىننىڭ كۆكرىكىگە قويىدۇ...» زېمىن ھەتتا «قىزنىڭ ئۆزىگە تونۇش پۇرىقىدىن مەست بولۇپ ئىختىيارسىز ئۇنىڭ يالاڭباش بېشىنى ئاستا سىلاپ» قويىدۇ. بۇ يەردە قىرىق ياشلارغا يېقىنلاپ قالغان گۈلنازنىڭ «قىز» دەپ تەسۋىرلىنىشىنى قويۇپ تۇرايلى، ئۇنىڭ ئېرى بولغان ئابلا يانتاق ئۇلارنى چىڭ قۇچاقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ شېئىر ئوقۇيدۇ:

«يۈرەكتىن يۈرەككە يول بارمىش پىنھان،
سۆزلىشەر شاۋقۇنسىز شۇڭلاشقا ئىنسان.
ۋارقىراپ سۆزلەيمىز يالغاننى دائىم،
ھەقىقەت دىللاردا ياتار جىم ھامان.»

مانا بۇ روماندىكى رېئاللىق. ئەمما مەن بۇنداق رېئاللىقنى ئەترا-

پىمدىكى جەمئىيەتتىن ئىزدەپ تاپالمايدىغانلىقىمىغا، ھەتتا ئۇنداق شا-
ئىرنىمۇ ھازىر ھەم كەلگۈسىدە ئۇچراتمايدىغانلىقىمىغا، ئۇچرىتالمايدى-
غانلىقىمىغا ئىشىنىمەن!

رومانىنىڭ 83 - بېتىگە كەلگەندە، كۆڭلى - كۆكسى ئىنتايىن
كەڭ، ئاڭلىق، مەرد شائىر ئابلا يانتاقنىڭ مەردلىكى نەلەرگىدۇر
يوقاپ، بىردىنلا «ئەرلىك غۇرۇر»ى قوزغىلىپ، «ئۇيغۇرلارغا خاس
ئەرلىك بىلەن پىچاقنى ئىشقا» سالماقچىمۇ بولىدۇ. . . دېمەك، بۇ
چاغدا ئۇ بىردىنلا قاتتىق كۆنلەمچى ئەركەككە ئايلىنىپ، ئايالىنى
ئىزدەپ زىمىننىڭ ئۆيىگە بارىدۇ ۋە كېچىدە نامەلۇم كىشىلەر تەرىپى-
دىن يەتكىچە دۇمبالىنىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالىدۇ. شۇنداق،
ئىنسان ئەڭ ئۆزگىرىشچان مەخلۇق. بۇ سۆز بويىچە ئېيتقاندا ئابلا
يانتاقنىڭ ئىلگىرىكى مىجەز - خاراكتېرى ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇم-
كىن. ئەمما ئالدىنقىسى بىلەن كېيىنكىسىنى سېلىشتۇرغاندا ئابلا
يانتاققا ئوخشاش بىر مەرد شائىر ئۆزىنى ۋە ئۆز خاھىشىنى بىراقلا
ئىنكار قىلىۋەتكەن تۇترۇقسىز شەخسكە ئوخشاپ قالامدۇ؟

روماندا يەنە ئابلا يانتاق بىردىنلا ئۆزگىرىپ مەردلىكىگە
قايتىدۇ - دە، ئۆز بەختىنى قۇربان قىلىپ، زىمىن بىلەن گۈلنازنىڭ
بەختى ئۈچۈن گۈلناز بىلەن ئۆزى تەلەپ قىلىپ ئاجرىشىدۇ. ھەتتا
رومانىنىڭ 217 - بېتىگە كەلگەندە ئۇ زىمىنغا: «سەن تېخى مېنى
تولۇق چۈشەنمەيسەن، زىمىن. مەن باشقىلارنىڭ بەختى بىلەن ئۆزىنى
بەختلىك ھېسابلايدىغانلاردىن. مەن ئۇيغۇردىن چىققان تۇنجى ‹سى-
فىرگو› (ئاۋستىرىيىلىك پسىخولوگىيە ئالىمى فروئىدنىڭ ئالىي پە-
زىلەت نەزەرىيىسىنىڭ ئىسمى) بولماقچى» دەيدۇ. زىمىنمۇ ئۇنىڭغا
ئۇلاپلا: «ئاجايىپ رومانتىكا، مەن مۇشۇنداق بىر ‹راخماتوۋ› (رۇ-
سىيە يازغۇچىسى چېرنىشېۋسكىينىڭ ‹نېمە قىلىش كېرەك› رومانى-
دىكى باش قەھرىمان — يازغۇچىنىڭ ئىزاھاتى) نىڭ چىقىشىنى ئارزۇ
قىلىدىغانلاردىن. بىز ياشاۋاتقان مۇشۇ ئەسىردىلا فروئىدىزمنى قورق-

ماي سىناق قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ بارلىقىنى زادىلا تونۇيالماپتىمەن» دەيدۇ.

بۇ دېمىسىمۇ ئاجايىپ رومانتىكا، ياۋروپاچە رومانتىكا. ئەمما بۇنداق رومانتىك روھنى بىز ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىن تاپالايمىزمۇ؟ نەچچە مىڭ يىللىق ئۇيغۇر پسىخىكىسى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دەۋرى ئەمدىلا گۈللىنىۋاتقان جەمئىيەتتە، بولۇپمۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە شۇنچە تېز ئۆزگىرىپ ياۋروپالىشىپ كېتەرمۇ؟ مېنىڭچە، ئۇيغۇرلاردا «فروئىدىزمنى قورقماي سىناق قىلىۋاتقان» ئابلا يانتاقتەك ئادەملەر گەرچە «ئاتا» رومانىدا ئاپىرىدە قىلىنغان بولسىمۇ، رېئاللىقتا يوق، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بولماسلىقى مۇمكىن. فروئىدىزمچە ئەسەرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيەت قاتلىمىغا بۆسۈپ كىرگىلى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ فروئىدىزمچە ئەسەرلەر ئەمدىلا يېزىلىپ ئاندا - ساندا ئېلان قىلىنىۋاتقان 21 - ئەسىر ھارپىسىدا، ئۇيغۇر كىشىلىرىدىن «فروئىدىزمنى قورقماي سىناق قىلىۋاتقان» رېئال ئادەملەرنىڭ چىقىشى مۇمكىنمۇ؟ بۇنى ئاپتورنىڭ ئارزۇسى ياكى ئالدىن تەسەۋۋۇرى دەپ قارىغاندىمۇ، 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى ئوبيېكت قىلىنغان بۇ رومانغا نىسبەتەن ئۇ بەك بالدۇرلۇق قىلامدۇ قانداق؟

ھەر قانداق بىر مىللەت ئۆزىگە خاس پسىخىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇيغۇر پسىخىكىسى تېخىمۇ شۇنداق! شۇڭا ئابلا يانتاق بىزنىڭ رېئال پسىخىك ھالىتىمىزدىن ياتلاشقان ھالدا ئۆزىنىڭ «شائىر»لىق سۈپىتى بىلەن مەزكۇر رومانغا قىستۇرۇلغان بىر مەۋھۇم قەھرىمان، ئۆز مىللەت پسىخىكىسىدىن ياتلاشقان شالغۇت ئادەم، سۈنئىي ئادەم ياكى ئالجىغان شائىر! ئۇ ھەرگىزمۇ «فروئىدىزملاشقان» ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەركەكلىرىنىڭ تىپى ئەمەس، مەرد ئۇيغۇر ئەركەكلىرىنىڭ تىپىك سىمۋولى تېخىمۇ ئەمەس!

**سېتىۋالدى باھاۋۇدۇن:** ئىككىنچى يالقۇن روزى بوپسىزغۇ سىز - ھە. (كۆلكە)

**پەرھات ئابدۇرەھىم:** زوردۇن سابىرنىڭ ئۇيغۇر رومانچىلىقىغا قوشقان تۆھپىسىنى ھەرگىز تۆۋەن ھېسابلىغىلى بولمايدۇ. ئۇ ئۆزگىچە ئۇسلۇب ئارقىلىق ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ رەڭگارەڭ كۆرۈنۈشلىرىنى ئۇستىلىق بىلەن سۈرەتلەپ بەرگەن. يالقۇن روزىنىڭ مۇشۇ ماقالىسى ۋە «ئاتا» رومانىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پېشۋالىرىمىزنىڭمۇ بەزى چاغلاردا ئۇيغۇر تۇرمۇشى، ئۇيغۇر خاراكتېرىغا مەلۇم جەھەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىقىنى سېزىۋالالايمىز. بۇ بىر يازغۇچىنىڭ يالغۇز ئەسەرگىلا ئەمەس كىتابخانلارغا، دەۋرگە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى ياكى كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقىنى ئىپادىلەيدىغان نەرسە. ئەگەر ئەسەردە ئومۇمىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقان چاغدا ئارتۇقچىلىق ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىنتايىن ئاز ساندا بەزى نۇقسانلار كۆرۈلۈپ قالغان بولسا، بۇ چاغدا بىز يەنىلا مۇئەييەنلەشتۈرسەك بولاتتى. ئەمما ئەسەردىكى، بولۇپمۇ پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ خاراكتېر يارىتىلىشى جەھەتتە ئۇيغۇر پسىخىكىسى، ئۇيغۇر خاراكتېرى، ئۇيغۇر تۇرمۇشى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىلگەن چاغدا بەزى ئەھۋاللار بىر قەدەر ئېغىر.

مۇشۇ مەزگىللەردە نەشرىيات ئورۇنلىرىدىمۇ بەزى كەمچىلىك، نۇقسانلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. بۇ مەيلى يازغۇچىغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، مەيلى نەشرىيات، مۇھەررىر يولداشلارغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ بىر ساۋاق. يېقىنقى مەزگىللەردە نۇرغۇن ئەسەرلەر ئېلان قىلىندى. بەزىدە ھەتتا باشقىلار قولىغا ئېلىپمۇ قويمايدىغان نەرسىلەرمۇ چىقىپ كەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالدىراپ بازارغا سېلىنغان نەرسىلەر.

مەيلى نەشرىياتچىلىقنىڭ خەلق ئاممىسى ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىقى بولسۇن، مەيلى يازغۇچىنىڭ ئوقۇرمەنلەر ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىقى بولسۇن، بۇنىڭغا دىققەت قىلمىساق بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

**مۇھەممەتجان جېلىل:** «بوستان» ژۇرنىلىنىڭ بۇگۈنكىدەك مۇشۇنداق سۆھبەت يىغىنىنى ئورۇنلاشتۇرغىنى ئىنتايىن ياخشى بوپتۇ. مەن بۇ سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشقانلىقىم ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشال. گەپنى تېمىدىن باشلىغاندا، زوردۇن سابىر يولداشلار دېگەندەك بىزنىڭ پېشۋالىرىمىزدىن ئىدى. «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ»، «بوش كەلمە، تۇرپانلىق» دەك نۇرغۇن نادىر ئەسەرلىرى بار. ئۇنىڭغا ھەممىمىز قايىل. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «ئىزدىنىش» رومانى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان رومان ھېسابلىنىدۇ.

يازغۇچى مىللەتنىڭ يازغۇچىسى. ئۇ مىللەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. دۇنياغا مىللەتنى تونۇتىدۇ. مىسال ئۈچۈن ئېيتساق قىرغىزىستان يازغۇچىسى چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ «قىيامەت» رومانى قىرغىز مىللىتىنى دۇنياغا تونۇتتى. يازغۇچى بولۇش يۈكسەك دەرىجىدە مەسئۇلىيەتچانلىق تۈيغۇسى بولۇشنى ۋە كۆپ قىرلىق بىلىمگە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ھەر قانداق بىر يازغۇچىمىز ئەسەر يازغاندا ئۇنى ئالدىراپلا پۈتتۈرمەستىن، ئۇنى كۆپ تەرەپلىمىلىك پىششىقلاش، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش، ئۆز مىللىتىنىڭ قائىدە ـ يوسۇن، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى قېدىرىپ تەكشۈرگەندە كەمچىلىك، خاتالىقلار ئازىيىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «زوردۇن سابىرنىڭ ‹ئانا› رومانىنى قېدىرىپ تەكشۈرۈشتىن دوكلات» دېگەن ماقالىنىڭ ئېلان قىلىنىشى مېنىڭچە نورمال ئىش.

مەغلۇبىيەت مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئانىسى، تەنقىدنىڭ ھەر بىر يازغۇچىغا نىسبەتەن مەسئۇلىيەتچانلىق تۈيغۇسى، ئەستايىدىللىق، ئەتراپلىق مۇئامىلە قىلىش جەھەتتە تۆھپىسى زور بولىدۇ. ھەر قانداق ئەسەرگە نىسبەتەن ئىنكاس بولمىسا بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يالقۇن روزىنىڭ ماقالىسىنىڭ ئېلان قىلىنىشى مېنىڭچە نورمال ئىش.

**پەرھات ئابدۇرەھىم:** يالقۇن روزىنىڭ جۈرئىتى، دادىللىقىغا قول قويىمەن. زوردۇن سابىرنىڭ «بوش كەلمە، تۇرپانلىق» دېگەن

ئەسىرنىنى ئېلىپ ئېيتساقمۇ، ئۇنىڭدىكى دىئالوگنىڭ كۆپلۈكى كە-
شىنى زېرىكتۈرۈپ قويىدۇ.

**غېنى قۇربان:** بۈگۈن بۇ يەردە «بوستان» ژۇرنىلى يالقۇن روزىنىڭ ماقالىسى ھەم زوردۇن سابىرنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە مۇھا-كىمە يىغىنى ئاچتى. بۇ ئىنتايىن ياخشى باشلىنىش. بىزدە يازغۇچى-نىڭ تەۋەلىكى، يازغۇچىنىڭ يۇرتى توغرىلىق بىر تۈرلۈك يامان ئىللەتلەر بار. بىر يازغۇچى قايسى يۇرتتا، قايسى مەھەللىدە بولسا شۇ ئورۇندا ئۇنى خاتىرىلەش، شۇ ئورۇندا ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش داۋاملىشىۋاتقانىدى. بۇ قېتىم «ئاتا» روما-نىنىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەن بۇ دائىرىنى بۆسۈپ تاشلاپ، بۇ مۇھا-كىمە يىغىنىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى، ژۇرنالنىڭ دادىللىقى بولۇش بىلەن بىللە ئىنتايىن ياخشى باشلىنىش بولدى. زوردۇن سابىر يېقىن-قى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىنىڭ بىرى. زۇنۇن قادىر، قەييۇم تۇردى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر قاتارلىقلارنىڭ قاتارىدا رومانچىلىقىمىزدا زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان، مول مېۋە بەرگەن يازغۇچىلاردىن بىرى. ھازىرغىچە زوردۇن سابىر بىزگە سوۋغا قىلغان «ئاۋرال شاماللىرى»، «ئىزدىنىش»، «ئارچا ياپرىقى»، «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ» ئەسەرلىرى بىزدە ياخشى تەسىر قوزغىغان. بولۇپمۇ زوردۇن سابىر «ئىزدىنىش» رومانى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مىل-لەت-ئائىلىدىدا مەسئۇلىيەتچان، جاۋابكار بولۇش تۇيغۇسىنى ئەلا ئوبرا-زىدا ئىنتايىن ياخشى يارىتىپ بەرگەن. بىزنىڭ ئىجادىيىتىمىزگىمۇ تەسىرى چوڭ بولغان.

ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ يەنە ناھايىتى ياخشى ھېكايىلىرى بار. بىز ئۇ ھېكايىلەردىكى پېرسوناژلارنى ھېلىلا بىر يەردە كۆرگەندەك، ئۇلار بىلەن سۆزلەشكەندەك ھېس قىلىمىز. «بوش كەلمە، تۇرپانلىق» دېگەن ھېكايىسىدە دىئالوگ ئۇزۇن. بۇمۇ زوردۇن سابىر ئىجادىيىتى-دىكى بىر ئارتۇقچىلىق. بىز بولساق قىسقارتىمىز، بۇغىمىز، ئەمما

www.uyghurkitap.com

زوردۇن سابىر ئۇنى ئۆز رېئاللىقى بويىچە، پېرسوناژلارنى مەيلىگە
قويۇپ بەرگەن. زوردۇن سابىر قەلىمى ئاستىدىكى پېرسوناژلار بىزگە
هايات ئادەملەردەك تۇيغۇ بېرىدۇ. زوردۇن سابىر يەنە رومانچىلىقتا
مۇۋەپپەقىيەت قازانغان تالانتلىق يازغۇچى. «بوستان» ژۇرنىلىدا يال-
قۇن روزىنىڭ ماقالىسى ئېلان قىلىنىش بىلەن تەڭ جەمئىيەتتە:
«زوردۇن سابىرغا تەنقىدىي ماقالىلارنى يازمىسا بوپتىكەن» دېگۈچىلەر
بولدى. مېنىڭچە بۇ ئوبزورنىڭ يېزىلغانلىقىدىن يازغۇچىنىڭ ئۆزىمۇ
خۇشال. ئىنكاس بولمىغان ئەسەرنى بىر پارچە قۇرۇق قەغەز دېيىشكە
بولىدۇ. بۇ ماقالىنىڭ چىقىشى ئىنتايىن ياخشى باشلىنىش.

«ئاتا» رومانى ھەققىدە مەنمۇ بىر نەچچە خىل پىكىرنى ئويلى-
غان، بۇنىڭ بىرى ئابلا ياتاق ئوبرازى. بۇ ھەقتە پەخرىدىن ناھايىتى
ياخشى پىكىرلەرنى بەردى. مەن هاجىم ئوبرازى ھەققىدە توختىلاي.
هاجىم بىزگە باشتا ئىنتايىن سىلىق ـ سىپايە، ياخشى تەسىر بەرگەن
بولسا، كىتابنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا بارغانسېرى خۇنۇكلىشىپ، دۇنيا-
دىكى ئەڭ رەزىل ئادەمگە ئايلىنىدۇ. مېنىڭچە دۇنيادىكى ئەڭ ناچار
ئادەملەرنىڭ بىرى ئۆزىنى قوغداش بەدىلىگە ئۆز يېقىنلىرىنى، ئۇرۇق ـ
تۇغقانلىرىنى ساتىدىغان ئادەمدۇر. «يامانلىقتا يامانلىق قىلالايدۇ ھەر
كىشى، يامانلىقتا ياخشىلىق قىلالايدۇ ئەر كىشى» دەيدىغان گەپ بار.
مۇشۇنداق بىر ئوبراز ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئاكىسىنى، بىر ئەمەس،
بىرلا ۋاقىتتا ئۈچ ئاكىسىنى سېتىۋېتىدۇ. ھەر قانداق بىر ئىنسان
بىرەر ئۇرۇق ـ تۇغقىنىنىڭ بەختسىزلىكىدىن يۈرىكى ئېچىشىدۇ.
ئەمدى هاجىم نېمە ئۈچۈن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ساتتى؟ ئۇ زېمىن
دېگەن پېرسوناژنى هاقارەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ قىزىنى ياخشى كۆرۈپ
قالغانلىقى ئۈچۈن سەرگەردان قىلىپ، كۆمۈر كانلارنىڭ ئاستىدا،
پىژغىرىم ئىسسىقتا ئىشلەشكە مەجبۇر قىلىپ قويىدى؟ ئۇنىڭدىن باشقا
هاجىم جەمئىيەتنىڭ، تۇرمۇشنىڭ، ھۆكۈمەتنىڭ ھەر خىل ئىشلىرى-
غا ئارىلىشىپ، ھەممە ئادەمنىڭ هالىغا يېتىپ ئۆتىدىغان ئادەم.

ئۇنىڭ ئاكىلىرىنى سېتىۋەتكەنلىكى، زېمىننى دۇنيادىن يوقىتىش تەرەپدارىدا بولۇشى يەنىلا ھاجىم ئوبرازىنىڭ يازغۇچى باشتا كۆرسىتىپ بەرگەن ھاجىم ئەمەس، بەلكى باشقىچە بىر ھاجىم ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا دۇنيادا غەم - غۇسسىسىز ياشايدىغان بۇ ھاجىم دۇنيادا پەقەت بىرلا ئادەمدىن، يەنى موللاق سوپىدىن قورقىدىكەن. ناۋادا مۇشۇ ئادەم دۇنيادىن يىتكەن بولسا ئىدى، ھاجىم تېخىمۇ خاتىرجەم ئۆتكەن بولاتتى، دېيىلگەن. نېمە ئۇچۇن ھاجىم ئۇنىڭدىن قورقىدۇ؟ نېمىشقا ئۇ يوقالسا ھاجىمغا خاتىرجەملىك بولىدۇ؟ كىتابتا بۇ ھەقتە ئېنىق تەپسىلاتلار يوق. مەن باشتا ھاجىم موللاق سوپىدىن ئەجەپ قورقىدىكەن، موللاق سوپى ھاجىمنىڭ ھەممە تارىخىنى بىلىدىغان ئوخشايدۇ، بىر كۇنى ھاجىمنى رەسۋا قىلىدىغان ئوخشايدۇ دېسەم، جىمجىتلا يوقاپ كەتتى.

بىز زوردۇن سابىرنىڭ ئىجادىيىتىنى زور دەرىجىدە مۇئەييەنلەشتۇرىمىز. لېكىن ئەسەرلىرىدىكى كەمچىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

**شېرىپجان موللائەمەد:** «بوستان» ژۇرنىلىنىڭ مۇشۇنداق بىر سۆھبەت يىغىنى ئۇيۇشتۇرغانلىقىدىن كۆپ خۇش بولدۇم. زوردۇن سابىر بىزنىڭ مەشھۇر يازغۇچىمىز. شەخسەن مەن بىر ئوقۇتقۇچى. زوردۇن سابىر ھەققىدىكى تەسىراتىم چوڭقۇر. بىزنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىك كىتابىدا ئۇنىڭ «دولان ياشلىرى» ناملىق ھېكايىسى بار. بۇ ھېكايە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئۇيغۇر رېئاللىقىنى ناھايىتى ياخشى تەسۋىرلىگەن. «ئىزدىنىش» رومانىمۇ ھەم شۇنداق كاتتا رومان. ئۇلاردىكى پېرسوناژلار كۆز ئالدىمىزدا ھەر قاچان نامايان بولۇپ تۇرىدۇ. «ئاتا» رومانىغا كەلسەك، مەنمۇ ئوقۇغان. بىر قىسىم پىكىرلىرىم باشقىلار بىلەن ئوخشاش ئىكەن. ئاتا زادى كىمنىڭ ۋەكىلى دېگەن نەرسىدە ئويلىنىپ قالدىم. يالقۇن روزىنىڭ ماقالىسىدە بىر قىسىم نۇقتىلار كۆرسىتىلگەن.

www.uyghurkitap.com

مېنىڭچىمۇ شۇنداق يەرلىرى بار ئىكەن. مۇمكىن بولسا مۇشۇندىق سۆھبەت يىغىنلىرى داۋاملىق ئېچىلىپ تۇرسا ئىكەن دەيمەن.

**ئەنۋەر ئابدۇراخمان:** «ئاتا» رومانىنى مەنمۇ ئوقۇغان، بۇ دەل رەھمەتلىك دادام بالنىتسىتىكى ۋاقىت ئىدى. بىر كۈنى دادامغا ئوبدانراق بىر كىتاب ئوقۇپ بېرەي دەپ كىتابخانىغا كىرسەم، زوردۇن سابىرنىڭ «ئاتا» رومانى تۇرۇپتۇ. ماڭا بۇ رومانىنىڭ ماۋزۇسى بەك ياقتى. چۈنكى مەن ئۇنى دادامغا ئوقۇپ بەرمەكچى ـ دە، مەن ئوقۇدۇم، دادام ئاڭلاپ ياتتى. . . يۇقىرىدا باشقىلار دېگەندەك، رومانىنى ئوقۇپ باش ـ ئايىغىنى تازا باغلاشتۇرالمىدىم. بەزى پېرسوناژلار تازا ياقمىدى. مەن «نۆۋەتتە ئەدەبىياتىمىزنى باشلاپ مېڭىۋاتقان ئادەملىرىمىزدە يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك» دېگەن سۆزگە قايىلمەن. ئۇلارنىڭ مەيلى يامان، مەيلى ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىشى بىۋاسىتە ھالدا ئەدەبىياتىمىزغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بايا چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ گېپىنى قىلىشتۇق. ئۇمۇ قىرغىز مىللىتىنىڭ ئۆيى، تارىخى ۋە رېئاللىقىنى ئۇستىلىق بىلەن تەسۋىرلەپ قىرغىز مىللىتىنى جاھانغا تونۇتتى. مەلۇم بىر ياش شائىر دوستۇم بىر چاغدا مۇنداق بىر گەپنى قىلغان: «مەن بىرسى بىلەن باغلاشتىم، بىر يىلدا مىڭ پارچە شېئىر يېزىپ ئېلان قىلىپ، ئۇنى ئۇتۇپ، بىر يۈرۈش ئۆي ئالماقچى. . .» مەن دېدىم: «مىڭ پارچە شېئىرنى يازارسەن بىر يىلدا، بىر يىل دېگەن 365 كۈن، ئاز دېگەندە كۈنىگە 2 ـ 3 تىن يازساڭ يازالايسەن، ئېلان قىلىشنى قويۇپ تۇرايلى، مىڭ پارچە شېئىر دېگەن ئاز گەپمۇ؟ . . .» مېنىڭچە شېئىر يازماق تەس گەپ ئەمەس، ھەقىقىي شائىر بولماق تەس. دېمەك، بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىزدا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك. «ئاتا» رومانىنى مۇئەييەنلەشتۇرىمىز، لېكىن تېخىمۇ ياخشى رومان چىقىش ئۈچۈن مۇشۇنداق سۆھبەت ئېلىپ بارغىنىمۇ ياخشى. قارىسام يازغۇچىلاردا ھازىر بىر خىل ھورۇنلۇق باردەك قىلىدۇ. ئۆمەرلەرمۇ بۈگۈن سۆھبەتنى

خاتىرىلىمەي ئۇنىئالغۇنى ئېچىپ قويدىغۇ ھورۇنلۇق قىلىپ، مانا (كۈلكە).

**ئەسقەر ياسىن:** يالقۇن روزىنىڭ ماقالىسى ھەققىدە كۆپ غۇل-غۇلا بولدى، كۆز قاراش ئوخشاش بولمىدى. ئۇنداق ـ مۇنداق پىكىرنىڭ بولۇشى نورمال ئەھۋال، بىزدە تەنقىدكە نىسبەتەن بىر خاتا كۆز قاراش بار. خۇددى بىر ئادەم تەنقىدكە ئۇچرىسا، شۇ تەنقىد بىلەنلا تۈگىشىپ كېتىدىغاندەك. ئەمەلىيەتتە تەنقىد يامان نەرسە ئەمەس. قىسقىسى، بىر قىسىم يازغۇچىلار تەنقىدكە توغرا مۇئامىلە قىلمىدى. پېشقەدەملىرىمىز «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا بىر تەنقىدكە ئۇچراپلا ناھەق پەشۋا يەپ كەتكەچكە، ھازىرمۇ تەنقىدتىن ئېھتىيات قىلسا كېرەك. بىر ئادەمنىڭ تەنقىدى بىلەن بىر يازغۇچى ھەرگىز تۈگىشىپ كەتمەيدۇ ھەم ئۇ كەڭ ئاممىنىڭ كۆز قارىشىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. بىز زوردۇن سابىرنى ئەسلىگەندە ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئېسىل ئەسەرلىرى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. بۇنى ھەممە بىلىدۇ. بىز ئۇنىڭ ھەر بىر ئەسىرىگە ئوبيېكتىپ باھا بېرىشىمىز لازىم. شۇڭا بۇندىن كېيىن ياخشى تەنقىدچىلەرنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كەلگىنى ياخشى.

**ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن:** مەن يالقۇن روزىنىڭ «زوردۇن سابىرنىڭ سۈپەت قارىشىغا باھا» ۋە «‹ئانا› رومانىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈشتىن دوكلات» دېگەن بۇ ئىككى ماقالىسىنىڭ ئېلان قىلىنىشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئىزاھلاپ ئۆتەي. «شىنجاڭ گېزىتى» دە بىر سەھىپە ئېچىلدىغۇ، يازغۇچىلار ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىسىنى تونۇشتۇرىدىغان. شۇنىڭدا زوردۇن سابىرنىڭ سۈپەت قارىشى ئىپادىلەنگەن بىر ماقالىسى چىققان. ئاڭلىشىمىزچە، ماقالىنى كۆرگەندىن كېيىن يالقۇن روزى «زوردۇن سابىر بۇ ماقالىنى ئۆزىگە تۆۋەن تەلەپ قويۇپ تۇرۇپ يازغان» دېگەن نۇقتىدا يېزىپتىكەن. ئۇنى ئۇرۇمچىدە ئېلان قىلىش مۇمكىن بولماپتۇ. «زوردۇن سابىرنى ئىنكار قىلغان ماقالىنى باسمايمىز، ئۇ دېگەن خەلقىمىزنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك يازغۇ-

چىسى» دەپ. ئاخىرى «قۇمۇل ئەدەبىياتى» دا ئېلان قىلىندى. كەيىندىنلا «‹ئاتا› رومانىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈشتىن دوكلات» دېگەن ماقالىسىنى بىزگە بەردى. بۇنىمۇ ئېلان قىلىش مۇمكىن بولماپتىكەن، «يولۋاسنىڭ ساغرىسىنى سىلىغىلى بولمايدۇ» دېگەندەك. دېمەك، ھېچبىر مەتبۇئات تەنقىدكە توغرا مۇئامىلە قىلمىغان ـ دە. بىز كۆرسەك، گەپ ئەسەر ئۈستىدە ئىكەن، ئادەم (ئاپتور) ھەققىدە ناتوغرا گەپلەرمۇ يوق. شۇنىڭ بىلەن ئېلان قىلدۇق. دېمەك، زوردۇن سابىر ھەققىدىكى ئىككى ماقالە بىرلا ۋاقىتتا ئېلان قىلىندى. ماقالە چىققاندىن كېيىن غۇلغۇلا كۆپ بولدى. جەمئىيەتتە: «ئاتاقلىقلىرىمىزدىن بىر نەچچىسىلا قالدى، بۇلارنى تەنقىدلەۋەرسەك، ئەدەبىياتىمىزدا نېمە قالىدۇ؟ ئەمىسە بىزدە يازغۇچى يوقمۇ؟» دېگەندەك سۆزلەر بولۇندى. دېمەك، جەمئىيەتتە تەنقىدنى كۆتۈرەلمەسلىك ھادىسىسى ئاشكارىلاندى. خۇددى ئاتىمىز بىرەر ئىشنى تۈيۈقسىز خاتا قىلىپ قويسا، «ئاشۇ ئىشىڭ تازا قاملاشماي قالدى دادا» دېمەسلىك كېرەكتەك، دادىنىڭ گېپى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يوللۇقتەك بىر خىل كەيپىيات پەيدا قىلىپ قويدى. يالقۇن روزى «قىدىرىپ تەكشۈرگەن» زوردۇن ئەپەندىنىڭ بۇ رومانى بۇ يىل مۇنەۋۋەر ئەسەر بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى. ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، خەلق قەلبىدىن ئەڭ چوڭقۇر ئورۇن ئالغان يازغۇچىمىزنىڭ ئالدى زوردۇن سابىر. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەدەبىي تەنقىدكە بولغان چۈشەنچە كەمچىل بولغاچقا، بۇ ژانىرنى نورمال تەرەققىي قىلدۇرۇش ھېلىھەم مۇمكىن بولمىدى. بەلكىم بۇ ئارزۇيىمىزمۇ ئەمەلگە ئېشىپ قالار.

(بۇ سۆھبەت يىغىن خاتىرىسى «بوستان» ژۇرنىلىنىڭ 1997 ـ يىل 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان)

# زوردۇن سابىرنىڭ سۇپەت قارىشىغا باھا

يازغۇچى زوردۇن سابىر ئۇيغۇر كىتابخانلىرىنىڭ قەلبىدە خېلى يۇقىرى ئورنى بار، بەلگىلىك بەدىئىي ئىقتىدارغا ئىگە مەھسۇلاتلىق يازغۇچىلارنىڭ بىرى. كىتابخانلارنىڭ ئۇنىڭغا قىزىقىشىدىكى سەۋەب، ئۇ ئىجادىيەتتە ئۆزى بىلەن تەڭ قورامدىكى يازغۇچىلارغا سېلىشتۇرغاندا بىر قەدەر ئەستايىدىللىراق. شۇڭا، مەن ئۇنىڭ «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1992 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈندىكى «گۈلشەن» بېتىدە ئېلان قىلىنغان «ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ سۇپىتى توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىنى دەرھال ئوقۇپ چىقتىم. لېكىن توساتتىن مەندە ئۇنىڭ سۇپەت قارىشىغا نىسبەتەن مۇنازىرىلىشىش ئىستىكى تۇغۇلۇپ قالدى. شۇ ئىستەكنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بۇ ماقالەمنى يېزىپ چىقتىم. بەلكىم مۇشۇكنى يولۋاس دەپ خاتا نونۇپ قالغان ياكى بۆركۈتنى قۇشقاچ دەپ چېك تۇرۇۋالغان بولۇشۇمۇ مۇمكىن، ئەمما رەھىمسىز مۇنازىرىلىشىش ئارقىلىق ھەممىنى ئايدىڭلاشتۇرغىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

يازغۇچى مەزكۇر ماقالىسىدە ئۆزى سۇپەت يارىتىشتا «ئالاھىدە ئاڭلىق دىققەت» قىلىپ كېلىۋاتقان بەش تۈرلۈك مەسىلىنى كۆرسىتىشتىن بۇرۇن كەسكىن تەلەپپۇزدا «ئەسەرنىڭ سۇپىتى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى، جەمئىيەتتە ئوينىغان رولى، ئېرىشكەن ھۆرمەت ـ ئىناۋىتى بىلەن ئۆلچىنىدۇ» دەپ ئېيتقان. بۇ يەردە مەن يازغۇچىنىڭ جۈملە شەكلىنىڭ ئۆلۈك، تەپەككۇرىنىڭ تورى يوقلۇقىنى نەزەردىن ساقىپ قىلىپ تومتاقلىقى، مۇكەممەل ئەمەسلىكى توغرىسىدا توختىلىمەن. «ئىجتىمائىي ئۈنۈم» دىن ئىبارەت مەزمۇنى ئانچە ئېنىق بول-

مىغان بۇ ئۇقۇم ئەسەر سۇپىتىنى ئۆلچەيدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم ھېسابلىنىدىكەن، بۇ سەنئەتكە قىلىنغان ئاسىيلىق ھېسابلىنىدۇ. قەدىمكى رىم دەۋرى ئوبزورچىسى خوراتىئوس «تەربىيىنى لەززەتكە سىڭدۈرۈش كېرەك» دېگەن مەشھۇر نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويغىنىدا ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنىڭ مۇھىملىقىنى ئالاھىدە ئېتىبارغا ئالغان. بۈگۈنكى كۈندە ئەدەبىي ئەسەرنىڭ سۈپىتىنى «ئىجتىمائىي ئۈنۈم» بىلەنلا ئۆلچەشنى مەقسەت قىلغان ھەر قانداق نۇقتىئىنەزەر كىشىگە ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ھەققىدىكى ئىپتىدائىي ساۋاتلارنى ئەسلىتىدۇ. نەزەرىيە ساھەسىدە ئەدەبىي ئەسەرنىڭ سۈپىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئېستېتىك ئۆلچەملەر كۈنسېرى چوڭقۇرلاپ ۋە نازۇكلىشىپ كېتىۋاتقان شارائىتتا، بىز مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ رېئال ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتىگە ئىجتىمائىي قىممەت بىلەن ئېستېتىك قىممەتنىڭ بىردەكلىكى نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك. بۇنىڭدىنمۇ تۆۋەن ئۆلچەملەرنى تەشەببۇس قىلىش، ئەدەبىياتىمىزنى تېخىمۇ نامراتلاشتۇرۇۋېتىدۇ، خالاس.

ئاپتور ماقالىسىدە يەنە «سۈپەتلىك ئەسەرلەر ھەقىقىي ئىجادىيەت باسقۇچىدىلا مەيدانغا كېلىدۇ» دەپ مۇتلەقلەشتۈرىدۇ. روشەنكى ھەر قانداق يازغۇچى «مەن ئىجادىيەتتە ھەقىقىي ئىجادىيەت باسقۇچىغا كۆتۈرۈلدۈم. ئەمدى سۈپەتلىك ئەسەر يارىتىشىم كېرەك» دەپ يۈرمەيدۇ. ئەكسىچە، ئۇنىڭ سۈپەتلىك ئەسەر ياراتقان ۋاقتى ھەقىقىي ئىجادىيەت باسقۇچىغا كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يازغۇچى بۇ مەسىلىدە سەۋەب بىلەن نەتىجىنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇۋېتىپ قويغان.

ئاپتور ماقالىسىدە يەنە «مەن ھازىرغىچە بىر قەدەر ياخشى دېگەن باھاغا ئېرىشكەن ھېكايە، پوۋېست، رومانلىرىمنى ھەرگىزمۇ ئىجادىيەت جەريانىنىڭ يۇقىرى باسقۇچىغا يەتكەنلىكىمنىڭ مەھسۇلى دەپ ئېيتالمايمەن. بۇ ئەسەرلەرنىڭ تولىسى ھەۋەس، تەقلىد (ئاڭسىز



www.uyghurkitap.com

تەقلىد) باسقۇچىدا پەيدا بولغان ئىجادىيەت قىزغىنلىقىمنىڭ مەھسۇ-
لى» دەپ ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىگە كەمتەرلىك بىلەن تەنقىدىي مۇئامىلە
قىلغان. مېنىڭچە بۇ تەكەللۇپ يۈزىسىدىنلا ئېيتىپ قويۇلغان سۆز
بولۇپ، يازغۇچى ئۆز ئەسەرلىرىنى ھەرگىزمۇ رەھىمسىزلىك بىلەن
ئاڭلىق ھالدا ئىنكار قىلمىغان. رەھىمسىزلىك دېگەندە ئۆزىنىڭ
سۈپەتسىز دەپ قارىغان ئەسەرلىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ ئىنكار
قىلىشقا پېتىنالمىغان. ئاڭلىق دېگەندە شۇ ئەسەرلىرىنىڭ ناچار چى-
قىپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ ئامىللارنى
كۆرسىتىپ بېرەلمىگەن. سۈپەت — رەھىمسىزلىك بىلەن ئاڭلىق
يوسۇندا تەكرار - تەكرار ئىنكار قىلىش ئارقىلىقلا مۇكەممەللىشىدى-
غان نەرسە.

زوردۇن سابىر 80 - يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر
پروزىچىلىقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئالدىنقى قاتاردا سانىلىدىغان بىر
قىسىم مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ياراتقان يازغۇچى. لېكىن ئۇ كۆپ ھال-
لاردا سەنئەت غۇرۇرى ئانچە كۈچلۈك بولمىغان، قىممەت قارىشى تازا
دۇرۇس بولمىغان بەزى ئوبزورچىلىرىمىز تەرىپىدىن بىھۇدە ماختى-
لىپ كەتتى ھەم خاتا تەنقىد قىلىنىپمۇ قالدى. بۇنىڭغا ئەلۋەتتە
ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە كۆرۈلىدىغان نورمال ئەھۋال قاتارىدا قارىغىلى
بولمايدۇ. بىز زوردۇن سابىرنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئىبارەت ئەمەلىيەتنى
چىقىش قىلىپ تۇرۇپ قارىغىنىمىزدا، ئۇ ھەمىشە كۆز ئالدىدىكى
نەرسىلەرنىڭ گۈزەل بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغان ھەم شۇنىڭغا ئىشى-
نىدىغان يازغۇچى. ئۇ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە چېقىلىش، تۇرمۇش-
نىڭ يېغىرىنى ئېچىش جەھەتتە مۇئەييەن چوڭقۇرلۇق ھاسىل قىلغان
بولسىمۇ، لېكىن رەھىمسىز رېئاللىق ۋە شەكىل گۈزەللىكى ئۈستىدە
ئىزدەندى دېگىلى بولمايدۇ. ئۇ ئازابلىنىش ئېڭى ۋە تۇرمۇشقا ئارىلى-
شىش ئېڭى خېلىلا ئاجىز يازغۇچى. ئۇ رېئاللىققا پەقەت ئەخلاق
نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىدۇ. شۇڭا، ھاياتنىڭ مەڭ-

گۈلۈك پەلسەپۋى ماھىيىتى، ئىجتىمائىي تۈرمۈشنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى يوشۇرۇن رېئاللىق ھەققىدە ئىزدىنىش بەختىگە مۇيەسسەر بولالمىدى. خەلق تەقەززا بولۇۋاتقان جىددىي تېمىلار ئۇنىڭ قەلىمىگە ناھايىتى ئاز نېسىپ بولدى. ئۇ مۇتلەق شەيئىي، مۇتلەق چۈشەنچىلەرگە گۇمانىي نەزەر تاشلىيالمىدى. ئادەملەرنى، تارىخنى، دۇنيانى، تەبىئەتنى ئازابلىق ھالەتتە كۆزىتىشكە قادىر بولالمىدى. بەزى ئەسەرلىرىدە (مەسىلەن: «دولقۇنلار ساداسى») بۇ خىل ئىزدىنىشنىڭ ئىزناسى بار دېيىلىشىمۇ، لېكىن ئۇ بەكمۇ ئاددىي ھەم نوقۇل تەقلىددىن باشقا نەرسە ئەمەس. پەلسەپۋى مۇلاھىزىلىرى يۈزە ھەم كونا. ئىجتىمائىي پىكىرلىرى ئاجىز. ئۇ تارىم ۋادىسىنىڭ ۋە تەكلىماكان دىيارىنىڭ تەبىئىي مەنزىرىلىرى ۋە تارىخىي كەچۈرمىشلىرىدىكى، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ھاياتىدىكى تراگېدىيىلىك ئامىللارنى چوڭقۇر كۆزىتىپ ۋە ئانالىز قىلىپ ئۇلگۇرمىگەچكە، ئەسەرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي، پەلسەپۋى ۋە پسىخىك چوڭقۇرلۇق جەھەتلەردە يۈزە، ئاددىي بولۇپ قېلىشى، زىلزىلە خاراكتېرلىك ئۇنۇم ھاسىل قىلالماسلىقى تەبىئىي ئەھۋال. ئۇ تېخى ئوبيېكتىپ رېئاللىق تەرىپىدىن چۆچۈتۈپ ئويغىتىلغىنى يوق. ئېنىقراق ئېيتقاندا، يازغۇچى تېخى رېئاللىقنىڭ سىرلىق دەۋىتىگە، سۈكۈت ئىچىدىكى ئۆكسۈشلىرىگە قۇلاق سالالمىدى. بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا رېئاللىقنىڭ ۋەزنىنى تولۇق ھېس قىلىپ يېتەلمىدى. شۇڭىمۇ، ئەسەرلىرىدە تومۇر - تومۇرلىرىدىكى ئىسسىق قاندىن قايناپ چىققان ساپ ئېتىقادنىڭ كۆلەڭگىسىنى چېلىقتۇرغىلى بولمايدۇ. مۇشۇنداق مۇقەددەس ئالدىنقى شەرت ھازىرلانمىغاچقا يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت ئېنېرگىيەسىنىڭ مەنبەسى ناھايىتى تېز ئاجىزلاپ خوراپ كەتتى. بۇنى يازغۇچىنىڭ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئېلان قىلغان ئەسەرلىرىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنىڭ بارغانسېرى ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقىدىن، كىتابخانلىرىنىڭ ئازلاپ كېتىۋاتقانلىقىدىن، پاكىت بىلەن سۆزلىگەندە



www.uyghurkitap.com

«ئىزدىنىش» رومانىنىڭ 2 ـ قىسمىنىڭ 1 ـ قىسمىغا قارىغاندا سۇپەتسىز چىققانلىقى، ھېچقانداق غۇلغۇلا قوزغىيالمىغانلىقى، مۇنازىرىگە سەۋەب بولالمىغانلىقى، «قەشقەر كوچىلىرى»، «خىرە دېرىزە» ۋە چەت ئەل تېمىسىدا يېزىلغان بىر قاتار ھېكايە، پوۋېستلىرىنىڭ مەزمۇن جەھەتتە قۇرۇقلۇقى، بەدىئىيلىك جەھەتتە ئانچە مۇكەممەل ئەمەسلىكىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

«ئىزدىنىش» رومانىنىڭ 1 ـ قىسمىنى زوردۇن سابىر ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيە دەپ ئېيتىش مۇمكىن. چۈنكى رومانىنىڭ پېرسوناژلىرىنىڭ خاراكتېرى خېلى چىن ھەم جانلىق، تىلى قويۇق شېئىرىي پۇراققا ھەم لىرىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىيات ماجرالىرى مۇرەككەپ ھەم كۆپ قىرلىق بولغاچقا، رومان بەدىئىيلىك جەھەتتە ئالاھىدە جەلپكارلىققا ھەم سېھرىي كۈچكە ئىگە. لېكىن مەزمۇنىدا كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان تەرەپلەر يوق ئەمەس. ھەممىگە مەلۇم، جۇڭگو تۇپرىقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى كەڭ ھەم چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ھادىسىسى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن كېيىنلا ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىدا قانات يايدى. بۇ بىر تارىخىي رېئاللىق. گەرچە ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز ھەققىدىكى تەتقىقات پائالىيىتى يولغا قويۇلغان دېگەندىمۇ، ئۇ كۆلەم ۋە چوڭقۇرلۇق جەھەتتە ھادىسە بولۇپ شەكىللىنەلمىگەن. مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى مىللىي ئېپتىخارلىق تۇيغۇمىزنى قوزغايدىغان مۇشۇنداق چوڭ ھادىسىنى يازغۇچى «ئىزدىنىش» رومانىدا تارىخىي چىنلىققا خىلاپ ھالدا، ئىككىلەنمەستىن، مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن لەنجولۇق پروفېسسورلارنىڭ چۈنتىكىگە سېلىۋاتكەن. بۇنى «مەسئۇلىيەتچان يازغۇچىنىڭ رېئاللىققا تۇتقان ئىلمىي پوزىتسىيىسى» دېگىلى بولامدۇ؟ بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بىز يازغۇچىنىڭ مىللىي جاۋابكارلىق تۇيغۇسىدىن شۈبھىلەنمەي تۇرالمايمىز. قىسقىسى، يازغۇچىنىڭ يېقىندىن بېرى ئېلان

قىلغان ئەسەرلىرىدىن بىر چاغلاردا گۈللەپ ـ ياشنىغان ئىستىبداتىنىڭ سولىشىپ، بەدىئىي تالانتىنىڭ بارغانچە خىرەلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

زوردۇن سابىر ماقالىسىدە يەنە، رېئاللىق مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىپ «بۇ ئەسەرنىڭ كىشىلەر كۆڭۈل بۆلىدىغان ئەمەلىي تۇرمۇشقا ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە يېقىن بولۇشى بولۇپ، سۈژەت ـ قۇرۇلما، دېتاللارنىڭ تاللىنىشىنى كۆرسىتىدۇ» دەپ ئېيتقان. بۇ قىسقىغىنە ئىزاھاتىدا ئاپتور ئاز دېگەندە ئۈچ تۈرلۈك خاتاغا يول قويغان. بىرىنچى، «كىشىلەر كۆڭۈل بۆلىدىغان» دەپ تەكىتلىگەنلىكىدىن ئاپتورنىڭ كىتابخانلارنىڭ رايىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. روشەنكى، بۇ خىل كۆڭۈلچەكلىك يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ ئەركىنلىكىنى ۋە مۇستەقىل تاللىشىنى بوغۇپ، تەسىرات ۋە چۈشەنچىسىنى توسقۇنلۇققا ئۇچرىتىدۇ ھەم يازغۇچىنى بېقىندى ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. سۇبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپ ئەركىنلىك خاھىشى كۈچلۈك ھەقىقىي بىر يازغۇچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇ بىر بەختسىزلىك. تاشقى بېسىمنىڭ بويۇنتۇرۇقى ئىچىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا سۈپەتتىن ئېغىز ئېچىش ئارتۇقچە ئىش. ئىككىنچى، بۇ خىل چۈشەندۈرۈشتىن يەنە ئاپتورنىڭ كىشىلەر كۆڭۈل بۆلىدىغان ئەمەلىي تۇرمۇشنىلا رېئاللىق ھېسابلايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ بەكلا بىر تەرەپلىمە ھەم چولتا قاراشتۇر. ھەقىقىي يازغۇچى بولغان كىشى ئۆتكۈر بايقاش كۈچى ئارقىلىق ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ دىققىتىگە چېلىقمايدىغان، ھادىسىۋى قاتلاماللاردا ئانچە روشەن ئەكس ئەتمەيدىغان يوشۇرۇن، نازۇك رېئاللىقنى، خۇنۇك، رەزىل شەيئى ۋە ھادىسىلەر ئىچىگە كۆمۈلۈپ قالغان يارقىن گۈزەللىكنى، گۈزەل ۋە تىنچ مۇھىتتىكى خەۋپلىك ۋە تراگېدىيىلىك ئامىللارنى قېزىپ چىقىش ئارقىلىق مەنىۋى جەھەتتە تەييارلىقسىز

تۇرغان كىتابخانىلارنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرۇپ ئۇلارنىڭ نەزىرىنى شۇ خىل رېئاللىققا بۇرىيالىشى، ئۇلارغا يېپيېڭى بىر رېئاللىقنى ھېس قىلدۇرالىشى كېرەك. مانا مۇشۇنداق كىشىلەر كۆڭۈل بۆلۈشكە ئۇلـ گۇرەلمىگەن رېئاللىقمۇ ھەقىقىي رېئاللىق ھېسابلىنىدۇ. ئۇچىنچى، يازغۇچى سۇژىت ـ قۇرۇلما، دېتاللارنى رېئاللىق ئۇقۇمى بىلەن تەڭداش مەنىدە چۈشەنگەن. سۇژىت ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكى ۋە قۇرۇلمىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، «رېئاللىق» ئۇقۇمى بىلەن تەڭداش مەنىگە ئىگە ئەمەس.

يازغۇچى مەزكۇر ماقالىسىدە يەنە، رېئاللىق مەسىلىسى ئۈستىدە مىسال ۋە نەقىللەر ئارقىلىق چۈشەنچىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزاھلاپ «تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش» شوئارىنى ۋاستىلىك تەكىتلەيدۇ. بۇ ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان كونا شوئار. بۇ شوئارنىڭ مۇكەممەل ياكى مۇكەممەل ئەمەسلىكى توغرىسىدا گۇمانىي پوزىتسىـ يىدە تۇرۇپ ئويلىنىپ بېقىشتىن بۇرۇن، يازغۇچىدىن ئۆزى ياشاۋاتـ قان ۋە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان تۇرمۇشىنىڭ زادى تۇرمۇش ھېسابـ لىنىدىغان ياكى ھېسابلانمايدىغانلىقىنى سوراپ باققۇم كېلىدۇ. يازـ غۇچى، شائىرلار ئادەتتە تۇرمۇشىنىڭ سىرتىدا تۇرىدىغان مۇئەللەقتىكى نەرسىمۇ؟ تۇرمۇش ئىنتايىن باي ۋە كەڭ مەزمۇنغا ئىگە ئۇقۇم، ئۇ ئۆز ئىچىگە ئىجتىمائىي تۇرمۇش، شەخسىي تۇرمۇش، ماددىي تۇرـ مۇش، مەنىۋى تۇرمۇش ۋە ھېسسىيات تۇرمۇشى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئالىدۇ. كىشىپ ئېيتقاندا ئىنسان بارلىكى جايىنىڭ ھەممىسىدە تۇرـ مۇش بار. تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدىكى يېزىلارغا بېرىپ بىر ـ ئىككى ئاي تۇرۇپ، بىر نەچچە تېما ۋە ۋەقەلىكنى كۆتۈرۈپ كېلىش تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆككەنلىك ھېسابلانمايدۇ. بۇنداق دېگىنىم يازغۇـ چى، شائىر بولغان كىشىنىڭ تۇرمۇش ھەققىدىكى بىلىم جۇغلانمىسىـ نى توپلىشىنىڭ ھاجىتى يوق دېگەنلىك ئەمەس. ئەلۋەتتە، يازغۇچى بولغان كىشىنىڭ ئۆزىگە ناتونۇش بولغان تۇرمۇش بىلەن ئۇچرىشىپ

چوڭقۇر ئىجتىمائىي ۋە ئېستېتىك تەسىرلىنىشلەرگە مۇيەسسەر بولۇپ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشى، شۈبھىسىز چوڭ بىلىم. بىز «تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش» شوئارىنى تەكىتلىگەن چېغىمىزدا ئۇنىڭ يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ خاھىشىنى، ھايات ھەققىدىكى مۇستەقىل قارىشىنى چەكلىمىگە ئۇچرىتىدىغان، شەرتلىك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىمىز كېرەك. شۇڭا ئالدى بىلەن تۇرمۇشقا قانداق چۆكۈش مەسىلىسىنى ئويلىشىش كېرەك. ھەر بىر يازغۇچىنىڭ ئۆز دۇنياسىنى يارىتىشتا ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزى رىئايە قىلىدىغان شەيئىلەرنى كۆزىتىش ئۆلچىمى بولىدۇ.

يازغۇچى زوردۇن سابىر دېھقانلار تۇرمۇشىنى ئۆگىنىشكە ھەم شۇ تېمىدا ئەسەر يېزىشقا ئامراق يازغۇچى. لېكىن، ئۇ ساپ ئېتىقاد ۋە يۈكسەك مۇددىئادىن ئىبارەت ئىنتايىن مۇھىم بولغان روھىي تەييارلىقنى ھازىرلاپ بولمىغاچقا ئىسلاھات دەۋرىدىكى ناھايىتى ئاز سانىنى ئىگىلەيدىغان باي دېھقانلارنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى، ئېڭىنى، ھېسسىياتىنى يېزىش بىلەنلا قانائەت ھاسىل قىلدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇ دەۋرنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ تەشۋىقاتقا يانداشتۇرۇپ «ماس قەدەم نەزەرىيىسى» بويىچە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. ئاپتورنىڭ بۇ خىلدىكى ئەسەرلىرىنىڭ بىر ئورتاق ئالاھىدىلىكى — چىنلىق پۇرىقى ئاجىز ھەم پېرسوناژلىرى جانسىز. شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە يەنە «ئۇنتۇمايمەن، گۈلسارە»، «ئېھ، توپىلىق يول»غا ئوخشاش گۈپۈلدەپ توپا ھىدى پۇراپ تۇرىدىغان ئەسەرلەرمۇ يوق ئەمەس. لېكىن، يازغۇچى تارىم دەرياسىنىڭ بويىدا ئۈنسىز ياش تۆكۈۋاتقان نامرات دېھقاننىڭ يىغىسىنى، ئۆمۈر بويى موھتاجلىقتا ئۆتكەن بالىجانلىق دېھقاننىڭ چۆچۈردەك بەش بالىسىنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، ئايالى بىلەن كۈلۈك ئالدىدا ئۆچۈپ قالاي دەپ قالغان چوغنى چۇخچىلاپ ئولتۇرۇپ، ئەتىيازنىڭ غېمىنى يەپ پىچىرلاپ قىلىشقان ئىنچىكە ھېساباتىنى ئاڭلىيالمىدى.

ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئوتۇن توشۇپ جان ساقلاۋاتقان بەختسىز ئوتۇن-
چىنىڭ قۇرۇپ، يېرىلىپ كەتكەن تاپىنىنى كۆرەلمىدى. قىسقىسى،
ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ پەردازلانمىغان،
ھەقىقىي قىياپىتىنى كۆرۈش بەختىگە مۇيەسسەر بولالمىدى.

ئاپتور رېئاللىققا مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدە ھىيوگونىڭ بال-
زاك ھەققىدىكى باھاسىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. زوردۇن
سابىرنىڭ ئىلگىرى يازغان بىر قانچە ماقالىسىغا ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت
ئەمەلىيىتىگە دىققەت قىلساق، ئۇنىڭ «بالزاك يولى» غا چوقۇنىدىغان-
لىقىنى، بالزاكقا نىسبەتەن ئالاھىدە ئىخلاسى بارلىقىنى، بالزاكنىڭ
رېئالىزملىق ئەسەرلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆزىنىڭ يەتمەكچى بولغان
نىشانى قىلىپ تاللىۋالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەزكۇر ماقا-
لىدىمۇ بۇ خىل ھېسسىيات روشەن ئىپادىلەنگەن. ئۆزىگە ئىشىنىدى-
غان، مۇستەھكەم ئېتىقادقا ۋە مۇكەممەل دۇنيا قاراشقا ئىگە بىر
يازغۇچى ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ۋە ئۆزى بىلەن زاماندىش ھەر
قانداق بىر مەشھۇر يازغۇچىغا تەنقىدىي نەزەر تاشلىشى كېرەك. ھىيو-
گونىڭ بالزاك ئەسەرلىرى ھەققىدىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈشلىرىنى كۆ-
رۈش بىلەن بىرگە، بودلېرنىڭ بالزاك ئەسەرلىرى توغرىسىدىكى
ئىنكار قىلىشلىرىنى تەڭ كۆرۈش كېرەك. 19 ـ ئەسىردە ئۆتكەن،
بالزاك بىلەن زاماندىش، فرانسىيىلىك مەشھۇر شائىر ۋە تەنقىدچى
بودلېر بالزاك ئەسەرلىرى ئۈستىدە توختىلىپ «ئۇنىڭ ‹ ئىنسان كو-
مېدىيىسى › دىكى پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسىلا ئاكتىيور. يۇقىرى قات-
لامدىكى ئاقسۆڭەكلەردىن تارتىپ، تۆۋەن قاتلامدىكى ئاددىي خەلققى-
چە ھەممىسىلا تۇرمۇشتا ئىنتايىن قەيسەر، كۈرەش مەيدانىدا ئىنتايىن
ئاكتىپ ۋە ياكى ئىنتايىن ھىيلىگەر، قىيىنچىلىق ئالدىدا ئىنتايىن
سەۋرچان، باياشاتلىق ئىچىدە ئىنتايىن ئاچكۆز، قۇربان بېرىش پەيتى-
دە ئىنتايىن ئۇزۇل ـ كېسىل. ئومۇمەن بالزاك ئەسەرلىرىدىكى
ھەربىر شەخس، ھەتتا ئىشىك باقارمۇ بىر تالانت ئىگىسى» ، «سىم-

www.uyghurkitap.com

ۋۇللۇق ئەھمىيەتكە، ئەپسانىۋى مەنىگە ئىگە» بۇ پېرسوناژلار «مۇئەييەن ئىرادىنىڭ قورالى» دەپ تەنقىد قىلغان. بودلېرنىڭ تەنقىدىي قاراشلىرىدىن بىز ئۇنىڭ بالزاكنىڭ ھەر خىل ئادەملەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى سۈزۈۋېلىپ ئەكىلىپ تىپ يارىتىش ئۇسۇلىنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن چىنلىققا خىلاپ، ئادەتتىكى رېئال تۇرمۇشتىن ھالقىپ كەتكەن دەپ قارايدىغانلىقىنى، ئەدەبىياتتا ئادەمنى مەقسەت ۋە مەركەز دەپ قارىماي «قورال» ئورنىدا مۇئامىلە قىلغان دەپ تونۇيدىغانلىقىنى كۆرۈۋالىمىز. لىللا مەيداندا تۇرۇپ ئېيتىدىغان بولساق بودلېرنىڭ تەنقىدىدە ھەقىقەت يوق ئەمەس.

بالزاك 19 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى فرانسىيە رېئالىزملىق ئەدەبىياتىدا ئەڭ يۇقىرى چوققا ھېسابلىنىدۇ. رېئالىزملىق ئەدەبىيات تارىخى ئۈستىدە گەپ بولغاندا ھەر قانداق كىشى بالزاكقا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ زور بىلىش قىممىتىگە ئىگە ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئەينى دەۋردىكى «فرانسىيە جەمئىيىتىنىڭ قامۇسى» دەپ تەرىپلەنگەن. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقىغا قىل سىغمايدۇ. لېكىن زامانىۋى ئەدەبىياتنىڭ قىممەت ئۆلچىمى بىلەن قارىغاندا بالزاك ئەسەرلىرىدىكى پسىخىك ئىزدىنىشلەرنى چوڭقۇر، ئىچكى خاھىشلىشىشنى كۈچلۈك دېگىلى بولمايدۇ، پەقەت تۇرمۇشتىكى ئوبيېكتىپ ۋەقەلەرنى تەسۋىرلەش رېئالىزمدۇر دەيدىغان تومتاق قاراش، بۈگۈنكى كۆپ قاتلاملىق، كۆپ خىل پەلسەپىۋى، ئېستېتىكىلىق قۇرۇلمىلارغا ئىگە رېئالىزم ئېقىملىرىنىڭ ھاياتىي كۈچى ئالدىدا بەكمۇ ئاجىز كۆرۈنىدۇ.

ھيۇگو بالزاكنى «يامان ئادەتلەرنى قېزىپ چىقىپ، قىزغىن ئوپېراتسىيە قىلىدىغان» مۇتەخەسسىس دەپ ئېيتقان. بۈگۈنكى ئېستېتىك يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ قارايدىغان بولساق، بۇ بالزاكقا بېرىلگەن ئەڭ يۇقىرى باھا. بالزاك ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن يازغۇچىلارنى «ئۇلار بىزگە ئۆرپ - ئادەت تارىخىنى يېزىپ بېرىشنى ئۇنتۇپ قال-

غان» دەپ تەنقىد قىلغان ھەم ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت مەقسىتى ھەققىدە توختىلىپ «مەن بەلكىم تارىخچىلار ئۇنتۇپ قالغان تارىخنى، يەنى ئۆرپ - ئادەت تارىخىنى يېزىپ چىقىشىم مۇمكىن» دەپ ئېيتقان. مانا بۇ بالزاكنىڭ سەنئەت قارىشى ۋە ئىجتىمائىي غايىسى. بالزاك ئەسەرلىرىنىڭ ئەدەبىيات تارىخى مۇزېيىدىن چىقالمايۋاتقانلىقىدىكى، سېھرىي كۈچىدىن قالغانلىقىدىكى سەۋەب مۇشۇ يەردە بولسا كېرەك. چۈنكى ئەدەبىيات ئەدەب - ئەخلاق رىسالىسى ياكى ئۆرپ - ئادەت تەزكىرىسى بولۇپ قالماسلىقى، بەلكى ئالدى بىلەن بىر مىللەتنىڭ ياكى مۇئەييەن بىر دەۋر كىشىلىرىنىڭ روھىيەت تارىخى بولۇشى كېرەك. جامېس جويس، گارسىيا ماركوس، چىڭغىز ئايتماتوۋ ئەسەرلىرىنىڭ ئىجتىمائىيلىق ۋە ئېستېتىكىلىق جەھەتتىكى ئالەمشۇمۇل مۇۋەپپەقىيىتى ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ «تۇرمۇشنى ئەتراپلىق تەسۋىرلىگەن» لىكىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۆز خەلقىنىڭ، ئۆز مىللىتىنىڭ مەنىۋى تارىخىنى ئۆزىگىلا مەنسۇپ بولغان يېپيېڭى ئېستېتىك خاسلىق ئارقىلىق سېھىرلىك بەدىئىي مۇھىت ئىچىگە قويۇپ ئىپادىلەپ بەرگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان دۇنيانىڭ ھەر قانداق يېرىدىكى كىتابخان يازغۇچىنىڭ قەلبىمى ئاستىدىكى خەلقىنىڭ تارىخى ۋە رېئال تەقدىرىگە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلماي، يازغۇچى بىلەن تەڭ ئازابلانماي تۇرالمايدۇ. چۈنكى بۇ يازغۇچىلار ئانا خەلقىنىڭ قەلبىنى، ئۆتمۈشىنى، بۈگۈنىنى ۋە كەلگۈسىنى دەۋردىن ھالقىغان يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ قەلبى، ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ۋە كەلگۈسى بىلەن بىردەك قىلىپ يۇغۇرىۋەتكەن. قىسقىسى، ھەر قانداق مەبۇد مۇكەممەل ئەمەس. بۇ ئىنتايىن ئاددىي ھەقىقەت. شۇڭا «بالزاك يولى» مۇ بىردىنبىر مۇقەددەس يول ئەمەس. ئەگەر بۇنداق قارالمايدىكەن، بۇ شۇ كىشىنىڭ قىممەت قارىشىدىكى ئاجىزلىق ھېسابلىنىدۇ.

زوردۇن سابىر سۆھبەت قارىشىنىڭ ئىككىنچىسىدە «چوڭقۇرلاش-

www.uyghurkitap.com

تۇرۇش» مەسىلىسىنى تىلغا ئالغان. يازغۇچى «چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئىنسان روھىدىكى نازۇك تەرەپلەرنى قېزىپ چىقىش دىگەنلىك» دەپ چۈشەندۇرىدۇ. ئەدەبىي ئەسەردىكى «چوڭقۇرلۇق» ئۇقۇمىنىڭ مەز-مۇنى ھەرگىزمۇ پسىخىك چوڭقۇرلۇق بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. بەلكى ئۇ ئۆز ئىچىگە يەنە تارىخىي چوڭقۇرلۇق، ئىجتىمائىي چوڭقۇر-لۇق، پەلسەپىۋى چوڭقۇرلۇق قاتارلىق مەسىلىلەرنىمۇ ئالىدۇ. ئەگەر بىز زوردۇن سابىرنى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە پسىخىك چوڭقۇرلۇققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان، پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ مۇرەككەپ-لىكىگە ئىگە بولۇشى ئۇستىدە ئىزدەنگەن، سىناق قىلغان دەپ قاراپ، پسىخىك چوڭقۇرلۇق ئۇستىدە ئىزدىنىش ئۇنىڭ ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكى دەپ مۇئەييەنلەشتۇرۇپ باقساقمۇ، لېكىن ئەمەلىي پاكىت بىزنى ئۇ-مىدسىزلەندۇرۇپ قويىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت يۆنىلىشىنى ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدىكى كونا ئەندىزىلەر ئاساسىغا قۇرغان، بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك ھېچقانداق يېڭىلا-ش ئېلىپ بارمىغان، سەنئەت قارىشىدا، ئەخلاق قارىشىدا ھېچقانداق مۇرەككەپ يۈزلىنىش ھاسىل قىلالمىغان يازغۇچىنى يېڭىلىك بىلەن ئۇسلۇب ياراتتى دەپ مۇئەييەنلەشتۇرگىلى بولمايدۇ. بىز يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ مۇئەييەن ئۇسلۇبقا ئىگە ياكى ئىگە ئەمەسلىكى ئۇستىدە دەتالاش قىلىشتىن بۇرۇن، زوردۇن سابىر ئەسەرلىرى تەتقىقاتقا بەر-داشلىق بېرەلەمدۇ - يوق؟ دىگەن مەسىلىنىمۇ ئويلاپ كۆرۇشىمىز كېرەك.

يازغۇچى زوردۇن سابىر مېنىڭچە پروزىچىلىقتا ئىجابىي ئۇسلۇب يارىتىشتىن بۇرۇن «سەلبىي ئۇسلۇبى» بىلەن كىتابخانلارنى بەزدۇ-رۇپ بولدى. بۇ ئىككى جەھەتتە روشەن كۆرۇلىدۇ. بىرىنچى، يازغۇ-چى بەزى ئەسەرلىرىدە دۇنيا ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى يازغۇچى، شائىرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى پېرسوناژلىرىنىڭ ۋا-سىتىسى ئارقىلىق زېرىكمەي ئاتاپ ئۆتۇشنى ئىجادىيىتىدىكى بىر ئا-

دەت قىلىنغان. مەسىلەن، «ئىزدىنىش»، «قەشقەر كوچىلىرى»، «قىينى ئۇ باغلار» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە بۇ ئەھۋال بەك روشەن كۆرۈلىدۇ. ئىككىنچى، بېيىغان دېھقانلار تېمىسىدا ۋە سودىگەرلەر ھەققىدە يېزىلغان كۆپ سانلىق ئەسەرلىرىدە يازغۇچى بوغالتىرلارنىڭ خاتىرىسىگە مەنسۇپ بولغان سان - سىفىرلارنى قۇمدەك ياغدۇرۇۋېتىدۇ. مەسىلەن، «بوش كەلمە، تۇرپانلىق»، «چايخورلار»، «ئۇنتۇمايمەن، گۇلسارە»، «قۇمغا سىڭگەن، ھاۋاغا كەتكەن»، «سەھەردە كۆرگەن چۈش»، «باھار ھامان ئىللىق»، «كاككۇك كېلىپ قونغاندا»، «تەكلىماكان گىرۋىكىدە»، «تۆمۈر تاپان»، «ئايدىڭ كېچە»، «ئامەت»، «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ»، «ئېھ، توپىلىق يول» قاتارلىق ھېكايە، پوۋېستلىرىدا بۇ ئەھۋال ئىنتايىن گەۋدىلىك كۆرۈلىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئاپتور سان - سىفىرلارنى قانچىكى ئەستايىدىل ھېسابلاپ، ئۇزاقتىن ئۇزاق سانىغان بولسا، ئەكسىچە شۇ ئەسەرنىڭ ئۆمرى شۇنچە قىسقا بولغان. مۇقەررەر يوسۇندا مۇشۇنداق ئاقىۋەت پەيدا قىلىدىغان بۇ بىنورمال ھادىسە كىتابخانلارنى زېرىكتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن يازغۇچىنى سەگىتمىگەن. بەلكىم يازغۇچى «ئىسلاھات دولقۇنىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئويغىنىپ بېيىغان دېھقانلىرىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى يازدىم، بۇ ھەقىقىي رېئاللىق» دەپ قارىغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن يازغۇچى بۇ ئەسەرلىرىدە ئوبيېكتىپ رېئاللىققا ئېستېتىك نۇقتىدىن مۇئامىلە قىلالمىغاچقا، ئىجادىيەت جەريانىدا تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى بەدىئىي زوق كاتېگورىيىسىدە ئەمەس، بەلكى ئۇقۇمۋازلىق، فورمۇلاشتۇرۇش ئاساسىدا بىر تەرەپ قىلىش بىلەنلا چەكلەنگەن. ۋەقەلەرنىڭ ئاددىي جەريانىنى، پېرسوناژلارنىڭ تاشقى پائالىيىتىنى، ھادىسىلەرنىڭ كۆرۈنۈشىنى، تاسادىپىي ھالىتىنى نوقۇل تەسۋىرلەشنىڭ بەدىئىي جەھەتتە ھېچقانداق قىممىتى بولمايدۇ. يازغۇچىنىڭ مۇشۇ خىلدىكى ئەسەرلىرىنى (ئىنتايىن ئاز بىر قىسمىنى ھېسابقا ئالمىغاندا) ئەدەبىي ئەسەر دەپ ئاتاشقا شەرتى

توشىدىغان ياكى توشمايدىغانلىقىنى ئويلىنىپ بېقىش كېرەك. چۈنكى
ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بولمىغان ئەسەر ھەقىقىي بەدىئىي ئەسەر
ھېسابلانمايدۇ. ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدا ئالاھىدە كۈچەپ، زېھنىنى سەرپ
قىلىپ يەتمەكچى بولغان مەقسىتى كىتابخانلارغا پاكىتنى بايان قىلىپ
بېرىشلار بولۇپ قالغان. ۋەھالەنكى پاكىت — ھېكايىچىلىقنىڭ ئەڭ
تۆۋەن فورماتسىيىسى ھېسابلىنىدۇ. بىز يازغۇچىنىڭ بۇ خىلدىكى بىر
قىسىم ئەسەرلىرىنىڭ كىتابخاننى مۇئەييەن ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە
يېرىم ھەقىقىي نەرسىلەر بىلەن تەمىن ئېتىدىغانلىقىغا ۋە يۇزە بولسى-
مۇ بەدىئىي زوقىقا ئىگە قىلىدىغانلىقىغا كۆز يۇمماسىمىز. بەزى جايلاردا
تېخى «پاھ» دېگۈزۈپمۇ قويىدۇ.

زوردۇن سابىر مەزكۇر ماقالىسىدە يەنە ئۆزىنىڭ سۇپەت ئۆلچى-
مىدىكى ئۈچىنچى مەسىلە — ھېكايىچىلىق ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق
دەيدۇ: «بۇ ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكىنى كۆرستىدۇ، نەسرىي ئەسەر ۋەقە-
لىكتىن ئايرىلالمايدۇ؛ ۋەقەلىك ئاپتورنىڭ تۇقۇپ چىقىشى ۋە تۇر-
مۇشنى قوبۇل قىلىشىدىن ئىبارەت ئىككى خىل يول بىلەن كېلىپ
چىقىدۇ.»

ئاپتورنىڭ شۇنچە ئاددىي ساۋاتلارنى ئېزىپ چۈشەندۈرۈپ كەتكە-
نىگە ھەيرانمەن. ئاپتورنىڭ بۇنچىۋالا كۆڭۈل بۆلۈپ ئوتتۇرىغا قويغان
سۈپەت ئۆلچىمىنى زادى ئەدەبىي ئەسەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆلچەيدىغان
ئۆلچەم قاتارىدا قاراشقا ئەرزىمدۇ - يوق؟ مېنىڭچە ئەدەبىي ئەسەرگە
نىسبەتەن ئېيتقاندا ۋەقەلىك مەقسەت ئەمەس، بەلكى ۋاستە بولۇشى
كېرەك. شۇڭا ھەقىقىي يازغۇچى بولۇش ئىستىكىگە ئىگە بولغان
كىشى نوقۇل ۋەقە قوغلىشىدىغان ئادىتىنى ئۆزگەرتىشى، ۋەقەلىكنىڭ
قىزىقارلىق بولۇشىغا زېھنىنى سەرپ قىلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئەھمى-
يىتى، بەدىئىي قىممىتى، ئوبيېكتىپ ياكى سۇبيېكتىپ چىنلىقىقا
ئۇيغۇن بولغان - بولمىغانلىقى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشى كېرەك.
ۋەقەلىكنىڭ توقۇلغان ياكى تۇرمۇشتىن ئېلىنغان بولۇش - بولماسلى-

قى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ ھەم ھېچنېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەي-دۇ. ۋەقەلىكنىڭ قىزىقارلىق، يېڭى بولۇش - بولماسلىقى كىتابخان-نىڭ قىزىقىشىنى قوزغايدىغان مۇھىم تەرەپ، لېكىن قىزىقىش ئىن-سانىيەتنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي ئىقتىدارلىرىدىن بىرى. زېرىكىشتىن ئەسنەپ كېتىدىغان، ئەسەرگە «شۇندىن كېيىنچۇ. . . شۇندىن كې-يىنچۇ» دەپلا كىرىشىپ قالىدىغان ئادەتتىكى كىتابخانلار ئۈچۈن ئۇ ھەممىدىن مۇھىم بولۇشى مۇمكىن. ئەپسۇسكى ئادەتتىكى قىزىقىش ھەرگىزمۇ ئېستېتىك ھۇزۇر ئېلىشقا باراۋەر ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋەقەلىك — ئەدەبىياتنىڭ شەكىل ئامىللىرى ئىچىدىكى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك شەكىل. شۇڭا يازغۇچى ئالاھىدە تىلغا ئالغان «ھېكايىچى-لىق» — سۈپەت ئۆلچىمى قىلىشقا ھەرگىز شەرتى توشمايدۇ.

زوردۇن سابىر ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ سۈپەت ئۆلچىمى ھەققىدىكى بەشىنچى مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ «مەن تىلغا ئالاھىدە كۈچ چىقىرىمەن، تىلنىڭ جانلىق، راۋان، ساپ ۋە يېڭى بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىمەن» دەپ ئېيتقان. مېنىڭچە بۇ ئىجادىيەت سېپىگە ئەمدىلەتىن كىرىپ كەلگەن، قەلىمىنى كۆندۈرۈپ، مەشىق قىلىۋاتقان ئاپتورچاقلارنىڭ ئۆزىگە قويىدىغان تەلىپى. سۈپەتكە قاراپ يۈرۈش قىلغان يازغۇچى «تىلىنىڭ جانلىق، راۋان، ساپ ۋە يېڭى» بولۇشىنى ئاللىبۇرۇن ئۆزىنىڭ تەبىئىي ئىجادىيەت ئادىتىگە ئايلاندۇ-رۇپ بولغان بولىدۇ. مېنىڭچە سۈپەت يارىتىشقا يۈزلەنگەن يازغۇچى تىلنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، لىرىكىلىق خۇسۇ-سىيىتىدىن پايدىلىنىپ ھېسسىي گۈزەللىك يارىتىش، ئىپادىلەش ئۇ-نۇمىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق تەرەپلەر ئۈستىدە ئىزدەنگەن بولۇشى، خاسلىق ياراتقان بولۇشى كېرەك.

قىسقىسى زوردۇن سابىرنىڭ سۈپەت قارىشىغا ۋەكىللىك قىلىدى-غان بۇ ئۆلچەملەر، زامانىۋى ئەدەبىياتنىڭ قىممەت ئۆلچىمىدىن بەك يىراق بولۇپ، ئاممىباب ئەدەبىياتنىڭ سۈپىتىنى ئۆلچەش شەرتىگە

ئاران يېقىنلىشىدۇ. بۇ ئۆلچەملەر ئارقىلىق سۈپىتى يۇقىرى ھەقىقىي ئەدەبىي ئەسەر يېزىپ چىقىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

«ھەر بىر كىتابخانىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى چۈشىنىشى ۋە ئۇنىڭدىن زوقلىنىشى تامامەن بىردەك بولمايدۇ» دېگەن ھەقىقەت كەڭ ئومۇملىشىۋاتقان شارائىتتا، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ نامرات ھالىتىنى ئۆزگەرتىشكە ئىمكانىيەت تۇغۇلۇۋاتىدۇ. بىزدەك كىتابخانلارنىڭمۇ ئۆزىمىزگە چۈشلۇق مەسئۇلىيىتى ۋە قىممىتى بارلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمىز. بىز ئوتتۇرىغا قويغان قاراش ۋە بىز چىقارغان باھالار سۈپەت يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان يازغۇچىلار ئۈچۈن ئېھتىياجلىق نەرسىگە ئايلىنىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. چۈنكى، كىتابلارنى ئۆز قىزىقىشى بويىچە ئوقۇيدىغان كىتابخانلارنىڭ پىكرىنى نەزەرگە ئېلىش، ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىپ قويۇش يازغۇچىلارنىڭ كېيىنكى ئىجادىيىتىگە ياردىمى بولمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. كىتابخانلار ۋە يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنىڭ ماسلىشىپ، ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىزنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلى كۈنسېرى جۇشقۇنلۇق ۋە كۆپ خىللىققا يۈزلىنىدۇ دەپ تونۇساقلا ئۆز قاراشلىرىمىزنى ئۇچراشتۇرۇپ، مۇنازىرىلىشىپ بېقىشنىڭ زىيىنى يوق.

(بۇ ماقالە «قومۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1996 - يىل 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان)

www.uyghurkitap.com

# يەنە ئەدەبىي تەنقىد ئىلمىي، ساغلام قانات يايدۇرۇلۇشى لازىم

## ئابدۇۋەلى كەرىم

يېقىندىن بۇيان بەزى ئەدەبىي تەنقىدچىلەر تەتۈر يۆنىلىشلىك تەپەككۇر شەكلىدىن پايدىلىنىپ ئەنئەنە، نوپۇز، ئىجادىيەت قانۇنىيەتلىرى، ئىجتىمائىي ئۇنۇم، ئىدىيىۋىلىك دېگەنلەرگە قارشى كەسكىن رەۋىشتە جازا يۈرۈشى ئېلىپ باردى. ئۇلار ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ئامىللىرىدىن بولغان بىلىش قىممىتى، ئىدىيىۋى قىممىتى قاتارلىقلارنى ئېستېتىك قىممەتتىن شاللاپ چىقىرىۋېتىپ، ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۇنۇمى قانچىلىق كۈچلۈك بولسا، ئۇنىڭ ئېستېتىك قىممىتى شۇنچە تۆۋەنلەپ كېتىدىغاندەك، ئەكسىچە، ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۇنۇمى قانچە تۆۋەن بولسا، ئۇنىڭ ئېستېتىك قىممىتى شۇنچە يۇقىرى بولىدىغاندەك بىر خىل خاتا چۈشەنچىلەرنى ھەدەپ بازارغا سالدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇنداق چېكىدىن ئاشقان بىر تەرەپلىمە ئۇسۇل چەكلەنمەستىن قوللىنىۋېرىپ شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ئۇلار بۇ قاراشلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ نەزەرىيە تەتقىقاتىغا قوشقان يېڭىچە تۆھپىلىرىمىز دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇشۇپ، مەمەدانلىق قىلىدىغان، باشقىلارنى ئورۇنسىز كەمسىتىپ، دەككىسىنى بېرىدىغان، كىشىلىك ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە خىرىس قىلىدىغان بولمىغۇر قىلىقلار بىلەن نەزەرىيە تەتقىقاتى ساھەسىدە خۇنۇك كەيپىيات پەيدا قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەسىلىلەرنى تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كەلدى.

www.uyghurkitap.com

بۇنىڭغا «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1993 ـ يىل 12 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت»، 1995 ـ يىلى «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىت» دە ئېلان قىلىنغان «ئىجادىيەتنىڭ قىممىتى ۋە ئىجادكارنىڭ قىسمىتى»، «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1996 ـ يىل 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «زوردۇن سابىرنىڭ سۇپەت قارىشىغا باھا» قاتارلىق ماقالىلەرنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

ئەگەر گەپ، پەقەت ئەدەبىي ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئورتاق ئۇسۇل ـ چارىلىرى ئۈستىدىلا بولىدىغان بولسا، بىز ئوبزورچىلارنىڭ نەزەرىيە تەتقىقاتى مۇنبىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنى «سەنئەت غۇرۇرى كۈچلۈك» ھېسابلاپ كۆككە كۆتۈرۈپ كۆرسىتىشكە مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئارىلاشمىساقمۇ بولاتتى. بىراق، بىر مىللەت ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئورتاق چارە ـ تەدبىرلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە قىلىشتىن ھالقىپ چىقىپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ مىللىي ئەنئەنىسى، تارىخىي تەرەققىياتى ۋە بۇ جەرياندا ئالدىنقى ئەۋلاد توھپىكارلارنىڭ ئوينىغان رولى، تىكلىگەن نوپۇزىغا قوپاللىق بىلەن تىل تەككۈزۈشتەك قىلمىشلارغا ھەر قانداق كىشىنىڭ غەزىپى كەلمەي قالمايدۇ.

ئوبزورچى ئالدىنقى ماقالىسىدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پروزا ساھەمىزدە كىشىلەر تېخى بايقاپ ئۈلگۈرمىگەن بىر نۇقتىدىن بۆسۈپ چىقىپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ بىردەك ئالقىشىغا ئېرىشكەن، مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ بىر ئېسىل ئەسىرى «خاسىيەتلىك قار» پوۋېستىنى تاللىۋېلىپ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئېستېتىك تەھلىل ۋە مەزمۇن-تەھلىلى ئېلىپ بارماستىن، تەتقىقات تېمىسىدىن چەتنىگەن ھالدا «زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت» مەھسۇلى دەپ ئىنكار قىلدى. بۇ ماقالىنىڭ تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى ۋە كۆزىتىش نۇقتىسىدىكى بىر تەرەپلىمىلىك ھەققىدە «خاسىيەتلىك قار» نىڭ ئاپتورى يېتەرلىك جاۋاب بەردى.

ئۇنىڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» دە ئېلان قىلغان ماقالىسى بولسا، كۆرۈنۈشتە پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىننىڭ ھاياتلىقىدا تېگىشلىك قوللاشقا ئېرىشەلمىگەنلىكىنى بايان قىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا «تولۇمدىن توقماق چىقىپتۇ» دېگەندەك، تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئەلقەم ئەختەم، ئابدۇشۈكۈر يالقىن، قېيۇم تۇردى قاتارلىق پېشقەدەم ئەدىبلەرنىڭ كىشىلىك ئىززەت - ھۆرمىتىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى چوڭ-كۆرگىلى بولمايدىغان نوپۇزىنى غەرەزلىك ھالدا كەمسىتتى. بۇ ئىككى ماقالە ھەققىدىكى جامائەتنىڭ نارازىلىق سادالىرى ئۇنىڭ شۇندىن باشلاپ، بۇ خىل مۇۋاپىق بولمىغان كۆزىتىش نۇقتىسى، ئۆزىنى كۆرستىشتەك قىلىقلاردىن ئۆزىنى تارتىشقا يېتەرلىك سىگنال بەرگەنىدى. بىراق، ئۇ يېقىندىلا سەھنىدىن قوغلانغان «ئېقىمغا قارشى تۇرغۇچى قەھرىمان» لارنىڭ ئەلپازى بىلەن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، ئىجادىيەت نەتىجىلىرىنى كۆپچىلىك ئاممىا ئېتىراپ قىلغان، ئەدەبىيات - سەنئەت مۇنبىرىمىزدە بەلگىلىك نوپۇز تىكلىگەن كىشىلەرنى تاللىۋېلىپ «توپقا تۇتۇش» نى داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭ «زوردۇن سابىرنىڭ سۈپەت قارىشىغا باھا» ناملىق ماقالىسى ئەنە شۇنداق خاھىشتىكى ئىلمىيلىق ۋە ساغلاملىقتىن يىراق بولغان يەنە بىر ماقالىسى دېيىشكە بولىدۇ.

ئوبزورچى بۇ ماقالىسىنى ئۆزى تەنقىد قىلغان ماقالىدىكى «ئەسەرنىڭ سۈپىتىنى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ۋ جەمئىيەتتە ئوينىغا رولى، ئېرىشكەن ھۆرمەت - ئىناۋىتى بىلەن ئۆلچىنىدۇ» دېگەن تەستىقىي ھۆكۈمنى رەت قىلىشتىن باشلاپ «ئىجتىمائىي ئۈنۈم» دىن ئىبارەت مەزمۇنى ئېنىق بولمىغان بۇ ئۇقۇم ئەسەر سۈپىتىنى ئۆلچەيدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم ھېسابلىنىدىكەن، ئۇ سەنئەتكە قىلىنغان ئاسىيلىق ھېسابلىنىدۇ دەپ ناھايىتى كەسكىن پوزىتسىيە بىلەن ئۇزۇل - كېسىل ئىنكار قىلدى.

www.uyghurkitap.com

بۇ ئىنكار ھۆكۈم ئىز دەسسەپ تۇرالامدۇ؟

بىزنىڭچە ئىز دەسسەپ تۇرالمايدۇ.

چۈنكى، بىرىنچىدىن: «ئىجتىمائىي ئۇنۇم» دىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇم» ھەرگىز «مەزمۇنى ئېنىق بولمىغان ئۇقۇم» ئەمەس، بەلكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىدىن ئىبارەت ئاساسىي مېلودىيىسىنى روشەن گەۋدىلەندۈرۈشنى چىقىش نۇقتا قىلغان، قاراتمىلىقى ئىنتايىن روشەن ئۇقۇم.

ئىككىنچىدىن: ئاپتور بۇ ھۆكۈم جۈملىسىدە «ئىجتىمائىي ئۇنۇم» نى «بىردىنبىر ئۆلچەم» دەپ ئۇنداق ئۇزۇل - كېسىل مۇئەييەنلەشتۈرگىنى يوق.

ئۈچىنچىدىن: بىز يۇقىرىدىكى زىددىيەتلەرنى بىر مىنۇتقا نەزەردىن ساقىت قىلىپ تۇرۇپ، ئوبزورچىنىڭ تەتۈر يۆنىلىشلىك تەپەككۇر ئۇسۇلى بويىچە ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى تەھلىللىرىنىڭ يەكۈنى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئەدەبىي ئەسەرنىڭ سۈپىتىگە ئىجتىمائىي قىممەت بىلەن ئېستېتىك قىممەتنىڭ بىردەكلىكى نۇقتىسىدىن چىقىپ مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك» دېگەن تەشەببۇسىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇ ئۆزى ئىنكار قىلغان «ئىجتىمائىي ئۇنۇم» دېگەن ئۇقۇمغا قارىمۇ - قارشى ئۇقۇم ئىشلەتمەستىن، ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش مەنىدىكى «ئىجتىمائىي قىممەت» دېگەن ئۇقۇمنى سۈپەت ئۆلچىمى سۈپىتىدە ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن بۇ «سەنئەتكە نىسبەتەن يېرىم ئاسىيلىق ھېسابلىنىدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلىشىمىزغا نېمىشقا بولمايدىكەن؟!

دەرۋەقە، ئوبزورچىنىڭ ئىنكارچىلىق ئۇسۇلى چەكتىن بەك ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، نەتىجىدە باشتا ئىنكار قىلغىنىنى ئاخىرىسىدىنلا تەستىقلاشتەك لوگىكىلىق زىددىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، باشقىلارنى سەتلەيمەن دەپ تۇرۇپ ئاتقان چالمىسى قايتىپ كېلىپ ئۆز بېشىغا تېگىشىنىڭ مۇمكىنلىكىنى مۆلچەرلىيەلمەي قالغان.

ئەدەبىيات تارىخىدا يوققا چىقىرىۋەتكىلى بولمايدىغان بىر ھەقىقى-

قەت شۇكى، ھەقىقىي مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ھەم يۈكسەك دەرىجىدىكى ئېستېتىك قىممەتكە، ھەم يۈكسەك دەرىجىدىكى بىلىش قىممىتى ۋە ئىدىيىۋى قىممەتكە ئىگە بولۇپ، بۇ ئامىللار شۇ خىل ئەسەرلەردە بىر - بىرى بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلىككە كەلگەن بولىدۇ. ئۇلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىشكىمۇ، بىرى ئارقىلىق ئىككىنچىسىنى ئىنكار قىلىشقىمۇ بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق قىلىنغان بولسا، ئاخىرقى ھېسابتا ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىنى ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئېستېتىك قىممەتنىلا تەكىتلەپ، بىلىش قىممىتى ۋە ئىجتىمائىي قىممەتنى چۆكۈرگۈچىلەر ياكى بۇ ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل دىئالېكتىك مۇناسىۋەتنى بىلمەيدۇ، ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇلار ئىجادكارلارغىمۇ، ئوقۇرمەنلەرگىمۇ قىلچە مەنپەئەت يەتكۈزمەيدىغان مۇجمەل، «تايىنى يوق» چۈشەنچىلەرنى تارقاتقان بولىدۇ، ياكى ئۇلار بۇ ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىكى قانۇنىي مۇناسىۋەتلەرنى بىلىدۇ. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتەك غايەت زور رولىغا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ، بۇ ئىككىلا ئەھۋالدا ئۇلار ئەدەبىيات نوقۇل ھالدا «كۆڭۈل كۆتۈرۈشنىڭ قورالى» دەپ دەۋا قىلىدىغان، ئاللىقاچان كىشىلەر تەرىپىدىن تاشلىنىپ كېتىلگەن «سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت» تەشەببۇسچىلىرىنىڭ كەتمىنىنى چاپقان بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن «ئىجتىمائىي ئۈنۈم» بىر خەلق سەنئەتكارىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى ئالدىنقى شەرتى. شۇنىڭدەك مۇئەييەن بىر ئەسىرى ئارقىلىق نېمىنى تەشەببۇس قىلىپ، نېمىگە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكە ئاخىرقى يېشىمى. . . ئوبزورچىنىڭ لوگىكىلىق زىددىيەت بىلەن ئۇماچتەك ئارىلىشىپ كەتكەن يەنە بىر مۇھاكىمە نۇقتىسى، زوردۇن سابىرنىڭ 80 - يىللاردىكى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ئۈستىدە بولغان، ئۇ مۇنداق مۇھاكىمە ئېلىپ بارىدۇ:

«زوردۇن سابىر 80 - يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر
پروزىچىلىقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئالدىنقى قاتاردا سانىلىدىغان بىر
قىسىم مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ياراتقان يازغۇچى، لېكىن ئۇ كۆپ ھاللا-
ردا سەنئەت غۇرۇرى ئانچە كۈچلۈك بولمىغان، قىممەت قارىشى تازا
دۇرۇس بولمىغان ئوبزورچىلىرىمىز تەرىپىدىن بىھۇدە ماختىلىپ كەت-
تى ھەم خاتا تەنقىدلىنىپمۇ قالدى.» بۇ ئۆزۈندىدە ئىككى جۈملە بار.
ئالدىنقى جۈملىدە يازغۇچىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن
(خاتالىق — نۇقسانلىرى تىلغا ئېلىنمىغان). كېيىنكى جۈملىدە بىر -
بىرىگە قارىمۇ قارشى ئىككى ھۆكۈم ئوتتۇرىغا قويۇلغان. سوراپ
باقايلى، ئوبزورچى ئۆگەنگەن لوگىكىدا مۇئەييەن بىر ئوبيېكت توغ-
رىسىدا، ئەينى بىر شەرت ئاستىدا، بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى ياكى
زىت ھۆكۈمدە بولۇۋەرسە بولامدۇ - بولمامدۇ؟ شۇنىڭدەك بىر -
بىرىگە قارىمۇ قارشى ۋە زىت ئىككى ھۆكۈمنىڭ ھەر ئىككىلىسى
توغرا بولامدۇ، بولمامدۇ؟

بىزنىڭچە، بۇ سوئاللارغا يۇقىرىقى مۇھاكىمىنى توغرا دەپ يېزى-
ۋاتقان ئاپتورنىڭ «بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەرمەي ئامالى يوق، نەتىجىدە
ئۇ بىز كۆرگەن لوگىكا كىتابلىرىدا كۆپ مىسالغا ئېلىنىدىغان نەيزە
بىلەن قالقان ساتقۇچىنىڭ ھالىغا چۈشۈپ قالىدۇ. كېيىنكى جۈملىدى-
كى ئىككى تەڭداش ھۆكۈمنىڭ كېلىپ چىقىشىدا ئالدىنقى جۈملە
ئاساسىي شەرت بولغانلىقى ئېنىق، چۈنكى ئوبزورچى ئۇنىڭدىن باشقا
شەرتلەرنى تىلغا ئالمىغان. ئەمىسە «ئۇيغۇر پروزىچىلىقىغا نىسبەتەن
ئالدىنقى قاتاردا سانىلىدىغان بەزى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ياراتقان بولسا
ماختالغىنى توغرا بولامدۇ؟ تەنقىدلەنگىنى توغرا بولامدۇ؟»، «بىھۇدە
ماختالدى» دېگەن سۆز، ماختالغىنى توغرا ئەمەس، «خاتا تەنقىدلەن-
دى» دېگەن سۆز تەنقىدلەنگەنلىكىمۇ توغرا ئەمەس دېگەنلىك ئىكەنلى-
كى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئەھۋال ئاستىدا، ئوبزورچى ئۇنىڭغىمۇ، بۇنىڭ-
غىمۇ ئوخشىمايدىغان ئۇچىنچى يولنى تاللىۋېلىپ زادى نېمە دېمەكچى

ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەنە شۇنداق لوگىكىلىق قائىدە ـ قانۇنلارغا خىلاپلىق قىلىشتىن كېلىپ چىققان خاتالىقنى سەپسەتە ھەم نەيرەڭۋازلىق دېمەسلىككە بىزنىڭمۇ ئامالىمىز يوق.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوبزورچىنىڭ مەنمەنلىكى، ئەقىل ـ ئىدراكى، ئەدەپ ـ ئەخلاقىدىن غالىب كېلىپ «بىھۇدە ماختىغۇچىلار» بىلەن «خاتا تەنقىد قىلغۇچىلار»نى «سەنئەت غۇرۇرى كۈچلۈك بولمىغان»، «قىممەت قارىشى تازا دۇرۇس بولمىغان» لار دەپ كەمسىتىش، ئەدەپلەش ئارقىلىق داۋلى سۆزلەپ، دەلىل كەلتۈرۈپ ئۇلارنىڭ خاتالىق نۇقسانلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشنىڭ ئورنىغا ئۇلارنىڭ كىشىلىك سالاھىيىتى، كەسپىي سالاھىيىتىگە ھۇجۇم قىلىشتەك رەزىل ئۇسۇللاردىنمۇ ئۆزىنى قاچۇرمىغان.

بىر ئەسەرگە نىسبەتەن ھەممە كىشىنىڭ چۈشىنىشى، باھاسى ئوخشاش بولمايدىغانلىقى ئەدەبىي تەنقىددە يول قويغىلى بولىدىغان ئادەتتىكى ئىش. ھەتتا ئەسەرگە قايسى نۇقتىدىن ياندىشىشقا قاراپ ئۇنداقمۇ، مۇنداقمۇ باھالىنىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە كىشىنىڭ كۆز قارىشى، باھاسىنى بىر تۈز سىزىق ئۈستىگە يانقۇزۇپ، تەكشىلەشكە ئۇرۇنۇشقا ھېچكىمنىڭمۇ ھەققى يوق.

ئەلۋەتتە، ئەدەبىي تەنقىد ئېلىپ بارغاندا ئۆزىمىزنىڭ پىكرىگە زىت، قارىمۇ قارشى پىكىرلەر بولسا، رەددىيە بەرسەك بولىدۇ. بىراق، ئۆزىمىزنىڭ پىكرىگە ئوخشىمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، قائىدە سۆزلەپ، ئىلمىي مۇھاكىمىلەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى كۆرسىتىپ بەرمەستىن، «سەنئەت غۇرۇرى كۈچلۈك ئەمەس، قىممەت قارىشى دۇرۇس ئەمەس» دەپ «سىپايىگەرچىلىك بىلەن ھەيۋە قىلىش گۆدەكلىكلا ئەمەس، ھەتتا مۇتىھەملىك بولۇپ» قالىدۇ (ماۋزېدۇڭ).

شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىي تەنقىد ئېلىپ بارغاندا دېموكراتىك پوزىتسىيىدە، تەڭ باراۋەر ئورۇندا تۇرۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىز-

دىگەن ئاساستا ئۆز تەشەببۇس، نۇقتىئىينەزەرلىرىمىزنى شەرھلەپ
يېشىپ بېرىشىمىز، ئەدەبىي تەتقىقات مۇناسىۋىتىدىن ھالقىپ كەتكەن
ھالدا قالپاق كىيگۈزۈپ تەھدىت سالىدىغان كالتەكچىلەردىن بولۇۋال-
ماسلىقىمىز لازىم.

ئۇندىن باشقا ئوبزورچى رەددىيە بەرگەن يەنە بىر نۇقتا «رېئال-
لىق» ئۇستىدە بولۇپ، ئۇ ئۆزى تەنقىد قىلىۋاتقان ماقالىدىكى «. . . بۇ
ئەسەرنىڭ كىشىلەر كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئەمەلىي تۇرمۇشقا ئەڭ يېقىن
بولۇشى. . .» دېگەن مۇھاكىمىنى تەھلىل قىلىپ كېلىپ «كىشىلەر
كۆڭۈل بۆلىدىغان» ئىشلار دېگەندە قانداق خاراكتېردىكى ئىشلار كۆز-
دە تۇتۇلىدىغانلىقىنى مۇھاكىمە قىلىپ كۆرەيلى.

بىزنىڭچە «كىشىلەر كۆڭۈل بۆلىدىغان» ئىشلار دېگىنىمىز،
كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنىڭ تەلەپلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان،
ئۇلارنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە زىچ باغلانغان ئەڭ ئۆتكۈر، ئەڭ تەخىر-
سىز ئىشلار بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق ئۆتكۈر مەسىلىلەرنى تېما
قىلىپ يېزىش ئىنتايىن ئاز ساندىكى يازغۇچىلارغىلا نېسىپ بولۇۋات-
قان ئىشلاردۇر. شۇڭا مەسئۇلىيەتچان يازغۇچىنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈش-
كە تېگىشلىك بولغىنى ھەرگىزمۇ ئۆزىگە ھېچقانچە تەسىر قىلمىغان،
كىشىلەر ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپمۇ كەتمەيدىغان ئەرزىمەس ئىشلار بولماس-
تىن، يازغۇچىغا تۇرمۇش تەرىپىدىن كۆرسىتىپ بېرىلگەن، كىشىلەر
ئەڭ تەقەززا بولۇۋاتقان ئىشلار بولۇشى كېرەك.

ئوبزورچى ماقالىسىدە يازغۇچىنى تەنقىد قىلىپ، تىلغا ئالغان
«تارىم دەرياسىنىڭ بويىدا ئۇنىسىز ياش تۆكۈۋاتقان دېھقانىنىڭ يىغى-
سى»، «چۆچۈرىدەك بەش بالىسىنى ئۇخلىتىپ قويۇپ. . قىلىنىشقان
ھېساباتى» قاتارلىقلارمۇ يۇقىرىقىدەك خاراكتېرگە ئىگە، كىشىلەر
تازا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئىشلاردۇر. ھالبۇكى، ئوبزورچى يازغۇچىنىڭ
«كىشىلەر كۆڭۈل بۆلىدىغان» دېگەن ئېنىقلىمىسىنى يارىمايدۇغا چى-
قىرىۋەتكەن تۇرۇقلۇق، ئۆزى بولسا كىشىلەر تازا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان

ئىشلارنى يازمىدى دەپ رەنجىگىنى نېمىسى؟ ! بۇنى نەچە لوگىكا دەپ چۈشەنسەك بولىدۇ؟ ئەگەر مۇشۇنداق چاتاشتۇرۇلغان بىمەنە مۇھاكىمىلەرمۇ «تەھلىل»، «تەنقىد» ھېسابلىنىدىغان بولسا يازغۇچىنىڭ «كىشىلەر كۆڭۈل بۆلىدىغان» ئىشلارنى يېزىشنى تەشەببۇس قىلىشى توغرا. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ دېھقانىنىڭ «يىغىسى» ۋە «ھېساباتى»نى يازمىغانلىقى توغرا بولغان بولىدۇ. مۇشۇنداق مەنتىقە بويىچە قارايدىغان بولساق، دۇنيادىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر، ئەڭ نوپۇزلۇق يازغۇچىلار كىشىلەر كۆز قىرىنىمۇ سالمايدىغان، ئەرزىمەس ئىشلارنى يازىدىغانلار بولۇپ چىقمامدۇ؟ !

ئوبزورچى كەڭرەك مۇھاكىمە قىلغان يەنە بىر مەسىلە يازغۇچىنىڭ «بالزاك يولى»غا بولغان قايىللىقىنىڭ يارىمايدىغانلىقى بولغان. ئۇ گويا دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە بالزاكنىمۇ ئىنكار قىلالايدىغان ئەلپاز بىلەن، بودلېرنىڭ بالزاك ھەققىدىكى باھالىرىنى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق «بالزاك يولى»نىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يول ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولغان. بودلېر ئوتتۇرىغا قويغان: «ئۇنىڭ (ئىنسان كومېدىيىسى) دىكى پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسىلا ئاكتىپ، يۇقىرى قاتلامدىكى ئاق سۆڭەكلەردىن تارتىپ تۆۋەن قاتلامدىكى ئاددىي خەلققىچە ھەممىسىلا تۇرمۇشتا ئىنتايىن قەيسەر، كۈرەش مەيدانىدا ئىنتايىن ئاكتىپ ۋە ياكى ئىنتايىن ھىيلىگەر، قىيىنچىلىق ئالدىدا ئىنتايىن سەۋرچان، باياشاتلىق ئىچىدە ئىنتايىن ئاچكۆز، قۇربان بېرىش پەيتىدە ئىنتايىن ئۆزۈل - كېسىل، ئومۇمەن بالزاك ئەسەرلىرىدىكى ھەر بىر شەخس، ھەتتا ئىشىك باقارمۇ بىر تالانت ئىگىسى» دېگەن باھاسىنى تەھلىل قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ھىيوگوغا ئوخشاشلا بالزاك ئىجادىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يۈكسەك ئورۇنغا قويۇپ مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇ باھالاردا بالزاكنىڭ قانداقتۇ ئىجادىيەت قانۇنىيەتلىرىگە خىلاپلىق قىلىشتىن كېلىپ چىققان نۇقسان، چەكلىمىلىكلىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرسەتكەن ئەمەس. بۇ ئۆزۈن-

دىنىڭ ئاخىرىدا ئايرىم - ئايرىم ھالدا قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىپ كۆرسىتىلگەن. «سىمۋوللۇق ئەھمىيەتكە ئىگە، ئەپسانىۋى مەنىگە ئىگە» ، «مۇئەييەن ئىرادىنىڭ قورالى» دېيىلگەن ئۇزۇندىلەرنىڭ ئالدىنقىسى يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش. پەقەت كېيىنكىسىدە مەلۇم دەرىجىدە چەكلىمىلىك بارلىقىدىن ئېنىق بولمىغان بىشارەت بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى بىز بالزاكنىڭ ھەقىقەتەنمۇ چەكلىمىلىكلىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن دەپ قارىمايمىز. چۈنكى بۇ ئۇزۇندىلەرنى بىرەر ئېنىق پوزىتسىيىسىنى تولۇق ئىپادىلەيدىغان قىلىپ، ئاياغلاشقان جۈملە شەكلىدە ئېلىپ كۆرسەتمەستىن، ئۆز مۇددىئاسىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن نەقىل كەلتۈرۈش پرىنسىپلىرىغا خىلاپ ھالدا، باش - ئاخىرىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئىزاھلاپ چۈشەندۈرمىسە بولمايدىغان تومتاق ئۇقۇم شەكلىدە ئالغان.

ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر يازغۇچىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت، چەكلىمىلىكلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان يەنە بىر كىشىنىڭ باھاسى، كېيىنكىلەرنىڭ ئۇ يازغۇچى ھەققىدە قايتا تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىغا بىردىنبىر چىقىش نۇقتا بولۇشى ناتايىن. جۈملىدىن بودلېر يۇقىرىقى باھالىرىدەك ئەمەس، راستىنىلا بالزاكنىڭ نۇقسان، چەكلىمىلىكلىرىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان ھالەتتىمۇ، كېيىنكىلەرنىڭ يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە پىكىر قىلىشىغا بىردىنبىر ئاساس بولالمايدۇ. بۇنى بىر تەرەپ قىلغان ئاساسىي پاكىت ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدۇر. يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئەدەبىي تالانتىنىڭ مەھسۇلى بولغان ئەسەرلىرىلا بولىدىكەن، ئالدىنقىلار تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ باھا بەرمىگە بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئېستېتىك زوقلاندۇرۇش ئىقتىدارى ۋە ئىجتىمائىي ئۇنۇمى ئارقىلىق ئۇ ھەقتە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەقلىي خۇلاسىلەرنى چىقارغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يازغۇچىنىڭ «بالزاك يولى» نى ئەتىۋارلىشى ھىيوگونىڭ باھالىرىدىن كەلگەن، دەپ ھۆكۈم قىلىش قانچە خاتا بولسا، بودلېرنىڭ ئىنكار قىلغانلىقىغا

قارىماستىن بالزاكنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ماختاش توغرا ئەمەس، دەپ ھۆكۈم چىقىرىشمۇ شۇنچىلىك خاتا. ئوبزورچى ئەنە شۇنداق لوگىكى-لىق زىددىيەتلەر بىلەن چىگىشلىشىپ كەتكەن مۇھاكىمىنى شۇ يەردىلا توختىتىپ قويماستىن، يەنە «ئۇنىڭ زور بىلىش قىممىتىگە ئىگە ئەسەرلىرى ئەينى دەۋردىكى ‹فرانسىيە جەمئىيىتىنىڭ قامۇسى› دەپ تەرىپلەنگەن، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورنىنىڭ يۇقى-رىلىقىغا قىل سىغمايدۇ» دەپ پىكىر يۈرگۈزۈپ، يۇقىرىدا شۇنچە كۆچىنىپ، چىڭقىلىپ، ئىنكار قىلىپ كەلگەن بالزاكنى بىردىنلا يەنە قايتىدىن سەنئەت پەرىشتىسىگە ئايلاندۇرۇپ باھالاپ، ئۆزىنى ئۆزى كاچاتلايدۇ. بۇلا ئەمەس، ئۇ يەنە يۇقىرىقىدەك ئەجەش مۇھاكىمىلىرى يېتىشمىگەندەك «لېكىن زامانىۋى ئەدەبىياتنىڭ قىممەت ئۆلچىمى بى-لەن قارىغاندا، بالزاك ئەسەرلىرىدىكى پىسخىك ئىزدىنىشلەرنى چوڭ-قۇر ۋە ئىچكى خاھىشلىششىنى كۆچلۈك دېگىلى بولمايدۇ. » دېيىل-گەن يەنە بىر قېتىمقى ئىنكار ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ساناپ باقساق، ئوبزورچى بۇ قىسقىغىنە سەھىپىسىدە بالزاك ھەققىدە خۇددى ئاچىملوپتەك (ئاچىملوپ چىخوپنىڭ «خامىلىيون» نامىلىق ھېكايى-سىدىكى ئاساسىي پېرسوناژ) ئۈچ قېتىم ئۆزگىرىدۇ. خوش، «پىسخىك ئىزدىنىشلەر چوڭقۇر ئەمەس، ئىچكى خاھىشلىششىنى كۈچلۈك دېگىلى بولمايدۇ» غان بولسا، ئۇنى كونكرېت، تىپىك مى-ساللار بىلەن ئىسپاتلاپ كۆرسىتىش زۆرۈر ئەمەسمىكەن؟ ئۇنداق بولغاندا دەلىل ۋە ئامىللار بولماي تۇرۇپمۇ، ئۇ ئۇنداق، بۇ ئۇنداق دېيىلىۋەرسە، ھە. . . شۇنداق ئىكەندە دەپ ئىشىنىۋېرىدىغان ئوقۇر-مەنلەرنى تېپىپ، بارمىقىنى قارا سىياھقا مىلىگۈزۈپ «ئىسمىنى يازالمايدىغان بولسا» باسقۇزۇۋېلىپ دەلىل ـ ئىسپات سۈپىتىدە كۆر-سىتىشتىن باشقا چارە بىلەن باشقىلارنى بۇ باھالارغا ئىشەندۈرۈش قىيىن.

ئاخىرقى مەسىلە، ئۇسلۇبنىڭ «ئىجابىي» بولىدىغانلىقى بىلەن

«سەلبىي» بولىدىغانلىقى. ئەگەر خاتا دەپ قويمىغان بولساق، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى تارىخىدا ئۇسلۇبنى مۇنداق سۈپەتلەپ ئايرىشنى تۇنجى قېتىم مۇشۇ ماقالىدە ئۇچراتقان بولساق كېرەك. ھېلىمۇ ياخشى ئوبزورچى «سىنىپىي ئۇسلۇب»، «سىنىپتىن تاشقىرى ئۇسلۇب» قاتارلىقلارنى دەۋەتكەن بولسا، بىز بۇ خىل تەپەككۇر جەۋھەرلىرىگە تىل تەككۈزۈشكە قانداقمۇ جۈرئەت قىلالارئىدۇق؟!

قىسقىسى، ئوبزورچى مۇھاكىمە تېمىسى قىلغان ھېلىقى «بەش ئۆلچەم»گە تېخى يېتىپ كەلمەي تۇرۇپ، يەتتە بەتكە سوزۇلغان ماقالىسىنىڭ بەش بېتىنى ئەنە شۇنداق زىددىيەتلىك، تايىنى يوق پىكىرلەر بىلەن ھارغىچە زىنىنەتلەيدۇ. ئاخىرقى ئىككى بېتىدىلا ئىككىنچى، ئۈچىنچى، بەشىنچى ئۆلچەملەر ھەققىدە يۇقىرىدىكىگە ئوخشاشلا ھېچكىمگە پايدا – مەنپەئەت يەتكۈزمەيدىغان، رەددىيە بېرىشكەمۇ ئەرزىمەيدىغان مۇھاكىمىلىرىنى زېرىكمەي بايان قىلىدۇ. بىزنىڭچە، ئەدەبىي تەنقىدكە تۇتۇلغان بۇ خىل پوزىتسىيە ئىنتايىن بىر تەرەپلىمە بولۇپ، ئۇنىڭدىن نە پۇختا ئاساسلارغا تايانغان ئىلمىي پىكىرلەرنى، نە كەيپىيات جەھەتتىكى ساغلام، سەمىمىي پوزىتسىيەلەرنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. ئەدەبىي تەنقىد مۇشۇنداق توغرا بولمىغان يولغا كىرىپ كېتىۋېرىدىغان بولسا، ئۇ ئىجادىيەتنىڭ گۈللىنىشىگە ياردەم بەرمەيلا قالماستىن، ئەدەبىيات – سەنئەت مۇنبىرىنى گۇرۇھۋازلىق، مەزھەپچىلىك، ئىنكارچىلىق، مەنمەنلىك پاتقىقىغا سۆرەپ كىرىپ، جەمئىيەتتە ئىنتايىن يامان تەسىر پەيدا قىلىدۇ.

تەنقىدىي مۇنازىرە جەريانىدا ھەممە كىشى ئورتاق ئېتىراپ قىلىشى زۆرۈر بولغان بىر ئادىل پوزىتسىيە شۇكى، ئۆز تەشەببۇسلىرىنى چەك قويماي تەكىتلەۋېرىپ، ھەقىقەتنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇۋالسلىقى، شۇنىڭدەك قارشى تەرەپنىڭ تەشەببۇسلىرىغا رەددىيە بېرىشنى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىپ، ھەقىقەتنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا قارشى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىش مۇمكىنلىكىنىمۇ چەتكە قاقماس-

لىق لازىم. بۇ ئىككى تەرەپكە ئېتىبار بەرمەي، مەنمەنلىك بىلەن قارىسىغا قىلىنغان چۇقان - سۈرەنلەر ئوبزورچى ئۈچۈن ھېچ ۋاقىتتا شان - شەرەپ ئېلىپ كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىمنىڭ ھەق، كىمنىڭ ناھەق ئىكەنلىكى مەسىلىسى تېخى ئالدىمىزدا يېشىلىشكە ئېھتىياجلىق بولغان نامەلۇم ساندىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ نامەلۇم سان ھەقىقىي نوپۇزلۇق بەلگۈلىگۈچى خەلقنىڭ رايىغا ئۇيغۇن كەلگەندىلا، ۋاقىتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەندىلا ھەقىقىي يېشىمگە ئىگە بولىدۇ.

(بۇ ماقالە «قۇمۇل ئەدەبىياتى» نىڭ 1999 - يىل 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان)

www.uyghurkitap.com

# تارىخىي يۇرت ئاغۇ ۋە ئاغۇلۇقلار

قەدىمىي يۇرت ئاغۇ ئۇيغۇر تارىخىدىكى بىر قانچە چوڭ ۋەقە ـ ھادىسىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك خاسىيەتلىك جاي بولۇپ، ئۇنىڭ كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان ئۇزاق ھەم ئۆزگىچە تارىخى بار.

ئاغۇ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قەدىمكى ئاستانىسى ۋە ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ بۆشۈكى بولغان ئاتۇشنىڭ ھازىرقى سۇنتاغ، ئازاق، ئۇستۈن ئاتۇش، كاتتايالاق، قاراجۇل ۋە تۇگۇرمىتى قاتارلىق يەتتە يېزىسىنىڭ بىرى.

ئاتۇش ئەسلى جۇغراپىيىلىك نۇقتىدىن ئۈچ رايونغا بۆلىنىدۇ. بۇلار ئاستىن ئاتۇش، ئۇستۈن ئاتۇش ۋە ئاغۇدىن ئىبارەت. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ 1 ـ توم 128 ـ بېتىدە «قەشقەردە ئارتۇچ ناملىق ئىككى يۇرت بار» دەپ يازغان. ئەنە شۇ ئارتۇچ ناملىق ئىككى يۇرتنىڭ بىرى، ھازىرقى ئاستىن ئاتۇش، يەنە بىرى ئۇستۈن ئاتۇش. ئاستىن ئاتۇشنىڭ خەلق ئارىسىدا «ئالتۇن ئاتۇش» دېگەن نامىمۇ بار. روشەنكى بۇ بىر ئۇقۇشماسلىق. بۇ ئەسلى «ئالتۇن ئاتۇش» ئەمەس، بەلكى «ئالتىن ئاتۇش». مەھمۇد قەشقەرى كىتابىنىڭ 1 ـ توم 147 ـ بېتىدە «ئالتىن — ئاستىن، تۆۋەن» دېگەن مەنىگە ئىگە، «ئاستىن دېگەن بۇ سۆز توغرا ئەمەس، توغرىسى ئالتىن» دەپ كۆرسەتكەن. دېمەك، ئاستىن ئاتۇشنىڭ خەلق ئارىسىدىكى «ئالتۇن ئاتۇش» دېگەن نامى تارىختىكى «ئالتىن ئاتۇش» نىڭ خاتا ئىستېمال قىلىنىپ كېلىنىۋاتقانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

ئاتۇشتا ھازىر 140 مىڭغا يېقىن ئۇيغۇر ياشايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئاغۇلۇقلار 14 مىڭدىن ئاترۇقراقنى ئىگىلەيدۇ. دېمەك، ئاغۇلۇقلار

ئاتۇشتىكى ئۇيغۇرلار سانىنىڭ ئوندىن بىرىنى ئىگىلەيدۇ.

ئاغۇ دېگەن ئىسىم ئارغۇ دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى بولۇپ، مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ 1 - توم 172 - بېتىدە «ئارغۇ — ئىككى تاغ ئارىسى. بۇنىڭدىن ئېلىنىپ تىراز (تالاس) بىلەن بالاساغۇن ئارىسىدىكى شەھەرلەرمۇ ‹ئارغۇ› دېيىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ يەرلەر ئىككى تاغ ئارىسىدا» دەپ چۈشەندۈرگەن. ھەمدە 1 - توم 147 - بەتتە «ئارغۇلادى» دېگەن پېئىلنى «يېرىپ ئۆتتى» دېگەن مەنىگە ئىگە دەپ ئىزاھلىغان. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «ئارغۇ» ئىبارىسىگە بەرگەن بۇ چۈشەندۈرۈشلىرى ئاغۇ يېزىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىغا تولۇق ماس كېلىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ئاغۇ يېزىسى تاغلار ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ ئەتراپىنى «قارا تاغ» ۋە «بوز تاغ» ناملىق ئىككى چوڭ تاغ ۋە «تۆگە تاغ»، «چىگىلىك تاغ»، «يۇمىلاق تاغ» قاتارلىق كىچىك تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ.

ئاغۇ دېگەن ئىسىمنىڭ كېلىپ چىقىشىغا مەنبە بولغان «ئارغۇ» ئىبارىسى، مەھمۇد قەشقەرى «تۈركلەر ئەسلى يىگىرمە قەبىلىدۇر» دەپ ئېيتقان قەبىلىلەرنىڭ ئاساسلىقلىرىدىن بىرىنىڭ نامى. مەھمۇد قەشقەرى دىۋانىنىڭ 70 نەچچە يېرىدە بۇ نامنى «ئارغۇ تىلى»، «ئارغۇلار»، «ئارغۇچە»، «ئارغۇ ئېلى»، «ئارغۇ» دېگەندەك شەكىللەردە تىلغا ئالغان. تارىختا ئارغۇ قەبىلىسى ئىسپىجاپتىن بالاساغۇنغىچە بولغان جۇغراپىيىلىك دائىرىدە ياشىغان. مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان»نىڭ 1 - توم 41 - بېتىدە ئىسپىجاپ بىلەن بالاساغۇن ئارىسىدىكى يۇرتلارنى «ئارغۇ شەھەرلىرى» دەپ كۆرسەتكەن.

1974 - يىل ئەنقەرەدە نەشر قىلىنغان «تۈرك قامۇسى»نىڭ 21 - توم 351 - بېتىدە مەھمۇد قەشقەرى تىلغا ئالغان ئارغۇ قەبىلىسى ياشىغان ئارغۇ رايونى توغرىسىدا مۇنداق مەلۇماتلار بار: «ئارغۇ رايونى مۇتەخەسسىسلىرىدىن ئا. ن. بىرنىشتامنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، ئارغۇ ئەڭ قەدىمكى تۈرك سەنئەت مەركەزلىرىدىن

بىرى ئىدى. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدە ئارغۇنىڭ تارىخىي دەۋرلىرىنى پەرق ئەتمەك مۇمكىن بولماقتا. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردىن باشلاپ تۈرك قەبىلىلىرىدىن قاڭلى، تۆلىس ۋە قىرغىزلار؛ تۈرك ئىكەنلىكى ئېھتىماللىققا ئىگە بولغان ئۇيسۇنلار ۋە VI ـ VII ئەسىرلەردە غەربىي تۈركلەر ۋە تۈركەشلەر ئارغۇدا يايلاق سەنئەت ئەسەرلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. غەربىي تۈرك قاغانلىقى دەۋرىدە (580 — 658) ئارغۇدا تۇنجى شەھەرلەر قۇرۇلغان. شەھەرلىشىشنىڭ تەرەققىياتىدا بۇخارادىن كېلىپ «تۈرك يابغۇسى قارا چۇرىن» دىن پانالىق تىلىگەن كۆچمەنلەرنىڭ ياردىمى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولغان. ئارغۇدا 766 ـ يىلىدىن 819 ـ يىلىغىچە داۋاملاشقان قارلۇق دەۋرىدە تۈرك ۋە سوغدى كىشىلىرى بىر ـ بىرى بىلەن خېلىلا قوشۇلۇپ كەتكەن ۋە كۆچمەن تۈركلەر شەھەرلەرگە ئولتۇراقلىشىشقا باشلىغان.

ئارغۇدا يەرلىك مەدەنىيەت كەمچىلرەك بولۇپ، زەردۇشت دىنى تەسىرى بىلەن بىرگە، پارت (ئىران) ئېلىدە بارلىققا كەلگەن مانى دىنى ئارغۇدىمۇ تەسىر پەيدا قىلغان. ئەمما ئارغۇدا مانى دىنىغا مەنسۇپ ئەسەرلەر تېپىلمىدى. خرىستىئان دىنىمۇ ئارغۇدا تارقالغان. 781 ـ يىلى نىستۇريان دىنى پاترىئاخى تىموتخس غەربىي تۈركىستاندىكى تۈرك خاقانىنىڭ خرىستىئان ئىكەنلىكىنى يازغان. ھەقىقەتەن سامانىيلار 819 ـ يىلى تالاسنى ئىگىلىگەندە شەھەردىكى ئەڭ چوڭ ئىبادەتخانا بىر خرىستىئان دىنى چېركاۋى ئىدى. تۈرك ھۆكۈمدارلىرىنىڭ مەركەزلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان سوياب ئاقپېشىن خارابىلىرىدە خرىستىئان دىنى ئابىدىلىرى تېپىلغان. ئارغۇدىكى ئەڭ مۇھىم سەنئەت ئەسەرلىرى تۈركلەر ئېلىپ كەلگەن ۋە شەرق تەسىرى بىلەن ئۇچراشقان بۇددىست ئابىدىلىرىدۇر. قارلۇق بۇددىست ئەسەرلىرىدە تۈركەش دەۋرىدە تەرەققىي قىلغان ئۇسلۇبقا قوشۇمچە قىلىنغان ھالدا ئۇيغۇر تەسىرىمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ.

ئاغۇ ۋە تىيانشان تاغلىرىدا قارلۇق دەۋرىگە تەۋە خۇمدان قالدۇق-
لىرى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. بىرنىشتام مۇنداق دەيدۇ: غەربىي
تۈرك ساپالچىلىقى قولدا يۇغۇرۇلغان، قوپال، قىزىل ۋە قارا رەڭدە
بويالغان. بەزىلىرى پارقىراق ھالەتتە، بەزىلىرى سىرلانغان ئىدى.
سېرىق ۋە يېشىل سىردا سىرلانغان ساپال قاچىلارمۇ قارلۇقلار دەۋرىدە
باشلانغان.

مەسئۇدىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا تاشكەنت ئېلىمۇ ئارغۇ - قار-
لۇق رايونى تەۋەسىدە ئىدى.»

قىسقىسى ئاغۇ دېگەن نام بۇ يۇرتنىڭ ئىككى تاغنىڭ ئارىسىغا
جايلاشقان جاي بولغانلىقى ئۈچۈنلا قويۇلغان بولماستىن، بەلكى يۇقى-
رىدا كۆرستىلگەن كەڭ ئارغۇ رايونىدا ياشىغان ئارغۇ قەبىلىسىنىڭ
نامى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. چۈنكى مەھمۇد قەشقەرى
«ياغما»، «چىگىل» دېگەن يۇرت ئىسىملىرىنىمۇ «ياغما»، «چى-
گىل» قەبىلىلىرىنىڭ نامىدىن كېلىپ چىققان دەپ كۆرسەتكەن.

قەددى - قامىتى كېلىشكەن، كۆزلىرى كۆكۈش، تېرىسى ئاق
سۈزۈك بولۇشتەك ئانتىروپولوگىيىلىك ئالامەتلىرى ۋە پسىخىكىسى
بىر قەدەر بېكىنمە، گەپ - سۆزى قوپال، مىجەزى تۈز، خۇشچاقچاق
بولۇشتەك خاراكتېر ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن باشقا يۇرتلۇق ئۇيغۇر
قېرىنداشلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئاغۇ خەلقى تالاي ئەسىرلەر-
دىن بۇيان تاغ سۇلىرى بىلەن ياشناپ - كۆكلەپ كېلىۋاتقان بۇ ئانا
ماكانىدا، تارىخمىزدىكى ئاجايىپ ۋەقە - ھادىسىلەرنىڭ شاھىدى بو-
لۇپ كەلمەكتە.

## 1. ئاغۇ — «ئاتۇش ئادىمى» تېپىلغان جاي

شىنجاڭ تارىخىدىكى ئەڭ زور ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلارنىڭ
بىرى ھېسابلىنىدىغان «ئاتۇش ئادىمى» نىڭ تاشقا ئايلانغان باش سۆڭى-
كى 1982 - يىلى ئاغۇنىڭ ئاچچىق كەنتىدىكى «قارا يار» بويىدىن
تېپىلغان. بۇ ئورۇننىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئاننىڭ

5 ـ 75.0، شىمالىي پاراللېلىنىڭ 46 ـ 44.39 گە توغرا كېلىدۇ.
ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان «بۇ تاشقا ئايلانغان ئادەم بېشىنى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە ئىنستىتۇتىدىكى ئاتاقلىق ئارخېئولوگلار تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ئالامەتلەر ۋە ئۇنىڭ تاشقا ئايلىنىش دەرىجىسى، يەر قاتلىمى جەھەتلەردە تەھلىل يۈرگۈزۈپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئۇنى بۇنىڭدىن ئون مىڭ يىل بۇرۇنقى 18 ياشلىق ئەرنىڭ باش سۆڭىكى، — دەپ قارىغان»①. تاشقا ئايلانغان بۇ باش سۆڭىكى 1982 ـ يىلىدىن بۇيان «ئاتۇش ئادىمى» دېگەن نام بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىپ كەلمەكتە.

شۈبھىسىزكى، بۇ 18 ياشلىق «ئاتۇش يىگىتى» خۇددى «كرو-رەن گۈزىلى»گە ئوخشاشلا قەدىمكى غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ بىزگە ئەۋەتكەن «گۇۋاھچىسى» بولۇپ، ئۇنىڭ بۈگۈنكىدەك ئالاھىدە تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي شارائىتتا تۇرغان مىللىتىمىزنىڭ قەلبىدىكى ئورنى مىسلىسىز مەنگە ئىگە. ئۇ بىزنىڭ تەسەۋۋۇرلىرىمىزنى تارىخنىڭ بىپايان دالالىرىدا قانات قاققۇزۇش بىلەن بىرگە تەپەككۇرىمىزنى ئىنقىلاپ پۇتمەس ـ تۈگىمەس ئىلھام بۇلاقلىرىنى بولدۇقلىتىدۇ. يۈرەك رىشتىمىزنى تارىخىمىزنىڭ ئۇنتۇلۇپ كەتكەن شانلىق سەھىپىلىرىگە چىگىپ چەكسىز ئىپتىخار ھېسسىغا چۆمدۈرىدۇ.

ئاغۇدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شائىر قۇربان بارات «قار گۈلى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن «ئىنسان ۋە زېمىن» ناملىق داستانىدا:

قارايسەنكى بوپتۇ خەلقىڭ زېمىن يۈلتۈزى،
بەكمۇ يىراق، تىرەن ئىكەن ئۇنىڭ يىلتىزى.
بۇ يىلتىزنى قازساڭ چىقار ئەجدادىڭ بېشى،

① قۇربان ۋەلىنىڭ شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» ناملىق كىتابىنىڭ 162 ـ بېتىگە قاراڭ.

يەر تېگىدە ياتقان چوڭقۇر بولۇپ ساي تېشى.
يوغان چاناق، قىرلىق بۇرۇن - تاشقا ئايلانغان،
سەن ئىنساننىڭ قايسى تىپى؟ — قىلىدۇ ئايان.
گۇۋاھلىقتىن ئۆتىدۇ ئۇ ئاشۇ تاش پېتى،
بولۇپ گويا ئالتۇن مۆھۈر، بولۇپ يەر خېتى.
ئۇ سۆزلەيدۇ ئىنسان بىلەن زېمىن توغرۇلۇق،
ھاسىل قىلىپ بىر قانۇنىي، مۇقەددەس ھوقۇق.
تالاشلارنى، جۆيلۈشلەرنى قىلىدۇ بەربات،
سۈكۈت بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ، قىلىپ ئۇ ئىسپات.

دەپ يېزىپ، بۇ «ئاتۇش ئادىمى» نىڭ تاشقا ئايلانغان باش سۆڭىكىنىڭ مىللىي ھاياتىمىزدىكى تارىخىي ۋە رېئال قىممىتىنى چوڭقۇر مەنە بىلەن بايان قىلغان.

ئانا خەلقىنىڭ تارىخىي تەقدىرىگە ۋە رېئال ھاياتىغا كۆڭۈل بۆلۈش ئەقىدىسى كۈچلۈك بۇ شائىر ھازىر ئەنە شۇ «ئاتۇش ئادىمى» نىڭ ئىلھامى بىلەن «تاشقا ئايلانغان ئەجداد» ناملىق چوڭ ھەجىملىك داستانىنى يازماقتا.

ئاغۇنىڭ ئاچچىق① كەنتىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەشھۇر ئاۋاز ئارتىسى ۋە كىنو - تېلېۋىزىيە ئارتىسى رەجەپ تاجى ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلغان تېلېۋىزىيە سەنئەت فىلىمى — «ئاتۇش سەيلىسى» دە «ئاتۇش ئادىمى» نى ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئېلىپ ئۆتتى. رەجەپ تاجى ئەپەندىنىڭ چوڭ ئوغلى، زامانىمىزدىكى داڭلىق ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىسى ۋە ئۇسسۇلچى كۈرەش رەجەپ «ئاتۇش سەيلىسى» ناملىق سەنئەت فىلىمىدە «ئاتۇش ئادىمى» نىڭ ئىلھامى بىلەن ئىجاد قىلىپ ئىشلىگەن «تاشلىق زېمىن» ناملىق ئېسىل ئەسىرىنى تاماشىبىنلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى.

---

① ئاچچىق — بۇ ئەسلى «ئاچىغ» بولسا كېرەك. مەھمۇد قەشقەرى «دىۋانى» نىڭ 1 - توم 85 - بېتىدە «ئاچىغ» قا «خان مۇكاپاتى» دېگەن مەنىگە ئىگە دەپ ئىزاھ بەرگەن.

www.uyghurkitap.com

مەشھۇر ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «ئاتۇش ئادىمى» توغرىسىدا مۇنداق يازغان: «ئاتۇشتىن تېپىلغان 20 ـ 30 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى تاشقا ئايلانغان ئادەم كاللىسى ئەجدادسىز ۋە ئەۋلادسىز يەككە ـ يېگانا ھادىسە ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۇ يۇرتتا ئۇيغۇر ـ ئارىئان ساكلىرى، ئارغۇ — ياغما قەبىلىلىرى ئۇزاقتىن ياشاپ ئوخشىمىغان ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت قاتلىمى قالدۇرغان.»①

قىسقىسى، ئاغۇدىن تېپىلغان بۇ «ئاتۇش ئادىمى» بىز ئۈچۈن بىباھا قىممەتكە ئىگە ئەڭگۈشتەر.

## 2. ئاغۇ — سۇلتان ساتۇق بۇغراخان تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان جاي

ھەممىگە مەلۇمكى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى ئەڭ بۈيۈك خانلىق ھېسابلىنىدىغان قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئەڭ مەشھۇر سۇلتانى. ئۇ ئۆزىنىڭ يۈكسەك ھەربىي تالانتى ۋە سىياسىي تالانتىنى نامايان قىلىپ ئۇيغۇرلارنى پارلاق بىر دەۋرگە باشلاپ كىرگەن ئۇلۇغ خاقان. ئۇنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى ئاجايىپ ۋەقەلەرنىڭ بىرى.

سۇلتان ساتۇق بۇغراخان قارخانىيلار خانلىقىنىڭ تەخت ۋارىسى بولۇشتەك قانۇنىي ھوقۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي تاغىسى ئوغۇلچاق بىلەن زىددىيەتلىشىپ ئوردا كەنت — قەشقەر يېنىدىكى قوز ئوردا — بالاساغۇندا يەنى ئاتۇشتا ئۇلۇغ پىلانلارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەن كۈنلەردە قاراخانىيلارغا قوشنا بولغان سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ تەخت ۋارىسى ئەبۇ ناسىر سامانى ئوردا كۈرىشىدە مەغلۇپ بولۇپ قاراخانىيلاردىن پاناھلىق تىلەپ قەشقەرگە كەلگەنىدى. ئەبۇ ناسىر سامانى بىلەن سۇلتان ساتۇق بۇغراخاندىن ئىبارەت بۇ ئىككى «تەقدىرداش» تەخت ۋارىسلىرى ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان.

---

① شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ 1995 ـ يىل 4 ـ سانىدىكى «بالاساغۇننىڭ ئورنى مەسىلىسى» دېگەن ماقالىغا قاراڭ.

ئەبۇ ناسىر سامانى دىنىي ئەقىدىسى ئىنتايىن كۈچلۈك، بىلىمى مول، يىراقنى كۆرەر، ئالىم سۈپەت كىشى بولۇپ ئۆزىنىڭ سۆز ـ ھەرىكەت-لىرى بىلەن 16 ياشلىق سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ھۆرمەت تۇيغۇسىنى قوزغىغان، ساتۇق ئۇنى ئۇستاز ئورنىدا كۆر-گەن، نەتىجىدە سۇلتان ساتۇق بۇغراخان ئەبۇ ناسىر سامانىنىڭ دەۋىتى بىلەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشنى، شۇنداقلا بۇ دىننى كەلگۈسىدە قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت دىنى قىلىشنى نىيەت قىلغان.

مىلادىيە 932 ـ يىلى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان «جەڭگىۋار دوستلىرى» («شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» 649 ـ بەت) بىلەن بىرلىكتە ئوۋ قىلىش بانىسى بىلەن ئاغۇ تاغلىرىدىكى مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل بولغان «جاي پەچچىم» جىلغىسىغا چىققان. ھەمدە بۇ يەردە ئۇستازى ئەبۇ ناسىر سامانىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ئىمان ئېيتىپ ئىسلامغا كىرگەن. شۇنداق قىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋى ھاياتىدىكى تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە تۇنجى ئەزان ئاۋازى جاي پەچچىم جىلغىسىدا ياڭرى-غان. شۇ قېتىم ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنىڭ سانى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان بىلەن قوشۇلۇپ 40 كىشى بولغانلىقى مەلۇم. بۇ 40 نەپەر ئىسلام مۇخلىسى جىلغا ئىچىدىكى بىر كىچىك تۈزلەڭلىكتە قىبلە تەرەپكە يوغان بىر ياغاچ قوزۇقنى قېقىپ، تۆت ئەتراپىغا تاش تىزىپ تۇنجى قېتىم ناماز ئوقۇغان. كېيىن كىشىلەر بۇ جاينى «قىرىق مەسچىت» دەپ ئاتاشقان. بۇ يەر ھازىرمۇ «جاي پەچچىم» گە چىقىپ تاۋاپ قىلغۇچىلارنى قىزىقتۇرماقتا ھەم ھېلىمۇ «قىرىق مەسچىت» دەپ ئاتالماقتا. بۇ خۇددى ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس جايلىرىدىن بىرى بولغان مەدىنىدىكى فەتىھى، غۇمامە، ئەبۇ بەكرى سىدىق، فاتىمە، ئۆمەر خەتتاب، ئەلى بىن ئەبۇ تالىپ، بىلال بىن زاھىد قاتارلىق يەتتە كىشى ناماز ئوقۇغان مەسچىتنى «يەتتە مەسچىت» دەپ ئاتىغاندەك بىر ئىش بولسا كېرەك.

www.uyghurkitap.com

«جاي پەچچىم» ئاغۇنىڭ 26 كىلومېتىر شىمالىدىكى تاغ ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئاغۇلۇقلار بۇ مۇقەددەس جاينى «جاي پەچچىم» ، «جاي ئاتام» ، «جاي پاشا» ، «جاي پاشايىم» دەپ ئاتاش بىلەن بىرگە «بۆشۈك ئانام» دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇ جاينىڭ «جاي پاشا» ، «جاي پاشايىم» دەپ ئاتىلىشىدىنلا «جاي پەچچىم» نىڭ پادىشاھ سۇلتان ساتۇق بۇغراخان بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى پەرز قىلغىلى بولىدۇ. «بۆشۈك ئانام» دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبىگە كەلسەك، ئاغۇدىكى كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ جايدا تېخى يېقىنقى يىللارغىچە بالىسىنى بۆشۈكتە تەۋرىتىپ تۇرغان بىر ئايالنىڭ تاشقا ئايلانغان «ھەيكىلى» بار ئىكەن. بۇ بالىسىنى تەۋرىتىپ تۇرغان تاشقا ئايلانغان ئايالنىڭ يېنىدا ئوتتۇرىدىن ئىككى پارچە قىلىنغان ۋە تىلىملانغان «تاش تاۋۇز» لارمۇ بولغان. ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە «تاش تاۋۇز» پارچىلىرى ھازىرمۇ جاي پەچچىمدە بار ئىكەن. بەلكىم مۇشۇ سەۋەبلەردىن بۇ يەر «بۆشۈك ئانام» دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل قارىشىمىزنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دەلىللەش ئۈچۈن پروفېسسور ئابدۇكېرىم راخمان كۈچالىق مەتىمىن بايىز دېگەن كىشىدىن ئاڭلاپ خاتىرىلەپ «يىپەك يۇرتىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزگەن «تەڭگە تاغ ھەققىدە ئەپسانە» دېگەن ئەپسانىنى كۆرۈپ باقايلى:

«بۇرۇنقى زاماندا ئاسماندا بىر تەڭرى، يەردە بىر تەڭرى بار ئىكەن. ئاسمان تەڭرىسىنىڭ بىر قىزى بولۇپ، كۈن دېسە كۈن خىجىل بولغىدەك، ئاي دېسە ئاي خىجىل بولغىدەك گۈزەللىك تەختىنىڭ سۇلتانى ئىكەن. يەر تەڭرىسىنىڭ بىر ئوغلى بولۇپ باتۇرلۇقتا، مەردلىكتە ۋە قەھرىمانلىقتا تەڭدىشى يوق ئىكەن.

بىر كۈنى ئاسمان ئىلاھىنىڭ قىزى ساياھەت قىلىپ كائىناتنى ئارىلاپتۇ. بىر يەرگە كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، جەننەتتىنمۇ گۈزەل ئاجايىپ بىر يەر كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ بۇ يەرگە چۈشۈپ شارقىراپ ئېقىۋات-

قان سۇلارنى، رەڭمۇ رەڭ ئېچىلغان گۇللەرنى، بەس ـ بەستە سايرا-
ۋاتقان قۇشلارنى، توپ ـ توپى بىلەن يايلاۋاتقان هايۋانلارنى كۆرۈپتۇ
ۋە ئاسمانغا قايتقۇسى كەلمەپتۇ.

كۇنلەرنىڭ بىر كۇنى شىكارغا چىققان يەر تەڭرىسىنىڭ ئوغلى
تۇپراق ئاسمان ئىلاهىنىڭ قىزى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. تۇپراقنىڭ
باتۇرلىقى بۇ قىزنى هەيران قالدۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىسى
مۇهەببەتلىشىپ قاپتۇ.

بۇ ئەهۋالنى ئۇققان ئاسمان ئىلاهى تۇپراق بىلەن ئېلىشىپتۇ.
ئاسمان ئىلاهى تۇپراقنى يېڭەلمەپتۇ. ئۇ دەرغەزەپ بولۇپ، بالىسىنى
تەۋرىتىپ ئولتۇرغان قىزىنى تاشقا ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ ۋە ئاسمانغا
چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ ۋەقە ئاتۇشنىڭ تەڭگە تاغ دېگەن يېرىدە بولغان-
مىش. هازىرغىچە تەڭگە تاغدا ئەنە شۇ قىز بىلەن ئۇنىڭ بوۋاق
بالىسىنىڭ تاشقا ئايلانغان جەسىتى بارمىش.»

بۇ ئەپسانىدا تىلغا ئېلىنغان تەڭگە تاغ ئاغۇنىڭ شىمالىدىكى بىر
تاغ يولىدا بولۇپ، قىيادىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان تاغ بۇلىقى بار يەنە
بىر مەنزىرىسى گۇزەل جاي. بۇ يەر «جاي پەچچىم» گە خېلىلا يېقىن.
شۇڭا مەن يۇقىرىقى ئەپسانىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسلىنىپ ئۇنى «جاي
پەچچىم» دىكى «بۆشۈك ئانام» غا مۇناسىۋەتلىك ئەپسانە بولسا كېرەك
دەپ قارايمەن.

جاي پەچچىمدە يەنە «غۇسلىخانا» ۋە «تاش تۇرماس» دەپ ئاتىلى-
دىغان بىر كۆلمۇ بار بولۇپ، تۇغماس ئاياللار شۇ كۆلگە تاش تاشلاپ
بالىلىق بولۇشنى تىلەيدىكەن. بۇ كۆلنىڭ «تاش تۇرماس» دەپ ئاتى-
لىشىدىكى سەۋەب، ئەگەر سىز بۇ كۆلگە يوغان بىر تاشنى تاشلىۋېتىپ
بىر نەچچە ۋاقىتتىن كېيىن بارسىڭىز ئۇ تاشنىڭ كۆل ياقىسىغا
چىقىپ قالغانلىقىنى كۆرىدىكەنسىز. بۇ كۆلنىڭ سىرىنى ئىلمىي
يوسۇندا ئېچىشنى ئويلايدىغان كىشىلەر جاي پەچچىمگە بېرىپ تەكشۇ-
رۇپ بېقىش كېرەك.

قىسقىسى، «جاي پەچچىم» خۇددى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1993 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى نەشر قىلىنغان سانىنىڭ 4 ـ بېتىدە ئېيتىلغانداك «شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس جايى بولۇپ، مۇسۇلمانلار يىراقلاردىن بۇ يەرگە تاۋاپقا كېلىپ تۇرىدۇ.» بۇنىڭ سەۋەبىنى سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ «جاي پەچچىم» دە تۇنجى قېتىم ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغانلىقىدىن ۋە سەلتەنەت تەختىنى قايتۇرۇۋېلىشتا مۇھىم ھەربىي بازا قىلغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

## 3. ئاغۇ — ناھايىتى قەدىمىي يۇرت

تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئاغۇ دېگەن جاي ئىسمى ئەڭ دەسلەپ مىلادىيە 735 ـ يىلى ئورنىتىلغان «بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى» نىڭ شەرقىي يۈزى 34 ـ قۇرىدىكى «ئوغۇزلار توققۇز تاتارلار بىلەن بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. ئاغۇ دېگەن يەردە ئىككى قېتىم چوڭ ئۇرۇش قىلدىم. قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدىم، ئېلىنى ئالدىم» دېگەن جۈملىلەردە ۋە 759 ـ يىلى تىكلەنگەن «مويۇنچۇر مەڭگۇ تېشى» دا «يارىش ۋە ئاغۇلىغ ئارىلىقىدا...» دېگەن بايانلاردا ئۇچرايدۇ (بۇ نەقىللەر «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» ناملىق كىتابنىڭ 103 ـ ۋە 121 ـ بەتلىرىدىن ئېلىندى).

ھەممىگە مەلۇم بىلگە قاغان كۆك تۈرك خاقانلىقىنىڭ قۇدرەتلىك خاقانى. ئۇ ھاياتىدا ناھايىتى كۆپ ئۇرۇشلارنى قىلىپ ماۋارائۇننەھرگىچە يېتىپ كەلگەن. مويۇنچۇر بولسا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد خاقانى بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىدا يۈز بەرگەن ئۆڭلۈك ـ سۈيگۈن توپىلىڭىنى تىنجىتىپ بېرىپ تاڭ سۇلالىسىنى ھالاك بولۇشتىن قۇتقۇزۇپ قالغان مەشھۇر خاقاندۇر.

ئاغۇنىڭ ئاچچىق كەنتىدە قەدىمكى زاماندا شەھەر بولغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدىغان كىشىلەر ئاغۇدا ھازىرمۇ بار. بۇ جاي تاغ بويلاپ سوزۇلغان، كەڭ تۈزلەڭ زېمىن بولۇپ بىر تەرىپى «قارا يار» غا،

يەنە بىر تەرىپى ئوت ـ چۆپلۈك، ھاۋالىق، بۇلاق سۇلىرى شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدىغان لەڭگەر بۇلاقلا تۇتىشىدۇ. بەزى كىشىلەر ئاچچىق كەنتىدىكى ھېچقانداق ئىزناسى قالمىغان بۇ «قەدىمكى شەھەر» نى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ يازلىق پايتەختى بالا ساغۇن شەھىرى بولۇشى مۇمكىن، دەپمۇ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق قارىشىدىكى سەۋەب بالاساغۇن شەھىرىنىڭ «قۇز ئوردا» دەپ ئاتىلىشىدىن كەلگەن. «قۇز» دېگەن سۆز مەھمۇد قەشقەرىنىڭ چۈشەندۈرىشىچە «تاغنىڭ تەسكەي تەرىپى»، «تاغ ئارقىسى» (3 ـ توم 171 ـ بەت) دېگەن بولىدىكەن. بۇ چۈشەندۈرىشنىڭ ئاچچىق كەنتىنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغانلىقى راست.

بەزى ئىلمىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندىمۇ كىشىلەردىكى بۇ خىل قاراشنى پۈتۈنلەي خاتا دېگىلىمۇ بولمايدۇ. «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1995 ـ يىل 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان پروفېسسور ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەد ئىمىنىنىڭ «بالا ساغۇننىڭ ئورنى مەسىلىسى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىدا بالا ساغۇن شەھىرىنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى بۆكەخان (ھەقىقىي ئىسمى كۆل بىلگە قاغان) بىنا قىلغانلىقىنى ئىسپاتلىغان. دۇسسۇننىڭ «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» ناملىق كىتابىدىن ئېلىنىپ پروفېسسور ئابدۇكېرىم راخمان تۈزگەن «يىپەك يولتىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن «بۆكەخان ئەپسانىسى» دا «قوشۇنلار تۈركىستانغا يېتىپ كەلگەندە، تۇزلەڭ، بۇلاق سۇلىرى شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان بىر يەرنى كۆرۈپتۇ. قوشۇنلار بۆلۈنۈپ جايلارغا بېرىپتۇ. ئون ئىككى يىل ئىچىدە كۆپ ئەللەرنى ئېلىپ، ياۋايى ئادەملەر ياشايدىغان جايغىچە بېرىپتۇ. . . » «زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن بۆكەخان، بالاساغۇندىن ئۆزى تۇغۇلغان ئېلىگە قايتىپ كەپتۇ. » دېگەن جۈملىلەر يېزىلغان. يۇقىرىقى جاي تەسۋىرى ئاغۇدىكى لەڭگەر بۇلاقنىڭ ھازىرقى مەنزىرىسىگە يۈزدە ـ يۈز ئوخشايدۇ. مەنزىرىسى

www.uyghurkitap.com

بۇنداق ئوخشىشىپ كېتىدىغان جاي باشقا يەرلەردىمۇ بولۇشى مۇمكىن، لېكىن، ئۇ جايلارنىڭ بالا ساغۇن بىلەن باغلانمايدىغانلىقى پاكىت.

بالاساغۇن شەھىرىنىڭ ئاغۇدا ئىكەنلىكىنى تارىخچى ۋە شائىر ئېمىر ھۈسىيىن قازىمۇ تىلغا ئالغانىكەن. بۇنى ئاتۇش شەھەرلىك سەنئەت ئۈمىكىنىڭ ئارتىسى، «ھورۇن»، «ھەسەتخور»، «مەستىنىڭ خىيالى»، «باغاق» قاتارلىق ئىتوتلاردا رول ئېلىپ كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن ئوسمان ئابدۇۋايىت ئىسپاتلىغان. ئوسمان ئابدۇۋايىتنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇ 1970 ـ يىلى پەيزاۋاتتىكى قالغاچ مەيدان تۈرمىسىدە سىياسىي جىنايەتچى سۈپىتىدە جازا مۇددىتىنى ئىجرا قىلىنىۋاتقاندا ئېمىر ھۈسىيىن قازى بىلەن تونۇشۇپ قالغان. ئېمىر ھۈسىيىن قازى ئوسمان ئابدۇۋايىتتىن يۇرتىنى سوراپ ئاغۇلۇق ئىكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن: «ئۇنداقتا سىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن بىر يۇرتلۇق ئىكەنسىز، يەنى بالا ساغۇنلۇق ئىكەنسىز» دېگەن ئىكەن.

ئېمىر ھۈسىيىن قازى (1900 — 1985) قەشقەردە ئۆتكەن مەشھۇر ئالىم قۇتلۇق شەۋقىنىڭ ئوغلى بولۇپ زامانىمىزدىكى تونۇلغان دىنىي ئالىم، تارىخچى، شائىر ۋە يېتىلگەن ناتىق كىشى. ئۇ مەھمۇد قەشقەرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازارلىرىنى ئېنىقلاشتا زور تۆھپە قوشقان. بۇ كىشىنىڭ «ۋەقەئاتى كاشغەر» ناملىق تارىخىي ئەسىرى بارلىقى مەلۇم. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ بىر قىسمى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىندى. ئۇ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى ئاساسلىق ئەدىبلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالىي مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈلدى.

قىسقىسى، بالاساغۇن ھەققىدىكى يۇقىرىقى قاراشلار ئىلىم دۇنياسى تەرىپىدىن ئورنى تېخى مۇقىملاشتۇرۇلۇپ بىرلىككە كەلمىگەن بۇ تارىخىي شەھەرنىڭ ئورنىنى ئېنىقلاشتا پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە

بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىككى پايتەختى-نىڭ بىرى بولغان بالاساغۇن شەھىرىنىڭ ئورنى ھەققىدە ھازىر تارىخ-چىلار ئارىسىدا «بالاساغۇن توقماقتا»، «بالاساغۇن ئاتۇشتا» دەيدىغان ئىككى خىل قاراش بار. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي تۈزۈپ 1974 - يىلى 10 - ئايدا باستۇرغان «مەدەنىيەت يادىكارلىقلار خىزمىتىگە دائىر ئۆگىنىش ماتېرىياللىرى» نىڭ بىرىنچى قىسىم 59 - بېتىدە «بالاساغۇن كونا شەھىرى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ 4 - رايونىدا» دەپ ئىزاھلىنىپ ئاپتونوم رايون بويىچە مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان بى-رىنچى تۈركۈمدىكى 77 ئورۇن قاتارىدا كۆرسىتىلگەن. شۇڭا بالاسا-غۇن شەھىرىنىڭ ئورنىنى ئېنىقلىنىشقا ياردىمى تېگىدىغان چوڭ - كىچىك ماتېرىياللارنىڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكىنى-نىڭ زىيىنى يوق. گەرچە «بالا ساغۇن شەھىرىنىڭ ئورنى توقماقتا، ئۇنى باشقا يەردىن ئىزدەشنىڭ ھاجىتى يوق!» دەپ ئىلىم - پەن دېموكراتىيىسىنى بوغىدىغان بەزى تارىخچىلارنىڭ بىمەنە چۇقانلىرى كىشىلەرنى بىر مەھەل گاڭگىراتقان بولسىمۇ، لېكىن تارىخ ھەقىقىتى يولىدىكى باتۇرانە ئىزدىنىشلەر توختاپ قالمايدۇ. بەلكىم مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپلار بىلەن زاماندىش بولغان مەشھۇر تارىخچى ئابدۇغاپپار بىننى ھۈسەيىن قەشقىرىنىڭ «قەشقەر تارىخى» ناملىق بۈيۈك ئەسىرى ياپونىيە چىنزى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانى-سىدىن چىقىپ ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولىدىغان كۈنلەر كەلگەندە شۈبھىسىزكى، بۇ نازۇك مەسىلە ھەل بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. شۇڭغىچە بولسىمۇ بىز بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشلىرىمىزنى ئۈزۈلدۈرمەي چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز لازىم. بىزنى ئىزدىنىشكە ئىلھاملاندۇرىدىغان ئاساسلار ئاز ئەمەس. ئەقەللىيسى، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «چىگىل، قەشقەر، بالا ساغۇن، ئارغۇ، بارسخان ۋە يۇقىرى چىنغىچە بولغان ئۇيغۇر تىللىرىدا» (ئىككىنچى توم، 64 - بەت) دېگەندەك جۈملىلى-رىدىكى بايان تەرتىپىمۇ بىزنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشلىرىمىزگە يىپ

ئۇچى بولالايدۇ. ئەلۋەتتە، مەھمۇد قەشقەرى بۇ يەردە تىلغا ئالغان «ئارغۇ» ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىدىكى «ئارغۇ قەبىلىسى» نىڭ نامىدىن كەلگەن. يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا كۆپ ئۇچرايدىغان «بايات» ئىبارىسى ئەنە شۇ ئارغۇلارنىڭ تىل ئادىتىگە مەنسۇپ بولۇپ «بايات - ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئېتى» («دىۋان»، 3 - توم، 235 - بەت) ئىدى.

ھازىرقى ئاغۇ يېزىسىدىكى بەزى جاي ئىسىملىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا تىلغا ئېلىنغان جاي ئىسىملىرى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، «قارا سەڭىر»، «ساقا» (ساقا ئىبارىسىنى مەھمۇد قەشقەرى «تاغ ئېتىكى» دېگەن مەنىدە ئىزاھلىغان)، «باقىرلىغ» قاتارلىقلار. مېنىڭچە مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان» نىڭ 1 - توم، 644 - بېتىدە «بالاساغۇنغا يېقىن بىر يەرنىڭ نامى» دەپ چۈشەندۈرگەن «باقىرلىغ» ئاغۇ يېزىسىدىكى «پاقىل» مەھەللىسىنى ياكى «باغئېرىق» مەھەللىسىنى كۆرسەتسە كېرەك.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ 3 - توم، 235 - بېتىدە ئىزاھات بېرىلگەن، نۆۋەتتە تىلشۇناسلىرىمىز تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن شېۋىسىگە مەنسۇپ دەپ قارىلىۋاتقان «ئۇز» دېگەن سۆپەت ھازىرقى ئاغۇلۇقلار ئارىسىدا بەك كەڭ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئەلۋەتتە «مىللەتشۇناسلىق» تا مۇشۇنداق كىچىككىنە پاكىتلارمۇ تەسەۋۋۇردىن تاشقىرى ئىلمىي يەكۈنلەرنىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

ئاغۇ ناملىق بۇ قەدىمىي يۇرتتا، يەنە كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان «كۈمۈش ئانام»، «ئاقمىش ئاتام»، «قوشقار ئاتام»، «كۆك ئاتام»، «مۇمپاتلا پەچچىم»، «كۇدا پەچچىم»، «قەمبەر ئۇلۇم مازىرى» قاتارلىق قەدىمكى ئىزلار بار. بۇلارنىڭ بەزىلىرى 40 - ۋە 50 - يىللاردا تۇرلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇزۇۋېتىلدى. ئاغۇلۇقلار «قەمبەر ئۇلۇم مازىرى» نى ئەبۇناسىر سامانىنىڭ مەخسۇس مىراخورى دەپ رىۋايەت قىلىشىدۇ. بۇ مازارلىقنىڭ ئورنىدا ھازىر ئاغۇ ئوتتۇرا

مەكتەپ بار.

## 4. ئاغۇ — مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىدىغان يۇرت

ئاغۇ خەلقى ئىلىمگە ۋە ئىلىم ئىگىلىرىگە ناھايىتى ھۆرمەت قىلىدۇ. بۇ يەردە يېڭى مەكتەپ مائارىپى ئومۇملىشىشتىن ئىلگىرى كىشىلەر پەرزەنتلىرىنى موللامىلارنىڭ تەربىيىسىگە تاپشۇراتتى. ھازىر ئاغۇ يېزىسىدا ھۆكۈمەت كادىرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئوقۇمۇشلۇق زىيالىي ئىسرائىل سالماننىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، «موللام ئۇرۇق» (موللام ئۇرۇقنىڭ جەمەتى دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئوقۇمۇشلۇق جەمەت بولغانىكەن. ئۇلاردىن يېتىشكەن موللامىلار كۆپ چىقىدىكەن. بۇ جەمەتنىڭ چوڭلىرى ئۆز جەمەتىنى ئوپالدىكى «ھەز-رىتى موللام مازارى» (مەھمۇد قەشقەرى مازارى) غا باغلايدىكەن. بۇنىڭ راست ياكى يالغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇ «موللام ئۇرۇق» جەمەتىنىڭ ئەسلى ئوپالدىن ئاغۇغىغا كۆچۈپ كەلگەن جەمەت ئىكەنلى-كىنى ئاغۇدىكى كۆپ كىشىلەر بىلىدىكەن. «موللام ئۇرۇق» جەمەتى-دىكىلەرمۇ ھازىرغا قەدەر ئۆزلىرىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئوپاللىق ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىشىدىكەن. بۇ جەمەتتىن يېتىشىپ چىققان، ئاغۇدا كۆپ تالىپلارنى يېتىشتۈرگەن «گېچاك موللام» (مەمتىلى سابىر) دېگەن ئۆلىما كىشى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا نۇرغۇن كىتابلىرى كۆيدۈرۈۋېتىلگەندىن كېيىن ئىچ ئاچچىقىدا ئۆلۈپ كەتكەنىكەن.

ئاغۇدا يېڭى مەكتەپ مائارىپى 1934 - يىللىرى ئۇلۇغ مائارىپچى مەمتىلى ئەپەندى (تەۋپىق) ئاتۇشتا قوزغىغان ئىككىنچى قېتىملىق مائارىپ ھەرىكىتى جەريانىدا بارلىققا كەلگەن. مەمتىلى ئەپەندى ئا-تۇشنىڭ 24 كەنتىدە بىرلا ۋاقىتتا مەكتەپ ئېچىش مەقسىتىدە ئاغۇدى-مۇ ئىككى ئورۇندا مەكتەپ بىنا قىلغان. بۇ مەكتەپنىڭ بىرى ئاغۇدى-كى چوڭ جامە ھېسابلىنىدىغان «ئازنا مەسچىت» نىڭ يېنىدىكى «قەم-بەر ئۇلۇم مازىرى» بار چوڭ مازارلىققا بىنا قىلىنغاچقا ئاغۇلۇقلار بۇ مەكتەپنى «مازار مەكتەپ» دەپ ئاتاشقان. يەنە بىر مەكتەپنى

كوكۇل مەكتەپ دەپ ئاتاشقان. ئىككى سىنىپلىق مازار مەكتەپكە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، 24 ياشلىق ئابلىز قارىم بىلەن ئەيسىراخۇن ئەپەندى 1935 ـ يىلى باھاردىن باشلاپ يېتەكچىلىك قىلغان. مازار مەكتەپ بىلەن كوكۇل مەكتەپتە 1950 ـ يىللارغىچە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئابلىز قارىم، ئەيسا ياسىن، مۇھەممەتخان ئىمىن ھاجى، سىدىق ھەسەن، شەمشىدىن قاۋۇل، ئىبراھىم توختى، ئابلا قادىر، ھەسەن روزى، ئابدۇقادىر سايىت، سەيدىن ئىبراھىم، ھېلىم قادىر، ھەسەنجان ھاشىم، ھامۇت مەمتىلى، نىساخان مەمتىلى، ناخان خانىم، خەلچىخان يۈسۈپ، ئابدۇرېشتخان، شەرۋانخان، تاجىخان يۈسۈپ، مويدىن ئابدۇللا، سۈپۈيەم، سۇلتان ئۆمەر، رەجەپ تاجى، ئىسلامخان، ئابدۇراخمان تاش، يۈسۈپ قازاخۇنۇم، ئىبراھىم قارى، ھەسەن قاراجىم ۋە ئۇستۇن ئاتۇشلۇق ئابدۇغوپۇر ئەپەندى قاتارلىق ئەر ـ ئايال ئوقۇتقۇچىلار دەرس ئۆتكەن.① (بۇلارنىڭ بەزىلىرى ھېلىمۇ ھايات) بۇ پىداكار ئۇستازلار ئاغۇ خەلقىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىدا ئۇنتۇلغۇسىز تۆھپىلەرنى قوشقان.

مەمتىلى ئەپەندى ياققان مەرىپەت مەشئىلىنىڭ يالقۇنى ئەنە شۇ تاغلار ئارىسىدىكى «ئارغۇ» خەلقىنىڭ قەلبىنىمۇ يورۇتقان، ھەم قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئادەتتىكى مائارىپقا ناھايىتى ياخشى ئاساس سېلىنغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەن. مانا شۇنداق ياخشى مائارىپ ئاساسى ۋە مائارىپ مۇھىتى بولغاچقا ئاغۇدىن ھازىرغىچە 500 گە يېقىن ئوقۇغۇچى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ، 30 كىشىگە بىردىن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى توغرا كېلىدىغان ھالەت ۋۇجۇدقا كەلدى. مىللىتىمىزنىڭ مائارىپ ئەھۋالىدىن خەۋىرى بار، بولۇپمۇ نىسبەت چۈشەنچىسى بار كىشىلەرگە مەلۇمكى بۇ سان كىشىنى ھەقىقەتەن سۆيۈندۈرىدۇ.

---

① بۇ ئىسىملىكنى ماڭا ئاغۇ خەلقىنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئوغلى يولداش يۈسۈپ ئاكا ئېيتىپ بەردى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن يولداش يۈسۈپ ئاكىغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

ئاغۇلۇقلارنىڭ مائارىپقا بولغان ئەھمىيەت بېرىشى ئاتۇش خەلقى-نىڭ مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئەنئەنىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن ئاغۇدا تېرىلغۇ يەرنىڭ قىسلىقى، تەبىئىي بايلىق مەنبەسىنىڭ يوقلۇقى كىشىلەرنى مەرىپەت ئارقىلىق ھاياتلىق يولى ئىزدەشكە مەجبۇر قىلغان ئامىل بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ئۆزبېكىستانلىق ئۆزبېك يازغۇچى ئىبراھىم غەپپوروۋ 1987 - يىلى قەشقەرگە قىلغان زىيارەت سەپىرى جەريانىدا جۇغلىغان تەسىراتلىرى ئاساسىدا يېزىپ «شەرق يۇلتۇزى» نىڭ 1987 - يىل 5 - سانىدا ئېلان قىلغان «قەشقەردە» ناملىق زىيارەت خاتىرىسىدە «تاغلار ئارىسىغا جايلاشقان ئارغۇ يېزىسىنىڭ بۈگۈنكى ئۆزگىرىشلىرىگە ئائىت تۇرمۇشى بىلەن تونۇشۇشقا» مۇيەسسەر بولغانلىقىنى ئېيتىپ، «ئارغۇ، ئوپال، قوشئېرىقتا ئوخشاش يېزىلاردا دېھقانلار ئات - ئېشەكلەردە توپا توشۇپ، تاشلىق يەرلەرنى تولدۇرۇپ زىرائەت مەيدانلىرى بەرپا قىلماقتا» دەپ يازغانىدى. دېمەك بىر ئۆزبېكىستان يازغۇچىسىنىڭ ئاغۇدىن ئالغان تۇنجى تەسىراتى تېرىلغۇ «يەرنىڭ قىسلىقى» بولغان. شۇڭا ئاغۇ خەلقى ھازىرمۇ «مائارىپتىن باشقا چىقىش يولى يوق» لىقىنى تونۇغان ئاساستا پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلمەكتە.

## 5. ئاغۇ — ئەدەبىيات - سەنئەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغان يۇرت

ئاغۇلۇقلارنىڭ سەنئەتنى قەدىرلەش، سەنئەتنى سۆيۈش، سەنئەتكارلارنى ئەتىۋارلاش ئەنئەنىسى بىر قەدەر ياخشى، تارىختا ئاغۇدا خېلى نامى بار سەنئەتكارلاردىن سىبىنت ساتاچى، دايىمكام قاتارلىقلار ئۆتكەن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «مۇقام پىشۋالىرى» ناملىق كىتابتا «خاكى ھاجى»، «شاھ تاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى» دىن ئىبارەت ئىككى مۇقامچىلار جەمەتى تونۇشتۇرۇلغان. «مۇقامچى خاكى ھاجىنىڭ نەۋرىسى ئەيسا روزام بۇ ئائىلىدىن چىققان تۆتىنچى

ئەۋلاد مۇقامچى بولۇپ ھازىر 52 ياشتا» («مۇقام پېشۋالىرى» 86 ـ بەتكە قاراڭ) دەپ يېزىلغان.

ئەيسا روزام «ئون ئىككى مۇقام» ئاھاڭلىرىنى بىر قەدەر پىششىق بىلىدىغان، داپ چېلىشقا ئۇستا، بولۇپمۇ ئۇسسۇل ماھارىتى ناھايىتى ئۈستۈن ئادەم. «ئاتۇش سەيلىسى» فىلىمىنى ئىشلەش جەريانىدا ئوينىغان كوللېكتىپ ئىختىيارى ئۇسسۇلنى لېنتىغا ئېلىۋاتقاندا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ رېژىسسورى خۇرشىدە غۇپۇر ئەيسا روزامنىڭ ئۇسسۇل ماھارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇغان. شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ رېژىسسورى قۇربانجاق ھېيتمۇ «مەن ھاياتىمدا ئۇسسۇل قەدىمىنى بۇنداق ئىشەنچ بىلەن ئالىدىغان، قىياپىدىن بۇنداق مەردانە شوخلۇق چىقىرالايدىغان خەلق ئۇسسۇلچىسىنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن» دەپ مەدھىيە ئوقۇغان. ئۇسسۇل رېژىسسورى كۆرەش رەجەپ ماڭا «ئەيساكامنىڭ ئۇسسۇلى جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەرلەر ئۇسسۇلىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ» دەپ ئېيتتى.

ئەيسا روزام، قۇربان تاش، قۇربان رەجەپكە ئوخشاش ماھىر خەلق سەنئەتكارلىرى بولغاچقا ۋە ئۇلارنىڭ ئىز بېسىپ يېتىلىۋاتقان پەرزەنتلىرى بولغاچقا ئاغۇ خەلقىنىڭ ھېيت ـ بايراملىرى، توي ـ تۆكۈنلىرى، بەزمە ـ باراۋەتلىرى ناخشا ـ ئۇسسۇلسىز، نەغمە ـ ناۋاسىز ئۆتمەيدۇ.

ئاغۇ خەلقى سەنئەتخۇمار خەلق بولغاچقا بۇ يۇرتتىن ھازىرغا قەدەر سېيىت ساتارچى، خاكى ھاجى، شاھ تاي، ئەيسا روزام، قۇربان رەجەپ، قۇربان تاشتەك خەلق سەنئەتكارلىرى يېتىشىپ چىقتى، مەشھۇر ئاۋاز ئارتىسى رەجەپ تاجى، تالانتلىق ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىسى كۆرەش رەجەپ، كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئارتىسى پاشا ئۆمەر، كۆلدۈرگە چولپىنى ئابدۇۋايىت ئوسمان، مۇقام ئانسامبىلىنىڭ ئۇسسۇلچىسى پاتىگۈل ئابدۇ قادىر، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئۇسسۇلچىسى ئىپارگۈل قۇربان، سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇسسۇل

ئوقۇتقۇچىسى دىلشات تۇرسۇن، ئاتۇش شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكى-نىڭ تونۇلغان تەمبۇرچىسى ئەخمەت، قىزىلسۇ پېداگوگىكا مەكتىپى-نىڭ ئوقۇتقۇچىسى نۇرگۈل سالمان ۋە رەيھانگۈل ئارىپتەك سەنئەتنىڭ ھەر قايسى ساھەرلىرىدە تونۇلغان پېشقەدەم ۋە ياش سەنئەتچىلەر مەيدانغا كەلدى.

«ھوي، ئاتۇشلۇق، سويماڭ نەچچە پۇل؟ ئۆزۈم يېمەيتتىم، نەۋرەمگە ئالغاچ كېتەي دېگەنتىم» دېگەن مەشھۇر ھەجۋى چاقچاقنىڭ ئىگىسى بولغان ئاغۇلۇقلار ۋە ئۇلارنىڭ ئانا يۇرتى ھەققىدىكى ئىزدە-نىشلىرىم ھازىرچە مۇشۇنچىلىك.

(بۇ ماقالە «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتىنىڭ 1995 - يىل 5 - ئاينىڭ 14 - كۈندىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان)

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

# ئاتلانتا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى توغرىسىدا

ھازىرقى زامان ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ 100 يىللىق كاتتا مەرىكىسى يەنى 26 ـ نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى 1996 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى باشلىنىپ 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئاياغلاشتى. ئامېرىكا جورجىيە شتاتىنىڭ مەركىزى ئاتلانتا شەھىرىدىكى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مەيدانىدا 17 كۈن يانغان مەشئەل مۇۋەپپەقىيەت ۋە ئۈمىد، مەغلۇبىيەت ۋە ئەپسۇس ئىچىدە ئاستا ـ ئاستا ئۆچتى.

بۇ يىل ھازىرقى زامان ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىۋاتقانغا توپ ـ توغرا 100 يىل بولدى. تارىخىي مەلۇماتلاردىن قارىغاندا مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 776 ـ يىلى يۇنانلىقلار ھەر تۆت يىلدا بىر قېتىم ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشنى باشلىغان. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 776 ـ يىلىدىكى تۇنجى نۆۋەتلىك مۇسابىقىگە 12 شەھەردىن 280 ماھىر قاتناشقان. مۇسابىقىدە غەلىبە قىلغانلار مىللىي قەھرىمان دەپ تەرىپلىنىپ، شائىرلارنىڭ مەدھىيىسىگە مۇيەسسەر بولغان ھەم ھەيكىلى تۇرغۇزۇلغان. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 420 ـ يىلىغا كەلگەندە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈش ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي گرېتسىيىلىكلەر بۇ پائالىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ھەمدە ئالدى بىلەن پېلوپوننېسوس يېرىم ئارىلىدىكى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ مەنبەسى — ئولىمپىس تېغىدا مەشئەل تۇتاشتۇرغان. ئۇلار ئەينى زاماندا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزگەن كۈنلەردە مەش-

ئەل ھېرا ئىبادەتخانىسىدا كۆيۈپ تۇرغان. ئەپسۇسكى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 392 ـ يىلى گرېتسىيە مۇستەقىللىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن، رىم ئىمپېراتورى تېئودوسئۇس ئۇنى كاپىرلارنىڭ پائالىيىتى دەپ ئەمەلدىن قالدۇرغان.

1892 ـ يىلىغا كەلگەندە فرانسىيىلىك مائارىپچى، ئالىم گۇبېرتىن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تۇنجى قېتىم ئاشكارا بىلدۈرگەن ھەم 1894 ـ يىلى خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى قۇرغان. نەتىجىدە 1896 ـ يىلى تۇنجى نۆۋەتلىك ھازىرقى زامان ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى گرېتسىيە پادىشاھىنىڭ قوللىشى ۋە گرېتسىيىلىك داڭلىق ئارختېكتور چ. ئاۋلوۋنىڭ 1 مىليون دراخما (گرېتسىيە پۇل بىرلىكى) ئىئانە قىلىشى بىلەن گرېتسىيىنىڭ ئافېنا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ مۇسابىقە 1 ـ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىنى ھېسابقا ئالمىغاندىن باشقا ھەر تۆت يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلۈۋاتىدۇ.

ھازىرقى زامان ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى 100 يىلدىن بۇيان پارلاق ھەم جاپالىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. مۇسابىقە تۈرلىرى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئىسلاھ قىلىندى ۋە بېيىدى، قائىدە ـ تۈزۈملەرمۇ مۇكەممەللەشتى. كۆلىمى ۋە تەنتەنىسىمۇ زورايدى. قىسقىسى، ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ روھى پۈتۈن يەر شارىنى قاپلىدى.

100 يىلدىن بۇيانقى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۈستىدە توختالغاندا ئەسلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر ئالاھىدە نەرسە بار. ئۇ بولسىمۇ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى مەشئىلى.

1896 ـ يىلى ھازىرقى زامان ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى گرېتسىيىنىڭ ئافېنا شەھىرىدە تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلگەندە، مەشئەل تۇتاشتۇرۇش مۇراسىمى تېخى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ پائالىيەت تۈرىگە كىرگۈزۈلمىگەن. 1936 ـ يىلى گىتلېر ھۆكۈم-

رۇنلىقىدىكى گېرمانىيىنىڭ پايتەختى بېرلىندا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە بۇ مۇراسىم تۇنجى قېتىم ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

شۇنىڭدىن كېيىن، مەشئەل كۆتۈرۈپ كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش داۋاملىشىپ كەلگەن، ئولىمپىس تېغىدىن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلگەن شەھەرلەرگىچە مەشئەل قۇرۇقلۇق، دېڭىز - ئوكيان، ھاۋا بوشلۇقىدا ئېلىپ مېڭىلىپ سۇ ئۈزۈپ، ئات مىنىپ، سال ھەيدەپ، ۋېلسىپىت مىنىپ، چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، بېلىقچىلار كېمىسى ھەيدەپ ۋە باشقا شەكىللەر بىلەن يەتكۈزۈلگەن. ھەتتا سۇنئىي ھەمرا ئارقىلىق يەتكۈزۈش ئۇسۇلىمۇ قوللىنىلغان.

ھازىرقى زامان ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە بىر نەچچە قېتىملىق مۇقەددەس مەشئەلنى يەتكۈزۈش ئۇسۇلى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. مەسىلەن، 1948 - يىلى لوندون ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە گرېتسىيىلىك ئەسكەر دىمىترېلىس مەشئەل تۇتاشتۇرۇشتىن ئىلگىرى ھەربىي كىيىمىنى سېلىۋېتكەن ھەم قورالىنى بىر ياققا قويۇپ قويغان. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى — قەدىمكى زاماندا گرېتسىيىدە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ھەرقايسى تەرەپنىڭ ئۇرۇش توختاتقانلىقىنى خاتىرىلەش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھازىرقى زامان كىشىلىرىنى 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىكى ئېچىنىشلىق پاجىئەنى تەكرارلىماسلىققا ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىدى.

1968 - يىلى مېكسىكا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ئولىمپىك مەشئىلى پاراخوت بىلەن ياۋروپادىن يولغا چىقىپ، كولۇمبۇ 1492 - يىلى ئامېرىكا قىتئەسى چوڭ قۇرۇقلۇقىنى بايقىغاندا ماڭغان يول بىلەن مېكسىكىغا يەتكۈزۈلگەن. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىنىڭ مەشئىلىنى تۇنجى قېتىم بىر ئايال تۇتاشتۇرغاچقا، تارىخ سەھىپىسىگە پۈتۈلگەن. ئۇ مېكسىكىلىق ئېنرىكتاباسلىئو ئىدى.

www.uyghurkitap.com

1976 ـ يىلى كانادانىڭ مونترىئال شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە، ئولىمپىك مۇقەددەس ئوتى سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق ئاتلانتىك ئوكياندىن ئۆتكۈزۈلگەن. شۇ ۋاقىتتا، ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ مۇقەددەس ئوتى سۈن-ئىي ھەمراھنىڭ سېزىش ئۈسكۈنىسىنى قوزغاتقان. بۇ سۈنئىي ھەم-راھ ئوتنى سىمۋول خاراكتېرىدە لازېر نۇرى ئارقىلىق كاناداغا يەت-كۈزگەن. بۇقېتىمقى مەشئەل سەپىرىگە پەقەت بەش كۈنلا ۋاقىت كەتكەن.

1992 ـ يىلىدىكى بارسېلونا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى-دە ئىسپانىيىلىك ئوقيا تەنھەرىكەتچىسى ئانتونىئو رېۋولو مۇسابىقە مەيدانىدىكى مەشئەلنى ئوقيا ئارقىلىق تۇتاشتۇرغان. بۇ ئالاھىدە ئۇسۇل كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.

1996 ـ يىلى ئاتلانتا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ مۇقەددەس ئوتى 27 ـ ئاپرېل ئامېرىكىغا ئېلىپ كېلىندى. ئۇ 10 مىڭ كىشىنىڭ 84 كۈن كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈشى ئارقىلىق 7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئاتلانتا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى مەيدانىغا يەتكۈ-زۈلدى. كەچكى شەپەق نۇرىغا چۆمۈلگەن ئولىمپىك مۇسابىقىسىنىڭ ئاساسىي تەنھەرىكەت مەيدانىدا مەشئەل تۇتاشتۇرۇلدى. مەشئەلنى دۇنيا ئەڭ ئېغىر دەرىجىلىك بوكس مۇسابىقىسىنىڭ سابىق چېمپىيو-نى، «بوكس پادىشاھى» 54 ياشلىق مۇھەممەد ئەلى كېسەل سەۋەبىدىن تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن تۇتاشتۇرغاندا مەيداندىكى 85 مىڭ تاماشىبىن قايىنا ـ قايىنا گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتى. شۇنىڭ بىلەن تۆت سائەتلىك ئېچىلىش مۇراسىمى باشلاندى. ئېچىلىش مۇراسىمىنى دۇنيادا 3 مىليارد 500 مىليون كىشى تېلېۋىزور ئالدىدا ئولتۇرۇپ كۆردى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا بۇ قېتىمقى ئېچىلىش مۇراسىمىنىڭ بېلىتىنىڭ ئەڭ قىممىتى 600 دوللارغا يەتكەن.

مۇقەددەس ئوتنى مۇسابىقە مەيدانىدىكى مەشئەلگە تۇتاشتۇرغان

مۇھەممەد ئەلى قانداق ئادەم؟

مۇھەممەد ئەلى 1942 - يىلى ئامېرىكىدا نامرات نېگىر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ نېگىر بولغاچقا ئادالەتسىز مۇئامىلە ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن. ئۇ نېگىرلارنى كەمسىتىشكە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ قۇللۇق تۇزۇم دەۋرىدىن قېپ قالغان ئىسىم - فامىلىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ ئىسمىنى مۇھەممەد ئەلى دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭ دادىسى ئوغلى مۇھەممەد ئەلىنىڭ ئادۋوكات ياكى ئوقۇتقۇچى بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئوغلى بوكسچى بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. مۇھەممەد ئەلى 12 يېشىدىن باشلاپ مەشىق قىلىشقا كىرىشكەن. بارا - بارا تۇرلۇك چوڭ - كىچىك مۇسابىقىلەردە نەتىجە قازىنىپ 1960 - يىلى رىمدا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ يېنىك دەرىجىلىكلەر مۇسابىقىسىدا ئالتۇن مېدالغا ئېرىشكەن. ئۇ شۇ يىلى ئەمدىلا 18 ياشقا كىرگەنىدى. ئۇ شۇ قېتىمقى مۇسابىقىدىن كېيىن دۆلەتكە قايتقاندا ئايرودرومغا مەخسۇس ھۆرمەت قاراۋۇللىرى چىققان، يولنىڭ ئىككى ياقىسىدا مىڭلىغان قارا تەنلىكلەر بىلەن ئاق تەنلىكلەر ئۇنى قىزغىن قارشى ئالغان. ئۇ بىر كېچىدىلا مىليونېرغا ئايلىنىپ قالغان. 1964 - يىلىدىن 1978 - يىلىغىچە مۇھەممەد ئەلى كەينى كەينىدىن ئۈچ قېتىم دۇنيا ئەڭ ئېغىر دەرىجىلىكلەر بوكس مۇسابىقىسىدا چېمپىيون بولۇپ، كىشىلەر تەرىپىدىن 20 - ئەسىردىكى ئەڭ ئۇلۇغ بوكسچى دەپ تەرىپلەنگەن ئۇنىڭ كىرىمىمۇ كىشىنىڭ ئەقلى يەتمىگۇدەك دەرىجىگە يېتىپ بىر قېتىملىق مۇسابىقىدا تاپقان كىرىمى 10 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتكەن. مۇھەممەد ئەلى 1978 - يىلى بوكس ساھەسىدىن چېكىنگەن.

مۇھەممەد ئەلى بىر تەنھەرىكەتچى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن شان - شەرەپنىڭ يۇقىرى چوققىسىغا چىققان. ئۇ، پەقەت بوكسچى بولۇپلا قالماستىن، يەنە مەشھۇر تىنچلىقپەرۋەر جەڭچى، شۇنداقلا يەنە

خېلى نامى بار شائىر. ئۇ بىر شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازغان:

ئەزرائىل ئالدىدا كۈلىمەن مەغرۇر،
سوغ كۈلكەم جاۋابتۇر ئاچچىق قىسمەتكە.
مەسخىرە ئەيلەيمەن كەلسە دەرت - بالا،
شادلىنىپ كۈلگەيمەن قاراپ ئاپەتكە.

مۇشۇنداق بولغاچقا مۇھەممەد ئەلى ئامېرىكىلىقلار تەرىپىدىن بۇ قېتىمقى ئاتلانتا ئولىمپىك مۇسابىقىسىنىڭ مەشئىلىنى تۇتاشتۇرۇشقا تاللىۋېلىنغان.

مۇسابىقە مەيدانىدىكى مەشئەل ياندۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى 76 ياشلىق سامرانچ سۆز قىلىپ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ غايىسىنى تەكىتلىدى ۋە ئاگاھلاندۇرۇپ: «بىز يەنىلا ئىنسانىيەت تراگېدىيىسى داۋاملىق كۆرۈلۈۋاتقان دۇنيادا ياشاۋاتىمىز» دېدى.

سامارانچ 1920 - يىلى ئىسپانىيىدە تۇغۇلغان. سودا كەسپىدە ئوقۇغان. چويلا توپ، مۇز تېيىلىش ۋە بوكس ھەرىكىتىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىسپانىيە پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى، بارسېلونا رايونلۇق كومىتېتىنىڭ رەئىسى، ئىسپانىيىنىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بولغان. ئۇ يەنە ئىسپانىيە مۇز توپ كوماندىسىنىڭ باشلىقى بولغان. 1951 - يىلى ئىسپانىيە كوماندىسىنى باشلاپ دۇنيا مۇز توپ لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ چېمپىيون بولغان. بۇ ئۇنىڭ كېيىن تەنتەربىيە ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇ 1962 - يىلدىن 1970 - يىلغىچە ئىسپانىيە ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولغان. 1966 - يىلى خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان. 1974 - يىلدىن 1978 - يىلغىچە خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئالغان. 1980 - يىلى رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ھەمدە

تۇنجى قېتىم لوس ـ ئانژېلىستا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە رىياسەتچىلىك قىلغان. ھازىرغىچە خەنچىلىك، بارسېلونا ۋە ئاتلانتا شەھەرلىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىلەردە رىياسەتچىلىك قىلىپ كەلدى.

ئاتلانتا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سامارانچ سۆز قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئامېرىكا زۇڭتۇڭى كلىنتون سۆز قىلىپ مۇسابىقىنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى. ئارقىدىنلا «پىلانېتلار ئارا ئۇرۇش» ناملىق مەشھۇر كىنو فىلىمىنىڭ ئاساسىي مۇزىكىسىنى ئىشلىگەن مەشھۇر كومپوزىتور جون ۋىلىيامىس 196 كىشىلىك ئاتلانتا سىمفونىيىلىك ئوركېستىرىنىڭ ئاتلانتا ئولىمپىك مۇسابىقىسىنىڭ ئاساسىي مۇزىكىسى «قەھرىمانلارنى چاقىرىش» مۇزىكىسىنى ئورۇندىشىغا دىرىژورلۇق قىلدى. بىر قاتار تەنتەنىلىك پائالىيەتلەردىن كېيىن مۇسابىقىغا قاتنىشىدىغان 197 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن تەخمىنەن 11 مىڭ 200 تەنھەرىكەتچى مەيدانغا كىرىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. ھەر قايسى دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى بايراقلىرىنى پۇلاڭلىتىپ، روھلۇق قەدەملەر بىلەن مېڭىپ بىر ـ بىرلەپ مەيدانغا كىرگەندە، بولۇپمۇ كۆركەم مىللىيچە كىيىم كىيگەن تەنھەرىكەتچىلەر مەيدانغا كىرگەندە تاماشىبىنلار ئۇلارغا تەنتەنە قىلدى ھەم قولىنى پۇلاڭلىتىپ ھۆرمەت بىلدۈردى.

جۇڭگو دۆلەت كۈچىنى نامايان قىلىشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى سۈپىتىدە بۇ قېتىمقى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە 500 كىشىلىك چوڭ تىپتىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتكەنىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن تۇنجى قېتىم 1952 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىگە ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن 1984 ـ يىلىغىچە تۇپتوغرا 32 يىل ئىدىيولوگىيە توقۇنۇشى تۈپەيلىدىن جۇڭگو تەنھەرىكەتچىلىرى مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلمىغانىدى.

جۇڭگو 1984 ـ يىلى لوس ـ ئانژېلىس ئولىمپىك تەنھەرىكەت

مۇسابىقىسىگە قايتا قاتناشقاندىن بۇيان ئىزچىل ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ كېلىۋاتىدۇ ۋە يىلدىن - يىلغا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىۋاتىدۇ. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا جۇڭگو تەنھەرىكەتچىلىرى مەيدانغا كىرگەندە ئامېرىكىلىق چۈشەندۈرگۈچى جۇڭگوغا تازا بىر ھۇجۇم قىلىۋېلىشنى زادىلا ئۇنتۇمىدى. تۆۋەندىكىسى چۈشەندۈرگۈچىنىڭ ئەينەن سۆزى:

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نوپۇسى دۇنيا نوپۇسىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ئىقتىسادى يىلىغا ئون پىرسەنتلىك سۈرئەتتە ئاشماقتا. ئامېرىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر قايسى ئىقتىسادىي چوڭ دۆلەتلەر يوشۇرۇن كۈچى غايەت زور بۇ بازارغا كىرىش كويىدا بولماقتا. جۇڭگودا كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش مەسىلىسى، يەنە تەيۋەنگە تەھدىت سېلىش مەسىلىسىمۇ مەۋجۇت. ئەلۋەتتە، تەيۋەن ئۈچۈنمۇ تەھدىت بولۇۋاتىدۇ. ئولىمپىك مۇسابىقىسىدە ئۇلار زور نەتىجىگە ئېرىشتى. بارسېلونا ئولىمپىك مۇسابىقىسىدە جەمئىي 54 مېدالغا ئېرىشىپ 4 - بولدى. ئۇلار 1984 - يىلى ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە قاتنىشالماسلىق تارىخىغا خاتىمە بېرىپ، تەنتەربىيىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشتى. لېكىن، كىشىلەرنىڭ گۇمانى تېخى تۈگىمىدى. ئۇلار، جۇڭگولۇقلار بولۇپمۇ يېنىك ئاتلېتكا ۋە ئايال سۇ ئۈزۈش ماھىرلىرى روھلاندۇرۇش دورىسىغا تايىنىپ ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلايدۇ.»

جۇڭگولۇقلارنى «سىلەرنىڭ خەۋىرىڭلار قويۇق مىللەتچىلىك تۈسىنى ئالغان» دەپ تەنقىدلەيدىغان غەربلىكلەرنىڭ سىياسىي ئۇستىكى بۇ چۈشەندۈرۈشى جۇڭگو ۋەكىللىرىنى نارازى قىلدى.

بۇ قېتىمقى ئاتلانتا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا 10 مىڭدىن كۆپرەك ماھىر 26 چوڭ تۈردىكى 271 كىچىك تۈر بويىچە مۇسابىقىغا قاتناشتى، بۇنىڭ بىلەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقى-

www.uyghurkitap.com

سىنىڭ 100 يىللىق تارىخىدا قاتناشقان كوماندا ۋە ئادەم سانى، مۇسابىقە تۈرى ۋە ئالتۇن مېدال سانى ئەڭ كۆپ بولۇش رېكورتى يارىتىلدى.

بۇ قېتىمقى مۇسابىقە هازىرقى زامان ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش تۈسىگە ئىگە بولغاچقا ناھايىتى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. تەشكىلىي ھەيئەت مۇسابىقىنىڭ تەييارلىقىغا ئالتە يىل ۋاقىت، 1 مىليارد 700 مىليون دوللار سەرپ قىلدى. بۇ قېتىمقى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ھۆكۈمەت تەرەپ ئەمەس، بەلكى ھاكىمىيەت ئورگىنى بولمىغان خەلق تەشكىلاتلىرى ئۆز ئالدىغا ئىلتىماس قىلىپ تەشكىللىدى ۋە ئۆتكۈزدى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىنىڭ بىخەتەر ئۆتكۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 30 مىڭغا يېقىن ساقچى ۋە ئامانلىق ساقلىغۇچى خادىمنى ئىشقا سالدى.

ئاتلانتا شەھىرى 3 مىليون ئاھالىگە ئىگە ئاۋات خەلقئارا شەھەر. دۇنيا بويىچە داڭلىق ئىچىملىك شىركىتى بولغان كوكوكولا شىركىتى، ئامېرىكا سىملىق خەۋەرلەر تېلېۋىزىيە شىركىتى ۋە دېلتا ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ باش شتابى ئاتلانتادا. ئاتلانتا ئامېرىكىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى مۇھىم سودا ـ سانائەت مەركىزى بولۇپلا قالماستىن، جۇشقۇن ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى شەھىرى بولۇپ، نۇرغۇن تىياتىرخانا، مۇزېي، رەسىم سالونى ۋە سەنئەت مەركىزى بار. ئاتلانتىدىكى سىمفونىيە ۋە بالېت ئۆمەكلىرى دۇنياغا داڭلىق.

1835 ـ يىلى ئامېرىكا غەرب تۆمۈريول شىركىتى ئاتلانتىنى تۆمۈر يول لىنىيىسىنىڭ جەنۇبتىكى ئاخىرقى بېكىتى قىلىپ تاللىغاندا ئۇ ئەمدىلا شەھەر قىياپىتىگە كىرگەنىدى. 1843 ـ يىلىدىن ئىلگىرى بۇ جاينىڭ نامى تېرمىنوس بولۇپ، مەنىسى ئاخىرقى بېكەت ئىدى. 1845 ـ يىلى ئاتلانتىك ئوكيان بىلەن تىنچ ئوكياننى تۇتاشتۇرىدىغان تۆمۈر يول پۈتكەندىن كېيىن، تۆمۈر يول ئىنژېنېرلىرى بۇ

جاينى ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ نامى بىلەن ئاتلانتا، دەپ ئاتاشنى تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇجاي ئاتلانتا دەپ ئاتالغان. لىنكولىن دەۋرىدە جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى بىلەن ئاتلانتا ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدىكى شەرق ـ غەرب تۆمۈر يولى تۈگۈنى، ماشىنسازلىق سانائىتى ۋە سېتىش كەسپىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى. ئۇرۇشتىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي ئاتلانتا خەلقى خارابىلىقنى قايتا گۈللەندۈردى، بىر قانچە يىلدىن كېيىن بۇ شەھەر جورجىيە شتاتىنىڭ مەركىزى بولدى. ئاتلانتا مىسىر رىۋايەتلىرىدىكى سۇمۇرغ (قېقنۇس) نى شەھەر بەلگىسى قىلغان. ئۇ بۇ شەھەرنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىن يېڭى ھاياتقا ئېرىشىپ، قايتىدىن گۈللىنىشىگە سىمۋول قىلىنغان.

جەنۇب سانائىتىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ھەم شىمالدىكى سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ جەنۇبقا كۆچۈشى بىلەن ئاتلانتا شەھەر مەكىزىدىكى سودا ـ سانائەت رايونى مۇشۇ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە غايەت زور كۆلەمگە ئىگە بولدى. ئۇنىڭ سىرتىنى ئولتۇراق ئۆي رايونى چۆرىدىدى. ئاتلانتا ئاھالىسىنىڭ 50% تىن كۆپرەكى قارا تەنلىك بولۇپ، بۇمۇ بۇ شەھەرنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى.

ئاتلانتالىقلار ئۆز شەھىرىدىن چىققان ئىككى مەشھۇر شەخس بىلەن پەخىرلىنىدۇ، ئۇنىڭ بىرى ئامېرىكا نېگىرلار ھوقۇقى ھەرىكىتىنىڭ دۇنياغا مەشھۇر داھىيسى مارتىن ليۇتېر كىڭ. يەنە بىرى دۇنيا بويىچە ئەڭ بازارلىق كىتاب «ئەنسىز يىللاردىكى نازىنىن» نىڭ ئاپتورى، ئايال يازغۇچى مارگارېت مىچېل.

مارتىن ليۇتېر كىڭ 1929 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى جورجىيە شتاتىنىڭ ئاتلانتا شەھىرىدە بىر نېگىر باستېر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى ناھايىتى ياخشى تەربىيىلىگەن. ئۇ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ بىر نەچچە ئالىي مەكتەپنى تاماملىغان. 1948 ـ يىلى جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمى بويىچە ئەدەبىيات پېنى ماگىستېرى بولغان. 1955 ـ يىلى تېئولوگىيە ئىلمى بويىچە دوكتور

بولغان. شۇ يىلى ئالاباما شتاتى مونتىگومېرى شەھىرىدىكى بىر چىر-
كاۋدا باستىر بولغان. 1956 ـ يىلى ئالاباما شتاتىنىڭ مەركىزى
مونتىگومېرى شەھىرىدە بىر نېگىر ئايال ئىشچى كوچا ئاپتوبۇسىدا
ئاق تەنلىكلەرگە ئورۇن بوشۇتۇشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن شتاتلىق
سوت ئۇنى جازالايدۇ. نېگىرلار بۇ خىل كەمسىتىشكە قاتتىق نارازى
بولۇپ قارشى چىقىدۇ. ھىندىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ مەش-
ھۇر داھىيسى گەندىنىڭ كۆرەش قىلىش يولىغا چوقۇنىدىغان، پۇتكۇل
سىياسىي ھاياتىدا زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەي قارشىلىق كۆرسىتىشنى
بىردىن ـ بىر كۆرەش يولى قىلىپ تاللىۋالغان مارتىن ليۇتېر كىنىڭ
بۇ قېتىمقى نارازىلىق ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىپ شەھەردىكى
بارلىق نېگىرلارغا كوچا ئاپتوبۇسىغا چىقماسلىقنى جاكارلاپ، قارشى-
لىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرىدۇ. مونتىگومېرى شەھىرىدىكى 120
مىڭ ئاھالىنىڭ 50 مىڭى نېگىرلار ئىدى. ئۇلار قەتئىيلىك بىلەن
بۇ خىل قارشىلىق ھەرىكىتىنى 385 كۈن داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇنىڭ
بىلەن ئاپتوبۇس شىركەتلىرى ئېغىر زىيانغا ئۇچرايدۇ. ئامالسىز
قالغان شتاتلىق يۇقىرى سوت ھېلىقى ئايال ئىشچى ئۈستىدىن چىقار-
غان ئىلگىرىكى ھۆكۈمنى بىكار قىلىشقا ۋە ئاپتوبۇسلاردىكى ئىرقىي
ئايرىمچىلىقنى بىكار قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ نېگىر ئايال ئىشچى
ئىرقىي ئايرىمچىلىق بولمىغان تۇنجى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ ئىشقا
ماڭغاندا مىڭلىغان نېگىرلار يولنىڭ ئىككى قېتىدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا
تەنتەنە قىلىشىدۇ. بۇ غەلىبە ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدىكى قارا تەنلىكلەر-
نىڭ ئۆز كۈچى ئارقىلىق ئېرىشكەن تۇنجى شانلىق غەلىبىسى بولۇپ
قالىدۇ. 27 ياشلىق مارتىن ليۇتېر كىنگنىڭ داڭقى بۇ ئىش مۇناسىۋى-
تى بىلەن پۇتكۇل ئامېرىكىغا پۇر كېتىدۇ. 1957 ـ يىلى 1 ـ ئايدا
خەلق ھوقۇقى ھەرىكىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن 60 نەپەر قارا
تەنلىك باستىر ئاتلانتا شەھىرىدە «جەنۇب خرىستىئان دىنىي داھىيلى-
رى بىرلەشمىسى» ناملىق تەشكىلاتنى قۇرۇپ مارتىن ليۇتېر كىنگنى

رەئىسلىككە سايلايدۇ. مارتىن ليۇتېر كىڭ 1963 ـ يىلى 8 ـ ئايدا 250 مىڭ كىشىلىك «ۋاشىنگتونغا يۈرۈش قىلىش» نامايىشىغا رەھ-بەرلىك قىلىدۇ. ئۇ لىنكولىن خاتىرە سارىيى ئالدىدا نامايىشچىلارغا «مېنىڭ بىر خىيالىم بار» ناملىق مەشھۇر نۇتقىنى سۆزلەيدۇ. دۇنيا-غا مەشھۇر بۇ نۇتۇقتا ئامېرىكا ئاساسىي قانۇنى ۋە «ئازادلىق خىتابنا-مىسى» ئاساس قىلىنىپ، ئىرقىي كەمسىتىش سىياسىتىگە قاتتىق زەربە بېرىلگەن. نۇتۇق كۈچلۈك ھېسسىياتقا تولغان بولۇپ، سۆزلى-رى گۈزەل، مول چاقىرىق كۈچىگە ئىگە. دۇنيا جامائەتچىلىكى ئۇنىڭ ناتىقلىق تالانتىغا قايىل بولۇپ ئۇنى «نېگىرلار ئاۋازى» دەپ تەرىپلەشكەن. ئۇ 1964 ـ يىلى 36 يېشىدا نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئامېرىكا نېگىرلار ھوقۇقى ھەرىكىتىنىڭ دۇنياغا مەشھۇر بۇ داھىيسى 1968 ـ يىلى 4 ـ ئايدا «نامراتلار ھەربىي يۈرۈشى» نامايىشىنى تەشكىللىگەندە تېننېسى شتاتىنىڭ مېمفىس شەھىرىدە يول ئۈستىدە ئىرقچى ئۇنسۇرلار تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۇ بۇ چاغدا ئەمدىلا 39 ياشقا كىرگەن. ئۇنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى ئامېرىكىدىكى قارا تەنلىكلەرنىڭ غەزەپلىك قارشىلىقىنى قوزغايدۇ. نەتىجىدە 100 دىن ئارتۇق شەھەردە نېگىرلارنىڭ كەڭ كۆلەملىك «قالايمىقانچىلىق» ھەرىكىتى يۈز بېرىدۇ. جونسۇن زۇڭتۇڭ خەلق-نىڭ غەزىپىنى پەسەيتىش ئۈچۈن 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى مەملىكەت بويىچە مارتىن ليۇتېر كىڭغا ماتەم بىلدۈرۈشنى ئېلان قىلىدۇ. قاتىل 99 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

ئامېرىكىدىكى كەڭ قارا تەنلىكلەر ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك تەلەپ قىلىشى نەتىجىسىدە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئاخىرى قارار چىقىرىپ، 1986 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن باشلاپ ھەر يىلى 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ ھەپتىسىنىڭ دۈشەنبە كۈنىنى مەملىكەت بويىچە مارتىن ليۇتېر كىڭنى خاتىرىلەش كۈنى قىلىپ بېكىتكەنلىكىنى ئېلان قىلىدۇ. نەتىجىدە

مارتىن لىۋتېر كىڭ گېئورگىي ۋاشىنگتوندىن كېيىن بۇ شان ـ شەرەپكە ئېرىشكەن بىردىن ـ بىر ئامېرىكىلىق بولۇپ قالىدۇ.

ئاتلانتا شەھىرىدىن چىققان يەنە بىر دۇنياۋى مەشھۇر شەخس مارگارېت مىچېل. بۇ ئايال يازغۇچى 1900 ـ يىلى تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى نامى چىققان تارىخشۇناس ئىدى. مارگارېت مىچېل 14 يېشىدىن 18 يېشىغىچە ئاتلانتادىكى ۋاشىنگتون ئالىي دەرىجىلىك دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. 18 يېشىدا ماسساچۇسېتس شتاتىدىكى شىمىس قىزلار ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. بىر يىلدىن كېيىن ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇ دادىسى ۋە ئاكا ـ ئۇكىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن ئوقۇشتىن چېكىنگەن. 1922 ـ يىلى «ئاتلانتا گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى بولغان. 1925 ـ يىلى توي قىلغان. 1926 ـ يىلى قاتناش ھادىسىسىدە پۇتى يارىلىنىپ خىزمەتتىن چېكىنگەن.

مارگارېت مىچېل 1926 ـ يىلدىن 1936 ـ يىلغىچە 10 يىل يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ «ئەنسىز يىللاردىكى نازىنىن» (يەنە بىر ئىسمى «لەيلەش») نى يېزىپ تاماملىغان. بۇ رومان شۇ يىلى نەشر قىلىنىپ پۈتكۈل ئامېرىكىنى زىلزىلىگە سېلىۋەتكەن. مارگارېت مىچېلنىڭ ئايال خىزمەتچىسى بېشىنىڭ ئەسلەپ دەپ بېرىشىچە، بۇ كىتاب نەشردىن چىقىپ يىگىرمە تۆت سائەتتىن كېيىن، ھەر ئۈچ مىنۇتتا بىر قېتىم تېلېفون جىرىڭلاپ، بەش مىنۇتتا بىر ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭشىپ، بەش مىنۇتتا بىر تېلېگرامما كېلىپ تۇرغان. رومان نەشر قىلىنىپ ئۈچ ھەپتە ئىچىدىلا 176 مىڭ پارچە سېتىلىپ بولغان. بۇ رومان 1937 ـ يىلى ئامېرىكا بويىچە تەسىرى ئەڭ چوڭ ئەدەبىيات مۇكاپاتى پىرىست مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

بۇ داڭلىق روماندا ئامېرىكىنىڭ جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، روماندا يازغۇچىنىڭ جەنۇبنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىگە بولغان مايىللىقى يوشۇرۇن ئىپادىلەنگەن. رومانىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تۈرلۈك قاتلامدىكى ئېھتىياجىغا ماس-

لاشقان. بۇ رومان ئاساسلىقى پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەشتىكى ئۆزگىچە ئۇسلۇبى بىلەن ئەينى چاغدا ئەڭ بازارلىق كىتاب بولۇپ قالغان ھەم ھازىرغىچە سېھرىي كۈچىنى يوقاتمىغان.

1938 ـ يىلى مارگارېت مىچېل نيۇ ـ يورك جەنۇب جەمئىيىتىنىڭ ئالتۇن مېدالىغا ئېرىشكەن ھەم شىمس قىزلار ئىنىستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات دوكتورلۇقى ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. بۇ رومانغا ئاساسەن ئىشلەنگەن كىنو فىلىمى 1940 ـ يىلى ئوسكار ئالتۇن ھەيكەل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. مارگارېت مىچېل 1949 ـ يىلى ئاتلانتادا قاتناش ھادىسىسىدە قازا تاپقان.

ئاتلانتادا ئۆتكۈزۈلگەن 26 ـ نۆۋەتلىك ئولىمپىك مۇسابىقىسى 17 كۈن داۋام قىلىپ مەڭگۈ ئەستىن چىقمايدىغان سان ـ ساناقسىز مىنۇتلارنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئاياغلاشتى. بۇ نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتناشقان 197 دۆلەت ۋە رايون ئىچىدە 79 دۆلەت ۋە رايون مېدالغا ئېرىشتى. ئامېرىكا 44 ئالتۇن مېدال ئېلىپ ئالتۇن مېدال ۋە ئومۇمىي مېدال سانى جەھەتتە 1 ـ ئورۇننى ئىگىلىدى. روسىيە 26 ئالتۇن مېدال، گېرمانىيە 20 ئالتۇن مېدال، جۇڭگو 16 ئالتۇن مېدال، فرانسىيە 15 ئالتۇن مېدال، ئىتالىيە 13 ئالتۇن مېدال ئېلىپ ئالدىنقى 6 ـ قاتارغا كىردى. 60 مىليون نوپۇسقا ئىگە تۈركىيە تۆت ئالتۇن مېدال ئېلىپ ئالتۇن مېدال سانى جەھەتتە ئالدىنقى 20 دۆلەت تىزىملىكىدىن ئورۇن ئالدى.

بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە 13 دۆلەت ۋە رايوننىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى 24 تۈردە دۇنيا رېكورتىنى يېڭىلىدى.

تەشكىلىي ھەيئەت ئاخىرقى ئاخشىمى مول مەزمۇنلۇق پائالىيەت ئورۇنلاشتۇرۇپ، تارىختا كۆلىمى ئەڭ زور بولغان ئولىمپىك مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ 100 يىللىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىنىڭ يېپىلغانلىقىنى تەبرىكلىدى. مىڭلىغان ئون مىڭلىغان تەنھەرىكەت ئەزىمەتلىرى

ئولىمپىك مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلگەن تەنتەربىيە مەيدانىغا كىرىپ خوشلىشىش كېچىلىكى ئۆتكۈزدى.

16 يىلدىن بۇيان خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كېلىۋاتقان ئىسپانىيىلىك سامارانچ سۆز قىلىپ: «مەن پۈتۈن دۇنيادىكى ياشلارنىڭ تۆت يىلدىن كېيىن سىدنېيدە ئۇچرىشىشىنى مۇراجىئەت قىلىمەن» دەپ جاكارلىدى.

(بۇ ماقالە «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» نىڭ 1996 - يىل 3 - سىنتەبىر كۈندىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان)

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىمىت ئىمىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر

# تەكلىماكاندىكى ئالتۇن كولدۇرما

(ماقالە - ئوبزورلار)

**يالقۇن روزى**

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ۋە تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 No
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى 850 × 1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى 10.75 قىستۇرما ۋارىقى: 3
1999 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
1999 - يىل 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1 — 3000
ISBN 7 — 228 — 05561 — 6 / C . 77
باھاسى: 18.00 يۈەن